ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

### چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن

تۈزگۈچى : ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەمراجان سونۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: ماھىنۇر مۆمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## —— چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يىبەيفىڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 12.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3050 — 0001

ISBN 7—5631—2047—5
باھاسى: 23.70 يۈەن

# كىرىش سۆز

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ «چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن» دېگەن بۇ توپلىمىغا كۆپىنچە ئارخېئولوگىيىگە دائىر ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسى تارىخىدا ياكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى جەھەتتە، قەدىمكى خوتەننىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. ئۆز زامانىسىدا خوتەن ئاھالىسى ياراتقان يۈكسەك مەدەنىيەتى بىلەن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. چۈنكى، قاراقورۇم ۋە ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئۆتىدىغان جەنۇبىي كارۋان يولى بويىغا جايلاشقان شەھەر-قورغانلارنىڭ تولىسى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدا قالغان. خوتەندە ئاھالە خېلى بۇرۇنلا ئولتۇراقلاشقان. «خەننامە. غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە: «غەربىي يۇرتلاردا كۆپىنچە يەرلىك ئاھالە ياشايدۇ. شەھەر - قورغان، ئېتىز-ئېرىق، مال-چارۋىلىرى بار». تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن يەن سىنگونىڭ بەرگەن ئىزاھاتىدا قەيت قىلىنىشىچە: «يەرلىك ئاھالە دېگەنلىك، چارۋا-مال بىلەن كۆچۈپ يۈرمەستىن، دائىم بىر يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالە دېگەنلىكتۇر». چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ شيەنچيەننىڭ قوشۇمچە ئىزاھاتىدا: «شۇ سۆزنىڭ دېيىشىچە، شەھەر-قورغانلىرى بار دېگەنلىك، شەھەر دۆلەتى دېگەنلىكتۇر» دېيىلىدۇ.

خوتەن ئاھالىسى ئىچىدە خوتەندىن بىرەر توخۇ ئۆگزىگە چىقىپ قالسا، تاكى نېرىگە بارغىچە ئۆگزىدىن چۈشەلمەيدىكەن، چۈنكى شەھەر-قورغانلار تۇتاش كەتكەن ئىكەن، دەيدىغان رىۋايەت ھېلىمۇ بار.

خوتەن — ئەسلى «ئۇدۇن» بولۇپ، قەدىمكى خوتەن تىلىدا «مەنزىل»، «ئۆتەڭ»، «ئاھالە ياشايدىغان يۇرت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ يەردە مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا سودا-سانائەت

تەرەققىي قىلغان. قاراقورۇم، كۆكئارتتەك تاغلارمۇ كارۋان يولىنى توسۇپ قالالمىغان. دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك (جۈملىدىن يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇمىچىلىق) خېلىلا تەرەققىي قىلغان. يېقىنقى بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى خوتەندىكى تەخمىنەن خەن دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ قارالغان خارابە ئىزلىرىدىن ھەر خىل توقۇلمىلارنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە زىلچە-پالاس، تاۋار-تورقا، گىلەم ھەتتا ھەمزەك - بۆز پارچىلىرى بار. دېمەك، يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇمىچىلىقى بارلىققا كېلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان.

خوتەن رايونىدا بۇددا دىنى خېلى بۇرۇنلا تارالغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردە كەشمىردىن ئارخات ۋايرۇچانا ئۇدۇنغا كېلىپ، بۇددا دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇدۇن غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان رايون ئىدى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئۇچىقى ئىدى.

خوتەن ئاھالىسى خېلى بۇرۇنلا قارۇشتى يېزىقىنى ئىشلەتكەن. شۆەنزاڭنىڭ ئېيتىشىچە، خوتەن يېزىقى ھىندى يېزىقىمۇ ئەمەس، ئۆزگەرتىپ قوللىنىلغان يېزىق ئىدى. دېمەك، خوتەندە يېزىق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

ئارخېئولوگلىرىمىز خارابە ئىزلىرىدىن ئىران ئىل خانلىقى، ساسانىلارنىڭ تەڭگە پۇللىرىنى ۋە خەن دەۋرىنىڭ ئاقچىلىرىنى تاپتى. بۇ، سودا-سېتىق خېلى راۋاجلانغانلىقىنىڭ دەلىلى.

چەت ئەل سالنامىچىلىرى ۋە سەيياھلىرى خوتەننىڭ ئۆتمۈشىگە بەك قىزىققان. ئىلگىرىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، مىلادىيەدىن كېيىنكىنى دېسەك، 13-ئەسىردە ماركوپولو، 19-ئەسىردىن بۇيان ستېۋارد، پېرژېۋالىسكى، سۋېن ھېدىن، خانتىڭتون، ئاۋرېل ستەيىن، توماس، ساگوچى تورو قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر خوتەن رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش-تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەرنى مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بويىچە تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك

كىتاب-رىسالىلەرنى يازغان، ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلغان. بىز ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىن تەنقىدىي رەۋىشتە پايدىلىنىشىمىز لازىم.

خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ئېنىقلاشتا، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي ھاياتىنى بىلىشتە، شۇنىڭدەك قوشنا ئەللەر-مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسىنى تەتقىق قىلىشتا، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار دەلىل-ئىسپاتلىق رولىنى ئوينايدۇ.

خوتەن غەربىي ئەللەر نەزىرىدە «چىن» مەملىكىتىنى بىلىشتە كۆزنەك بولغان. شۇڭا، ئۆتكەن زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، داكچىن، ئەرەب ئەللىرى خوتەننى «چىن ماچىن»، «ماچىن» دەپ ئاتىغان.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب خوتەننىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە ۋاستىچىلىك قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن.

ئېھتىرام بىلەن **ئىمىن تۇرسۇن**

2005-يىل، ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە

قەدىمكى خوتەندە كۆرگەنلىرىم ......... ماركوپولو [ئىتالىيە ]......
......................... ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى ... 1
1233 - يىلى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتكەن خوتەنلىكلەر ......
......................... ئېدخىل. گ. ستېۋارد [كانادا ]......
......................... ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى ... 3
خوتەن ئەتراپلىرىدا ................. پېرژېۋالىسكى [رۇسىيە ]......
......................... نۇرمۇھەممەت توختى تەرجىمىسى ... 11
قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەر — خوتەن .....................
......................... سۋېن ھېدىن [شۋېتسىيە]......
......................... مۇھەممەتئىمىن سابىر تەرجىمىسى ... 93
ئاسىيانىڭ جان تومۇرى .......................
......................... ئېرسۋوست خانتىڭتون [ئامېرىكا]......
......................... داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى ... 101
تەكلىماكاندىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ غايىب بولۇشى .........
......................... پېتېرخوپكېرىك [ئەنگلىيە ]......
......................... ئابلەت مامۇت تەرجىمىسى ... 153
خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمىي ئىزلار.....................
......................... ئاۋرېل ستەيىن [ئەنگلىيە ] ......
......................... داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى ... 173
«خوتەن تېكىستلىرى» توغرىسىدا... خ. ۋ. بايلېي [ئەنگلىيە]......
......................... دىلمۇرات مەھمۇت تەرجىمىسى ... 213
ئۇدۇن رايونىغا ئائىت تۇبۇتچە ۋەسىقىلەر.....................
......................... ف. ۋ توماس [ئەنگلىيە ]......

.................. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتكېرىم ئىسمايىل ... 225
شېھىدانە خوتەن .............. ساگوچى تورو [ياپونىيە ]......
.................. ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى ... 270
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيە...تاجىبانازۇيچيو [ياپونىيە]......
.................. داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى ... 277
قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى...كىلىمكېيت [گېرمانىيە ]......
.................. ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى ... 298
خوتەنگە سەپەر.............. نۇشرۋان يائۇشۇپ[چاررۇسىيە ]......
.................. نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى ... 309
خوتەن ـــ كلاسسىكلار نەزمىسىدە..................................
.................. مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ [قازاقىستان ]......
.................. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان ... 339
[قوشۇمچە 1] «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىدە»
ناملىق كىتابتىكى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى
توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ........ ھۈسەيىن كېرىم باھادىر ... 351
[قوشۇمچە 2] چەت ئەل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى خوتەندە ........
.................. جۇمەنىياز تۇرسۇن ... 360

# 目　录


古于阗所见所闻

马克波罗著[意大利] …………………… 吾买尔江·努日译(1)

1233 年迁居美洲的于阗人 ………………… 吾买尔江·努日译(3)

到于田山区短途探险

普尔热瓦尔斯著[俄国] ……… 努尔买买提·托合提译(11)

和田:沙漠中的古城

斯文·赫定著[瑞典] ………………… 买买提明·沙比尔译(93)

亚洲的命脉

亨廷顿著[美国] ……………………… 达吾提·阿迪力译(101)

塔克拉玛干诸城的失没 ……………… 阿布来提·马木提译(153)

和田绿洲的古迹

A·斯坦因著[英国] ………………… 达吾提·阿迪力译(173)

论"于阗文献"

H·W·白乐著[英国] …… 迪力木拉提·马合木提译(213)

有关于阗的藏文文献

F·W·托玛斯著[英国] ……………………………………… ……………………………………… 买买提克力木·司马义译(225)

献命的和田 ……………………………… 吾买尔江·努日译(270)

中亚探险 ………………………………… 达吾提·阿迪力译(277)

丝绸古道上的文化

克林凯特著[德国] ………………… 阿不来提·努尔东等译(298)

和田行

努西尔汪·亚乌西甫著[俄国] ………………………………… ………………………………… 吾买尔江·努日编译(309)

古典诗中的和田

穆罕买提伊明·吾布力哈斯莫夫著[哈萨克斯坦] ……
…………………………… 买提哈司木·阿布都热合满编译(339)
[附1]《科考队在亚洲高原》一书中关于维吾尔民俗及音乐文化的记述
候赛因·克日木巴哈的尔著 ……………………………… (351)
[附2]外国科考队在和田活动摘录
屈玛尼牙孜·吐尔送编 ……………………………………… (360)

ماركوپولو [ئىتالىيە]

# قەدىمكى خوتەندە كۆرگەنلىرىم

## 36. باب ماددىي مەھسۇلاتلىرى مول بولغان خوتەن شەھىرى

شەرقىي شىمال بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭسىڭىز، خوتەنگە يېتىپ بارالايسىز. پۈتۈن زېمىننىڭ يەر مەيدانى سەككىز كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك بولۇپ، بۇ جايلاردىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ① خاننىڭ زېمىنىغا كىرىدۇ. خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ زېمىندا نۇرغۇن شەھەر ـ راباتلار، قەلئەلەر بار بولۇپ، خوتەن ئۇلارنىڭ مەركىزىدۇر. بۇ زېمىننىڭ نامىمۇ «خوتەن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىن چىقىدىغان ماددىي مەھسۇلاتلار ۋە خەلقنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى مول ھەم يېتەرلىك بولۇپ، پاختا، زىغىر، كەندىر، ھەر خىل دانلىق ئاشلىقلار، ھاراق ـ شاراب ۋە باشقا نەرسىلەر چىقىدۇ. ئاھالە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئۈزۈمزارلىقلار ۋە خىلمۇخىل باغلارنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار سودا ـ سېتىققا ۋە قول ھۈنەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۇرۇشقا كۆڭگەن جەڭچىلەر دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

---

【ئىلاۋە】 ماركوپولو (تەخمىنەن 1254 — 1324) ئىتالىيىلىك سەيياھ. ۋېنىتسىيەدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تەخمىنەن 1271 ـ يىل دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئاكرىي شەھىرىدىن شەرققە قاراپ ئاتلانغان. ئۇلار كىچىك ئاسىيا، دەجلە ـ پىرات دەريا ۋادىسى، پىرسىيە، ئافغانىستان ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى بويلاپ 1275 ـ يىل 5 ـ ئايدا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ قۇبلاي خان بىلەن كۆرۈشكەن. خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ جۇڭگودا 17 يىل تۇرغان. 1295 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ۋېنىتسىيىگە قايتقان. 1298 ـ يىل ۋېنىتسىيە بىلەن رىنايە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. ئۇ تۈرمىدە شەرقتە

---

① موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلايىنى كۆرسىتىدۇ.

## 37. باب پېن ئۆلكىسى ① ۋە ئۇنىڭ دەريالىرىدىن چىقىدىغان خرۇستال ۋە سۇزۇك قاشتېشى، خەلقىنىڭ ئاجايىپ توي ئادەتلىرى

پېنىنىڭ يەر مەيدانى بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك بولۇپ، ئۇ يەر شەرق بىلەن شەرقىي شىمال ئارىلىقىدىكى يۆنىلىشكە جايلاشقان. بۇ يەردىن ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا كىرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز شەھەر - راباتلىرى ۋە قەلئە - قورغانلىرى بار. مەركىزى «پېن» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر دەريا بۇ زېمىننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريا قىنىدىكى قاشتاشنىڭ زاپاس مىقدارى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن قارىسىدۇن ۋە ياسىپ ② دەپ ئاتىلىدىغان قاشتاش چىقىدۇ. بۇ يەردىن خىلمۇخىل يېمەكلىكلەر تېپىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە پاختىمۇ چىقىدۇ.

ئاھالىسى سودا - تىجارەت ۋە قول ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ توي - نىكاھ ئادەتلىرى باشقا جايلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۆيلەنگەن ئەرلەر 20 كۈنگىچە ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۆيدە قالغان خوتۇنلىرى ئەگەر خالىسا، باشقا ئەرگە تېگىشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ. ئەرلەردىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ھوقۇق بولىدۇ. ئەرلەر باشقا يەردىن بۆلەك خوتۇن ئالالايدۇ. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن قەشقەر، خوتەن، پېن ۋە لوپ چۆللۈكلىرى تۈركىستان زېمىنى ئىچىگە جايلاشقان.

---

كۆرگەنلىرىنى تۇرمىدىشى روستكانوغا سۆزلەپ بەرگەن. روستكانو ھەممىسىنى خاتىرىلەپ، «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دەپ ئاتىغان. ماركوپولو 1299 - يىل قويۇپ بېرىلگەندە ۋېنىتسىيىگە قايتقان، شۇنىڭدىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىسى نامەلۇم.

ماركوپولو قەشقەر، يەكەندىن ئۆتۈپ خوتەن ۋە كېرىيە ئارقىلىق چەرچەنگە ماڭغاندا، كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ خاتىرىسىگە كىرگۈزگەن. بۇ ئىككى باب «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» (بېيجىڭ، 2001 - يىل 2 - ئاي نەشرى) دىن ئېلىندى.

**ئۆمەرجان نۇرى** تەرجىمىسى

---

① قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «بىمۇ»، قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى «بىم» تىبەتچە Phye ma - ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى بىلەن چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ.

② ئەينى چاغدىكى قاشتاش خىللىرىنىڭ نامى.

ئېدخىل. گ. ستېۋارد [كانادا]

# 1233 - يىلى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتكەن خوتەنلىكلەر

قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى ئالتۇن خانلىقى (جىن سۇلالىسى) دىن تالاپەت يەپ مەغرىبتىكى ئانا جەمەت قېرىنداشلىرىدىن ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن كەلگەن قىتان خانزادىسى يوللۇغ تاشىن ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. يوللۇغ تاشىن 1128 - يىل قەشقەرنى، 1137 - يىل بۇخارانى ئىگىلەپ، قاراخانىيلارنى گۇمران قىلىپ «قاراقىتان خانلىقى» نى قۇردى، بالاساغۇننىڭ نامىنى «قۇزئوردۇ» غا ئۆزگەرتتى. يوللۇغ تاشىن ئۆلگەندىن كېيىن قاراقىتانلارنىڭ ھاكىمىيتى بۇرۇنقىدەك ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەپسۇس، ئەخلاقسىزلىق — شەھۋەت بالاسى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلىنى بوشىتىۋەتتى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا باش كۆتۈرگەن

---

【ئىلاۋە】 1998 - يىل كۈزدە بېيجىڭدا چاقىرىلغان جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخي مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىن مۇھاكىمىسىدە نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى، ئۇيغۇرشۇناس ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندى ھازىرقى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كانادانىڭ شىمالى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىرنەچچە شتاتتا تارقاق ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى؛ ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە چەت ئەللىك ئالىملار تەتقىقات - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ خېلى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە ئىلمىي ئۇچۇر بېرىپ، يىغىن ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇرغانىدى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيات ئىزلىرىنى ئىزدەپ يۇرگەنلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماتېرىيال ئىزدىدىم. ئاخىرى

تېمۇرچىن ئۆزىنىڭ بۇرتېچىن قەبىلىسىنى باش قىلغان موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئاقىللارنىڭ ياردىمىدە «چىڭگىزخان» دېگەن سەلتەنەتلىك نامغا ئېرىشتى. چۈنكى، مەركىت ئانا ۋە خوتۇن ئىنتىقامى ئۈچۈن، كىرىچ تارتىپ يۈرگەن تېمۇرچىن ئۈچۈن ئۇيغۇردىن ئۆزگە مەنىۋى مەدەتكار يوق ئىدى. شۇڭا، تېمۇرچىن ئاۋۋال مەركىتلەر (هازىرقى مەكىتلىكلەرنىڭ ئەجدادى) گە، ئاندىن نايمانلارغا هۇجۇم باشلىغانىدى. تېمۇرچىن نايمان پادشاھى تاياڭخاندىن ئىنتىقامىنى ئالالىغان بولسىمۇ، تاياڭخاننىڭ خانزادىسى كۈچلۈكنى قاچۇرۇپ قويدى. كۈچلۈك پاناھلىق ئىزدەپ جەنۇبقا ئاتلىنىپ، قاراقىتانلارنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ئوردا جىددىلىكتە قالغان قاراقىتانلار كۈچلۈكنىڭ هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىغا قاراپ تۇردى. قاراقىتانلارنىڭ كاتتىسى بولىۋالغان كۈچلۈك قەشقەر، خوتەن خەلقىنى قاتتىق ئەزدى، دەپسەندە قىلدى. دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىقلىرىدا لەشكەرلىرىنى مەشىقە سېلىپ، زىرائەتلەرنى چەيلەيتتى. يۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنى بۇلايتتى. ھەتتا خوتەندە ئىمام ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنى چاھار مىخلاپ شېھىت قىلدى ھەم ئۇن مىڭدىن ئارتۇق ئەھلى دەستدار (زىيالىي) نى قەتلىئام قىلدى. قەشقەر، خوتەن خەلقىنىڭ نالە ـ زارى كۈچلۈكنىڭ ئىز-دىرىكىنى قىلىۋاتقان چىڭگىزخانغا يەتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخان جەبە نويانىنى ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن كۈچلۈكنى يوقىتىشقا قەشقەرگە يولغا سالدى. جەبە نويانىنىڭ لەشكەر باشلاپ جەنۇبقا ئاتلىنىشى بىلەن، قاراقىتان ۋە كۈچلۈك هۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئەمەل تۇتقان

---

Ethal G.Stewart خانىمنىڭ تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات سەمەرىسى بولمىش «دەنە ۋە نادەنە — قىزىل تېرىلىكلەر» دېگەن ئەسىرىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئەسلى بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تولۇق يەتكۈزۈش نىيىتىم بار ئىدى. بىراق، مۆھتەرەم ئابدۇللا سولايمان ئەپەندى ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى خوتەنلىكلەر ھەققىدە مۇشۇ سەھىپىلەر ئارقىلىق تېزراق ئۇچۇر بېرىشنى ھاۋالە قىلغاچقا، يۇقىرىقى كىتابنىڭ 186 ـ بېتىدىن 189 ـ بېتىگىچە بولغان مەزمۇننى تەرجىمە قىلىپ، بۇ ماقالىنى تەييارلىدىم.

يەرلىك مەنسەپدارلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، كۇچا، خوتەن ۋە باشقا جايدىن چىڭگىزخان بىلەن ئىركىشىپ كېلىۋاتقان تاڭغۇتلاردىن پاناھلىق تىلەپ، ھازىرقى نىڭشىيا رايونىغا قاچتى. ئۇلارنىڭ تاڭغۇتلار تەرەپكە قاچقان ۋاقتى مىلادىيە 1218 ـ يىلى ئىدى.

چىڭگىزخان خارەزم شاھلىقىغا قوزغىغان ھۇجۇمىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنى خارابلاشتۇرغاندىن كېيىن شەرققە يېتىپ كېلىپ، تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئەپسۇس تاڭغۇت ئۇرۇشى داۋامىدا 1227 ـ يىل چىڭگىزخان تۇيۇقسىز ئۆلدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى ۋەسىيەت بويىچە تاڭغۇتلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، تاڭغۇت خانلىقىنى ھالاك قىلدى. تاڭغۇتلارنىڭ ھالاكىتىنى كۆرگەن ئاز سانلىق تاڭغۇت ئاق سۆڭەكلىرى، تىبەتلەرگە قوشۇلغان تۇرپانلىقلار، كۇچالىقلار ۋە خوتەنلىكلەر 1233 ـ يىل ئالتۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى تەۋەسىگە كەلدى. ئەپسۇس چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى 1234 ـ يىل ئالتۇن خانلىقىنى يوقاتتى. تاڭغۇت ئېلىدىن كەلگەن بۇ قاچقۇن مۇساپىرلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەنۇبقا قاراپ ھازىرقى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا يېتىپ كېلىپ، پۇختا تەييارلىقلار بىلەن كېمە ئارقىلىق بوخەي دېڭىزىدىن چىقىپ، سېرىق دېڭىز (خۇاڭخەي) ئارقىلىق ياپون دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىچە مېڭىپ، ئوخوتسك دېڭىزىغا كىردى. كامچاتكا يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىپ، بېرىڭ دېڭىزىنىڭ جەنۇبى، ئالېئۇتسىيان تاقىم ئاراللىرى، ئالياسكا قولتۇقى ئارقىلىق شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە قۇرۇقلۇققا چىقتى ①. ئۇلار غەربىي يېرىم شارغا ئۆتۈپ كېتىش بىلەن، ۋەتىنى ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلدى. قاچقۇنلار ئاۋۋال ھازىرقى كانادانىڭ شىما-

---

① ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق دېڭىز سەپىرى كېيىنمۇ بولغان، يەنى 1284 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئەل پىغمىش يۈەن سۇلالىسىنىڭ دېڭىز فلوتىنى باشلاپ، جەنۇبىي دېڭىز ۋە ھىندى ئوكيانىغىچە بولغان جايلارغا تۆت قېتىم سەپەر قىلىشى مۇشۇلارنىڭ مىسالى ـــ تەرجىماندىن.

قەدىمكى خوتەننى «لى ئېلى» دەپ ئاتىغان. پەنروۇنا شەھىرىدىن كەل-
گەنلەر ئەجدادىنىڭ خوتەنگە تەۋە يەنى تىبەتچە «لى ئېلى» گە تەۋە
پەنروۇنا شەھىرىدىن كەلگەنلىكىنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن، قەبىلە نامى-
نى «لى پەن» دەپ قويغانىكەن.

سىنكيمە: «سىن» سۆزى بولسا مازارتاغنىڭ تىبەتچە نامى بولغان
«سىنزار» دىن كەلگەن. يەنە تىبەتچە «سىنسان» بولسا «ئورمانلىق
تاغ» دېگەن مەنىدە. «كيم» سۆزى بولسا «ئۆي، ئۆۋا» مەنىسىدە
بولۇپ، مازارتاغدىكى بىر كەپىلىكلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ بىر
كىچىك قەبىلىدۇر.

مېسكالېرو: بۇ خوتەنچە، تىبەتچە ۋە خەنزۇچە نامىلاردىن بىرىكىپ
ياسالغان سۆز بولۇپ، «مەسكار» دېگەن سۆز «تاغ ۋادىسى» دېگەن
مەنىدە. بۇ سۆز قەدىمدە خوتەندە يەر نامى قىلىپ قوللىنىلغان. بۇ
بۇددا ئەقىدىسىدە «جەننەتكە كىرىشكە ھەمدەمچى بولىدىغان مالائىكە»
دەپ قارالغاچقا، خوتەنلىك ئاپاچىلار قەبىلىسىدىكى ئەركەكلەرگە
«مەسكار» دەپ نام بېرىشىدىكەن.

سى - چېنى: «چېنلەرگە مەنسۇپ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەس-
كار تاغ ۋادىسىدىكى بىر قەبىلە.

تولوۋا: مەسكار تاغ ۋادىسىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، تىبەتچە «مى-
راخور» (ئات باقار) دېگەن مەنىدە.

خوپا: قەدىمكى خوتەننىڭ تىبەت تىلىدىكى نامى بولۇپ، تەلەپپۇز
قىلىش ۋەجىدىن «خوتەنپا» دىن قىسقارتىلىپ ئۆزلەشكەن نام.

كاتو: قەدىمكى خوتەندە ياشىغان كاتوزىنا ئەرلىرىنىڭ تىلىدىن
كەلگەن. بۇلار خوپا قەبىلىسى بىلەن بىرگە كەلگەن ئەمەلدارلار تائىپى-
سىدىندۇر.

جىكارىللو: خوتەنلىك ئاپاچىلارنىڭ نامى ئۈچ كەلىمىدىن تەش-
كىل تاپقان. ئەسلى نامى «جىك» بولۇپ، «ئارى» بولسا تىبەتچە
«تاغ» مەنىسىدە، «لو» بولسا «لار»، «كىشىلەر» دېگەن مەنىدە،

لىي قىسمىغا كېلىدۇ. هازىرقى كانادانىڭ شىمالىي رايونىنىڭ كىلىماتى بەك سوغۇق بولغاچقا، قاچقۇنلارنىڭ كۆپ سانلىقى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. تاڭغۇت ۋە تىبەت مىللىتىدىن بولغان قاچقۇنلار ئەجدادىدىن باشلاپ سوغۇق هاۋا كىلىماتىدا ياشاپ كۆنگەچكە، بۇ يەرنىڭ هاۋاسىغا ماسلىشالايدۇ، شۇڭا تىبەت بىلەن تاڭغۇتلار بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. تارىم ۋادىسىدىن كەلگەن قاچقۇنلار بولسا سوغۇق هاۋاغا ماسلىشالماي، ئىسسىق كىلىمات ئىزدەپ جەنۇبقا قاراپ يەنە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. تارىم ۋادىسىدىن كەلگەن قاچقۇنلار شۇ ماڭغىنىچە هازىرقى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كالىفورنىيە، ئارىزونا، يېڭى مېكسىكا شتاتلىرىغا كېلىپ تارقاق هالەتتە ئولتۇراقلىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ هەم قۇرغاق، هەم ئىسسىق هاۋاسى ئانا يۇرتى تارىم ۋادىسىنىڭ هاۋاسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى.

بۇ قاچقۇنلار 18-، 19- ئەسىرلەرگىچە ئىندىئانلاردىن پەرقلەنمەي تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، تەدرىجىي مىللەت تەۋەلىكى جەھەتتىن ئىندىئانلار بىلەن پەرقلىنىشكە ۋە پەرقلەندۈرۈلۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئالياسكىدىن مېكسىكىغا قەدەر تارقالغان تارىم ۋادىسىدىن بارغان «ئاپاسكان» قوۋمى «دەنە» — بېرتىش، كولومبىيە ساهىلىدا ياشايدىغان قوۋملار «نادەنە» لەر دەپ ئاتىلىپ ئومۇملاشقان. خوتەندىن بارغان قاچقۇنلار بولسا «دەنە» قەبىلىلىرىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە هازىر خوتەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن قەبىلىلەر مۇنۇلار:

ئاپاچى: ئەجدادى خوتەندىن كەلگەن «دەنە» قەبىلىلىرىدىكى كىشىلەر، ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئاپاچى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ تىبەت تىلى بىلەن خوتەن (ئۇيغۇر) تىلىدىن بىرىككەن سۆز بولۇپ، ‹ئۇرۇش قىلغۇچى، جەڭچى› دېگەن مەنىدە.

لى پەن: «پەن» — قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى پەنرونا شەهرىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. تىبەتلەر 660 — 1024 - يىللىرىغىچە

بولۇشى مۇمكىن.

كاپىلانا: قەدىمكى خوتەندىكى بۇددا خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، خوتەندىكى كۇمپا ئورمانلىقىدا كاتتا بۇددا مۇنارى سېلىنغان «كاپىلا شەھىرى» بار ئىكەن. بەلكىم بۇ مۇشۇ نامدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قاچقۇنلارنىڭ ئەۋلادى كۆچمەن چارۋىچىلىق شەكلىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، بېكىنمە، تارقاق ياشىغاچقا، ئىجتىمائىي تەسىرلەرنى كۆپ قوبۇل قىلىغان. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ ۋارىيانتىنى تاپقىلى بولىدۇ. تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە توي، دەپنە ئادەتلىرىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال ئومۇمىيلىققا ئىگە. ئۇلار تۈپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىسىنى «بالىق» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «شەھەر» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىغا قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە، توخارچە، سوغدىچە سۆزلۈكلەر ئارىلىشىپ كەتكەچكە، ئەسلىدىكى مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىشتا ھەربىر قەبىلىنىڭ تارىخىغا ئائىت رىۋايەتلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پېشقەدەملەر ئۆز قەبىلىسى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى، ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى، ئامېرىكىغا كېلىپ قېلىش جەريانىنى پىششىق بىلىدۇ ھەم ئەۋلادلىرىغا بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار زامانىۋى جەمئىيەتكە كىرگەندە، زامانىۋى ئولتۇراقلارغا ئېرىشكەن. ھەتتا ئۇلاردىن ئوقۇتقۇچى، پوپ مەيدانغا كەلگەن. «ئىختىيار»، «كارولىنا»، «ھىندى»، «سىندى»، «لى ئان» دېگەندەك ئەنئەنىۋى ئىسىملار ياۋروپاچە ئىسىملار بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئالامەتلىرى دېگۇدەك موڭغۇلوئىدچە بولسىمۇ، كىيىم ـ كېچەك شەكلى ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ بولغان. ئۇلار ياشاۋاتقان مەھەللىلەرگە مەكتەپ، چېركاۋ قۇرۇلغان، سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىيات ئاملىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا قېلىن ئورمانلىقلار ئىچىدىكى دەريا بويلىرى ياكى زامانىۋى جەمئىيەت تەسىرىدىن

«جىك» بولسا «تاغلىقلار» دېگەن مەنىدە. جىكلار ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا ياشايدىغان تۈركىي قەبىلە بولۇپ، قاراخانىيلار ئۈچۈن خوتەننىڭ مۇداپىئەسىگە بارغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادىدۇر.

ئاپاتسىلتىلىجى: بۇ تىبەتچە، خوتەنچە ۋە خەنزۇچە سۆزلەردىن بىرىككەن نام بولۇپ، «ئاپا» بولسا تىبەتچە «جەڭچى» مەنىدە، «سىل» بولسا «سۇ» دېگەن مەنىدە، «تىلجى» بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر قوۋمى خەنزۇچە تېبلې ( 铁勒 ) دەپ ئاتالغىنى ئۈچۈن، «سۇ بويىدىكى جەڭچى ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىدە. بۇ قوۋم ئەسلى «جىك» قەبىلىسى بىلەن بىرگە ئىسسىق كۆل بويىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر قەبىلىسى ئىدى. ئۇلار قاراخانىيلار خوتەننى پەتىھ قىلغاندىن كېيىن «جىك» قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە خوتەننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن خوتەنگە كەلگەن.

ئاپاچى تاگوي: بۇ «تاگولۇق جەڭچىلەر» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تاگۇ» بولسا خوتەن بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدىكى چوڭ بازار — تاگۇ بازىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇلار تىبەتچە مەنبەلەردىكى «خور» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلاردۇر.

ناككولى: بۇ «تاگۇ» دېگەن يەر نامىنىڭ توخارچە شەكلى «ناكولى» دىن كەلگەن. «ناكۇ» «رايونلىقلار» دېگەن مەنىدە.

چەدكو: ئامېرىكا ئورېگون شتاتىدىكى بۇ كىچىك قەبىلە نامى تازا ئېنىق ئەمەس. «چەدكو» تىبەت تىلىدا «باش رەئىس» دېگەن مەنىدە. ئۇنداقتا ئۇ قەبىلىنىڭ كاتتىسى ئەينى چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىرەر مەمۇرىي تارمىقىنىڭ رەئىسىمۇ؟ ياكى خوتەننىڭ رەئىسىمۇ؟ بۇنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىغان.

نىكولا: جەنۇبىي بېرىتىش كولومبىيىدىكى بۇ قەبىلىدىكىلەر ئەجدادىنى نىچاڭ، نىجاڭدىن كەلگەن نىكولالار دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. بۇلار بەلكىم نىچاڭلىقلار بىلەن خوتەننىڭ كولادىن كەلگەنلەر

پېرژېۋالىسكى [رۇسىيە]

# خوتەن ئەتراپلىرىدا

بوستانتوغراق دەرياسىدىن نىيا بوستانلىقىغىچە بولغان يولدا بىز ئۇدا تەكشى يەرلەردىلا ماڭدۇق. تاغ جىلغىلىرىدەك بەللەرگە يامىشىپ، پەسلەرگە سىيرىلىدىغان ئىشلار بولمىدى. ئاچچىق دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۆنىلىشنى غەربىي جەنۇبقا بۇرىدۇق.

【ئىلاۋە】 پېرژېۋالىسكىنىڭ بۇ سەپىرىنىڭ ۋاقتى: 1885 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە. نىكولاي مىخايلوۋىچ پېرژېۋالىسكى 1839 ـ يىل رۇسىيىنىڭ سمولىنىسكى ئۆلكىسىدە بىر قورۇق ئىگىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. بالىلىق چاغلىرىدا دادىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئوۋچىلىق ۋە ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغىشقا ئىشتىياق باغلىدى. 1855 ـ يىل ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئارمىيىگە قاتنىشىپ مىلادىشى سېرژانت بولدى ۋە ئىككىنچى يىلىلا پودپولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلدى. 1861 ـ يىل سان پېتېربۇرگ ھەربىي ئىشلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى. 1864 ـ يىل قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋارشاۋادىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنىپ تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئىنستىتكتورى بولدى. 1867 ـ يىلنىڭ بېشىدا ئۆز ئىلتىماسىغا ئاساسەن سىبىرىيىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئۇسسۇرى دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە 1869 ـ يىل ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى «ئۇسسۇرى چېگرا رايونىغا ساياھەت قىلىش خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتاب گويا بىر پاي توپ ئاتقاندەك ئۇنى بىردىنلا سىمبانوپ ـــ تيانشانسكىدىن كېيىن يەنە بىر داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچىگە ئايلاندۇردى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابىنىڭ ياردىمى

يىراق ياشاۋاتقاچقا، پېشقەدەملەردىكى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش ئانچە چوڭ ئەمەسكەن. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر كۆپكەن. شۇڭا ئەجدادلىرىنىڭ كەچمىشلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خېلى مۇكەممەل ساقلىنىنغلىقكەن.

Ethal G. Stewart: Dene We nadene Kizilderililer
(1233—yili Amrikaya Kacan turkler)

دېگەن كىتابنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ 186 — 189 ـ بەتلىرىدىن

ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى

ئىكەن، «ئۆنچىلە پاششىم مازىرى» دەپ ئاتىلىدىكەن. قەبرە بىر بۇلاق يېنىغا ياسالغان بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، قەبرە ئەتراپىدا يۈز ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. يېقىنقى بوستانلىقلاردىن، ھەتتا يىراق قەشقەردىنمۇ كېلىدىغان تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ماچىنلىقلار ئىمامنىڭ بۇ ئاچىسىنى قوغلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ قېچىپ تاغ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. دۈشمەنلەر يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇ ھازىرقى مازار ئورنىدا تۇرۇپ، تاغقا قاراپ ياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغ يېرىلىپ، ئۇنى قوينىغا ئاپتۇ ۋە ئارقىدىنلا يەنە ئەسلىدىكىدەك يېپىلىپ قاپتۇ. بەختكە قارشى ئۇنىڭ ئۇزۇن چېچى تاغ يېرىقىغا قىسىلىپ قاپتۇ. ئېيتىلىشىچە، ئاشۇ ئېتىقادچىلار ھازىرمۇ ئۇنىڭ چېچىنى كۆرەلەيدىكەن. چاچنى قىسىۋالغان قىيادىن بۇلاق ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بۇلاق سۈيى بىللە يەنە قىزىل،

1877 - يىللىرى چىقتى. بۇ قېتىم ئىلىدىن چىقىپ، تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ كورلا ئارقىلىق تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ لوپنۇر كۆلىگىچە يېتىپ باردى. ئۇ بۇ قېتىم دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كۆلىنى تاپقانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە كېيىنكى چاغلاردا كۆپلىگەن گۇمان ۋە مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ تاپقىنى راستىنلا لوپنۇر كۆلى ئىدى. بۇنى كېيىن سۇۋېن ھېدىن ئىسپاتلىدى. ئۇ 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە 1879 -، 1880 - يىللىرى چىقتى. بۇ قېتىم زەرەپشان كۆلى بويىدىن يولغا چىقىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ بارىكۆلگە چۈشتى. تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ قۇمۇلغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇقتىن ئۆتۈپ سوجو (جيۇچۈەن) غا باردى. گەنسۇدىن چىقىپ، چىلىيەنشەن تاغلىرىدىن ھالقىپ، سەيدام ئويمانلىقىدىكى قاراكۆل بويىغا يېتىپ باردى. سەيدامدىن چىقىپ بورخانبۇت تېغىدىن ھالقىپ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يەنە بىر قېتىم ئاياغ باستى. تاڭگولا تېغىدىن ئۆتۈپ تىبەتكە كىردى ۋە نۇجياڭ دەرياسىنىڭ باشلىنىش رايونى ناچۇيگە يېتىپ باردى. بۇ يەر لاساغا 220 كىلومېتىر كېلەتتى. دالاي لاما ئۇنىڭ لاساغا بېرىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىمىغاچقا، قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدىن كېيىن پىرژېۋالسكى رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ

تۆگىلەر ھېرىپ كەتكەن، كۇنلۇك مۇساپە تاغ سەپىرىدىن ئانچە كۆپ
ئەمەس ئىدى. چاڭ ـ توزان، بوران، چۆل ـ جەزىرىدىن ئىبارەت ئۈچ
خىل تەبىئىي مەنزىرە بىزگە باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولدى. «يۇلغۇن-
بۇلاق» ۋە «سۆگەتبۇلاق» لاردا قونغىنىمىزدا بىز ماچىن قەبىلىسىدى-
كىلەرنىڭ كىچىك كەنتلىرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆردۇق. كەنت
ئاھالىسى تاغ سۈيى بىلەن ئېتىزلارنى سۇغىرىدىكەن. بىز «يۇلغۇنبۇ-
لاق» تىكى ماچىنلىقلار ( 玛沁人 ) نى سۈرەتكە تارتىۋالدۇق. كەچتە
بۇلاق سۈيىدىن ھاسىل بولغان كۆلچەك ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان شەپە-
رەڭلەر ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل
شەپەرەڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشقا بولاتتى.

چەرچەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى
تاغدا بىر قەدىمىي قەبرە بار ئىكەن. بۇ يەرگە شىنجاڭدا ھۆرمەتكە
سازاۋەر بولغان ئىمامى جەپپەرى سادىقنىڭ ئاچىسى دەپنە قىلىنغان

---

بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا قارىتا تۆت قېتىم ئېكسپېدىتى-
سىيە قىلدى. 1 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە 1870 ~ 1873 —
يىللىرى چىقتى. بۇ قېتىم ئالاھىدە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۈمەن
كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يول باستى. چاقتۇدىن يولغا چىقىپ قۇرۇلۇن
(بۇگۇنكى ئۇلانباتۇر) ئارقىلىق جاڭجياكۇ، بېيجىڭلەرگىچە كېلىپ موڭغۇل
ئېگىزلىكىنى، گەنسۇ ـ چىڭخەيلەرنى، سەيدام ئويمانلىقىنى تەكشۈرۈپ،
چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىدىكى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتى-
سىغىچە يېتىپ باردى. لاساغا يېتىپ بارالماي ئارقىغا قايتىپ قۇربان
توڭغۇت قۇملۇقى، قۇرۇلۇنلار ئارقىلىق چاقتۇغا قايتىپ كەتتى. بۇ قېتىم
ئۇ 238 خىل قۇش قانتىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەۋرىشكىسىنى، 42 خىل
سۈت ئەمگۈچى ھايۋاننىڭ 130 خىل ئەۋرىشكىسىنى، قۇرت ـ قوڭغۇز
(چەرەندى ـ پەرەندى) لەرنىڭ 3000 دانە ئەۋرىشكىسىنى، 500 خىل
ئۆسۈملۈكنىڭ 4000 دىن ئارتۇق ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ قايتتى. ئېكسپې-
دىتسىيىدىن كېيىن «موڭغۇلىيە بىلەن تاڭغۇتلار يۇرتىدا» دېگەن كىتابنى
يېزىپ چىقتى. بۇ كىتاب پېرژېۋالسكىنى دۇنياۋى داڭلىق ئادەمگە ئاي-
لاندۇردى. پېرژېۋالسكى 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە 1876 ـ،

يېرى 135 قەدەم ئارىلىقىچە كېڭەيگەن. بەلكىم بۇ يەرنىڭ كىلىماتى سۆگەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە بەك ماس كەلسە كېرەك. بەلكىم بۇ دەرەخلەرگە بىرنەچچە يۈز يىل بولغاندۇ.

بىز چىغان دەرياسى ( 其迪干河 ) غا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، نىيا بوستانلىقىدىكى ھاكىم نەجمە بەگ بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ بىزنىڭ قونالغۇمىزغا كەلدى. ئۇلار ئىسلام ئادىتىگە ئاساسەن داستىخان تەييارلاپ، گۆلە، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە نانلار بىلەن بىزنى مېھمان قىلدى. ئۇلار بىز بىلەن بىرەر سائەت پاراڭلاشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. بىزنىڭ ئافغانىستانلىق يول باشلىغۇچىمىز نېمىشقىدۇر بۇ ھاكىمدىن بىزار بولغاندەك قىلاتتى. تەرجىمان بولمىغاچقا ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. يول باشلىغۇچى بىزگە نۇرغۇنلىغان چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلدى. ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ، ئىككى بارمىقىنى يۇمۇۋېلىپ ئىشارەت قىلدى. مەنىسى: «بەگ پۇقرالارنىڭ بېجىنى يىغىپ، ئۈچتىن بىرىنى تاپشۇرۇپ، قالغىنىنى يۇتۇۋالدى» دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

بۇ يول باشلىغۇچى گەرچە ئەقىللىق بولسىمۇ، بىراق يەرلىك پۇقرالارغا ئوخشاش ئارىلىقنى ئۆلچەشتە بەكلا دېۋەڭلىك قىلاتتى. بولۇپمۇ يىراق مۇساپىلەر ئارىلىقىنى ھېسابلاشتا شۇنداق ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ رۇسىيىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكىگە ئوخشاشلا «تاش»نى مۇساپە ئۆلچەش بىرلىكى قىلغان بولۇپ، ھەر 12 مىڭ قەدەمدە بىر چوڭ تاش قويۇپ، مۇساپە تاختىسى قىلاتتى.

---

بىز خوتەن رايونىنىڭ 1885 ـ يىللىرى ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىدىن خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە خەۋەر تاپالايمىز. گەرچە، ئۇ «ماچىن قەبىلىسى» دېگەندەك ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان ناملارنى ئىشلەتكەن، بەزى تارىخىي ھادىسىلەرنى خاتا ئىزاھلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا كۆرگەنلىرى، تەسۋىرلىگەنلىرى بىز ئۈچۈن يەنىلا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئاق، سېرىق رەڭلىك كىچىك شېغىل تاشلارمۇ چىقىپتۇ. ئىتائەتمەن مۇرىتلار بۇ رەڭلىك تاشلارنى «ئۈنچە» دەپ قارايدىكەن. ئۇلارچە، بۇ تاشلار ئەۋلىيالار تاغقا كىرىپ، پانىي دۇنيادىكى گۇناھى ـ كىبىرلىرى ئۈچۈن توۋا قىلىپ يىغلىغاندا ئاققان ياش تامچىلىرىدىن ئۆزگەرگەندىمىش...

بىز «سۆگەتبۇلاق»تا بىر مازارنى بايقىدۇق. مازار ئەتراپىدا 20 تۈپتىن ئارتۇق سۆگەت بار ئىكەن. بۇ سۆگەتلەرنىڭ ئەڭ ئېگىزلىرى 12 ~ 15 مېتىرغىچە بولسىمۇ، دەرەخ غولى ئىنتايىن توم ئىكەن. بۇ سۆگەتلەرنىڭ غولىدىن يەنە بىرقانچە پۇتاق ئۆسكەن بولۇپ، ئۇلار خۇددى يىلاندەك، يەردە ئەگرى ـ بۈگرى تولغىنىپ يېتىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى تۈپىنىڭ يىلتىزى ئەتراپقا 11 ~ 13 مېتىر كېڭەيگەن. ئەڭ چوڭ يەنە بىر تۈپى

---

پەخرىي ئەزالىقىغا سايلاندى. 4 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى 1883 ~ 1885 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلدى. پېرژېۋالسكى بۇ قېتىم سىر دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى، نىيىس رايونى، لوپنۇر كۆلىنى، كېرىيە تاغلىرىنى تەكشۈردى. بۇنىڭغا ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. بۇ كىتابقا بەرگەن پارچىمىز ئەنە شۇ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىنىڭ خوتەنگە ئائىت بۆلىكىدۇر.

1888 ـ يىل 50 ياشقا كىرىپ قالاي دېگەن نىكولاي مىخايلوۋىچ 5 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە تەييارلاندى ۋە تۇيۇقسىز قارا كېزىك خاراكتېرىدىكى ئۇچەي ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقىر دېگەن يەردە ئۆلۈپ كەتتى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. قەبرىسىگە «ئېكسپېدىتسىيىچى پېرژېۋالسكى» دېگەن بىرقانچە ئاددىي خەتلا يېزىپ قويۇلدى. كېيىن ئۇ دەپنە قىلىنغان جاي قاراقىرنىڭ نامى ئۇنىڭ نامى بىلەن «پېرژېۋالسكى» دەپ ئاتالدى. ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن بۇ ئۇلۇغ ئېكسپېدىتسىيىچى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىنى تاپقانلىقى ۋە جۇڭغار ياۋا ئېتىنى بايقىغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. جۇڭغار ياۋا ئېتى كېيىن ئۇنىڭ نامى بىلەن «پېرژېۋالسكى ياۋا ئېتى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ كېرىيە تاغلىرىدىكى تەكشۈرۈشلىرىدىن يازغان يۇقىرىقى خاتىرىسى ئارقىلىق بەش پۇتاق چىقارغان بولۇپ ئەتراپقا يېيىلىپ ياتىدۇ، ئىگىللىگەن

بەزى كەنتلەر ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن. بەزى كىچىك بوستانلىقلاردا پەقەت بىرنەچچە ئائىلە ۋە كىچىككىنە تېرىلغۇ يەرلەرلا بار.

بۇ بوستانلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسلىقى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈش. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ سىرتقى مۇھىتقا نىسبەتەن كۆپ پەرقى يوق. بۇ يەرلەردە ئەمگەك كۈچى يېتەرلىك. ھاۋاسى ئىللىق، يەرلىرى مۇنبەت، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بىرقەدەر ئىلغار. ھەرقايسى بوستانلىقلار ئاھالىسىنىڭ كىرىمى يېزا ئىگىلىكىدىن كېلىدۇ، شۇڭلاشقا كىشىلەر نۇرغۇنلىغان كۈچ سەرپ قىلىپ، ئېرىقلارنى ياساپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئېرىقلار خۇددى جانلىقلار تېنىدىكى قان تومۇرغا ئوخشاش تۇتىشىپ تور ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھەربىر پارچە تېرىلغۇ يەرگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئېرىق تورلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبىدىكى ئېرىقلار ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىكلەردە پاراللېل ئاقىدۇ. بەزى يەرلەردە ياغاچتىن ياسالغان نو ـ قوغاچلار ئارقىلىق سۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەتتا بەزى ياغاچتىن ياسالغان نو ـ قوغاچلار دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى ئۈستىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ، قەيەرگە يېتىپ بارسا، شۇ يەرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. بەزى ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرقانچە كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، دەريا سۇيىنى توختىماستىن ھەرقايسى كىچىك ئېرىقلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ كىچىك ئېرىقلار ئارقىلىق ئېتىزلار ۋە باغلار سۇغىرىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، دەريا سۇيى پۈتكۈل بوستانلىقتىن ئېقىپ ئۆتۈپ، سۇغىرىلغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان سۇ يەنە ئېتىز ـ ئېرىق ۋە باغلاردىن چىقىپ تۆۋەن ئېقىنغا قۇيۇلىدۇ. ئېرىق ئارقىلىق ئېتىزلىقلارغا سۇ كىرىپلا قالماستىن، يېڭى تۇپىلارنى ئېقىتىپ، ئېتىزلارنى ياخشىلايدۇ. بوستانلىق ئىچىدىكى ئېتىزلار، مېۋىلىك باغلار، كۆكتاتلىقلار ناھايىتى رەتلىك ئورۇنلاشقان بولۇپ، يەرگە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېگىز ـ پەس جايلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئېتىز قىرلىرى ۋە

بۇنىڭ توغرىلىق نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئىككى تاش ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق تەخمىنەن بەش كىلومېتىردىن 9.5 كىلومېتىرغىچە، ئوتتۇرىچە 8.5 كىلومېتىر چىقاتتى.

بىز چىغان دەرياسىدىن يولغا چىقىپ، بىر كۈن ئىچىدە 38 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ نىيا بوستانلىقىغا يېتىپ كەلدۇق. سەپەر جەريانىدا بېسىپ ئۆتكىنىمىز ئەمەلىيەتتە قىيپاش كەلگەن تۇزلەڭلىك ئىدى، بۇ تۇزلەڭلىكتە ئوت ـ چۆپ ئۈنمەيدىكەن. تاشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تاغ ئۈستىدىكى جىلغىلاردىن ئېقىپ چۈشكەن شېغىللار يىغىلىپ، شېغىللىق تۇزلەڭلىكلەرنى ھاسىل قىلىدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا بېسىپ ئۆتكەن ئون كىلومېتىرلىق مۇساپىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دومىلاپ چۈشكەن تاشلارنى كۆرگىلى بولاتتى. يول بويى كۆرگەن ئۆسۈملۈكلەر پەقەت ئاجىز يىپسىمان، تۈكلۈك ئۆسۈملۈكلەرلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈكلەر يوق ئىدى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى تاغ ئېتەكلىرىدە بىر قاتار بوستانلىقلار بار بولۇپ، بۇ بوستانلىقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ھەرقايسىسى ئارىسىدىكى ئارىلىق ئوخشاشمايدۇ. خۇددى دەرەخ يوپۇرمىقىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ تىزىق تىزغانغا ئوخشايدۇ. نىيا بوستانلىقى بۇ قاتار كەتكەن بوستانلىقلارنىڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان. تاغدىن ئېقىپ كەلگەن دەريا سۈيى تۇزلەڭلىككە يېتىپ كېلىپ مۇشۇ مۇنبەت تۇپراققا قۇيۇلغاچقا، بۇ بوستانلىق شەكىللەنگەن. ھەربىر بوستانلىق دائىرىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە دېھقانچىلىق ھوسۇلى تامامەن سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۇ مىقدارىغا باغلىق.

جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ دەريالار چوڭ بوستانلىقلارنى، كىچىك ئېقىنلار كىچىك بوستانلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن. چوڭ بوستانلىقلار مەركىزىي شەھەرلەرنى، كىچىك بوستانلىقلار چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بازار، كەنت، يېزا ـ قىشلاقلارنى ھاسىل قىلغان.

يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئورۇنلىشىشى تەكشىسىز بولۇپ، بەزىلىرى شەھەر مەركىزىگە ناھايىتى يىراق، بەزىلىرى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىلا،

لارغا ئۆرۈك، شاپتۇل، چىلان، ئۈجمە قاتارلىق دەرەخلەر تىكىلىدۇ. يەنە بەزى ئوتتۇراق رايونلارغا يېقىن جايلارغا بوستان ۋە گۈللۈكلەر ياسالغان بولۇپ، ئىچىگە ھەر خىل گۈللەر تېرىلغان. تۇرالغۇ ئۆيلەر- نىڭ ئەتراپىدىكى كۆكتاتلىقلار ناھايىتى كىچىك، كۆكتاتلارمۇ ياخشى ئۆسمەيدۇ. بىراق مېۋىلىك باغلار ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەر ناھايىتى باراقسان ئۆسىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىشلەيدۇ، مېۋىلىرى بەك ئوخشايدۇ. ئەپسۇسكى، كىشىلەر مېۋى- لەرنىڭ تولۇق پىشىشىغا ساقلاپ تۇرمايلا ئۈزۈۋالىدۇ. ئېھتىمالچە، ئۇلار بەك پىشىپ كەتكەن مېۋىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈملەرنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن داستىخانغا قويغىلى بولىدۇ. ئالما، قوغۇن، ئۈزۈملەرنى قىشىچە يېگىلى ساقلىغىلى بولىدۇ. يازدا ھۆل مېۋىلەر، قىشتا قۇرۇق مېۋىلەر شۇ يەرلىك ئاۋامنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكىدۇر.

پۈتۈن بوستانلىقلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى. بى- راق ئەتراپتىكى قۇملۇق زور پەرقلەرنى پەيدا قىلغان. بوستانلىقتىن چىقىپ قارىساقلا، قۇملۇق رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ نە- قەدەر نامرات، بايلىقىنىڭ نەقەدەر كەمچىل ئىكەنلىكىنى، نامراتلىق- نىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ نوپۇس كۆپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئاز ئىكەنلى- كىدىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خوتەن، نىيا، چىرا ھەمدە ئەتراپتىكى بوستانلىقلاردا بىرقەدەر گەۋدىلىك. بۇ جايدىكى 5 ~ 6 نوپۇسلۇق ئائىلىلەرنىڭ 1.5 گېكتاردىن ئىككى گېكتارغىچە يېرى بار. بەزى ئائىلىلەردە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاز. ئاشلىق يېتىشمەس- لىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەھسۇلاتلار چوقۇم ئامباردا ساقلىنى- دۇ. زىرائەتلەر چوقۇم ئىككى پەسىلگە بۆلۈنۈپ تېرىلىدۇ. يەنە تېخى تېجەپ ئىشلەتكەندە ئاندىن تۇرمۇشنى قامداپ كېتەلەيدۇ. نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەرنىڭ سىرتقى مەنزىلدە كۈن ئۆتكۈزۈشى ئىنتايىن تەس بولىدۇ. بوستانلىقتىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئامالسىزلىقتىن ئۆرۈك ۋە ئۈجمىلەرنى يەپ قورساق تويغۇزىدۇ. بۇ ھەرھالدا يوقتىن ياخشى. بىز يەنە بەزى ئاياللارنىڭ تېخى پىشمىغان بۇغداي باشقىنى ئۈزۈپ ئەكە- لىپ پىشۇرۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدىغانلىقىنى كۆ-

چۈنەكلەر ناھايىتى رەتلىك ياسالغان بولۇپ، چۈنەك بېشىغا ئۆرۈك تەرگەندىن كېيىن، سۇ چۈنەك ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. قايسى ۋاقىتتا ئېتىز - ئېرىقلارغا سۇ باشلاش، قايسى ۋاقىتتا سۇنى توختىتىش قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىشتا پىششىق يەر ئىگىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. سۇغىرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، يەرلەر ئادەتتە پەلەمپەي شەكىلدە ياسالغان، كۆپچىلىك سۇ ئىشلىتىش قائىدە - تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ مەخسۇس سۇ مەنبەسىنى باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، بۇ كىشىلەر «مىراب» دەپ ئاتىلىدۇ. شال تېرىيدىغان ئېتىزلار ئاياغ تەرەپتىكى بىرقەدەر كەڭ كەتكەن يەرلەرگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئېتىزلارنى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

ئېرىقلار ھەر تەرەپكە تۇتاشقان، دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى، مېۋىلىك باغلار ھەتتا ھەربىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگىچە سوزۇلغان. سۇ ئېھتىياج بويىچە باشلىنىدۇ ۋە توختىتىلىدۇ. ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە تېرەك، سۆگەت ۋە ئۈجمە دەرىخى تىكىلگەن بولۇپ، سايە چۈشۈرۈش، شامالنى توسۇش ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش رولىغا ئىگە. كىشىلەر دەل - دەرەخلەرنى بەك ئاسرايدۇ، دەرەخلەرمۇ ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ. ئاق تېرەك تىكىلىپ 7 ~ 8 يىلدىلا ئېگىزلىكى 30 مېتىرغا يېتىدۇ. دەرەخ غولى ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقىغا پاتمايدۇ. ئۇتۇن لازىم بولغاندا كىشىلەر تۆت مېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەن دەرەخلەرنى كېسىپ كېلىدۇ. دەرەخ يىلتىزىنىڭ قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۈستىگە لاي سۇركەپ قويىدۇ. كۆپ ئۆتمەستىن لاي سۇركەپ قويۇلغان جايدىن يەنە بىخلىنىپ ناھايىتى تېزلا باراقسانلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۆگەت ئەڭ تېز ئۆسىدۇ. ئەگەر كېسىۋېتىلگەن جاي قايتا بىخلانمىسا، دەرەخ يىلتىزى كولاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ.

بوستانلىقتىكى ئېتىزلىقلارغا بۇغداي، تېرىق، كۆممىقوناق، شال، پۇرچاق، قوغۇن - تاۋۇز، تاماكا، پاختا قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. كۆكتاتلىقتا پىياز، سەۋزە، كۇزلۇك تۇرۇپ، تەرخەمەك، كاۋا، يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان ھەر خىل كۆكتاتلار تېرىلىدۇ. باغ-

كىشىلەر پۇتىغا تېرىدىن تىكىلگەن كالتە قونچلۇق ئاياغ ۋە ئۇزۇن ئۆتۈكلەرنى كىيىدۇ. ئۆتۈك ـ ئاياغلارنىڭ ئاستى مىخلانغان. بېشىغا كىيىۋالغىنى بولسا كۆپىنچە قارا ياكى ئاق رەڭلىك قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپەك. بۇ يەردىكى كىشىلەر يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بوستانلىق ئەتراپىدىكى سازلىقلاردا نۇرغۇنلىغان قوي، كالا، ئېشەك، يەنە ئاز ساندىكى ئاتلارمۇ بار بولۇپ، ئاتلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك بايتال ۋە تايچاقلار. ئايغىرلار بىلەن يېتىلگەن ئاتلارنى ھۆكۈمەت ئېلىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئاھالىلەر ئالتۇن كاندا ئىشلەيدۇ. ئادەتتە «سوغراق ( 索尔孖克 ) ئالتۇن كېنى»غا بارىدۇ. كان نىيا، كېرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېتىكىدە، ئوخشاشمىغان پەسىللەردە ئىشلەمچىلەرنىڭ سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىمۇ ئوخشاش ئەمەس، تەخمىنەن 700 ~ 1000 غىچە ئادەم بولىدۇ.

نىيا بوستانلىقىنىڭ شىمالىدىكى 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا —— نىيا دەرياسى بويىدىكى قۇملۇقتا بىر مازار بار. مازارنىڭ «ئىگىسى» شۇ يەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئىسلام دىنى ئىمامى، ئىسمى ئىمامى جەپپەرى سادىق بولۇپ، ھەر يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تاۋاپ قىلىشقا كېلىدۇ.

نىيىدە مۇقىم ماگىزىن يوق، پەقەت ئۇن كۈندە بىر كېلىدىغان بازار بار. شۇ ۋاقىتتا كېرىيە سودىگەرلىرىمۇ بازارغا ئۇلگۇرۇپ كېلىدۇ. سودا بۇيۇملىرى ئاساسەن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە رۇسىيىدە ياسالغان توقۇلما بۇيۇملار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، گۈللۈك چىت، قىزىل شاتىۋا، تۆت بۇرجەك روماللار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇسىيىنىڭ چاقماق قەنتلىرى، سەرەڭگىلىرىمۇ بار. نىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار سىرتقا چىقىرىلمايدۇ. پەقەت ئالتۇن كاندىكىلەرنى نان ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىز نىيىدە توپتوغرا بىر ھەپتە تۇردۇق. بارگاھىمىزنى نىيا دەرياسى بويىغا قۇردۇق. تۆگە يەيدىغان ئوت ـ چۆپ ناھايىتى كۆپ، سۇ ئۇزۇۋشكە، بېلىق تۇتۇشقا بولىدۇ. شارائىت ھەر جەھەتتىن ناھايىتى

رەلەيمىز. بىز يەنە دائىم ئۇجمە دەرىخى ئاستىغا باغلاقلىق تۇرغان
ئېشەك ۋە قويلارنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە پەقەت دەرەختىن چۈشكەن
ئۇجمىلەرنى يەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بوستانلىقتىكى ئوتلاقلارمۇ ئىند-
تايىن ئاز، ئاتالمىش ئوتلاق دېگىنى ئىنتايىن شالاڭ ئوت - چۆپلەر
ئۆسكەن يەر. ئوتلاققا قويۇپ بېرىلگەن ئۇلاغلارنىڭ ئوت يېيىشىمۇ
ناھايىتى تەس. بەزى كىشىلەر ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ بىر كۈن يول
ماڭسىمۇ ئۇچرايدىغان ئوت ئىنتايىن ئاز. يەنە بەزى ئاھالىلەر ئۇزۇن
بادرا بىلەن سۆگەت يوپۇرماقلىرىنى قېقىپ بېرىپ ئۇلاغلىرىنى باقىدۇ.
كۆپلىگەن ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئەسلىدىنلا ئۇنچىۋالا
باياشات ئەمەس، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدا، تۇرمۇش
سەۋىيىسى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئۇلار ئېغىر باج - سېلىقلارنى
ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە
مىللىي زۇلمىغا ئۇچرايدۇ. گەرچە بوستانلىقلاردا نۇرغۇنلىغان مېۋد-
لىك دەرەخلەر بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئېچىنىشلىق تۇرمۇشتىن خالىي
بولالمايدۇ. نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۇ يەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى
ئاساسەن ئۆزگىرىپ باقمىغان، بىراق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى،
ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىقتەك قەبىھ قىلمىشلار ئەزەلدىن يۈز
بەرگىنى يوق.
نىيا بوستانلىقىدىكى ھەممە ئاھالىلەر ماچىن قەبىلىسىگە تەۋە
بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئالتۇن كاندا ئىشلەيدۇ. روھىي ۋە
جىسمانىي جەھەتتىكى ئېزىلىش تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە سىفلىسقا گد-
رىپتار بولىدىغانلار بىرقەدەر كۆپ. بۇ يۇقۇملۇق كېسەلنى تۈگىتىشكە
ئامال يوق ئىكەن. بىز بىرنەچچە قېتىم بەزى ئەر - ئاياللارنى ئۇچرات-
تۇق. ئۇلار گىرىپتار بولغان جىنسىي كېسەللىكنىڭ ئازابى چىدىغۇ-
سىز دەرىجىگە يەتكەن. نىيا ئاھالىلىرى ئادەتتە بويى پاكار، بەدىنى
ئاجىز كېلىدۇ. ئۇلار يازدا كىيىدىغان كىيىملەر يەرلىك ئۇسۇلدا
توقۇلغان قوپال پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر بولۇپ، نۇس-
خىسى تامامەن ئوخشاش، ھەممىسى دېگۇدەك ئۇزۇن كۆڭلەك، ئىش-
تان كىيىپ، ئۈستىگە يەكتەك كىيىۋالغان، بېلىنى پوتا بىلەن
باغلىۋالغان بولۇپ، سىز چەرچەندە كۆرگەن رەڭدار رەختلەر يوق.

گېكتارچە كېلەتتى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ توپا تام ئۆيلىرى ئەتراپلىرىدا كىچىك مېۋىلىك باغلار بار ئىدى. سەل يىراقلاردا ئۆرۈك ۋە ئۈجمە دەرەخلىرى ئۆسۈپ تۇراتتى. بەزى ئۈجمە دەرەخلىرى ئىنتايىن ئېگىز بولۇپ، دەرەخ غولىنىڭ دىئامېتىرى 60 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلەتتى. «يېسىيۇلغۇن» كەنتىنىڭ ئاھالىسى ماچىن قەبىلە- سىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلار بىزگە قىزغىن، دوستانە مۇئامىلە قىلدى. ھېچكىم ئالتۇن كانغا ئىشلىگىلى بارمايدىكەن. بىزنىڭ قونالغۇمىز كۆل يېنىدىكى ئۈجمە دەرىخى ئاستىدا بولۇپ، ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىم كۆلدە سۇ ئۈزگىلى بولاتتى. بىز بۇ يەردە تۇرغان ۋاقىتتا، ھەممىسى ئىلگىرىكىدەكلا ـــ ئاياللار ئۆي ئىشلىرى بىلەن، ئەرلەر ئېتىزدا ئىشلەش، مېۋە يىغىش، ئېرىق رېمونت قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئۇلار ئىش يوق ۋاقىتلىرىدا ئۆيلىرىدە دەم ئالاتتى. باللىرى قۇم ئۈستىدە يالىڭاچ موللاق ئېتىشىپ ئوينايتتى، سۇغا چۆمۈلەتتى، بەزىدە ئۇرۇشۇپمۇ قالاتتى. ئۇلار مايمۇنغا ئوخشاش ئۈجمە دەرەخلىرىگە چىقىشىپ، تويغۇچە ئۈجمە يەيتتى. توپا ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا قارلىغاچ- لار ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. قۇشقاچلار ۋىچىر - ۋىچىر قىلىشىپ سايرىشاتتى. كەپتەرلەر «گۇ - گۇ» قىلىشاتتى، نە كەپتەر- نىڭ ئاۋازى ئۈنلۈك، مادا كەپتەر ۋە باچكىلارنىڭ ئاۋازى پەس ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى تۇرمۇش بىلەن دۆلىتىمىز ئىچىدە كۆرگەن سەھرا تۇرمۇشى ئوپمۇئوخشاش ئىدى.

بىز كەنتتە تۇرغان بەش كۈن ئىچىدە، ئەتىرىتىمىزدىكىلەر بىلەن كەنت ئاھالىلىرى ئىنتايىن يېقىن ئۆتتى. بىز ئۇلارنى رەسىمگە تارتىپ قويماقچى بولغاندا ئۇلار خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. بىراق، ئەمەلدارلارغا دەپ قويماسلىقىمىزنى ئۆتۈندى. ئىلگىرىكىدەكلا ئاياللار ئەرلەردىن ئاكتىپ، ئۇلار تالاشقىنىچە ئاپپاراتنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. بىراق باللار قېچىپ كېتەتتى، ھەتتا بەزىلىرى يىغلاپمۇ كەتتى. كەچتە كازاكلار ئاككوردىيون چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا باشلايتتى. ئاككوردىيون جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ سىرلىق چالغۇ ھەققىد-

ياخشى، ئاھالىلەر بىزگە ئىنتايىن دوستانە مۇئامىلە قىلدى. بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ياردەم قىلدى. بىر ئوغۇل بالا دائىم بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىزگە كېلىپ ئاق، قارا ئۈجمىلەرنى ساتىدۇ، دەسلەپتە بىز قانداق يېيىشنى بىلمىدۇق. كېيىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ كەتتۇق. باشقا مېۋىلەر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۈجمىنى مېۋە ھېسابلاپ يەۋەردۇق.

نىيىدىن كېرىيىگىچە 99 كىلومېتىر كېلىدۇ، يولدا ئات - تۆگىلەر ماڭالايدۇ. ھەتتا قوش چاقلىق ھارۋىلارمۇ قاتنىيالايدۇ. باشلىنىشتىكى 55 كىلومېتىر يول سۇسىز قۇملۇقتىن ئۆتىدۇ، بىراق يول بىلەن قۇملۇق ئارىسىدا بىر بۆلەك ئارىلىق بار. بۇ يولدا ماڭماق ئوڭاي.

بىز بوراندا يولدىن ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن، يولغا دەرەخ شاخلىرىنى سانجىپ، يولنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىدۇق. بىز بۇ مۇساپىنى ئۈچكە بۆلۈپ ميېڭىپ توگەتتۇق. تۇنجى كۈنى «ئاۋلاشى» دا قوندۇق. بۇ يەردە سۇ بولمىغاچقا، ئۆزىمىز ئېلىۋالغان سۇنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇق. تېمپېراتۇرا ناھايىتى يۇقىرى. چۈش سائەت بىردە كۈنگەي يەرلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37.8℃، كەچ سائەت 8 لەردە تېمپېراتۇرا 28.7℃، تۆگىلەرنىڭ بەدەن سۈپىتىمۇ ئۆزگىرىپ ناچارلىشىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىز «يېسىيۇلغۇن» كەنتىگە كېلىپ، بۇ يەردە بىرقانچە كۈن توختىدۇق. چەرچەندە ئاغرىپ يېتىپ قالغان تەرجىمان ئابدۇيۇسۇپنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلىدۇق. چۈنكى، كېرىيىگە بارغاندا تەرجىمان بولمىسا بولمايتتى.

«يېسىيۇلغۇن» كەنتى قۇملۇققا جايلاشقان بولۇپ، كىشىگە تىنچ، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرەتتى. كەنتتە ئاران سەككىز ئائىلىلىك كىشى بار بولۇپ، خېلىلا چوڭ بىر كۆل بار ئىدى. كۆلنىڭ ئەتراپىغا سۆگەت ۋە تېرەك تىكىلگەن. كۆلدىكى سۇ تۇمىيا دەرياسىنىڭ ئاخىرقى غول بۆلىكىدىن باشلاپ كېلىنگەن. تۇمىيا دەرياسىغا سۇ كەلگەن ۋاقىتلاردا ئېتىزلارنى سۇغىرىشقا بولاتتى. كەنتنى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئوراپ تۇراتتى. ھەممىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئون

مىزنى چەكلەش ئۇچۇن ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتتى ھەمدە دۇشمەنلەرچە تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ نىيىتىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ھازىر شۇ ئېنىق بولدىكى، شىنجاڭدىن تىبەتكە يۈرۈش قىلىش ناھايىتى مۇشكۇل ئىش ئىكەن. ھازىرغا كەلگەندە، بىز ئەينى ۋاقىتتا بۇ سەپەرنى چاقتۇدىن باشلاشنىڭ ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

تەرجىمان يېتىپ كېلىپ ئەتىسى، يەنى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىز «يېسىيۇلغۇن» دىن ئايرىلىپ كېرىيىگە يۈرۈش قىلدۇق. سەپەرگە ئاتلىنىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى غەرب شامىلى، غەربىي جەنۇب شامىلى ۋە جەنۇب شامىلى چىقىپ تۇردى. كەچ بولغاندا ۋە سەپەرگە ئاتلانغان كۈنى چۈشتە تۇيۇقسىز ئارىلاپ - ئارىلاپ يامغۇر يېغىپ، ھاۋادىكى چاڭ - توزانلارنى بېسىقتۇردى. ھاۋا ساپلىشىپ لوپنۇردىن ئاتلانغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆپكۆك ئاسماننى كۆردۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ كۈنى «ئويتوغراق» بوستانلىقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردە كۈنېنلۇن تېغىنىڭ غەربىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىنى كۆردۇق، بايىلا ياغقان قار توپلىنىپ بىر كۇمۇشرەڭ بەلۋاغنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇزاقلارغا سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ۋە مۇزلۇقلار بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى «ئويتوغراق» نىڭ جەنۇبىدىكى قاراتاش تېغىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چىغان دەرياسى بىلەن تۇمىيا دەريا جىلغىسى ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئېگىز چوققا بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىز چىڭخەي - تىبەت ئېگىزلىكىدىكى قار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغلارنى كۆردۇق. تاغنىڭ غەربىدىن شەرقىگە يېتىپ بېرىش ئۇچۇن بىر ئاي ۋاقىت كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، تۇيۇقسىز ياغقان يامغۇر ھاۋادىكى چاڭ - توزانلارنى بېسىقتۇرغاچقا، بىز مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك بايقاشقا ئىگە بولغاندۇق. بىراق، شۇ كۈنى كېچە قۇملۇق تەرەپتىن يەنە بوران كۆتۈرۈلۈپ جاھان يەنە قايتىدىن چاڭ - توزان بىلەن قاپلاندى.

كېرىيىنىڭ شەرقىگە 16 كىلومېتىر كېلىدىغان «ئويتوغراق»

-دىكى خەۋەرنىڭ تارقىلىشى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزنىڭ يول يۈرۈ-
شىدىنمۇ تېز ھەم يىراقلارغا يېتىپ باراتتى. ھەتتا بىزھەربىر جايغا
بارغاندا كۈتۈۋالغىلى چىققان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ دەيدىغان بىرىنچى
ئېغىز سۆزى «مۇزىكا ئورۇندىتىپ بەرسەڭلار» دېيىش ئىدى. بىز
«يېسىيۇلغۇن» كەنتىدە چاقتۇدىن يولغا چىققاندىن بۇيان 6000 كى-
لومېتىر يول ماڭغانلىقىمىزنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق.
شۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەر مىڭ كىلومېتىر مېڭىپ بولغاندا، يېتىپ
بارغان يېرىمىزدە بۇ خىل تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردۇق.

«يېسىيۇلغۇن» كەنت ئاھالىلىرى بىزگە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ
بىزدىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى، بىراق پۇقرالارنىڭ قارى-
شىچە بۇنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
يەرلىك ئەمەلدارلار پۇقرالارنىڭ بىز بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇشىغا،
بۇ يەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىزگە دەپ بېرىشىگە يول قويمايدىكەن.
يەنە پۇقرالارغا بىز يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن تۆگە، ئات - قويلارنى
تاغقا ھەيدەپ چىقىپ، يوشۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن.

شۇ يەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارى بىزنىڭ كېلىد-
يىمىزدىن چېكىنىشىمىز - تىبەت ئېگىزلىكىگە كىرىش مەقسىتىمىزنى بىلگەن-
دىن كېيىن، تاغدىكى كۆۋرۈك ھەم يوللارنى بۇزدۇرىۋەتكەنىكەن.
ئۇلار يەنە كېرىيە پۇقرالىرىنىڭ ئۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يىغىۋاپتۇ، ئاش-
لىقلارنى سەككىز ئېغىز ئۆيگە جايلاشتۇرۇپتۇ، ئۆي ئەتراپلىرىغا مىنا
كۆمۈپتۇ. ئەگەر بىز كەلگەندىن كېيىن پۇقرالار بىلەن ئۆزئارا قالايمى-
قانچىلىق چىقىرىپ قالساق، ئۇلار بۇ ئاشلىقلارنى پارتلىتىۋەتمەكچى
ئىكەن. بۇ ئەمەلدار ئۆزىنىڭمۇ زەربىگە ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، قورۇق-
چىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدا چېدىر تىكىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپتۇ.
كېرىيىدىكى ھەربىي دائىرىلەر بىخەتەرلىك ئۈچۈن يەنە كىشىلەرنىڭ
بەلۋاغ، پوتىلىرىغا ئېسىپ يۈرىدىغان كىچىك پىچاقلىرىنىمۇ يىغىۋې-
لىپ، ئۇچىنى بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.
ھەتتا ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالار بىز يۆتكىگەن ئەۋرىشكە قاچىلانغان سان-
دۇقلارنىڭ ئىچىگە ئەسكەرلەر يوشۇرۇنغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدى-
كەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يەرلىك دائىرىلەر بىزنىڭ ھەرىكىتى-

راقلاشقان خەلق ماچىن قەبىلىسىگە تەۋە. تەخمىنەن 3000 ئائىلە بار. بۇ يەردىكى ئاھالە بىلەن نىيىدىكى ئاھالە ئوخشاش. كۆپلىرىنىڭ پەزىلىتىدە مەسىلە بار، تۇرمۇشىدا رەتسىزلىك ئىپادىلىنىدۇ. كۆپلە- گەن كىشىلەر سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئاساسىي سەۋەب شۇكى، بۇ يەردىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر «قاپا ئالتۇن كېنى»غا ياكى «سوغراق ئالتۇن كېنى»غا بېرىپ ئىشلەيدۇ ۋە ئۇ يەردىكى ناچار مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئالتۇن كانلارنىڭ ئاشلىقنى كېرىيە، نىيا ۋە باشقا بوستانلىقلار تەمىن ئېتىدۇ. كېرىيىنىڭ مېۋىلىك باغلى- رى بەك ئاز، مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ كۆپ ئەمەس. بىر قىسىم قۇرۇق يېمىش ۋە هۆل مېۋىدە چىرا بوستانلىقىنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىدۇ. نۆۋەتتىكى پىلىچىلىك ۋە پاختىكارلىقنىڭ كۆلىمىمۇ بەك كىچىك. قول هۈنەرۋەنچىلىك، ياساش سانائىتىمۇ باشقا بوستانلىقلارغا ئوخ- شاش، ھەممىسى ئائىلە قول هۈنەرۋەنچىلىكى. ئارانلا ئۆز يېرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىن سىرتقا توشۇلىدىغان بىردىنبىر تاۋار ئالتۇن ۋە قاشتاشلا ئىكەن.

كېرىيە بوستانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدە بىر بازار بار. ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپا قۇرۇلمىلىق خەلق ئۆيلىرى بەك زىچ. يىراق بولمىغان يەردە توپىدىن قۇرۇلغان بىر تارغىنە شەھەر سېپىلى بار. ئۇنىڭ ئىچى شەھەر مەركىزى. جۇڭگونىڭ مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلىرى شۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. شەھەردىكى سودا بەك گۈللەنگەنمۇ ئەمەس. دائىم ئوچۇق تۇرىدىغان دۇكان پەقەت بىر نەچچىلا. هەر ھەپتىنىڭ 4 ـ ۋە 5 ـ كۈنلىرى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بازار بولىدۇ. ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى تىجارەتچىلەر دەل شۇ چاغدا شۇ يەردە مال ئالماشتۇ- رىدۇ. بازاردا رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى خېلى كۆپ، مەسىلەن، چىت، قىزىل پاختا رەخت، تۆت بۇرجەك ياغلىق، شەتلەڭگە قاتارلىق توقۇل- مىلار ۋە سەرەڭگە، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملار. بۇ نەرسىلەر ئۇنچىۋالا قىممەتمۇ ئەمەس، قىزىل پاختا رەختنىڭ بىر مېتىرى ئاران ئۈچ تەڭگە، يەنە ئالاھىدە چىداملىق پاختا رەختنىڭ مېتىرى ئاران ئالتە تەڭگە، بىر ياغلىق ئىككى تەڭگە، يۈز گرام شېكەر بىر تەڭگە ... يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن كىيىم ـ كېچەك، سوپۇن، يېمەك-

بوستانلىقىدا 300 ئائىلىلىكچە ماچىنلىقلار ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەرگە سۇ دائىم سۇيى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئاتچان دەرياسىدىن كەلگەچكە، سۇ ناھايىتى كەمچىل ئىكەن. بوستانلىقنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي قۇم-لۇق. شىمال تەرىپىدىكى قۇملۇقتا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىنىسى قەمبەر پاشىمنىڭ مازىرى بار ئىكەن. ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا، نۇرغۇن ئەۋلىيالار شىنجاڭدا ھۆرمەتكە ئېرىشكەنىدى. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا: ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۆچىنى زورايتىش ئۈچۈن ئون مىڭغا يېقىن ئەرەب بۇ رايونغا كېلىپ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى قىلغان. بۇ جاي ئاخىر بويسۇندۇرۇلغان. ئەرەبلەردىن ئارانلا 40 نەچچە ئادەم ھايات قالغان.

«ئويتوغراق» تىن كېرىيىگە بېرىش سەپىرىدە، كېرىيىدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە شۇ جايدىكى كەنت باشلىقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىش-ـتۇق. ئۇلار ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە بىزنى كۈتۈۋالدى. نازۇ - نېمەتلەر تىزىلغان پەتنۇسلار رۇسىيىدە ياسالغان ئىكەن. لوپنۇر ۋە چەرچەننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قاچىلارنى ئىشلىتىدىكەن. بىزنى كۈتۈۋېلىشقا چىققانلار ناھايىتى ئەدەپلىك بو-لۇپ، سىرتقى جەھەتتىن بولسىمۇ بىرمۇنچە ئەدەپ سۆزلىرىنى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇلار بىلەن بىرنەچچە كىلومېتىر يولنى بىللە يۈرۈپ، كېرىيە دەرياسىدىن پىيادە ئۆتۈپ، بوستانلىققا يېقىن جايدىكى كېرىيە دەرياسى بويىدا چېدىر تىكتۇق. بىز لوپنۇردىن كېرىيىگىچە 930 كىلومېتىر يول يۈرگەن ئىدۇق.

## كېرىيە تاغلىرىغا قىسقا مۇساپىلىك ئېكسپېدىتسىيە

كېرىيە بوستانلىقى كېرىيە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاش-قان، كېرىيە دەرياسىنىڭ تاغ ئىچىدىن تۈزلەڭلىككە ئېقىپ چىقىدىغان ئېغىزىغا 50 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1430 مېتىر. كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئېقىنى نۇرغۇنلىغان سۇنئىي تارماق ئېقىنلارغا بۆلۈنىدۇ. يەرلىك كىشىلەر سۇ ئېقىنىنى توسۇپ، كەڭ كەتكەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدۇ. كېرىيىدە ئولتۇ-

دەپ چېدىرىمىز ئەتراپىدا توۋلاتقۇزۇپتۇ. بىز كېرىيىدىكى قونالغۇمىزغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ئىشلارنى ئاڭلىدۇق. شۇڭا تەرجىمانىنى يامۇلغا ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە نارازىلىق بىلدۈردۇق. بىز بايانات ئېلان قىلىپ: سەپىرىمىزگە لازىملىق نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئامالسىز ئەھۋالدا قورال كۆچى ئىشلىتىشتىن يانمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش ئالدىدا، جۇڭگونىڭ يەر-لىك ھۆكۈمىتى بىزگە يول قويدى. ئەتىسى كېرىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئۆزى بىز تۇرۇۋاتقان جايغا كەلدى. ئۇلار يولغا چىققاندا تىزلىشقا بەكلا ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ھېلىقى ئەمەلدار ئې-شەك قوشقان ئىككى چاقلىق ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ئوتتۇرىدا ماڭىدىكەن، ھەمراھ بولۇپ ماڭغان بىرقانچە ئەمەلدارلار ۋە كېرىيىنىڭ ھاكىمى ئېشەككە مىنىپ ئىككى يېنىدا ماڭىدىكەن. ئىككى چاقلىق ھارۋىنىڭ كەينىدە بىر ئەترەت پىيادە ئەسكەرلەر ماڭىدىغان بولۇپ، ئۇلار قىزىل، كۆك ئىككى خىل رەڭلىك فورما كىيىپ، مۇرىسىدە ئۈچ ئاچىماق نەيزە، ئۇزۇن ئايپالتا ۋە مىلتىق كۆتۈرۈۋالىدىكەن. ئىككى چاقلىق ھارۋىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە يايى بايراق ھەم چوڭ كۇنلۇكنى كۆتۈرۈۋې-لىپ (نوپۇز- ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدىغان نەرسە)، توۋلاپ يول ئاچى-دىكەن. ئەسكەرلەر يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىشىپ ماڭىدىكەن. خۇددى رۇسىيىلىكلەر توۋلايدىغان «ھۇررا» دەكلا ئاڭلىنىدىكەن.

بىز چېدىرىمىزدا ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ، ھېلىقى ئەمەلدار ۋە ھا-كىمنى گىلەمدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق ۋە چاي قۇيۇپ كۈتۈۋال-دۇق. باشقا ئەمەلدارلار ۋە يايى، تەرجىمانلار سىرتتا ئۆرە تۇردى. جۇڭگولۇقلار: ئەھۋاللىرى قانداق؟ سەپەرلىرى ئوڭۇشلۇقمۇ؟ دېگەن-دەك سالام - سائەت سۆزلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، بىز دەرھاللا ئەمەلىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئالدى بىلەن بىز تەكىتلەپ: بىزنىڭ سەپىرىمىزنىڭ پۈتۈنلەي ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىكەنلىكىنى، ياز ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ چىڭخەي - تىبەت ئېگىزلىكىنى تەكشۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئات - ئۇلاغ ئىجارىگە ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشىنى، يېمەكلىك ۋە يۈك - تاقلىرىمىزنى قويىدىغان ئامبار تەلەپ قىلىدىغىنىمىزنى ئېيتتۇق. بىزنىڭ تەرجىمانىمىز ئالدىن-

ـلىك قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى سەل قىممەترەك. رۇسىيىنىڭ قەغەز پۇلى ۋە كۈمۈش پۇلى بۇ يەرلەردىمۇ ئۆتۈۋېرىدۇ.

كېرىيە بوستانلىقىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان كېرىيە دەرياسىـنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن يېقىندا بىر ئېرىق ئېلىنـغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇ تورى قۇرۇلـغاندىن كېيىن سۇغىرىلىدىغان يەرلەر 5000 تۈتۈن ئاھالىنى باقالايـدۇ. ھازىر ئۇ يەردە بىر يېڭى شەھەر قۇرۇلۇۋاتىدۇ. بىز كېرىيىدە تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا كىشىلەر يېڭى شەھەردە بەزى دۇكان ۋە ئۇلتۇـراق ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلىغانىدى.

بىز كېرىيىدە ئالتە كۈن توختىدۇق. ھەر كۈنى كېيىنكى قەدەمـدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلدۇق. بىزنىڭ كېيىنكى نىشانىمىز كېرىيىگە قوشنا بولغان چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزـلىكىنى تەكشۈرۈش ئىدى. ئېگىزلىككە بارالمىغاندىمۇ ياز پەسلىدىن پايدىلىنىپ، ئەتراپتىكى يەرلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئىدى. لېكىن، ئېگىزلىككە چىقماستىنلا تۆگىلىرىمىز ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، ھەرـگىزمۇ يوك توشۇشنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايتتى. شۇڭا بىز تۆگىلەـرىمىزنى كېرىيە ئەتراپىدىكى ئوتلاقتا بېقىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، قوـنالغۇمىزنى كېرىيىگە قۇردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز 30 تۇياق ئاتنى ئىجارىگە ئېلىپ، يېنىك جابدۇنۇپ ئالدىن تەكشۈرۈشكە چىقماقچى بولدۇق.

جۇڭگونىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئېكسپېدىتسىـيە ھەرىكىتىمىزدىن بەكلا باش ئاغرىقى ھېس قىلدى، يەرلىك ئاھالە بىزگە قانچە دوستانە بولغانسېرى ئۇلار تېخىمۇ ئارامسىزلىناتتى. ئۇلار ئاستىرتىن بىزنىڭ سەپىرىمىزگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ، بىز بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بەزىبىر ئىشلارنى قىلدى. بىز كېرىيىگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار ئاھالىلەرگە بىزگە ئاشلىق سېتىپ بەرمەسلىكنى، بىز بىلەن ھەرقانداق ئالاقىدە بولماسلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ھەتتا بىز كېرىيىگە كەلگەن كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇلار يايى چىقىرىپ، «بۇزۇق كىشىلەر» ، «بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىشتىكى مەقسىتى ناتوغرا»

دۇ. ئەدەبىيات جەھەتتە ئىقتىدارغا ئىگە ھەم شۇ ئارقىلىق ماختىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن گەپ ھەقىقىي تەبىئىي پەنگە چېتىلسىلا، ئۇلار ئەڭ ئاساسىي بىلىملەرنىمۇ بىلمەيدۇ.

بىز ئۇ ئەمەلدار بىلەن خوشلىشىشتىن ئىلگىرى، يەنە ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيىمىزگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشىنى ھاۋالە قىلدۇق. بىراق بۇ ئەمەلدار پەقەت ھاكىمغا تونۇگۈن دېگەنلىرىنى تەكرارلىدى. قايتىدىغان چاغدا بىز كەلگەندىكىدەكلا ئۇزىتىلدۇق. بارلىق ئەمەلدارلار ھەرىكىتىدە بىزگە نىسبەتەن ناھايىتى مېھماندوست بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىدە پۇتۇنلەي باشقىچە ئىدى. يەرلىك ئاھالىنىڭ بىز بىلەن ئۇچرىشىشى چەكلەندى. بىرقانچە ئادەم بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالاندى. يەنە ھېلىقى ئەڭ ئالىي ئەمەلدار ئەۋەتكەن ئەمەلدارمۇ بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئىشنى بېجىرىپ بولۇپلا كېتىپ قالاتتى ھەم يورۇش - تۇرۇشىدىن بىزنى كۆزىتىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. شۇڭا، بىز ئۇلاردىن ئۆزىمىزگە لازىملىق ئۇچۇرلارغا ناھايىتى تەستە ئېرىشەتتۇق. بىلگەنلىرىمىزمۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئىدى. ئەتراپىمىز پۇتۇنلەي مەخپىي تەكشۈرۈشلەرگە تولۇپ كەتكەنىدى. بىراق ئادەتتىكى ئاھالىلەر بىزگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دوستانىلىقىنى ئىپادىلەپ تۇردى. بىز تەكشۈرۈشكە چىققاندا بىزنى ئۆزلۈك دېگەندەك يېمەكلىكلەر بىلەن كۈتۈۋالاتتى. تۆگە باققىلى ياكى بازاردىن نەرسە سېتىۋالغىلى چىققان كازاكلارمۇ ئوخشاشلا قىزغىن مۇئامىلىگە ئېرىشەتتى. بەزى ئاھالىلەر بىزنىڭ قولىمىزنى شەپكىمىز ئۈستىگە كۆتۈرۈپ سالام بېرىدىغانلىقىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، بىز بىلەن كۆرۈشكەندە بىزگە ئوخشاش سالام قىلىدىغان بولدى. ھەتتا بىزگە سالام قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئاياللارمۇ بار ئىدى.

بىز بىرنەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ يازلىق ئېكسپېدىتسىيىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ تۈگەتتۇق. 30 تۇياق ئات ئىجارىگە ئېلىپ، مىنىشكە ۋە يۈك - تاقلارنى يۆتكەشكە ئىشلەتتۇق. ھەربىر تۇياق ئاتنىڭ ئايلىق ئىجارىسى 120 تەڭگە ئىدى. بىز يەنە بىر تورکوم ئاشلىق سېتىۋالدۇق. ئەۋرىشكە قاچىلانغان 14 چوڭ ياغاچ ساندۇق ۋە بىرقانچە چىگە تاغارلارنى كېرىيىنىڭ ھاكىمى تەمىنلىگەن

قى كۈنى ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەچكە، بىزمۇ ئالدىنقى كۈنلىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى تىلغا ئالمىدۇق. ھېلىقى ئەمەلدار بىزگە بولغان دوستانىلىكىنى قايتا - قايتا ئىپادىلەپ، ھەممە تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ قويغانلىقىنى، بىزنىڭ ھەرقانداق تەلىپىمىزنى ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئارقىدىن ئۇ يېنىدا تۇرغان ھاكىمغا تاپىلاپ، ھەممىنى بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ پىلانىمىز راۋان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. كېيىن جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئەسلىدىكى سەپ شەكلى بويىچە قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى مەن، روبرووۋسكى، تەرجىمان ۋە بىرقانچە كازاكنى ئېلىپ ئۇ ئەمەلدارنى زىيارەت قىلىشقا بېرىپ، تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. سەپكە تىزىلغان ئەسكەرلەردىن باشقا كېرىيىنىڭ ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان ئۇلۇغ - ئۇششاق بارلىق ئەمەلدارلىرى يىغىلدى. ئامبال مەھكىمىسى ئالدىدا، ئەسكەرلەر ئۈچ پاي پاختىۋەن توپ ئاتتى، ئوركېستىر كۈتۈۋېلىش مارشىنى ئورۇندىدى. ساھىبخان بىزنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ، چاي قۇيۇپ كۈتۈۋالدى. ئېھتىمال بۇ، يەرلىك ئاھالىلەرگە رۇسىيىلىكلەر ئالىلىقاچان جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ دوستى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بىز ئۇ ئەمەلدارنىڭ مەھكىمىسىدە بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرۇپ قالدۇق. بۇ ۋاقىتتا بىز ۋە ساھىبخاندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆرە تۇردى. سۆھبەت ئىلگىرىكىدەكلا ئىككى تەرجىمان ئارقىلىق ئېغىزچە — بىزنىڭ تەرجىمانىمىز مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇيغۇرچىغا، ئۇلارنىڭ تەرجىمانى ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا ئۆرۈپ ئېلىپ بېرىلدى. مەزكۇر ئەمەلدار ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ موللۇقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن بەزىبىر تېتىقسىز مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، نەم توپىنىڭ پۇرىقىغا ئاساسەن يەرنىڭ ئېگىزلىكىنى بىلىش دېگەندەك. بىراق، ھەربىر مەسىلىدە بىزنىڭ ئىنكار قىلىشىمىزغا ئۇچرىدى. ھېلىقى ئەمەلدار ئېھتىمال بىرەر ئۇنۋانغا ئىگە بولسا كېرەك. جۇڭگونىڭ نۇرغۇنلىغان 9 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلىرى ۋە ئەدىبلىرىنىڭ ھەممىسى بىرقانچە كلاسسىك ئەسەرلەرنى يادقا بىلىدۇ. ئەمەلدارلار سورۇندىكى ئەدەپ - ئەخلاق ۋە قائىدىلەرنى پىششىق بىلە-

چىققەي - تىبەت ئېگىزلىكىگە ئۆتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلـ-
دۇق. يەنە غەرب تەرەپكە ماڭساق، ئېھتىمال ئېگىزلىككە يېتىدىغان
يول بولۇشى مۇمكىن ئىدى. 1871 - يىلى شەرقىي ھىندىستان شىر-
كىتى ئۆلچەش ئىدارىسى ھىندىستانلىق پەندىرتنى ئەۋەتىپ، ھىمالايا
تېغىنىڭ شىمالىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنىدى. ئۇ
ئىلگىرى لاداخ ئارقىلىق كېرىيىگە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ماڭغان
يولى ئېھتىمال غەرب تەرەپتىكى ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بولۇشى
مۇمكىن ئىدى.

بىز ئاتچاندا يېڭى گورۇپپا قۇردۇق، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى
پەقەت ئات ئىشلەتتى. بەش نەپەر كازاك تۆگىلەر بىلەن ئاتچاندا قالدى.
ئاتچان ئەتراپىنىڭ ئوت - چۆپلىرى ياخشى بولمىغاچقا ھەم بەزى ئوتلار
زەھەرلىك بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار «ئويتوغراق»قا يۆتكەلدى.
6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بىز 15 تۇياق ئاتنى مىنىپ، باشقا 22
تۇياق ئات ۋە بەش تۇياق ئېشەكنى يۈك - تاق توشۇشقا ئىشلىتىپ،
ئۇلارنى ئۆزئارا ئارغامچا بىلەن چېتىپ يولغا چىقتۇق. باشتا خېلى
يامان ئەمەس ماڭدۇق. كېيىن ئاتنىڭ يۈك - تاق توشۇشقا ماس
كەلمەيۋاتقىنىنى ھېس قىلدۇق. كۆپچىلىك تەبىئىيلا تۆگىنىڭ ياخشى
تەرىپىنى ئېسىگە ئالدى. بىز ئاتچاندىن يولغا چىقىپ ئىككى كۈن
ماڭدۇق. ھەر كۈنى پەقەت 19 كىلومېتىرلا ماڭالىدۇق. بىز پاكار
تاغلىق يەرلەرنى بويلاپ كېرىيە دەرياسىنىڭ سول تارماق ئېقىنى بولغان
روچى دەرياسىنىڭ كېرىيە دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان يېرىگە كەلدۇق.

ئەسلىدىنلا مېڭىش تەس بولغان يول، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېرىيە
يەرلىك ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يولغا بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا،
مېڭىشىمىز تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. مەن ئاتچاندىلا يول بۇزغانلىق
ئىشىنى ئۇقۇپ كېرىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمەلدارىغا خەت يېزىپ يولنى
تۈزەشنى تەلەپ قىلغانىدىم. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى يولنى بۇزۇشقا
بۇيرۇق ئالغان ماچىن خەلق ئىشچىلىرى ھازىر بۇيرۇققا بىنائەن يولنى
تۈزەشكە كىرىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلارغا بولغان نەپرىتى يولسىز
ئەمەس ئىدى. ئاتچانغا قوشنا تاغلىق رايوندىن كەلگەن بىر ماچىنلىق
خەلق ئىشچىسى: «سىلەر ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولساڭلار مەن ھازىرلا

ئۆيدە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاكالىتەن قاراپ قويۇشىغا تاپشۇردۇق. باشقا يۈك ـ تاقلاردىن بىز ئېلىپ ماڭغانلىرىدىن باشقىلىرىنى تۆگە بېقىشقا قالغان كازاكلارنىڭ يېنىدا قالدۇردۇق.

بىز چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىگە بارىدىغان يولنى بىلمەيتتۇق. شۇڭا، ئاۋۋال قاراقورۇم تېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا بارىدىغان كىچىك يولنى ئىزدىمەكچى بولۇپ، ئاتچان دەرياسى بويىدىكى «ئاتچان كەنتى» گە كەلدۇق. بۇ كەنتنىڭ كۆلىمى تېرىيدىغان يېرى قوشۇلۇپ ئون كۋادرات كىلومېتىرچە چىقىدىكەن، ئاھالىسى ماچىنلىقلارغا تەۋە ئە- كەن. بىز كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2700 مېتىر ئېگىز بولغان يەردە چېدىر تىكتۇق. قاتار كەتكەن ئېگىز قارلىق تاغلار ئەتراپتا چوقچىيىپ تۇراتتى، قاراتاش چوققىسى بەكلا ئۇچلۇق بولۇپ، ئېھرام- غىلا ئوخشايتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، قويۇق بۇلۇت قاتلىمى تاغ چوق- قىسىنى ئورىۋالغان، شۇنداقلا ھاۋانى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۈچ بۇلۇڭلۇق جازا ئۇسۇلى بىلەن چوققا ئېگىزلى- كىنى ئۆلچەپ چىققىلى بولمايتتى. پەرىزىمىزچە دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىردىن پەس ئەمەس ئىدى.

بىز «ئاتچان كەنتى» گە كەلگەندە، ئەڭ ئالىي ئەمەلدار ئەۋەتكەن مەخپىي تەكشۈرگۈچى بۇ يەرگە ئاللىقاچان كېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ئاھالە ۋە ئاقساقالنى بىزنى ئەھۋال بىلەن تەمىنلىمەس- لىككە ۋە يول باشلاپ بەرمەسلىككە قىستاپتۇ. شۇڭا، بىز ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھېچنېمە بىلەلمىدۇق. ئالدىمىزغا قاراپ مېڭە- ۋەرسەك چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىگە چىقىش ـ چىقالماسلى- قىمىزنىمۇ بىلمەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ئامالسىزلىقتىن ئۆزىمىز ئادەم چىقىرىپ چارلىدۇق. بىر قېتىم مەن، كوسلوۋ ۋە ئىككى كازاكنى ئېلىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاتچان دەرياسى جىلغىسىنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىشنى پىلانلىدۇق. كېيىن ۋاقىتنىچە پىلاننى ئۆز- گەرتىپ شۇ كۈنىلا قايتىپ كەلدۇق. قونالغۇدىن ئون كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، جىلغا ناھايىتى تار بولغان سۆكەن شەكلىگە كىر- دى. سۇ بىر چوڭ قورام تاش ئۈستىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان بولۇپ، ئات بىلەن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز ئەمدى بۇ يەر ئارقىلىق

مىللەتلەر قاشتاشتىن بىر خىل تۇمار تەييارلاپ يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ. خەنزۇلار قاشتاشنى قىممەتلىك بۇيۇم قاتارىدا يىغىپ ساقلايدۇ. قاشتاش قەدىمدىن تارتىپ خوتەن رايونى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بەلۋاغ بولۇپ كەلدى. خوتەن بوستانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون يەنى يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ساھىلدا قاشتاشنىڭ ساقلىنىش مىقدارى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك. شۇ سەۋەبتىن خوتەن قاشتاش چىقىدىغانلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىن ئومۇمەن يۈزلۈك قاشتاش چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، تاھازىرغىچە ئىنسانىيات قاشتاشنىڭ پەقەت خوتەن تاغلىرىدىن (قېزىپ ئېلىنغان پۈتۈن شەكىللىك چوڭ قاشتاش) ۋە يەكەن دەرياسىدىن (دەريادا دومىلاپ كەلگەن يۇمىلاق شەكىللىك كىچىك قاشتاش) چىقىدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ. بىز ھازىر ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىيالايمىزكى، قاشتاش چىقىدىغان رايونلارنىڭ تارقىلىشى كىشىلەرنىڭ بىلگەنلىرىدىن كۆپ بىپايان. بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، ئالتۇن تاغنىڭ غەربىدىكى ۋاش شەھىرى دەرياسى بىلەن چەرچەن دەرياسى ساھىلى، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارامىرەن دەرياسى بىلەن مالچى دەرياسى ساھىلىغا ئومۇمىيۈزلۈك مول قاشتاش يوشۇرۇنغان. كېرىيە تاغلىرىدىمۇ قاشتاش چىقىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: يۇقىرىقى رايونلارنىڭ تاغ چوققىلىرىدا ۋە تاغ قاپتاللىرىدا تاسادىپىي ھالدا چوڭ قاشتاشلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. چوڭ كۆلەملىك تاش قاتلاملىرى، باش ـ ئاخىرى تۇتاشقان كان تومۇرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىكەن. بەزىدە قېلىن قار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرىدىمۇ قاشتاش تاپقىلى بولىدىكەن ۋە بەزىدە تاغ ئارىلىرىدىكى كىچىك دەريالارنىڭ قىنىدىمۇ سۇ يالاپ پارقىرىتىۋەتكەن يۇمىلاق قاشتاشلار ئۇچراپ قالىدىكەن. ئادەتتە قاشتاش قېزىش ياز كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. كىشىلەر ئالدى بىلەن قاشتاش كان تومۇرىنى تېپىپ، ئاندىن ئەڭ ئىپتىدائىي سايمانلار بىلەن چوڭ ـ كىچىكلىكى تەڭ بولمىغان قاشتاش پارچىلىرىنى چېقىپ ـ پارچىلاپ ئالىدىكەن.

ئۇ ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، بولمىغاندىمۇ ئۇنىڭغا ئوبدان ساۋاق بېرىپ قويىمەن» دېدى. بۇنداق سۆزلەرنى مەن كېرىيىدىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. كېرىيە شەھىرىدە ۋە يول ياساش ئورنىدا پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئاستىرتىن ماڭا ئەمەلدارلار ئۈستىدىن زارلاندى. مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەر پۇقرالارنى خالىغانچە ئۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلايدۇ، خوتۇن - بالىلىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ، دېگەندەك ئىدى. سېلىق بەك ئېغىر، ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان چىددىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. نۇرغۇن ئادەملەر قورال - ياراغنى تەقلەپ ۋاقتىنچە يوشۇرۇپ قويغانىدى. ھازىر پەقەت قوماندانلىق قىلىدىغان كىشىلا كەم ئىدى. ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىگە قوماندان بولۇشقا بىرنەچچە كازاكنى ئارىيەتكە بېرىشنى، ھۆكۈمەت بىلەن ئېلىشىشقا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشنى ئۆتتۈرىغا قويدى.

بىز كېچىپ ئۆتمەكچى بولغان كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاشۇ بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى 20 نەچچە مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىرچە ئىدى. ئارىدا سۇ پەسلىگەن چاغلار بولاتتى. دەريا قىنىدا كۆپلىگەن قورام تاشلار بار ئىدى. بەزى بۆلەكلەرنىڭ ئىككى قىرغىقى تىك قىيا ئىدى. بۇنداق يەرلەردە دەريا تارىيىپ، كەڭلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلەتتى. دەريانىڭ بۇ بۆلىكىدە سۇ ئېقىنى قىيا تاشلارغا سوقۇلۇپ، دولقۇنلارنى ۋە سـۇ ئۇنچىلىرىنى پەيدا قىلاتتى. ياز كۈنلىرى سۇ كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا كىشىلەر دەريادىن كېچىپ ئۆتەلمەيتتى. بەزىدە سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىردىن ئېشىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا يەرلىك ئاھالىلەر ئىككى قىرغاقنىڭ ئېگىز جايىغا ئارقان تارتىپ، ئۇنىڭغا تۆمۈر ھالقىلارنى بېكىتىپ، دەريادىن ئۆتكۈچىلەرگە ياردەم قىلاتتى. بىز كېرىيە دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈشكە تەييارلانغان چاغدا، سۇ يەنىلا ئۇلۇغ ئىدى. شۇڭا بىز ئارغامچا تارتىپ ئۆتمەكچى بولدۇق. بۇ چاغدا يەرلىك ئاھالىلەر بىزنىڭ ئارغامچىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلىرى تەييارلاپ قويغان ئارقاننى ئېلىپ چىقىپ، ئىشلىتىشىمىزگە بەردى.

كېرىيە دەرياسى ساھىلىدىكى تاغلىق رايون قاشتاش چىقىدىغان يەر بولۇپ، يىراق - يېقىنغا داڭلىق ئىدى. يىراق شەرقتىكى ھەرقايسى

ئەللىك تۈتۈن ئائىلە بار ئىكەن. ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلاردا تىبەت قان تىپىدىكىلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار ئىكەن:

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، تىبەتنىڭ غەربىدە بىر خىل ئادەت ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن، مەيلى ئۇنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئون يىل توشسىلا ئۆلتۈرۈلىدىكەن. لېكىن، ھاتەم ئىسىملىك بىر پادىشاھ تەختكە چىقىپ ئون يىل توشاي دېگەندە يەنى ئۆلتۈرۈلۈش ۋاقتى يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىگە سادىق 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپتۇ ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي موڭغۇللار يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋاپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ھاتەم خوتۇنى ۋە بىر ئوغۇل، ئىككى قىزىنى باشلاپ ئالدىراش قېچىپتۇ ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۇلار ۋە قېچىپ چىققان باشقا تىبەتلىكلەر بىرلىكتە كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلەپتۇ. تىبەتتىن بەك يىراقلاپ كېتىپتۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە ماچىنلىقلار بىلەن تويلىشىپ، پولو كەنتىنى بەرپا قىپتۇ. ھازىرقى كەنت ئاھالىلىرى ئەنە شۇ ھاتەمنىڭ 8 ـ ئەۋلاد نەۋرە ـ چەۋرىلىرى ئىكەن.

پولودىكى ئاھالىلەرنىڭ چىراي ـ قىياپىتى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئوخشاش. ئۇلاردا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ قان ئارىلىشىشىنىڭ بەلگىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپرەك تەركىبنى ئىگىلىگىنى يەنىلا ماچىنلىقلارنىڭ چىراي ـ قىياپىتى. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى تىبەتلىكلەرنىڭ قىياپىتى. ۋەھالەنكى، ئاياللار بولسا كۆپرەك قىرغىزلارغا ئوخشايدۇ.

پولودىكى ئاھالىلەرنىڭ كىيىمى ماچىن قەبىلىسىدىكىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ئەرلەر كۆڭلەك ۋە ئىشتاننىڭ سىرتىدىن چاپان كىيىدۇ. بېلىگە پوتا باغلايدۇ. بېشىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپەك، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدۇ. ئاياللارنىڭ كىيىمى-

قىزىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن كىشىلەر كان تومۇرى ئەتراپىغا ئوت يېقىپ، قاشتاشنى قىزىتىپمۇ ئاجرىتىدىكەن.

يەرلىكلەر قاشتاشنى «قاش» دەيدىكەن، «قاشتاش» دەيدىغانلارمۇ بار ئىكەن. ئادەتتە قاشتاش ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدىكەن: يەنى يېشىل رەڭلىكىنى «يېشىل قاش»، سۈت رەڭلىكىنى «ئاق قاش»، قىزىل سېپكۈنلۈك قېنىق رەڭلىكىنى «چاپان قاش» دەيدىكەن. قاشتاش سۈپىتىنىڭ ئەلا ـ ناچارلىقىنى ئۇنىڭ رەڭگى بەلگىلىمەستىن، بەلكى ئۇنىڭدا چاك ـ يېرىقلارنىڭ، ئارىلاشما رەڭ سىزىقلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى بەلگىلەيدىكەن. بىز تاغلارغا قەدەم قويۇشنىڭ ئالدىدا ئۇلار كېرىيە دەرياسى بويىدىكى يېشىل قاش كانىدىن ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى 35 سانتىمېتىرلىق ئاق قاشتاشتىن بىرنى تېپىپتۇ. جۇڭگولۇقلار شۇنچە چوڭ ھەجىملىك ئاق قاشتاشنىڭ باھاسىنى 100 يامبۇ — يەنى 5000 سەر كۈمۈش بېكىتىپتۇ. بۇ رۇسىيەدىكى بىر تۈمەن رۇبلىغا تەڭ. قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەلا سۈپەتلىك قاشتاشنى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا يۆتكەپ سېتىپ كەلگەن. ئادەتتىكى قاشتاشلارنى بولسا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيالاردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە يۆتكەپ سېتىپ كەلگەن. قاشتاشتىن بۇرۇن تاماكا قۇتىسى، ھالقا، پەتنۇس، رومكا، پەرداز قۇتىسى، غاڭزا، ئۈزۈك، بىلەزۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسىغان ئىكەن. يەرلىك كىشىلەر قاشتاش بىلەزۈكنى دائىم دەپنە قىلىنىش ئالدىدىكى مېيىتنىڭ قوللىرىغا تاقاپ قويىدىكەن. ئۇلار مۇشۇنداق قىلغاندا جەسەتنىڭ چىرىپ ـ بۇزۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىكەن. شۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا باي ـ زەردارلار يەنە قاشتاش ياستۇقنى يەرلىككە قويۇلۇۋاتقان مېيىتنىڭ بېشى ئاستىغا قويۇپ قويىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، بۇنداقتا قاشتاشقا مۇجەسسەملەنگەن سىرلىق كۈچ تېخىمۇ ئاشىدىكەن.

بىز كېرىيە دەرياسى بويىدىن باشقا بىر تارماق ئېقىن — كۈراپ دەرياسى بويىغا يۆتكىلىپ، ئۇنى بويلاپ يۇقىرىغا بەش كىلومېتىر مېڭىپ «پولو كەنتى»گە يېتىپ كەلدۇق. بۇ كىچىك كەنتتە ئاران

كېيىن، شىنجاڭ يەنە قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئاتىنىڭ ئۇرۇشتى-
كى ھەرىكەتچانلىقى بەك كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئاھالىلەر قوزغىلىڭى
ۋە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،
شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئاتلارنى ئازايتىش سىياسىتىنى يۈرگۈز-
گەن. ئاتلارنىڭ بىر قىسمىنى ھۆكۈمەت سېتىۋالدى، يەنە بىر قىسمى-
نى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرگۈزدى. شۇڭا، كەنتلەردە ئات يوق دېيەرلىك.
پولو كەنتىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تېرەكلىك دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنى بويىدا چەرچەن پادىشاھى ئەل كىمەكىنىڭ ئوغلى «قى-
لىچ بۇغراخان مازىرى» بار. باشقا ئىسلام دىندارلىرىنىڭ قەبرىسىگە
ئوخشاشلا بۇ قەبرە ئالدىغىمۇ رەڭگارەڭ رەختلەردىن ياسالغان ئەلەملەر
ۋە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغان خادىلار تىكلەنگەن. مازار بىر كىچىك دۆڭ
ئۈستىگە ياسالغان بولۇپ، دۆڭ ئاستىدا ئىككى كىچىك ئۆڭكۈر بار.
بەزىدە جاھاندىن بىزار بولغان بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەردە ئىستىقامەت
قىلىدۇ. كەنتتىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۈراپ دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنى بويىدا يەنە بىر ماچىنلىقلار كەنتىنىڭ خارابە ئىزى بار.
بىز پولودا بەش كۈننى ئۆتكۈزدۇق. ئىلگىرى «يېسىيۇلغۇن» دىكىگە
ئوخشاش، يەرلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز تېزلا ياخشىلىنىپ
كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: بىز يېزىغا كىرىش ئالدىدىكى بىرقانچە
كۈندە كېرىيە ھۆكۈمىتى ئادەم ئەۋەتىپ ئورۇسلارغا نەرسە - كېرەك
سېتىپ بەرمەسلىك، ئورۇسلارغا يول باشلىماسلىق ھەققىدە يارلىق
چۈشۈرۈپتۇ. تېخى بىزنى «ئىنتايىن بۇزۇق، ئەسكى ئادەملەر» دەپ
ئوبرازىمىزنى بۇلغاپتۇ. بىر قىسىم ئاھالىلەر بۇنى راست دەپ ئىشى-
نىپ، بىزنىڭ تارتىۋېلىشىمىزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىممەتلىك نەر-
سىلىرى بىلەن كىيىملىرىنى ئاياللارغا كۆتەرتىپ، ئۇلارنى تاغ ئىچىگە
يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ھازىر ئۇلار ئۇنداق ئىش يوقلۇقىنى تامامەن بىلىپ
بولغانىدى. بىز نېمىگە ئېھتىياجلىق بولساق، ئۇلار شۇنى سېتىپ
بېرەتتى. يەنە بىزگە يول باشلاپ بېرىشنىمۇ خالايتتى. ئۇلار كېرىيىدى-
كى ئەڭ ئالىي دائىرىلەرگە بىر پارچە دوكلات يوللىغان بولۇپ،
مەزمۇنى: «ئورۇسلار قورال كۈچىگە تايىنىپ بىزنى مەجبۇرلىدى.
شۇڭا، بىز سىلەرنىڭ پەرمانىڭلارنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قال-

مۇ ئالاھازەل ئوخشاش. ئاياللار كىيىدىغان چاپاننىڭ ئادەتتە رەڭلىك زىغ ـ زىغلىرى بولىدۇ، پاختا رەخت ياكى يىپەك رەختتىن تىكىلىدۇ. ئاياللار بېلىگە پوتا باغلىمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار بېشىنى ئاق ياغلىق بىلەن چۈمكىۋالىدۇ. بەزى ياغلىقلار بېلىگىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ. ياغلىق ئۈستىگە يەنە ئاق ياكى قارا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپەك كىيىۋالىدۇ. باي ئائىلىلەرنىڭ ئاياللىرى سۆسەر تۇماق كىيىدۇ. بۇ يەردىكى توي قىلغان ئاياللارنىڭ چېچى ماچىن قەبىلىسىدىكى ئاياللارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئارقىسىغا تاشلىنىپ تۇرىدۇ. توي قىلمىغانلىرىنىڭ چاچ ئۆرۈمى بولسا تۆت ئۆرۈم ياكى ئالتە ئۆرۈم، ئىككى ئۆرۈمنى كۆكرىكىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، قالغانلىرى ئارقىسىدا چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئاياللارنىڭ بېشى ۋە كۆكرىكىگە تاقىۋالغان ياقۇت ۋە باشقا زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى بولىدۇ. باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، پولودىكى ئانىلار باللىرىنى ئىككى ياش، ھەتتا ئۈچ ياشقىچە ئېمىتىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك ئىككى بالىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئانىنى ئېمىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. پولولۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تىلىمۇ ماچىن قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش. ئۇلار تىبەتچە تىلنى ئاللىقاچان تولۇق ئۇنتۇپ كەتكەن. تويلىشىش پەقەت كەنت دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەزى بەك ئوچۇق، ناخشا ئېيتىشنى، مۇزىكا چېلىشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.

پولو ــ كۇراپ دەرياسى بىلەن تېرەكلىك دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 مېتىر. ئاھالىلەرنىڭ توپا ئۆيلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن. مېۋىلىك باغلار يوق. تېرىلغۇ كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن 100 گېكتارچە يەر كەنتنىڭ ئەتراپىغا ۋە كۇراپ، تېرەكلىك دەريالىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا تارقالغان. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، تېرىق ۋە پۇرچاق.

پولولۇقلار يەنە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قويلىرى خېلى كۆپ، كالا، ئاتلىرى بەك ئاز. بۇ يەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ جۈغى كىچىك، ئەمما بەك كۈچلۈك. ياقۇپ بەگ مەغلۇپ بولغاندىن

بۇرۇن كەچۈرۈم سورىشاتتى. كېيىن ئويۇننىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى ئۆرلەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شادىيانە چۇقانلىرى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققاندەك قىلاتتى. كەنتتىكى قىزلار بىزنىڭ كازاكلارنى ياقتۇرۇپ قالغاندى. ئايرىم چاغلاردا ئۇلار يىغلىشىپ كېتەتتى. قىزلار: «ئاھ، رۇسىيىلىك يىگىتلەر كېتىدىغان بولدى. ئۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيالمايمىز، بىز ئۇلارنى سېغىنىمىز» دەيتتى.

پولولۇقلاردىن ئۇقۇشىمىزچە، كۇراپ دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا ماڭغاندا بىر يول چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىگە تۇتىشىدىكەن. لېكىن، بۇ يولدا ماڭماق بەك تەس ئىكەن. ئېيتىلىشىچە، بىر بۆلەك يول ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن كىشىلەر تەرىپىدىن قەستەن بۇزۇۋېتىلگەن ئىكەن. بۇ گەپلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەن ئىككى نەپەر كازاكنى ئېلىپ كۇراپ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كەلدىم. پولودىن يۇقىرىغا ئون كىلومېتىرچە ماڭغاندا بۇ يولدىن يۈك ـ تاق ئارتىلغان ئاتنى يېتىلەپ ئۆتكىلى بولىدىكەن. لېكىن، تامچى دەرياسىنىڭ كۇراپ دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدىغان قوشۇلۇش ئېغىزىدا يەنە يۇقىرىغا مېڭىش كېرەك ئىكەن. جىلغا بارغانسېرى تارىيىپ، بارغانسېرى تىكلىشىپ كېتىدىكەن. بەزى جايلار ئارانلا 40～50 مېتىر كەڭلىكتە ئىكەن. ئىككى تەرەپ ئېگىز ۋە تىك قىيا ئىكەن. جىلغا تېگىدە سۇ شىددەت بىلەن ئاقاتتى. دولقۇنلار ئاپئاق كۆپۈكچىلەرنى چاچرىتاتتى. سۇ ئۇلغايسىلا پىيادە كېچىپ ئۆتۈشكە ئامال بولمايتتى. بىز جىلغىنى بويلاپ يۇقىرىغا خېلى تەسلىكتە ئۈچ كىلومېتىرچە ماڭدۇق. بەزىدە قورام تاشلارغا دەسسەپ دەريادىن ئۆتتۇق. بەزىدە چوڭ تاشلاردىن ئەگىپ دەريا تېگى بىلەن ماڭدۇق. كۆپچىلىك ئاخىر بىر تىك قىيانىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. ئاتقا مىنگەن ئادەمنىڭ ئىلگىرىلىشى شۇنچە قىيىن بولغان يەردە، يۈك ـ تاق ئارتىلغان ئاتلار ئەسلا چىقالمايتتى. ئوت ـ چۆپلەر جىلغىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمىدا ئازراق بولغان بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى تامامەن يوق ئىدى. بىز ئۈچ ئادەم قونالغۇدىن ئايرىلىپ ئەمدى ئىككى كىلومېتىرچە مېڭىپلا، ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردىكى كۆۋرۈك راستتىنلا كۆرۈنمەيتتى. تار

دۇق. بىزدە قارشىلاشقۇدەك كۆچ يوق. ئەگەر سىلەردە رۇسىيىلىك-لەرنى بويسۇندۇرغىدەك كۆچ بولسا، كېلىپ بىزنىڭ مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلىپ بەرسەڭلار» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بىز بىلەن پولولۇقلارنىڭ دوستانىلىكى يەنە كەچلىك يىغىلىشلاردا ئىپادىلىنەتتى. ئۇلار ئىككى قېتىم كەچلىك ئولتۇرۇش ئۆتكۈزدى. كازاكلارنى قاتنىششقا تەكلىپ قىلىپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل نومۇرلىرى-نى ۋە كۈلكىلىك درامىلارنى ئورۇندىدى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك بىرلىك-تە ئۇسسۇل ئوينىدى. مەنمۇ بۇنىڭ بىر قېتىمىغا قاتناشتىم. يىغى-لىش چوڭراق بىر ئۆيدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرگە گىلەم سېلىنغان، چال-غۇلاردىن گىتارغا ئوخشايدىغان چالغۇ، دۇمباقلار بار ئىدى. بەزىدە رۇسىيىدە ياسالغان ئادەتتىكى داسمۇ داراڭلىتىپ ساز ئورنىدا ئىشلى-تىلدى. باشقا مېھمانلار تامنى ياقىلاپ ئولتۇردى. تۆر بىزنىڭ ئولتۇ-رۇشىمىزغا بېرىلدى. سورۇن باشلىنىش بىلەنلا بىر جۈپ ئەر - ئايال سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كەلدى. ئەر ئايالغا تەزىم قىلىپ ئەدەپ بىلەن ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا، دۇمباق-نىڭ ئۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ قەدەم ئالاتتى. ئەمما ئۇسسۇل ئۇنچە-ۋالا تېتىك، خۇشخۇي ئەمەس ئىدى، تاماشىبىنلار خۇشال ئىدى. مۇزىكىغا تەڭكەش بولاتتى. بىزنىڭ كازاكلارمۇ ئويۇن كۆرسىتىشكە خۇشاللىق بىلەن قاتناشتى. ئۇلار گارمون تارتىپ، روھلانغان ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. بىزنىڭ گارمونىمىز تاماشىبىنلارنىڭ بەكلا قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. قايتا - قايتا چېلىندى. مۇزىكا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئارىسىدا كۈلكىلىك درامىلارمۇ قىستۇرۇلدى. ئۈچ ئادەم سەھنىگە چىقىپ، بىرى مايمۇننىڭ، يەنە بىرى ئۆچكىنىڭ، ئۈچىنچى-سى ئاتقا مىنگەن ئايالنىڭ رولىنى ئالدى، بەك قىزىق ئوينىلىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئولتۇرۇشقا بىزمۇ قاتناشقانلىقىمىز ئۈ-چۈن، ئۇلار دەسلىپىدە بىرئاز تارتىنىشتى: بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت كىشىلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇشاتتى. ئىككىنچىدىن، ھۆ-كۈمەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايلىق كىيىملە-رىنى تاغ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇشقاچقا، كىيىۋالغانلىرى ئويۇنغا سو-غۇق تەسىر قىلاتتى. بەزىلىرى مەيدانغا چىقىپ نومۇر كۆرسىتىشتىن

بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن بۇ تاغ تىزمىلىرىنى «كېرىيە تاغ تىزمىلىرى» دەپ ئاتىدىم. بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 170 كىلومېتىرچە كېلەتتى ۋە شەرقى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ بىر تارماق تىزمىسىغا تۇتىشاتتى، غەربى قاراڭغۇ تاغ (مۇزتاغ) قا ئۇلىشاتتى. بۇ تاغ تىزمىسى نىسبەتەن تار، ئېگىزلىكىنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى بەك تىك، بارلىق تاغ چوققىلىرى قار سىزىقىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا قىسىم ۋە غەربىي قىسىم تاغلىقتا مۇزلۇقلار بەكلا كۆپ ئىدى. بەزى ئېگىز چوققىلار ئەتراپتىكى قارلىق تاغلاردىن خۇددى توخۇلار توپى ئارىسىدىكى تۇرنىدەك ئېگىز چىقىپ تۇراتتى، بۇلۇت قاتلىمىغا سانجىلىپ كىرگەندەك كۆرۈنەتتى. دېڭىز يۈزىدىن 5800 ~ 6100 مېتىرغىچە كېلەتتى. ئاساسىي تىزمىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى بىردەك 3000 مېتىردىن يۇقىرى ئىدى. 2500 مېتىردىن تۆۋەن يەرلەر بولسا 15 ~ 20 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى تاغ ئېتىكى زونىسىنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، بۇ تاغ تىزمىسى ئىنتايىن ئېنىق ھالدا ئېگىز - پەستىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ئىدى.

كېرىيە تاغ تىزمىلىرى (قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) نىڭ ئېگىز قىسمى مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. ئېگىز چوققىلار ئورماندەك بەك كۆركەم كۆرۈنەتتى. بىز دېڭىز يۈزىدىن 3500 ~ 4000 مېتىر كېلىدىغان جايلاردا خىلمۇ - خىل ھاك تاش، قورام تاش، ياسقاق، گۇللۇك تاش، قارا گۇللۇك تاش، چارتاش، ياپراقسىمان چارتاش قاتارلىقلارنى كۆردۇق. كۆرگەن ئۆسۈملۈكلىرىمىز بولسا پەقەتلا ئېگىز تاغ ئوتلىرىلا بولدى. 4000 مېتىردىن ئېگىز جايلاردا ئۆسۈملۈك ئۆسەلمەيدىكەن. سېرىق تۇپراقلىق ياسقاقلار يالىڭاچلا ئىدى. يېرىلىپ - پارچىلىنىپ كەتكەن تاش پارچىلىرى ھەممە يەردە چېچىلىپ تۇراتتى. بۇ يەرلەردىكى تاغ چوققىلىرىغا چىقماق قالتىس تەس، كۆپ قىسىم يەرلەرگە ئادەم ئاياغ باسمىغان. يۇقىرىدا زور كۆلەملىك مۇزلۇقلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۆۋەن چېكى جيۇچۇەننىڭ يېنىدىكى چوغاي تاغ تىزمىسى ۋە چىڭخەي - تىبەت ئېگىزلىكىدىكى تاغلىقلارغا، مۇزلۇقلارغا ئوخشاش، ھەممىسى دېڭىز يۈزىدىن 5300 ~ 5500 مېتىر ئېگىز ئىدى. لېكىن

يولنى كەڭرەك كۆرستىش ئۈچۈن ئەسلىدە بار بىرقانچە تال يۇمىلاق ياغاچنى جازا قىلىپ تىزىپ قويۇشماقچى بولغان بولسا كېرەك، لېكىن بۇ ياغاچلار ئۈستىدىن بىرپارچە چوڭ تاش باستۇرۇپ قويۇلغان ئىدى. بىرقانچە يەردە قۇرۇق قول ئادەممۇ ئۆتەلمەيتتى. يۇك ـ تاق ئارتىلغان ئاتلارنىڭ ئۆتۈشىنى ئېغىزغا ئالمىساقمۇ بولاتتى. ۋەھالەنكى، بۇلار-نىڭ ھەممىسى چوڭ توسالغۇ ئەمەس ئىدى. قورام تاشقا يولۇقساق، يۆتكىۋەتسەك بولاتتى. يول بەك تار بولسا، يۈك ـ تاقلارنى ئادەمگە تايىنىپ يۆتكىسەك بولۇۋېرەتتى. پۈتكۈل جىلغىنىڭ بەك تار، ئېگىز-گە ئۆرلەش يولىنىڭ بەك تىكلىكى ھەقىقىي مەسىلە ئىدى. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەڭ ئەقەللىي ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ-ۋېلىش زۆرۈر ئىدى. دەريالاردا سۇ ئۇلغايغان ئىشلارغا يولۇقساق، يۈك ـ تاقنى يۇدۇپ ئۆتۈشكىمۇ ئامال قىلالمايتتۇق، خەتەرگە تەۋەك-كۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىگە يېتىپ بارغاندا، شۇنچە قىيىن يوللاردىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلار ھېرىپ بولالماي قالاتتى. ئالغا باسقۇدەك مادارمۇ قالمايتتى. گەرچە يۇقىرىقىدەك ھەر خىل ئاماللار بولسىمۇ، بىز كۇراپ دەرياسىنى بويلاپ چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىگە چىقىش تىرىشچانلىقىمىزنى ئەسلا تاش-لاپ قويمىدۇق. مەن ئەسلىي پىلانىمىز بويىچە، قار باسقان ئېگىز تاغلارنى بويلاپ غەربكە يۈرۈشنى، يول تېپىپ چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىگە چىقىشنى خىيال قىلاتتىم. راستىمنى ئېيتقاندا، مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىنى يەنىلا ئىگىلىيەلمىگەن ئىدىم. ۋەھالەنكى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز پۈتۈن 7 ـ ئاينى يەنىلا كېرىيە تاغلىرىدا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق.

كېرىيە دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى ئارىلىقىدىكى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايوندا يەرلىك ئاھالىلەر تېخى بۇ يەرلەرگە خاس ئىسىملارنى قويۇشمىغان ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ بىر بۆلەك شىمالىي قاپتىلى كېرىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى. بۇ يەرلەردىكى سۇ مەنبەسى ئاشۇ تاغلاردىن ئېقىپ چىقاتتى. چىڭخەي ـ تىبەت ئېگىزلىكىدىن كېرىيىگە تۇتىشىدىغان يولمۇ بۇ مەھەللىلەردىن ئۆتەتتى. بايان قىلىشقا ئاسان

ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىز چوققىلار قار سىزىقىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تاغ ئۈستىدىكى قار كۆپ ئەمەسكەن. بىرقانچە دەريالار تاغ ئىچىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. پۈتكۈل تاغلىق قاقاسلىق بولۇپ، چىقىش ئىنتايىن تەس. تاغ يامىزاللىرىدا غەلىتە شەكىللىك تاشلار ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يامىزاللارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىمۇ، تۆۋەن قىسمىدىمۇ پەقەتلا ئوت - چۆپ ئۈنمەيدۇ، پەقەت يۇقىرى قىسمىدا تاسادىپىي ئوت- چۆپلەر ئۇچراپ قالىدۇ. تاغ ئارىسىدا ماچىن قەبىلىسىنىڭ بىرقانچە ئائىلىلىك چارۋىچىلىرى ئولتۇراقلاشقان. تېكىلىك تاغلىرىنىڭ شەرق ۋە غەربىدىن ئايرىم- ئايرىم ھالدا بىردىن دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. شەرقتىكىسى ئەش دەرياسى، غەربتىكىسى يورۇڭقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى دەريا ئەتراپىتىكى جىلغىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن تۈزلەڭلىككە ئېقىپ چىقىدۇ.

كېرىيە تاغ تىزمىلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ماچىنلىقلار بولۇپ، ئۇلار بەزىدە ئۆزلىرىنى مالچى دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ مىللەت شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك ئاھالە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى بوستانلىق ۋە تاغلارغا تارقالغان. بۇلاردىن تاغ ئىچىدىكى ماچىنلىقلارنىڭ ساپلىقى بىرقەدەر يۇقىرى، بوستانلىق ۋە شەھەرلەردىكى ماچىنلىقلارغا قارىغاندا بىرقەدەر ئۈستۈن ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە. كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتە بىرقەدەر ئاددىي - ساددا. بىراق باشقا جەھەتلەردە تاغ ئىچىدىكى ماچىنلىقلار بىلەن تۈزلەڭلىكتە ياشىغۇچى ماچىنلىقلار ئارىسىدا پەرق يوق دېيەرلىك. بىز يازلىق ئېكسپېدىتسىيەدە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تاغ ماچىنلىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدۇق.

ساپ ماچىنلىقلار — موڭغۇللار ۋە ئارىيانلارنىڭ ئارىلاشما قېنىدىن بولۇپ، كېيىنكىسىنىڭ نىسبىتى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كۆپرەك. ئۇلارنىڭ مەڭىز سۆڭىكى ئېگىز، بۇرنىنىڭ ئاستى قىسمى كەڭرەك، قاڭشىرى ساپ موڭغۇللارنىڭكىدەك پەس ئەمەس، ساقال - بۇرۇتى ئاز. كۆزى چوڭ، كىرپىكى ئۈستىگە ئېگىلمىگەن. قېشى تۈز، قۇلىقى يوغان، كۆپ قىسىملىرىنىڭ قۇلىقى سىرتىغا قاراپ ئۆسكەن. باش سۆڭىكى چاسا شەكىللىك، بېشىنىڭ ئارقىسى تۈز،

بۇ يەردىكى مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا قۇيۇلى-
دىغىنى ناھايىتى ئاز. شۇڭا يازدىكى يامغۇر پەسلىدىن باشقا چاغلاردا
بۇ يەردە يىل بويى قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ چوڭراقلىرى-
دىن: ئاقسۇ دەرياسى، ئاتامسۇ دەرياسى، ئۇلۇغ جىلغا (تومىيا دەريا-
سى)، ئاتچان دەرياسى ۋە ئاقتىساي دەرياسى قاتارلىقلار بار.
كېرىيە تاغ تىزمىلىرىنىڭ تاغ باغرى ئەتراپىدا نۇرغۇن دۆڭلۈكلەر
بار، بۇ دۆڭلۈكلەر چوڭقۇر جىلغىلار بىلەن پاراللېل بولۇپ، ھەر
ئىككىسىنىڭ ئاخىرى قۇملۇق. دۆڭلەرنىڭ سىرتىنى سېرىق
توپىلار قاپلاپ تۇرىدۇ. ياز پەسلىگە كەلگەندە، دېڭىز يۈزى-
دىن 2850 ~ 3300 مېتىرغىچە بولغان ئەتراپلارنىڭ ھۆل - يېغىن
مىقدارى كۆپرەك بولۇپ، ئېگىز تاغدىكى ئوتلاقلارنى شەكىللەندۈر-
گەن. ئۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرى مول. دېڭىز يۈزىدىن 2400 ~
2850 مېتىر بولغان يەرلەرنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولۇپ،
ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ. تاغ باغرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريالار جىلغا
شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 300 مېتىر كېلىدۇ. ئېقىن
تاغدىن چىقىپلا دەرھال كېڭىيىدۇ، ئېقىش سۈرئىتىمۇ ئاستىلايدۇ.
تاغ باغرىدىن 600 مېتىر تۆۋەن يەرلەرگە يېتىپ كەلگەندە ماچىنلىق-
لارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەنىمۇ تۆۋەنگە تاكى تارىم
ئويمانلىقىنىڭ قۇملۇق ياقىلىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئېگىز - پەس
تۈزلەڭلىك، ئوت - چۆپ ئۆسمەيدۇ، تۇپراقنىڭ سۈپىتى شېغىل
ئارىلاش قۇم توپا. كېرىيە تاغ تىزمىلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان دەريالار
ئىچىدە ئەڭ چوڭ دەريا يازلىقى كەلكۈن ھالىتىدە تۇرىدىغان دەريا
بولۇپ، باشقا پەسىللەردە يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ، يوشۇرۇن
ئېقىن ھاسىل قىلىدۇ. ئاقما قۇملار يېنىدىكى بوستانلىقلارغا يېتىپ
كەلگەندە، ئاندىن يەر يۈزىگە سىرغىپ چىقىدۇ.
كېرىيە تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىي قىسمى تاغ باغرىدىن 30 كىلو-
مېتىر شىمالىدا تېكىلىك تاغلىرى بار. بۇ تىزمىلار ئۇرۇش مەيدانىدى-
كى ئۇزۇن كەتكەن قورغان، پوتەيلەرگىلا ئوخشايدۇ. بىر چوققا يەككە
ھالدا كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 50
كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 20 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئاق رەخت ۋە بويىغان پاختا رەخت، ھەر خىل شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن رەخت، رۇسىيىدە ئىشلەنگەن خام رەخت ياكى يىرىك پاختا رەختتىن تىكىلگەن. پۇلدارلارنىڭ بەزىلىرى يىپەك كىيىم كىيىدۇ. ئاياللار چاپاننىڭ ئىككى پېشىگە تۆت ـ بەش سانتىمېتىرلىق تاۋار ـ دۇردۇن ياكى يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرىدىن زىغزىق تىكىپ زىننەت قوشىدۇ.

ئەرلەر چاپىنىنىڭ سىرتىغا رەختلىك پوتا (بەلۋاغ) باغلىنىۋالىدۇ. ئەگەر چاپىنىنى ئوچۇق كىيسە بەلۋاغنى كۆڭلىكىگە باغلىنىۋالىدۇ. بەلۋاغقا غاڭزا ۋە غىلاپلىق كىچىك پىچاقلارنى قىستۇرۇۋالىدۇ. ئاياللار بەلۋاغ (پوتا) باغلىمايدىغان بولۇپ، توڭلىغاندا يەنە بىر چاپان كىيىۋالىدۇ. ئەرلەر چاپىنىنىڭ ئىچىگە ئاق ياكى باشقا رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيىۋالىدۇ. بەزىلىرى ياقىسىغا گۈل كەشتىلىنىۋالىدۇ ياكى گۈللۈك رەختلەرنى تىكىۋالىدۇ. ئاستىغا بويىغان پاختا رەختتە ئىشتان (شىم) كىيىدۇ. ئاياللارمۇ كۆڭلەك ۋە ئىشتان كىيىدۇ، كۆڭلىكىنىڭ يۇقىرى قىسمى ئوچۇق، ئاستى قىسمى تۇتاش بولۇپ، ئۈستىدە ئۈچ ـ تۆت تال تۈگمىسى بولىدۇ. بەزى كۆڭلەكلەرنىڭ تۈگمىسى كۈمۈشتىن. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈك كىيىۋالىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئۆتۈك رۇسىيىنىڭ ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈكىگە ئوخشايدۇ، قونچى ئۇزۇن، ئاياغ چەمىگە مىخ قېقىلغان. كەنت باشلىقى، يېزا بېگى، موللا قاتارلىقلار ئۆتۈكىنىڭ سىرتىغا كېپىش كىيىۋالىدۇ. بەزى ئاياللار ئىنچىكە مىس سىم بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۆچكە تېرىسىدە تىكىلگەن ئۆتۈك كىيىدۇ. قىش كۈنلىرى ئەر ـ ئايال ھەممىسى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىدۇ. بەزىلىرى يۇڭ تەرپىنى، بەزىلىرى رەخت تەرپىنى كىيىدۇ. يەنە بەزىلىرى پاختىلىق چاپان كىيىشىدۇ... ئۇنىڭدىن باشقا تاغدىكى نامراتلار يازنىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرى كىگىزدىن ياسالغان قالپاقلارنى كىيىۋالىدۇ. ئەرلەر قىش ـ ياز ئوخشاشلا قارا، ئاق ياكى قارا بىلەن ئاق ئارىلاشقان رەڭلىكلەردىكى تەلپەك كىيىدۇ. تەلپەك بېشى بىلەن قۇلىقىنى يۆگەپ تۇرىدۇ. شەھەر ياكى بوستانلىقتىكى بەزىلەر بىر خىل ئىرىقچىن دەپ ئاتىلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادا كەشتىلەنگەن كىچىك باش كىيىمى كە-

كۆپ قىسىملىرىنىڭ ماڭلىيى تار، لېۋى قېلىنراق، تېرىسى قارىراق، لېكىن موڭغۇللاردىن ئاق. كۆز ئالمىسى ۋە چېچى ئاساسىي جەھەتتىن قارا، ئايرىم ئەرلەرنىڭ كۆزى كۆك ياكى كۇل رەڭ، چېچى توق ياكى ئاچ قوڭۇر رەڭلىك. ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنچىۋالا ئېنىق ئەمەس. بوستانلىق ۋە شەھەردىكى ماچىنلىقلاردا باشقا مىللەتلەرنىڭ قان ئارىلاشمىسى بار، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئانچە ئېنىق ئەمەس.

بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە تاغدىكى ماچىنلىقلار تۇزلەڭلىكتىكى ماچىنلىقلارغا ئوخشاش پاكار بولۇپ، ئەڭ ئېگىزلىرى بىزنىڭ ئوتتۇرا بويلۇقلارغا تەڭ، بەدىنى ئورۇق كېلىدۇ. ئەرلەر چېچىنى ۋە ئېغىزى ئەتراپىدىكى بۇرۇتلىرىنى قىرقىۋېتىپ، ئېڭىكى ۋە زاڭقىدىكى ساقال-لىرىنى قويۇپ قويىدۇ. ياتلىق بولمىغان قىزلار چېچىنى تۆت تال ياكى ئالتە تال ئۆرۈپ، چېكىسىدىن ۋە مۇرىسىدىن قويۇۋېتىدۇ. ئۆرۈمىنىڭ قانچىلىكلىكى ھەربىر ئادەمنىڭ چېچىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. توي قىلىپ تاكى تۇغقانغا قەدەر بۇ خىل چاچ ھالىتىنى ساقلايدۇ. تۇغقاندىن كېيىن چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈپ مۇرىسىدىن قويۇۋېتىدۇ. تاغدىكى ماچىنلىقلار ئاياللىرىنىڭ چىرايلىق بولمىغانلىقىدىكى سەۋەب بەلكىم ئۇلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز رايوندا تۇرىدىغانلىقى، ئۆي ھايۋانلىرىنى، مال-چارۋىلارنى باقىدىغان ئىشى-نىڭ ناھايىتى جاپالىقلىقى، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ پاكىز بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، بوستانلىقتىكى ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقەتەن چىرايلىق كېلىدۇ. ماچىن ئايالل-رى چىرايلىق ياسىنىش ئۈچۈن، دائىم قېشىنى قاپقارا قىلىپ سىزىۋا-لىدۇ ھەمدە قاڭشىرىنىڭ ئۈستىگىمۇ سىزىۋېلىپ ئىككى قېشىنى تۇتاشتۇرۇۋالىدۇ. بەزىلىرى يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتۈۋالىدۇ. بەزىلىرى ماڭلاي چېچىنى قويۇۋېتىدۇ، ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بەزى ئاياللار رۇسىيىنىڭ مودا خانىملىرىغا ئوخشاش ماڭلاي چېچىنى تۈز قىلىپ كېسىۋالىدۇ.

تاغدىكى ماچىنلىقلارنىڭ كىيىمى بوستانلىق ۋە شەھەردىكى ما-چىنلىقلارنىڭكىدىن ئاددىيراق. بارلىق ماچىنلىقلار مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ھەممىسى ئادەتتە چاپان كىيىۋالىدۇ. چاپان —

ئۇسۇلى موگغۇللارنىڭ ياساش ئۇسۇلىغا ئوخشمايدۇ يەنى ساپ سۇت-تىن ئېتىدۇ، قايماق قوشمايدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش، كەچ بويىچە ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدۇ. بوستانلىق ۋە شەھەرلىكلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ سۈپىتى تاغلىقلارنىڭكىدىن ياخشى بولۇپلا قال-ماستىن، تۈرىمۇ كۆپ. مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتات ئىستېمال قىلىش ئومۇملاشقان بولۇپ، مىقدارىمۇ كۆپ، چاي ۋە گۈرۈچ ئىشلىتىشمۇ ئومۇملاشقان. بازارلاردا قوي گۆشى سېتىلىدۇ. ئۇلار قوي گۆشىنى سېتىۋېلىپ ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان پولۇ ياكى مانتا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېتىدۇ. ئۇن بىلەن نان ياققاندا ناندىن باشقا يەنە گۆشگىردە، توقاچ، ئادەتتىكى لەغمەندىن تومىراق لەغمەن قاتارلىقلارنى ئېتىپ يەيدۇ. شورپىنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بايلار يەنە توخۇ، غاز، تۇخۇم قاتارلىقلارنى يەيدۇ. نۇرغۇنلىغان ماچىنلىقلار گۆشنى كۆپ يېمەيدۇ. يەپ قويسىلا ئاشقازىنىغا زىيان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى ۋە ئاشخانا جابدۇقلىرى بىرقەدەر پاكىز. بوستانلىق ھەم شەھەرلەردىكى ماچىنلىقلار سېغىز توپا ياكى پىشۇرۇلغان خىشلاردىن سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كۆرگىلى بولىدىغان چىرايلىق بىنالارنى بۇ يەردە كۆرگىلى بولمايدۇ. تاغلىق ماچىنلىقلار سېرىق توپىدىن ياسالغان گەمىلەرنى تۇرار جاي قىلىدۇ. پەقەت يېزىلاردىلا ئاندىن يەر ئاستى ئۆيلەرنى - گەمىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن ھەممە يېزىلاردىكى ماچىنلىقلار يەر ئاستى ئۆيلەردە تۇرمايدۇ، توپا ئۆيلەردە تۇرىدىغانلارمۇ بار.

گەمىلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي: ئالدى بىلەن جەنۇبقا قارىغان تاغ باغرى ياكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكلەرنىڭ جەنۇبقا قارىغان يېرىنى تاللايدۇ. ئاندىن كېيىن شىمالغا قاراپ يانتۇ كولايدۇ. بۇ يەردىكى سېرىق توپىلار خۇددى پولات، سېمونتتەك قات-تىق. ئۆگزىنىڭ ئارقا يېرىم قىسمى ئۆڭكۈردىن بىر مېتىر يىراقلىقتى-كى سېرىق توپا قەۋىتى، ئالدى يېرىم قىسمى دەرەخ شاخلىرىدىن ياسالغان لەمپە، ئۈستىگە سېرىق توپا قويۇلىدۇ. يەر ئاستى ئۆڭكۈر-لىرىگە تۆڭلۈك ياكى كارىدور ئىشىك ياساش شەكلى بىلەن نۇر ئۆتكۈ-زۈلىدۇ. قىشتا ياكى كېچىدە ئىشىككە بىر قېلىن گىلەم تۇتۇپ

يىدۇ. پەقەت موللا قاتارلىق دىنىي زاتلارلا سەللە ئورايدۇ. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش تەلپەك كىيىدۇ. ھېيت ـ ئايەم ياكى خۇشاللىق كۈنلەردە بىر قىسىم مودا قوغلىشىدىغان كىشىلەر باش كىيىمىنىڭ ئۈستىگە قۇش پەيلىرىنى تاقىۋالىدۇ. ئاياللار بېشىغا بىر قەۋەت گۈل-لۈك ياكى ئاق رەڭلىك ياغلىقنى ئارتىپ ئۈستىگە دوپپا كىيىۋالىدۇ. بۇ خىل ياغلىقلار باشنىڭ ھەممە قىسمىنى يۆگەپ تۇرمايدۇ. ئادەتتىكى تاغلىق ئاياللارمۇ شۇنداق كىيىنىدۇ. ئاياللارنىڭ زىبۇزىننەتلىرى پە-قەت ھالقا بىلەن ئۈزۈك. ئۇلار بىلەزۈك تاقىمايدۇ. ھالقىسى ناھايىتى چوڭ، ئۈستىگە سۈزۈك يېشىل ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان. بەزى ھالقى-لارنىڭ ئاستى تەرىپىدە مەرۋايىت بولۇپ، بوينىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇزۇن ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۈزۈك كۈمۈش ياكى ئالتۇندىن ياسالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرىنىڭ چېكىسىدە قىزىل چاچ بوغقۇچ ـ لېنتىلار ئېسىلىپ تۇرىدۇ. لېنتا بىلەن چېچىنىڭ ئۇچى بىرلىكتە كەينىگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى چاچ بوغقۇچلار خۇددى بۇغداي باشاقلىرىدەك پۈتلىرىغىچە سوزۇلىدۇ. بالىلار ئىزمىلىق كۆڭ-لەك كىيىپ، ئالدىنى ئوچۇق قويىشىدۇ. بەزىلىرى ئىشتانسىزلا يۈ-گۈرۈشۈپ يۈرىشىدۇ. ماچىنلىقلار ئادەتتە پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، دائىم يۇيۇنۇپ تۇرىدۇ، سۇدىن قاچمايدۇ. تاغدىكى ماچىنلىقلارنىڭ يېمەكلىكلىرىدىن كالا، قوي سۈتى ياكى قوتاز سۈتىدىن ئۇيۇتۇلغان قېتىق، بۇغداي، ئارپا ياكى قوناق ئۇنىدىن ياسالغان نان، يەنە قوناق ئۇنى بىلەن كالا سۈتىدىن ياسالغان ئۇماچ قاتارلىقلار بار. قىش كۈنلە-رى ئۇلار قېتىق ئىچمەيدۇ، ئەمما يازدا ياسىۋالغان سېرىقمايىنى چايغا سېلىپ ئىچىدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر زاڭزۇ مىللىتى دائىم يەيدىغان جىبانى بىلمەيدۇ. ئۇلار گۆشنى ئەتىۋارلاپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يەپ قويىدۇ. بەزىدە گۈرۈچ بىلەن توغرالغان قوي گۆشىنى پاكىزلانغان قوي ئۈچەيىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ھېسىپ قىلىپ يەيدۇ. ئۇلار قېتىق-نى سۇ بىلەن سۇيۇلدۇرۇپ نان بىلەن قوشۇپ يەيدۇ ياكى رۇسىيىنىڭ كۇۋاس ئىچىملىكلىرىدەك قىلىپ ئايرىم ئىچىدۇ. ئۇلار يەنە دائىم تەبىئىي سۇ ئىچىدۇ. چارۋىلارنىڭ سۈتىنى ئاۋۋال سېغىپ، ئاندىن كېيىن ئۇيۇتۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. ماچىنلىقلارنىڭ سېرىقماي ياساش

كۆمۈرنى چۇخچىلايدىغان ھەم كۆل تازىلايدىغان كىچىك بەلچەك، ئۆ-سۈملۈك مېيى ياكى قوي مېيى يېقىلىدىغان ئاياغ شەكىللىك جىنچە-راغ، يەنە كەتمەن (كەڭ يۈزلۈك جوتۇ) — مانا بۇ گەمىدە تۇرىدىغان بىر ئائىلىلىكنىڭ بارلىق بۇيۇملىرى. ئىنچىكە، يۇمشاق بۇيۇملارنى ساقلايدىغان ساندۇقتىن بىرەرىمۇ يوق. بارلىق كىچىك بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى تامغا ئويۇلغان تەكچە ئۈستىگە ئىلىپ قويۇلغان. پەقەت باياشات ئائىلىلەرنىڭلا ئېغىزى بار يوغان ياغاچ ساندۇقى بولىدۇ.

ماچىنلىقلارنىڭ ئۆيىگە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، يەردىلا ياكى سۇپىدىلا ئولتۇرۇشقا بولىدۇ. بەزى ئائىلىلەرنىڭ ياغاچتىن ياسالغان ئۇزۇن ئورۇندۇقى بار بولۇپ، ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان. مېھمان كەلگەندە ئۈستىگە يەنە قوي تېرىسى سېلىنىپ تەكلىك قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۇجرا ئۆيىدىكى جابدۇقلىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي، بىر ئادەم-نىڭ بىردىن ياستۇقى بار. ئادەتتىكى كىشىلەر كۈندۈزى كىيىملىرىنى ئۈستىگە يېپىنىپ ئۇخلايدۇ. بوستانلىقلاردا ياكى شەھەرلەردە ئاھالى-لەرنىڭ تۇرمۇشى سەل ياخشىراق بولۇپ، باياشات ئائىلىلەرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش.

تاغلىق رايونلاردىكى ماچىنلىقلار چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كە-چۈرىدۇ. چارۋىلار ئىچىدە قوي ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆچكە. كالا ۋە قوتاز يېقىندىن بېرى كۆپ ئازلاپ كەتتى. ھەتتا كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئاتمۇ ناھايىتى ئاز، بىراق ئېشەك ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بوستانلىقتىكى رولى ئوخشاش — مىنىشكە ياكى نەرسە-كېرەكلەرنى توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، شارائىتى بار جايلاردا ماچىنلىقلارنىڭ كۆپچىلى-كى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئارپا ۋە بۇغداي تېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاندا - ساندا پۇرچاقمۇ تېرىپ قويىدۇ. بۇغداي ئورۇۋېلىن-غاندىن كېيىن، يېقىندا ئىشلىتىدىغان قىسمىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئاساسەن ئېتىز يېنىغا ئورەك كولاپ، شۇ يەردە ساقلايدۇ. سامانىنى ئېتىزغا دۆۋىلەپ، شامالدا ئۇچۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن توپا بىلەن باستۇرۇپ قويۇلىدۇ. تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللى-نىدىغان كەنتلەر ئادەتتە دەريا بويىدا بولۇپ، قەدەممۇقەددەم تۆۋەنكى

شامالنى توسايدۇ ياكى پۈتۈن ياز بويى، ئادەتتە ئوچۇق تۇرىدۇ. ئۆيدە تام ئوچاق بار بولۇپ، تۇرخۇن سىرتقا تۇتىشىدۇ. قوي تېزىكى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. يېمەكلىكلەر ئوچاقتا پىشۇرۇلىدۇ. كىرىشتىكى ئۆينىڭ يېنىدا يەنە بىرنەچچە كىچىك ئۆيلەر كولانغان، ھوجرا ئۆي، قازناق ۋە باشقىلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆي ئىچىدىكى تامغا يېقىن بىر پارچە جاي كولانمىغان بولۇپ، كارىۋات، ئۈستەل ۋە ئورۇندۇق ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. تام ئۈستىگە يەنە تەكچە ئويۇلغان بولۇپ، بىر قىسىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

گەمىنىڭ يېنىغا ئورەكلەر كولانغان بولۇپ، ھايۋانلار ۋە قۇرۇغان تېزەكلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھايۋانلارنى سولايدىغان ئورەك يەر يۈزىدىن تۆۋەن بولىدۇ. بەزى گەمىلەر تۈز يەرلەرگە ياكى جىلغا ئىچىگە كولىنىدۇ. ئالدىغا بېرىپ قارىغاندىمۇ بايقىغىلى بولمايدۇ. گەمىدە تۇرغاندا قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن بولۇپ، يەنە ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۇدا 40 يىل ئىشلىتىپ رېمونت قىلدۇرمىسىمۇ بولىدىكەن. 40 يىلدىن كېيىن ئاندىن تورۇس ۋە تامدىكى توپىلار ئاجرايدىكەن.

ھەربىر ماچىنلىقنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە گەمە بولىدىكەن، ماچىن-لىقلار ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ مول-ئاز بولۇشىغا ئەگىشىپ دائىم ئۆي كۆچۈپ تۇرغاچقا، گەمىلەرنىڭ جايلىشىشى ناھايىتى تارقاق، بىر ئورۇندا پەقەت 2 ~ 3 ئائىلىلا بولىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئون ئائىلىدىن ئاشمايدۇ. تاغلىق كەنتتىكى ماچىنلىقلارنىڭ ئۆيى ئاددىي بولۇپ، ئۆي سايمانلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ شۇنداق ئاددىي. قاچا، ئۇزۇن دەستە-لىك قوشۇق، چېلەك، ئىدىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قوپال بو-لۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پىشۇرۇلغان فارفور چىنىلەر مېھمانلارنى كۈتكەندە ئاندىن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بىر ئائىلىلىك ئۆيدە پەقەت بىر - ئىككىدىنلا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نەرسىلەرنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان تېگى يۇمىلاق تۆمۈر قازان، چاي قايناتقاندا ئىشلىتىدىغان چۆگۈن (تۈرك مىللەتلىرى ۋە كاۋكاز تاغلىق-لىرى ئىشلىتىدىغان ئېغىزى بار ئېگىز بويۇنلۇق چۆگۈن)، يۇڭ، كەندىر ياكى يىپەكتىن توقۇلغان يوتقان - كۆرپە، مەشنىڭ ئىچىدىكى

يـېتەرسىزلىكلىرى ئارتۇقچىلىقلىرىدىن كۆپرەك. ئالدى بىلەن ئەڭ گەۋدىلىكى شۇكى، ھەممىسى تولىمۇ توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئالغا بېسىش ئىرادىسى كەم، ئارام ئېلىپ راھەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەڭ چەت تاغلىق يېزىلارغا كەلگەندىمۇ، بىز يەنىلا مۇزىكا ئاۋازى، ناخشا ئاۋازى ياڭراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئۇسسۇل ئويناپ، موللاق ئېتىپ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىزنىڭ ئەترەتتىكى بىر كازاك ماچىنلىقلارنىڭ ئويۇن خۇمار خاراكتېرىگە: «ۋودكا ئىچىپ باقمىغانلىقى ئەڭ كەمدىمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئامەتى، ئەگەر ۋودكا ئىچىپلا قالسا، ئۇلارنىڭ قەيەرلەرگە بېرىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ بولماس ...» دەپ باھا بەردى. خاراكتېرلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، تاغ ئاھالىسىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى توغرىلىقى بوستانلىق ۋە شەھەرلىكلەرنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن.

ئارتۇقچىلىق جەھەتتە: ئۇلار كىچىك بالىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئـاسرايدۇ. ئادەتتە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى. زۆرۈر بولغاندا ئۆزئارا ياردەم بېرىشىدۇ. ئاتا ـ ئانا ۋە چوڭلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق ھادىسىسى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. ھاراق ئىچىپ دەلدەڭشىپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىراق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى تاماكا چـېكىدۇ. بوستانلىقلاردا تاماكا چېكىدىغان ئاياللارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. بوستانلىقلاردا يەنە خېلى كۆپ سانلىق ئادەملەر نەشە چېكىدۇ. بۇ بىر خىل نېرۋىنى مەست قىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك بولۇپ، ئۇنى چەككۈچىلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا «بەڭگى» دەپ ئاتايدۇ. بىراق تاغلىقلار بۇ خىل زەھەر بىلەن تېخى يۇقۇملانمىغان.

ماچىنلىقلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ماختاش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. گەرچە ئۇلار ئىش بېجىرىشتە زېرەك، ھەتتا ئازراق ھىيلىگەر بولسىمۇ، لېكىن كېلىپ چىققان ھالەت ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇقۇمىدىن ۋە ئىش بىر تەرەپ قىلىش رامكىسىدىن ھالقىپ كەتسىلا، تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ، ھودۇقۇپ نېمە تەدبىر قوللىنىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. تاغدىكى ماچىنلىقلارنىڭ تەبىئەتى توغرىسىدىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ-

ئېقىنلارغا كېڭەيگەن. سۇغىرىش ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرى باشقا
بوستانلىقلارغا ئوخشاش. كەنت ئاھالىلىرى ئېشىپ قالغان بۇغدايلىرد-
ىنى ئالتۇن كانغا يۆتكەپ كاننى تەمىنلەيدۇ. بەزىدە ئۇلارمۇ كان
ئەتراپىدىكى تاغدا ئوغرىلىقچە بىر ئاز ئالتۇن كولىۋالىدۇ.

ماچىنلىقلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ خىللىرى ئازراق. تاغ-
لىق، بوستانلىق ۋە يېزىلاردا پەقەت كىيىم- كېچەك، ئۆي سايمانلى-
رى قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. قوي
يۇڭى — كالتەك ۋە «چىلەك» ئارقىلىق يىپقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. پاختا
يىپ — ئىگىرىش چاقى ئارقىلىق يىپقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئەر- ئاياللار-
نىڭ ھەممىسى ھەر خىل رەڭلىك رەختلەرنى، قوپال چەكمەنلەرنى
توقۇيدۇ. ئەرلەر يەنە گىلەم توقۇيدۇ. مودا مەھسۇلاتلاردىن باشقا،
ئەر- ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى كىيىم- كېچەك، كەش- ئاياغ
تىكىدۇ. ماچىنلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ۋە چوڭ بوس-
تانلىقلاردا مەخسۇس سەيپۇڭ- تىككۈچىلەر، موزدۇزلار، بۆزچىلەر،
تۆمۈرچىلەر، زەرگەرلەر، ئېگەر- توقۇمچىلار ۋە باشقا ئۇستىلار بولى-
دۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ياكى ئىشىك ئالدىد-
كى كوچىدا بىر ۋە بىرقانچە ئادەم بىرلىكتە ئىش قىلىدۇ، ھەممىسى
ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى. زاۋۇتلارغا ئوخشايدىغان ئۈنداق ئىشلەپ-
چىقىرىش - ياساش ئۆيلىرىدىن بىرىمۇ يوق.

كېرىيە تاغ تىزمىسى ۋە يېقىندىكى تاغ تىزمىلىرىدىكى تاغلىق
رايونلاردا تاۋار ئالماشتۇرىدىغان بازارلار يوق. پەقەت بىر قىسىم
ئېلىپ - ساتارلارلا كېرىيىدىن، چىرىدىن ۋە خوتەندىن كېلىپ سودا
قىلىدۇ. ئۇلار رەخت، تاماكا، چاي، سوپۇن قاتارلىق كۈندىلىك
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يۆتكەپ كېلىدۇ. تېرە، يۇڭ، سېرىقماي، تىرىك
قوي قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئەكېتىدۇ. يەنە ئوغرىلىقچە ئالتۇن -
كۈمۈشلەرنىمۇ ئېلىپ- ساتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تاغدىكى ماچىنلىقلار
ئۆزلىرى يېقىن ئەتراپتىكى بوستانلىق ۋە شەھەرلەرگە بېرىپمۇ
نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدۇ. مەيلى تاغدىكى ماچىنلىقلار ياكى بوستان-
لىقتىكى ماچىنلىقلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ خاراكتېرىدە ئارتۇقچى-
لىقمۇ، يېتەرسىزلىكلەرمۇ بار. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ

نامرات كىشىلەرلا يەيدۇ.

ئۇلار ئويۇن خۇمار خاراكتېرگە ئىگە، ئۆزئارا يوقلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. مەيلى تاغلىق رايون ياكى بوستانلىقتىكى كىشىلەر بولسۇن، ئەمگەك قىلىپ چارچاپ دەم ئالغان چاغدا ئېتىز قىرلىرىدا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشىدۇ. ناخشىنىڭ مەزمۇنى ھەممىسى دېگۇدەك مۇھەببەتكە چېتىشلىق. كۆپچىلىك ئەڭ پىششىق بىلىدىغان ناخشا نازىركۇم بولۇپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش مەنىسىدە. رىتىمى تازا راۋان ئەمەس. تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

ئالما بەردىم قولۇڭغا، سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا. مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
قاچانغىچە قارايمەن، سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
سىنىڭ كەتكەن يولۇڭغا. مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

ماچىنلىقلارنىڭ تىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە، ئاتالمىش قەشقەرىيە (خاقانىيە) شېۋىسى دېگىنى شۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ماچىنلىقلار سۆزلىگەندە ئۆزىگە خاس شېۋىنى شەكىللەندۇرگەن. بىز ئۇيغۇرچىنى بىلمەيمىز، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقنى چۈشىنىشكە ئامالسىز. بىزنىڭ تەرجىمانىمىز ماچىنلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا قىلچە قىينالمىدى. بىراق ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ بەزى سۆز- جۈملىلىرىنى ئىلى خەلقى چۈشىنەلمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ گەپ قىلىش سۈرئىتى لوپنۇرلۇقلاردەك تېز ئەمەس. كېيىن بىز خوتەندە ئاڭلىشىمىزچە، ماچىنلىقلارنىڭ تىلى ھەرقايسى يۇرتلار ئارامۇ پەرقلىق ئىكەن، قەشقەر، ئاقسۇنىڭ شېۋىسى يەنى ئالدىبىرك قەبىلىسىنىڭ شېۋىسى بىلەن بولغان پەرق تېخىمۇ چوڭ ئىكەن. تاغلىق رايوندىكى ماچىنلىقلار ئىچىدە خەت تونۇيدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، پەقەت ھاللىق ئائىلىلەرلا بالىلىرىنى تاغ ئېتىكىدىكى يېزىلاردا ئېچىلغان مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتەلەيدۇ. بوستانلىقلاردا ھەممە كەنتلەردە دېگۇدەك مەكتەپلەر بار. بەزى كەنتلەردە ئىككى - ئۈچ مەكتەپ بار. بوستانلىق ھەممە شەھەرلەردىكى ھەممە كىشى دېگۇ-

لارمۇ بوش ۋە روھسىز. بىراق ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا شوخ، تېتىك كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرلەرگە قارىغاندا ياخشىراق ئىش قىلالايدۇ. ئائىلىدىكى بارلىق ئۆي ئىشلىرىنى ۋە باللارنى بېقىپ تەربىيەلەشنى ئايالللار ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئانا باللىنى ئۈچ ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۆز سۈتى بىلەن ئېمىتىپ باقىدۇ. باللار ئۆزى مۇستەقىل يول مېڭىپ، خېلى كۆپ سۆزلەرنى قىلىشنى ئۆگەنگەنگە قەدەر ئانا سۈتى ئېمىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول قويۇلغان. بىراق باي ئائىلىلەرلا شۇنداق قىلالايدۇ. ئادەتتىكى ئەرلەرنىڭ پەقەت بىرلا خوتۇنى بولىدۇ. بىردىن ئاشۇرالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز. بىراق نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىنتايىن ئاددىي ئىش بولغاچقا، خوتۇن ئالماشتۇرىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئايالالارنىڭ ئۆمرىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم ياتلىق بولۇشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئالتە - يەتتە قېتىم ياتلىق بولسىمۇ غەلىتىلىك ھېسابلانمايدۇ. قىزلار 12 ~ 13 ياشقا، ئوغۇللار 15 ياشقا كىرگەندە توي قىلىشقا بولىدۇ. ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر - ئايالالار ئاجرىشىپ ئەتىسىلا يەنە باشقىلار بىلەن توي قىلسا بولىدۇ. ئىككى تۇغقان ئاكا - سىڭىللارنىڭ توي قىلىشىمۇ مەسىلە ھېسابلانمايدۇ. ھەتتا ياش جەھەتتە پەرقلىنىدىغان ھامما، تاغىلار بىلەنمۇ پەقەت بىر تۇغقان بولمىسىلا توي قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. توي مۇراسىمى باشقا رايونلاردىكى ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش، كۆپ مېھمان چاقىرىش ھاجەت ئەمەس. شۇڭلاشقا بىر قېتىم توي قىلىشقا ئانچە كۆپ پۇل كەتمەيدۇ.

دەپنە مۇراسىمىمۇ باشقا رايونلاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى، مېيىت ئۇزىتىلىپ 40 - كۈنى چوقۇم تۇپراق بېشىغا بېرىپ قەبرىنى ساقلىشى كېرەك. بىراق، بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ قالماپتۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر ھەر ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى قەبرە يوقلايدۇ. مايدا پىشۇرۇلغان پېچىنە - پىرەنىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ قەبرە بېشىغا قويۇپ قويىدۇ. بۇنى پەقەت

دۇ. ئۇلار دۇنيادا بىر خىل «پال» دېيىلىدىغان ئالۋاستى بارلىقىغا،
ئۇنىڭ غارلارغا، ئۆيلەردىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا يوشۇرۇنۇۋا-
لىدىغانلىقىغا، كىشىلەردە ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلى-
قىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا «پال»نى قوغلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ ئامالى
مۇنداق: ئاۋۋال بىمارنىڭ ھۇجرىسىغا بىر دانە ماي چىرىغى ئېسىپ
ئۆي ئىچىنى يورۇتىدۇ، شۇنداقلا ئۆينىڭ كۇنگەي بۇلۇڭىغا رەڭگارەڭ
لاتىلارنى ئاسىدۇ. بىرئازدىن كېيىن شېكەرنى سۇغا سېلىپ ئېرىتىپ،
شېكەر سۈيىنى لاتىغا، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا ۋە چىراغ ئوتىنىڭ ئۈستىگە
چاچىدۇ. ئاندىن بىمارنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ، ئىشتانغا ئوت
ياقىدۇ. كۆيۈۋاتقان ئىشتاننى بىمار ياتقان ئۆينىڭ ئىچىدە ھەر تەرەپكە
پۇلاڭلىتىدۇ. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان ئىشتان كۆ-
يۈندىلىرىنى ئۆي سىرتىغا تاشلىۋېتىدۇ. پېرىخونلار «پېرە» ئوقۇش
داۋامىدا بىر تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ غەلۋە
قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۇمباق چېلىپ ھەيۋە كۆرسىتىپ، يۇقىرى
ئاۋازدا ۋارقىرىشىدۇ- دە، «پال»لارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ماچىنلىق-
لارنىڭ خۇراپىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بىز مەخسۇس تەپسىلىي تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بارمىدۇق. پەقەت تاسادىپىي ھالدا بەزى ئىشلارغا
يولۇقۇپ قالدۇق. مەن ئىلگىرى بىر ھامىلىدار ئايالنىڭ تۆگىنىڭ
ئاستىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئاڭلاشلارغا قارىغان-
دا، بۇنىڭ ئوڭۇشلۇق (ئاسان) تۇغۇشقا پايدىسى بار ئىكەن. ئۇلار
بىزگە يەنە ئېشەكنىڭ مېڭىسىنى قاينىتىپ ياكى مايدا پىشۇرۇپ يېسە
نېرۋا كېسەللىكىنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ
بەردى. مەن يەنە بۇ يەردە دېيىشكە ئەپسىز بولغان بىرقانچە خۇراپىي
ئىشلارنى ئاڭلىدىم.

ماچىن قەبىلىسىدىكىلەر دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئۇنچىۋالا قىز-
غىن ۋە ئىتائەتمەن ئەمەس، يەنى تاغلىق رايونلاردىكى ماچىنلىقلار ناماز
ئوقۇش (بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە ئىبادەت قىلىش) تا ئۇنچىۋالا
دائىملىق ئەمەس. شەھەرلەردىكى، بوستانلىق رايونلاردىكى ماچىنلىق-
لار تاغلىق رايونلاردىكىگە قارىغاندا كۆپ ئەستايىدىل. چۈنكى، بوستان-
لىق ۋە شەھەرلەردە دىنىي خادىملار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، دائىم

دەك كىتاب ئوقۇيالايدۇ، خەت يازالايدۇ. كېرىيە، خوتەندە ھەممە ئىمامى جەپپەرى سادىق مازىرىدا ئىسلام دىنى مەكتىپى بولۇپ، ئۇلا، بۇنى «مەدرىس» دەپ ئاتايدۇ. مەكتەپ دەرسلىكىگە يەنە پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلى كىرگۈزۈلگەن. ياشلار ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممە-سى بۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالايدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مـوللا بولۇپ چىقالايدۇ. بۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى سانى 100 ئـەتراپىدا. بۇنىڭدىن باشقا، كېرىيە، خوتەن، شۇنىڭدەك جەنۇبىي شـىنجاڭدىكى باشقا شەھەرلەردىمۇ مەخسۇس باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت راسخوتىدىكى مەكتەپلەر بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇشتىكى پروگراممىسى بولسا مۇنەۋۋەر تەرجىمان ۋە خەنزۇ تىلىغا پىششىق كىچىك ئەمەلدارلارنى تەربىيىلەش. گەرچە دۆلەت راسخوتىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش راس-خوتى تاپشۇرمايدىغان بولسىمۇ، ماچىن قەبىلىسىدىكى بەزى كىشىلەر مەكتەپ پەرزەنتلەرنى يامان ئۆگىتىپ قويىدى، دەپ قارايدۇ، شۇڭلاشقا باللارنى دۆلەت راسخوتىدىكى مەكتەپلەرگە بېرىشنى ئانچە خالىمايدۇ.

ماچىنلىقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھە-پىگە تەۋە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار ھىجرىيىنىڭ 390 - يىلى (مىلادىيە 1000 ـ يىلى) ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئەينى چاغدا تۆت نەپەر ئەرەب ئىمامى دىن تارقىتىش جەريانىدا شېھىت بولغان. بۇ تۆت ئەرەب ئىمامىنىڭ مازىرى پولو كەنتىگە يېقىن «تۆت ئىماملىرىم» (ھازىرقى چىرا ناھىيىسى بوستان يېزىسى — ت) كەنتىگە ياسالغان. ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى مۇشۇ مۇقەددەس قەبرە ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ شەيخلىق قىلىۋېتىپتۇ. ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە قوشۇلمىغان بىر قىسىم كىشىلەر شەرق تەرەپكە كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئىز ـ دېرىكى يوق.

شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ دېيىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار شامان دىنىغا، كۆپ قىسمى بولسا بۇددا دىنىغا ئىشەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا پېرىخونلۇق قىلىدىغان باخشىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ماچىنلىقلار ھازىرمۇ يەنە پېرىخونلۇققا ئىشىنىد-

بەدەنگە ئۇزۇقلۇق تولۇقلىنىدۇ، دەپ قارايدىكەن. ماچىنلىقلار بىلەن خەنزۇلار بىردەك بۇغا مۈڭگۈزىنى بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدىغان ناھايىتى مۇھىم دورا، دەپ قارايدىكەن.

بىز پولو كەنتىدە بەش كۈن تۇردۇق. بۇ يەردىن كۆراپ جىلغىسىنى بويلاپ تىبەتكە يېتىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىنلا كېرىيە تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. بۇ قېسقىغىنە ئېكسپېدىتسىيە بىزنىڭ بىر ئاي ۋاقتىمىزنى ئالدى، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى.

بىز بىرقەدەر پەس تاغلاردىكى تاغ قاپتاللىرىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. ئۆتكەن يەرلىرىمىز دېڭىز يۈزىدىن 3000 ~ 3400 مېتىرغىچە ئېگىز. ئايرىم بۆلەكلەر 3700 مېتىر ئېگىز. بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ جەنۇبقا قارايدىغان بولساق چوققىلار خۇددى غايەت زور تاش قۇشتەك بېشىمىز ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس. تاغ ناھايىتى تىك بولۇپ، جىلغىلار خۇددى بىرنەرسە بىلەن ئويغاندەك بەكمۇ چوڭقۇر. تار جىلغىلاردا يەنە كۈچلۈك ئېقىنلار بار بولۇپ، ئاتلىق كارۋاننىڭ ئۆتمىكى ناھايىتى قىيىن. لېكىن بىز ئىلگىرىلىگەن يوللاردا بۇلۇتلار توپلىنىپ يامغۇر يېغىپ، ئادەملەر، ئۇلاغلار ھۆل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۇك ـ تاقلارمۇ ھۆل بولۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. يوللار ناھايىتى تېيىلغاق، كىچىك ئېقىندا سۇ ئۆرلەپ كەتكەن. بىردىنبىر كۆيۈش ماتېرىيالى بولغان قۇرۇق تېزەكلەرمۇ ئاللىقاچان ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت كۆيمەيتتى. يامغۇر يېغىۋەرسە تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەشكە ئامال بولمايتتى. بەزى يەرلەردە لاگېر قۇرۇپ، بىرقانچە كۈن يېتىپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى.

تىبەت تەرەپتىن يامغۇر بۇلۇتلىرى توختىماي كېلىپ تۇراتتى، ھاۋامۇ شالاڭلىشىپ، سېرىق توپىلارنىڭ تەركىبىدىكى سۇلارنىڭ پارلىنىشىمۇ تېزلىشىپ، سوغۇق ھاۋاغا ئۇچرىشىپلا يامغۇر بولۇپ ياغاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇياش چىقىسىلا قارلىق تاغلاردىكى قارلارمۇ ھورغا ئايلىنىپ، سوغۇق بىلەن ئۇچرىشىپلا يامغۇر يېغىشقا باشلايتتى. شۇڭلاشقا، كېرىيە تاغ تىزمىلىرىدا يامغۇر سۈيى ناھايىتى مول

شاگىرتلىرىنى ناماز ئوقۇشقا ئۈندەيدىكەن ۋە يېتەكلەيدىكەن.

ماچىنلىقلارنىڭ كۆپ گىرىپتار بولىدىغان كېسەللى زۇكام. كېسەللىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى قىزىش ۋە چىش ئاغرىش. بەزىدە قىزىمىسى ئۆرلەپ كېتىش ئاالامەتلىرى كۆرۈلسە، بەزىدە باش قىسمى ئىششىق ئۆرلەپ چىقىدۇ ياكى قورسىقى ئاغرىيدۇ. كۆز كېسەللىكلىرى ۋە سىفلىس كېسەللى تاغلىق رايونلاردا كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن بوستانلىق رايونلاردا نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ. پوقاق كېسەللى ئادەت تاغلىق رايونلاردا كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن بوستانلىق رايونلاردا ئاندا ساندا كۆرۈلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يەكەندە ئاز بولمىغان كىشىلە پوقاق بولۇپ قالغان. ماچىنلىقلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، 1873 - يىلى بىر خىل كېسەل تارقالغان بولۇپ، بۇ كېسەل گۇرەن بېزى ياللۇغى كېسىلى بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بويۇن قىسمىغا بەز ئۆسۈپ چىققان. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار تۆت كۈندىن كېيىن نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەن.

ماچىنلىقلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى غەلىتە بولۇپ، رىسالىلەرگە ئۇيغۇن ئەمەس. مەسىلەن، باش قىسمى ئىششىپ قالسا بۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: مەخسۇس سايمان بىلەن يىلاننى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى ئاغرىپ قالغان جايغا چېچىپ قويىدىكەن ياكى كالا تېزىكى بىلەن ئات قىلىنى ئېزىپ شېكەر سۈيىگە چىلاپ كېسەلنىڭ بۇرنىغا كىرگۈزىدىكەن. جاراھەتنى داۋالاشتا قېتىقنى جاراھەت ئېغىزىغا سۈرتىدىكەن. سىفلىسنى داۋالاشتا قېتىق ئىشلىتىدىكەن، لېكىن ئاساسلىق ئۇسۇلى بولسا، يەنىلا كۈمۈش سۈيى بىلەن باشقا زەھەرلىك دورىلارنى جاراھەت ئورنىغا سۈرتۈشتۇر. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى شەھەرلەردىكى مەخسۇس دوختۇرلار قوللىنىدۇ. لېكىن تاغلىق رايونلاردا پەقەت ئوت ـ چۆپلەرنى قاينىتىپ دورا ياساپ، ئادەتتىكى باش ئاغرىش، قورساق ئاغرىش قاتارلىق كىچىك كېسەللەرنى داۋالايدۇ. ناۋادا تۇغۇتلۇق (تۇغقان) ئاياللار پاچاق ئاغرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولسا، قارا كالىنىڭ يېڭى تېزىكىنى قىزىتىپ، ئاغرىغان ئورۇنغا باسىدۇ. ئۇلار ھامىلىدار ئاياللار تۇغۇتتىن بۇرۇن ياكى تۇغۇتتىن كېيىن بۇغا مۈڭگۈزىنى سوقۇپ (ئېزىپ) ئىستېمال قىلىپ بەرسە

سۇ ئاز ۋاقىتتىمۇ، سۇ كېچىپ مېڭىش ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن ئەتىسى ئەتىگەنگىچە سىم - سىم يامغۇر يېغىپ سۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەچكە، دەريادىن ئۆتەلمىدۇق. بىرنەچچە قېتىم سەل چۈشۈپ ئاھالىلەرنىڭ بىرقانچە ئون تۇياق قويلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى. سەل چۈشكەن چاغدىكى مەنزىرە بەك قورقۇنچلۇق بولۇپ، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇلار تاشلارغا ئۇرۇلۇپ پارچە - پارچە قىلىنىۋېتەتتى. كەلكۈن شىددەت بىلەن كەلگەن چاغدا 50 كۇب مېتىرلىق چوڭ تاشلارنى ئېقىتىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. جىلغىلاردىكى ناھايىتى چوڭ تاشلارغا قاراپ، بىز سۇنىڭ بۇزغۇنچىلىق كۈچىنىڭ ناھايىتى زورلۇقىنى ھېس قىلدۇق. ۋەھالەنكى، بۇ سۇ نەچچە ئون كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن دەھشەتلىك ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ، شىرىلداپ ئېقىپ كىشىلەرنىڭ ئېتىز - باغلىرىنى سۇغىراتتى.

بۇ قېتىملىق قىسقا مۇساپىلىك ئېكسپېدىتسىيە ناھايىتى جاپالىق، خەتەرلىك بولسىمۇ، تەتقىقات نەتىجىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولماي كۆزلىگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يازالمىدۇق. تاغدىكى قۇشلارنىڭ تۈرى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قىسمى جۇلغۇۋاتقان بولغاچقا، ئەۋرىشكە قىلىشقا بولمايتتى. كۈندۈزى تاغدىكى ھايۋانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىر گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىدىغان مەزگىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى گۈللەر ناھايىتى ئاز ئىدى. كۈن بويى يامغۇر ياغقاچقا، تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش تەس بولۇپلا قالماستىن، ئۆسۈملۈك ۋە قۇشلارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى قۇرۇتۇشقىمۇ ئامال بولمىدى. دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ جايدا يامغۇر قارغا ئايلىنىدىغان بولغاچقا، چېدىر، كىيىم ھەم تەتقىقات بۇيۇملىرى ھۆل بولۇپ كېتەتتى. كېچىلىك دىجورنىنىڭ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كېتىپ، ئەتىگەندە پاختىلىق چاپان كىيىۋالاتتى. بەزىدە يامغۇر توختىغان تەقدىردىمۇ ئۆلچەشكە ئامالسىز قالاتتۇق. بۇ چاغدا قۇملۇقتىن قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەچكە، تاغ چوققىسى تۇمانلىشىپ كېتەتتى. تاغدا بەزىدە ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، چوڭقۇر جىلغىدا نىشاننى بېكىتىش ناھايىتى تەس ئىدى. بەزىدە نىشاننى ئەمدىلا بېكىتكەن چاغدا، ھاۋا

ئىدى.

تاغ يوللىرى تىك ۋە خەتەرلىك. يامغۇر يېغىشتىن باشقا
ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ كېرىيىد
كىرا قىلغان ئاتلار بۇرۇن يۇك ـ تاق كۆتۈرۈپ باقمىغاچقا، يۇك
تاق ئارتىپ قويسىلا يەرگە يېتىۋېلىپ، ئورنىدىن تۇرمايتتى. نا
تۇرغۇزۇپ، يۇك ـ تاقنى ئۇستىگە يەنە ئارتىپ قويساق ئات مىدىرلا
قويمايتتى. يول بويىدا يېڭى ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرگەن هامان دەر
قورسىقىنى تويغۇزغىلى مېڭىشاتتى. بۇ ئاتلار تاغ يوللىرىدا مېڭ
كۆندۇرۇلمىگەن بولغاچقا، كۆپ قېتىم دومىلاپمۇ چۈشۈپ كەتتى.
باققۇچى يېتىلەپ ماڭسا، ئىش بىرئاز ئاسانلىشاتتى. بىراق،
يېتىلىگۈچىلەر ئاز، ئات كۆپ بولغاچقا، هەربىر ئاتنى يېتىلىگ
ئادەم يېتىشمەيتتى. كازاكلار يۇك ـ تاق توشۇش ئىشىنى يەڭگىل
تىش ئۈچۈن، ئۆزى مىنگەن ئاتلارغىمۇ يۇك ئارتىپ، ئۆزلىرى پىي
مېڭىشتى. كېرىيىدىن ئات هەيدەپ كەلگەن بىرنەچچە كىشىمۇ نا
هاۋا ۋە جاپالىق مۇساپىگە چىدىيالماي قالدى. شۇڭا، مەن ئۇلار
قايتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم هەمدە باشقا ئادەم ياللىۋالدىم.
كىن، يېڭىدىن ياللىۋالغان بۇ ئادەملەرمۇ بىرقانچە كۈنلۈك يامغۇرد
كېيىن بولالمىدى. هېلىمۇ ياخشى يەرلىك كىشىلەر تاغلىق كەنتت
ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئوتۇن بولغاچقا
تاماق ئېتىپ يېيەلىدۇق. ئەگەر ئوتۇن بولمىغان بولسا بىز ئىلگى
ـلـەشكە ئامالسىز قالاتتۇق. يولدا ئەڭ قىيىن ئىش بىرەر دەر
يولۇققاندا، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە يۈز بېر
تى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭقۇر جىلغا 300 مېتىر كېلەتتى.
يولى تىك بولۇپلا قالماي جىلغىمۇ ناهايىتى تىك، هەتتا ئوت ـ چ
ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاتلارمۇ ئۆتەلمەيتتى. گەرچە تاغ باغ
بىرقەدەر تەكشى بولسىمۇ، ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىز ـ پەس يوللار
خەتەرلىك ئىدى. ئاتلىرىمىز بىرقانچە قېتىم تاغدىن «ئۇچتى».
قېتىم بىرقانچە ئات بىراقلا دومىلاپ كېتىپ ئۆلدى. مېڭىشتىمۇ ئا
خاتىرجەم بولالمايتتى. كۆپ جىلغىلاردا تېز ئېقىن شىددەت بىل
ئېقىپ، چوڭ ـ كىچىك تاشلارنىمۇ دومىلىتىپ ئېقىتىپ تۇراتت

تا بىر كۈن توختاپ، ئاندىن چىرا بوستانلىقىغا قاراپ قوزغالدۇق. ئالدى بىلەن بىز قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ ماڭدۇق. 8 ~ 9 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن يول بويىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالتۇن كولاۋاتقانلىقىنى، كولانغان نۇرغۇن كان ئورەكلىرىنى كۆردۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە ئىش قىلىدىغانلار يازدا يۈزگىمۇ يەتمەيدىكەن. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن نەچچە يۈزگە كۆپىيىدىكەن. بۇ «قاپ سارەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئالتۇن كاندا بىز ئاخىر ئۇلارنىڭ ئالتۇن قېزىش مەشغۇلاتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كۆردۇق: ئۇلار ئالدى بىلەن دەريا بويىدىكى تۆپىلىك ۋە تۈزلەڭلىكتە تىك ۋە يانتۇ شەكىلدە 5 ~ 6 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تىك ئورەك قازىدىكەن ياكى تىك قىيا تۈۋىدىكى سۇ يۈزىدىن بىرنەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يانتۇ ئورەك كولاپ، ئالتۇن ئارىلاش قۇم - توپىلارنى كولاپ چىقىرىدىكەن. ئاندىن كىچىك كۆن خالتىلارغا قاچىلاپ دەريا بويىدىكى ئالتۇن سۈزىدىغان جايغا ئاپىرىدىكەن. يەنە بىر ئۆستەڭ قېزىپ، دەريا سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، ئېرىقنى رۇدىلارنى ئاپتوماتىك يۇيۇپ چىقىرىدىغان قىلىپ تەڭشەيدىكەن. يېپىشقاق توپىنى ئېرىقنىڭ تېگىگە قويۇپ نېپىز بىر قەۋەت توپىنى سۇ بىلەن يۇيىۋېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە يۈز كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى قۇم- توپىلارنى قويىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ قويۇپ يۇيىدىكەن. يۇيۇش جەريانىدا ياغاچ چىشلىق تاماق بىلەن قۇم- توپىلارنى تاتىلاپ ئۆتكۈزىدىكەن. چوڭ تاشلارنى چىقىرىپ تاشلايدىكەن. مۇشۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا شېغىل، قۇم دانچىلىرى ۋە ئالتۇن سۇنىڭ تېگىدە قالىدىكەن. مۇشۇنداق بىر مەزگىل يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆستەڭنىڭ سۇ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىپ، دەريا سۈيىنى كىرگۈزمەي، ئۆستەڭدىكى قۇم - توپىلارنى يۇمىلاق كەمچە شەكىللىك ياغاچ تەڭنىگە قويۇپ سۇدا ئاستا - ئاستا چايقىسا، شېغىل بىلەن قۇملار تەڭنىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىپ، ئالتۇن تېگىدە قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇلار چوڭراق ئالتۇنلارنى تاسقاپ چىقىرىپ باقماپتۇ. بۇنىڭدىن بۇ يەردىكى كانلارنىڭ ئالتۇن زاپىسى ئاز ئىكەنلىكىنى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى ئىلگىرى بىز كۆرۈپ ئۆتكەن «قاپا ئالتۇن كېنى» ۋە «سوغراق ئالتۇن كېنى» غا يەتمەيدى-

ئۆزگىرىپ نىشان يەنە غايىب بولاتتى.

تـەكشۈرۈشتە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈشمۇ نەتىجىلىك بولدى. يەرلىك ئاھالىلەر دوستانە ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەكشۈرۈشىمىزنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. بىراق، ئىككى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق ئۇقتۇرالايدىغان تەرجىماننىڭ كەملىكى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نېمىشقىدۇر بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىشنى خالىمىغانلىقى سەۋەبىدىن تەكشۈرۈش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. كېيىنكىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئەۋەتكەن خادىم بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى ئىنچىكە كۆزىتىپ يۈرەتتى. ئۇلار تاغنى بويلاپ بىز بىلەن بىللە مېڭىپ، يەرلىك خەلقنى ئىمكانقەدەر بىزدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئارقىلىق مائىنلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدىن يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنى ئىگىلىدۇق.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىز «ئۇلۇغ ئېچىق» دېگەن يەرگە يېتىپ باردۇق. بۇ بىزنىڭ كېرىيە تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ غەربكە قىلغان سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى جايى ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەردىن خوتەننىڭ يورۇڭقاش دەرياسىغىچە 30 كىلومېتىرلا كېلىدىكەن. لېكىن ئۇ يەرگە بېرىش ھاجەتسىز ئىدى. بىز كېرىيە تاغ تىزمىلىرىنىڭ يۆنىلىشى، يەر تۈزۈلۈشى، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە قارىتا تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئەپسۇسكى، يورۇڭقاش دەرياسىدىن تىبەتكە بارىدىغان يول يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلىرىمىزمۇ بەك ھېرىپ كەتكەچكە، ئەمدى ئالغا بېسىشقا ئامال يوق ئىدى. مەن يورۇڭقاش دەرياسىنى كۆزىتىشكە كىچىك ئەترەت ئەۋەتمەكچى بولدۇم. گەرچە پەقەت بىر كىچىك دەريادىن ئۆتسىلا بولىدىغان بولسىمۇ، يامغۇر تېخىچە يېغىۋاتقاچقا، مەن بۇ كىچىك دەريادىن ئۆتەلمەسلىكتىن قورقتۇم. يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ مەن كېرىيە تاغ تىزمىلىرىدىن چۈشۈپ، كېرىيە بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى چىرا بوستانلىقىغا بېرىشنى قارار قىلدىم. كېرىيىدە قالغان تۆگە ھەم يۈك ـ تاقلارنى چىرىغا ئەكېلىش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەنگە يۈرۈش قىلغىلى بولاتتى.

بىز دېڭىز يۈزىدىن 3400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى «ئۇلۇغ ئېچىق»

لۇپ، بوستانلىقنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقانلار قۇللار ئىكەن. «قۇل» شۇ يەرنىڭ يەرلىك تىلىدا قۇل، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئاغزاكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇرۇشتا ئەسىرگە ئېلىنىغاندىن كېيىن، پاكىستاننىڭ بارتىستاندىن يالاپ كېلىنىپ قۇل قىلىنىغانىكەن. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بارتىستانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشىپتۇ. ئەمما ھازىر يەنە بۇرۇنقى ئاتالغۇسىنى ساقلاپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى كىشىلەر ئاللىقاچان ماچىنلىقلار بىلەن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتكەنىكەن. چىرىدا نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. قىز ـ ئايالالار چوڭ ياغلىق بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى يۆگىۋالىدىكەن. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بازار قىزىيدىكەن. بوستانلىقتىكى مېۋىلىك باغلار كۆپ بولۇپ، مېۋىلەر ناھايىتى ئوخشايدىكەن. پىلە باقمىچىلىقى ناھايىتى جانلانغان بولسىمۇ، بىراق بۇ يەردە پەقەت پىلە غوزىكىلا ئىشلەپچىقىرىپ، رەختىنى خوتەنگە ئاپىرىپ توقۇتىدىكەن. ھەر يىلى باھاردا سۇ مەنبەسى يېتىشمىگەنلىكتىن، بۇغداينىڭ ئۇنۇشى ۋە ئۆسۈشى ئۇچۇنلا سۇ تەقسىملەپ بېرىلىدىكەن. ئەمما شال تېرىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن. بىز چىرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بوستانلىقنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئۆرۈكلۈككە چېدىر تىكتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يازلىق لاگېرىدىكى تەكشۈرۈش ساياھىتىمىز ئاخىرلاشقان بولدى. 6 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە بولغان بۇ مەزگىلدە بىز جەمئىي 450 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۇق.

بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، روبروۋىسكى بىلەن كوسلوۋ تەرجىمان بىلەن ئىككى نەپەر كازاكنى ئېلىپ، كېرىيىگە تۆگە ۋە باشقا يۈك ـ تاقلارنى ئەكېلىشكە ماڭدى. مەن ۋە قېپقالغان كازاكلار چىرىدا قېلىپ، بۇ يىلقى تەكشۈرۈشنىڭ قىسقىچە دوكلاتىنى بىرلىكتە يېزىپ چىقتۇق. مەن دوكلاتقا يەنە بىر پارچە خەتنىمۇ قوشۇپ، ئىلگىرى مەن شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ياردەم قىلغان رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى N • F پېترووۋىسكىغا ئەۋەتتىم.

بىز تاغدىن چۈشۈپ بوستانلىققا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قاتتىق

غانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ئارىسى-
ئون نەچچە ياشلىق ئوغۇل باللارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆردۇق.
بىز ئىزچىل قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ تاغدىن چۈشتۇق. قارا-
قاش دەرياسى بىلەن سول تەرەپتىكى سۈيى لىق يورۇڭقاش دەرياسى-
قوشۇلغاندىن كېيىن ئەش دەرياسى، چىرا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن-
تۆۋەنگە ماڭغانسېرى ھاۋا بارغانچە قۇرغاقلىشىپ، بارغانچە ئىسسىپ-
كېتىدىكەن. بىز ئاخىرى يازلىق لاگېر جەريانىدا يىغقان بارلىق ئەۋرىش-
كە ۋە كىيىم - كېچەك، لازىمەتلىكلەرنى قۇرۇتىۋالدۇق.
بىز كېرىيە تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېتىكىدىن چىقىپ، دېڭىز يۈزىدىن
2400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايغا كەلدۇق. پەسكە قارىساق
ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېدىرلىق بولماي، بەلكى ئوت -
چۆپ ئۆسمىگەن تۈزلەڭلىك كۆرۈندى. چىرا دەرياسىنىڭ دەريا ۋادىسى
ناھايىتى كەڭ، بەزى بۆلەكلىرىنىڭ كەڭلىكى 500 مېتىرغا يېتىدى-
كەن. دەريا قىنىدا دەريا سۈيىدىن باشقا، يەنە بۇلاق سۈيى بار ئىكەن.
دەريا بويىدا تېرىغىلى بولىدىغانلىكى يەرلەرگە ماچىنلىقلارنىڭ ئارپا ۋە
بۇغدايلىرى تېرىلىپتۇ. تاغدىن چۈشۈش يولىمىزدا ئىككى - ئۈچ
ئېغىزلىق تويا تاملىق ئۆيلەر پات - پات ئۇچراپ تۇردى. دەريا ۋادىلىرد-
غا كەلگەندە تام ئۆيلەر بارغانسېرى كۆپەيدى.
تېكىلىك تاغلىرىنىڭ جىلغىلىرى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، كېسىپ
ئۆتكىلى بولمىدى. بىز چىرا دەرياسىدىن ئەگىپ كانچى دەرياسى قىر-
غىقىغا كەلدۇق. كانچى دەريا ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر تېخى-
مۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار بىزنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى.
مېۋە - چېۋە ۋە نانلار بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ چاغدىكى تېمپېراتۇرا
30℃ بولۇپ، بىز «چۆرۈش كەنتى» ئەتراپىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، چىرا
دەرياسى قىرغىقىغا بېرىشقا تەييارلاندۇق. يولدا ئاساسەن قاقاسلىق
جايلاردىن ئۆتۈپ، چىرىدىن توپتوغرا بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
چىرا دەرياسى بويىغا بارغاندا، ئاندىن بىرقانچە تاملىق ئۆي ۋە مېۋىلىك
باغلارنى كۆرەلىدۇق.
8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەتىگەندە بىز چىرا بوستانلىقىغا يېتىپ
باردۇق. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ماچىنلىقلار بو-

قايتىدىن جەم بولدۇق. پۈتۈن ئەترەتتىكىلەرنىڭ يىغىلىشىغا ئەگەشىپ، بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمىزمۇ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالدى. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بىز ئالدى بىلەن خوتەنگە، ئاندىن كېيىن خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا، ئەڭ ئاخىرىدا تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ۋەتەنگە قايتىشىمىز كېرەك ئىدى. بىزنىڭ تۆگىلىرىمىز «ئويتوغراق» بوستانلىقىنىڭ ئەتراپىدا بېقىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بولدى، تولۇق بېقىلىشقا ئېرىشتى دېيىشكە بولاتتى. لېكىن، جىسمانىي كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كېلەلمەپتۇ. بىرنەچچە تۆگە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بەزى تۆگىلەر بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە، يەرلىك پۇقرالارغا سېتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئېشىپ قالغان 40 قا يەتمىگەن تۆگە بۇرۇنقىدەك ساغلام، تېتىك ئەمەس ئىدى. ئاللىقاچان كېسەل بولۇپ ئاجىزلىقتىن شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا تۆگىلەرگە يېنىك يۈك ـ تاقلارنى ئارتىپ تەڭرىتېغىغا يېتىپ بارغىلى بولسىمۇ، لېكىن تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭلاشقا مەن رۇسىيىنىڭ سىمىرچېنىسكىدىكى گۇبېرناتورى فىرودقا بىر پارچە ياردەم سوراش خېتى يېزىشنى قارار قىلدىم. قەشقەر ئارقىلىق سىمىرچېنىسكىغا ئەۋەتىلىدىغان بۇ خەتتە 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 40 ياخشى تۆگىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ بېرىش تەلەپ قىلىناتتى.

بىز چىرىدا يۈك ـ تاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، يولغا چىقىش ئالدىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك تەييارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق. ھەممىسى كونكرېت ئىشلار بولغاچقا، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا بىز چىرىدا بىرنەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدۇق. يەرلىك پۇقرالار بىزگە قايتا ـ قايتا: 9 ـ ئايدىكى قۇرغاقچىلىق پەسلى يېتىپ كەلمىگۈچە، خوتەن دەرياسىدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ. ھاۋا سەل سوۋۇمىغىچە يولدىكى توپ ـ توپ پاشىلار ئازايمايدۇ، دېدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىز بارلىق تۆگىلەرگە دېگۈدەك يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئارتىپ يولغا چىقتۇق. بىز يەنە بىرمۇنچە ئات ئارىيەت ئالدۇق. كازاكلار ئۇلارنى مىنىپ خوتەنگىچە كەلدى. چىرا بوستانلىقى بىلەن سامپۇلا بوستانلىقى ئارىسىدىكى 40 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول سۇسىز

ئىسسىقنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدۇق. دەرەخ سايىسىنىڭ تېمپېرا-تۇرىسى 35.3℃ قا يېتەتتى. يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەزە 68.5℃ تىن ئېشىپ كېتەتتى. كۈنلەر ئاشۇنداق ئىسسىق، بىر كۈنمۇ سالقىن هاۋا يوق. كۆپچىلىك ناهايىتى بىئارامىلىق هېس قىلا تى. يۇيۇنغۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. چىرا دەرياسى سۈيىنىڭ ھەممىسى ئېرىقلارغا قۇيۇلاتتى. شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىشىگە مۇ يەتمەيتتى. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مىجەزى ئادەتتە مۇلايىم، چىقىش قاق بولسىمۇ، سۇ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن بەزىدە جېدەللىشىپ، ھەتتا ئۇرۇشمۇ چىقىپ كېتەتتى. سەككىز كۈندىن كېيىن كېرىيىگە كەتكەر بەش كىشى ۋە كېرىيىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا قېپقالغان كازاكلار بىرلىكتە تۆگە ۋە يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ ئەترەتكە قايتىپ كەلدى. روبروۋسكى يولدا يەنە كومپاس بىلەن ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپتۇ. ھېسابلاشلارغا قارىغاندا چىرىدىن كېرىيىگە بارىدىغان ئارىلىق 90 كىلومېتىر كېلىدى-كەن. بۇ ئارىلىقتا مەخسۇس قوش چاقلىق هارۋا ماڭالايدىغان يول ياسالمىغان ئىكەن. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ يولدا قوش چاقلىق هارۋا ئوڭۇشلۇق ماڭالايدىكەن. يول بويىدا كېرىيە تاغ چوققىسىدىن باشلان-غان بىرنەچچە ئېقىن بولغاچقا، ئاھالىلەرمۇ بىرقەدەر كۆپ ئىكەن. بۇ ئېقىنلار تاغ جىلغىسىدىن ئېقىپ جىلغا ئېغىزىغا كىرگەندىن كېيىن يەر ئاستىغا سىڭىپ، قاقاس تۇزلەڭلىك رايونلارغا ئېقىپ بارىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ چىقىدىكەن. بۇ بۇلاقلار بوستانلىقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ئەمما، كۆپ قىسىم سۇغى-رىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇلار ياز پەسلىدىكى سۇنىڭ ئۇلغىيىشىدىن كېلىدىكەن.

## تەكرىتېغىدىن هالقىپ ۋەتەنگە قايتىش

بىز يەنە تۆگىلەر بىلەن بىللە بولدۇق. روبروۋسكى قاتارلىقلار يازدا كېرىيىدە قويۇپ قويغان يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنى-دى. كازاكلار تۆگىلەرنى ھەيدەپ «ئويتوغراق» تىن چىرىدىكى ئەترەتكە كېلىپ قوشۇلدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزدىكى ئادەم ۋە ئاتلار

سۈغىرىدىكەن. شەھىرىستاننىڭ ئاھالىلىرىمۇ ماچىن قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتىكەن. يەنە بىر قىسمى نوياغا چوقۇناتتىكەن. بۇ شەھەر زادى قاچان گۇمران بولغان؟ بۇنى يەرلىك كىشىلەر ئېنىق بىلمەيدىكەن.

سامپۇلا بوستانلىقى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1370 مېتىر ئېگىز. بىز چىرىدىن يولغا چىقىپ غەربكە قاراپ 40 كىلومېتىرلىق قاقاسلىقنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، سامپۇلاغا يېتىپ كەلدۇق. يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئايرىپ چىقىلغان تۆت غول ئۆستەڭ بوستانلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ ئۆستەڭلەر ئۇزاق يىللار ئىلگىرى كولانغاچقا، ھازىر قارىماققا تۆت كىچىك دەرياغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. بۇ بوستانلىق بىز ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن ھەرقانداق بوستانلىقتىن چوڭ ئىكەن. بۇ يەردە جەمئىي 15 مەھەللە بولۇپ، ھەربىر مەھەللىنى مىڭبېشى (يېزا باشلىقى) باشقۇرىدىكەن. 15 مەھەللە يەنە ھاكىمنىڭ بىرتۇتاش ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەن. ئىگىلىشىمىزچە، بوستانلىقنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 5500 ئائىلە ئىكەن. ئاھالىلەرنىڭ لوپ كەنتى ۋە ھاڭگىيا كەنتىدىكىلەردىن باشقىلىرى ماچىن قەبىلىسىدىن ئىكەن. لوپ كەنتىدىكى ئاھالىلەر لوپنۇر( 罗布泊 )نىڭ جەنۇبىدىكى لوپ ( 罗布 ) شەھىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: ھاڭگىيا ئاھالىلىرى ئىران قەھرىمانى رۇستەمى داستاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەن. ھاڭگىيا ئاھالىلىرى ئارىسىدا سېرىق چاچلىق يىگىتلەر ئاز ئەمەس ئىكەن. بەزىدە تېخى سېرىق چاچلىق قىزلارمۇ ئۇچراپ قالىدىكەن، قارا چاچلىقلار يەنە كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىكەن.

ھاڭگىيا ئاھالىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر رىۋايەت بار ئىكەن: رۇستەمى داستان يىراقتا سەپەر قىلغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە ئوغلىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى چوڭ بولۇپ ئاپىسى بىلەن قوغۇن تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپتۇ. رۇستەمى داستان جەڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئوغلى ۋە ئايالىنى تاپالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ھاڭگىيا

قاقاسلىق بولۇپ، يەر يۈزىدە ئاندا ـ ساندا يۇلغۇنلار ئۆسكەن ئىدى. تېكىلىك تېغى كېرىيە تاغلىرىدىن كەلگەن سۇنى بۆلۈۋەتكەن بولغاچقا، قار سۇلىرى چىرا دەرياسىغا چۈشمەي يورۇڭقاش دەرياسىغا ئېقىپ چۈشۈپ، بۇ يەرلەرگە كەلمەيتتى. يول بويىدا قۇم ـ شېغىللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. قوش چاقلىق ھارۋىلار كۈچەپ ـ كۈچەپ ئاران ئۆتەتتى. ھەر ئىككى كىلومېتىردىن تۆت كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا يول بەلگىسى ئورنىتىلغان بار ئىدى، يەرلىكلەر توپىدىن ياسالغان پىرامىدا شەكىللىك قۇرۇلۇشنى «پوتەي» دەپ ئاتايتتى. بۇ ھەم يول ئۆلچەش بىرلىكى ئىدى. يول بەلگىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر ـ ئىككى ئېغىز ئۆي ۋە بىر قۇدۇق بار ئىدى، بەزى قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 15 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، سۈيى ئاز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يامغۇر ياغقاندىلا تېكىلىك تېغىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ ئاندىن «بەشتوغراق ئۆتىڭى»گە يېتىپ كېلەلەيدىكەن. بۇ ئۆتەڭ ئەتراپىدا 35 يىل ئىلگىرى 30 دىن ئارتۇق ئاھالىسى بار بىر كىچىك كەنت ھاسىل بولغان بولۇپ، تېرىلغۇ يېتىزى ۋە مېۋىلىك باغلىرى بار ئىكەن. ئۇ چاغدا ھەر يىلى ياز پەسلىدە تېكىلىك تېغىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ بىلەن تېرىلغۇ يېتىزلارنى ۋە مېۋىلىك باغلارنى سۇغىرىشقا بولاتتىكەن. ھازىر تاغ سۇلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمىگەچكە، قۇم ـ شېغىللار دەريا قىنىنىمۇ كۆمۈۋېتىپتۇ.

بىز مېڭىۋاتقان يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۆچمە قۇملار بىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. بەشتوغراق ئۆتىڭىنىڭ شىمالىدىكى 6 ~ 7 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقنىڭ بويىدا بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھىرىستان ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ شەھەرنى سىياۋۇش خان قۇرغان بولۇپ، كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئىكەنمىش. 24 دانە قوۋۇق بولۇپ، ھەربىرىنى 1000 ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلاتتىكەنمىش. شەھەر مەركىزىدە ناھايىتى چوڭ كۆل بولۇپ، سۈيى يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئېقىپ كېلەتتىكەنمىش. ھازىر يورۇڭقاش دەرياسى قەدىمىي شەھەردىن ئارىلىقى 15 كىلومېتىرغا يەتمەيدىغان سامپۇلا بوستانلىقىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، تېرىلغۇ يېتىزلارنى

بولغان يېزا ئەمەلدارىدىن سورىدۇق. يەرلەرگە كۆممىقوناق ۋە بېدە تېرىلغان ئىدى. ئارقىدىنلا بۇغدايلىقلاردىن ئۆتتۇق. ئۇلار ھاكىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئېنىقكى، ھاكىممۇ خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلغان، ئۇلارنىڭ مەقسىتى — شۇ يەر خەلقىنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوق قىلىش؛ ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى — بىزگە خەلقنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆستۈرگەن زىرائەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاتقۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ بىزگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغاش ئىدى. بىز ئاخىر ھاڭگىيا كەنتىنىڭ بېشىدىن چۈشكۈن قىلىشقا لايىق يەر تاپتۇق. بىز ئۇ ھاكىمنى چاقىرىپ كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى ئاقلاپ، «يولنى ئوبدان بىلمىگەچكە شۇنداق مېڭىپتىمەن» دېدى. بۇ ئەلۋەتتە قۇرۇق گەپ ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بىز يەرلىك خەلققە ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلارغا ئۆزىمىزنىڭ پوزىتسىيەمىزنى ئېنىق بىلدۈرۈش زۆرۈر دەپ قارىدۇق. مەن، ھاكىم ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنى، مۇشۇ كەنتىنىڭ مىڭبېشى قاتارلىقلارنى باغلاتقۇزۇپ، چۈشكۈنىنىڭ يېنىدىكى دەرەخ تۈۋىدە تۇرغۇزۇپ قويدۇم. مىلتىقلىق ئەسكەرلەرنى ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە تەرجىمان ۋە يېزا چوڭلىرىنى بېرىپ بىز دەسسىۋەتكەن زىرائەتلەرنىڭ دېھقانلارغا قانداق زىيان ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. ئېنىقلاشقا كەتكەنلەر ئىككى سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. بىز دېھقانلارنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بەردۇق. بۇ چاغدا بىزنىڭ ھاكىمنى تۇتۇۋالغانلىق خەۋىرىمىز ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەر كەنتتىن چىقىپ تەرەپ- تەرەپتىن چۈشكۈنەمىزنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، بۇ ئالاھىدە مەنزىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئاھالىلەر مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلارغا سادىقلىق بىلەن ئىشلىگەن بۇ ھۆكۈمراننىڭ دەرەخكە باغلانغانلىقىنى كۆرگىنىدە، خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي قالغان ئىدى.

بىز ئۇلارنى ئەتىسى ئەتىگەنگىچە باغلاپ قويدۇق. مەن بۇنىڭدىن كېيىن بىز يەنە ئۇلارنىڭ يول باشلىشىغا موھتاج دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يەرلىك يېزا چوڭلىرى ۋە نامى بار شەخسلەر

كەنتىدە تۇيۇقسىز بىر ياش بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، مەلۇم بىر ئىش
تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ يىگىتنى
يەرگە بېسىۋېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، يىگىت بار كۈچى بىلەن
«رۇستەمى داستاننىڭ ئوغلى ئۆلىدىغان بولدى» دەپ ۋارقىراپتۇ
رۇستەمى داستان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال قولىنى بوشى
تىپتۇ. ئۇ بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىنتا
يىن خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىرقى ھاڭگىيا كەنتىدە تۇرۇپ
قاپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ يەردە ئۇزلۇكسىز كۆپىيىپتۇ.
بۇ كەنت ئەسلىدە «ماكان» دەپ ئاتالغان بولۇپ، كېيىن «ھاڭگىيا»
دەپ ئۆزگەرتىلىپتۇ.

بىز ئەمدىلا سامپۇلا بوستانلىقىغا كېلىشىمىزگە ناھايىتى كۆڭۈل
سىز بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىشنى بىر خەنزۇ ئەمەلدار پىلانلاپ
كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىكەن. شۇ يەردىكى ھاكىم بۇ ئىشقا قاتناشقان
ئىكەن. بۇ ئىش مۇنداق:

بىز سامپۇلا بوستانلىقىغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان «باي ئۆتە
ڭى» نىڭ غول لىنىيىسىدىن ئايرىلىپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ھاڭگىيا كەن
تىگە قاراپ ماڭدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي كەنتنىكى ئاقساقال ۋە باشقا كەنت
ئاھالىلىرى مېۋە- چېۋىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ بىزنى كۇتۇۋالدى.
پۈتۈن بوستانلىقنى باشقۇرىدىغان ھاكىممۇ يېتىپ كەلدى ھەمدە تەشەب
بۇسكارلىق بىلەن بىزگە يول باشلىدى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەنتك
كىردۇق. دەسلەپكى نەچچە كىلومېتىرلىق يولنىڭ ئىككى تەرىپىد
چېچىلاڭغۇ ئۆيلەر ئۇچراپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىزنى باشلاپ
ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئاندىن ئۇدۇل ماڭدى. بۇ يول تۈگىگەندىن كېيىن
ھاكىم بىزگە باشقا بىر ئادەمنى يول باشلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ
ئۆزى ئالدىدا كېتىپ قالدى. يېڭى يول باشلىغۇچى بىزنى دەسلەپتە
بوز يەرلەر بىلەن باشلاپ ماڭدى، كېيىن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تېرىلغ
يەرلىرىدىن ئۆتتۇق. بىز ئۆتكەن يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى تۆگىلەر دەس
سەپ پۇتۇنلەي بۇزۇۋەتتى. خېلى ماڭغان بولساقمۇ، چۈشكۈن (قو
نالغۇ) قىلغۇدەك يەرنى تاپالمىدۇق. كۆڭلىمىز تولىمۇ پاراكەندە بول
دى، ئەمما باشقا چارە يوق ئىدى. بىز يول باشلىغۇچى ۋە ھەمراھ

ۋاقتىنچە بىكار قىلىندى.

هەر كۈنلۈكى قاتتىق ئىسسىق بولۇۋاتاتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىشىمىزغا ئىمكان يوق ئىدى. بىز سامپۇلا بوستانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «قوتاز سازلىقى» ئەتراپىدا چۈشكۈن قۇرۇپ بىر هەپتە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز بۇ يەردە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان كۆز پەسىللىك قۇشلارنى كۆزىتىشنى قارار قىلدۇق. «قوتاز سازلىقى» كېرىيە بىلەن خوتەننى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول بويىغا جايلاشقان. تۇزلۇق داشتا ناهايىتى قويۇق قومۇشلار ئۆسكەن. ئەتراپىدا يۇلتۇزدەك تارقالغان سۇ ئازگاللىرى بار ئىدى. ئەمما بۇنداق نەم يەرلەر رۇسىيىدىكى نەم يەرلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايتتى. تۇپراق تەركىبىدە چىرىندىلەر يوق، يۈزىدە پەقەت ناهايىتى نېپىز بىر قەۋەت يېپىشقاق سېرىق توپا بار ئىدى. سۇ قۇشلىرى ۋە پەسىل قۇشلىرى بۇنداق نەم جايلاردا ئارام ئېلىشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. ئەمما ئەتراپتا شارائىتى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى يەر يوق ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا كۆچۈش سەپىرىدىكى قۇشلار بۇ يەردە ۋاقتىنچە دەم ئالاتتى.

بىز «قوتاز سازلىقى» دىن خوتەنگە قاراپ ئاتلاندۇق. ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى 20 كىلومېتىر كېلەتتى. بىز يول بويى بوستانلىقلاردىن ئۆتتۇق. يول ياقىسىدا كۆرگەنلىرىمىز مۇشۇ بوستانلىقنىڭ باشقا يەرلىرىدىكىگە ئوخشاش هەممە يەر ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تام ئۆيلەر ۋە تام توساقلارنىڭ هەقىقىي قىياپىتىنى تولۇق كۆرگىلى بولمايتتى، ئىككى تەرەپ پۈتۈنلەي دەل ـ دەرەخلەر تىكىلگەن ئېرىق، مېۋىلىك باغ، كۆكتاتلىق هەم پارچە ـ پارچە تېرىقچىلىق ئېتىزلىرى قاتارلىقلار ئىدى.

ياز پەسلى ئاللىقاچان ئۆتكەن، بۇغداي ۋە ئارپىلار يىغىۋېلىنىپ بولغان. بىپايان ئېتىزلىقتا كۆممىقوناقلار ئۆسۈپ تۇراتتى. ئازراق كېۋەزمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە ئادەتتە ئارپا، كۆممىقوناقلار، بۇغداي يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن تېرىق ۋە تۇرۇپ تېرىلاتتى. بىر يىل ئىچىدە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەڭ يېتەرلىك بولغىنى 5 ـ ئاي ئىدى. توپا، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا ئادەتتە گۈللۈك ۋە كاۋا پىلەك-

بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ھاكىمنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ھاكىمنىڭ بەدىنىنىڭ ئىنتايىن مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. شۇنىڭ بىلەن ئامىمىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ-غا بىرنەچچە ئېغىز مۇھىم ئىشلارنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، ئۇنى قويۇپ بەردىم. بۇ چاغدا خوتەننىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئەۋەتكەن ئىككى ئەمەلدار كەلدى. بىزنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىمىزنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈردى. مەن بۇ ئادەملەرنىڭ ساختا مېھرىبانلىقىنى سېزىپ قالغاچقا، ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدىم.

بۇ يەردە جۇڭگونىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ بىزگە تۇتقان ھەقىق-قىي پوزىتسىيىسىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمىز: ئۇلار ھەممە يەردە پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، بىزگە يامان نىيات بىلەن قارا چاپلىدى، ھەتتا بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشتى. بىز سامپۇلدىن يەر ئالماقچى بولساق، ئۇلار ھەتتا يېرىم كۋادرات مېتىر يەرمۇ سېتىپ بەرمەيدىغان-لىقىنى ئېيتىشتى. ئۇلار پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، «رۇسىيىلىكلەر ناھايىتى مۇتتەھەم، بىر مۇشت چوڭلۇقتىكى يەرگە بىر تۇپ سۆگەت دەرىخى تىكىدۇ، دەرەخ تېز ئۆسۈپ يوپۇرماقلىرى يېيىلغاندا، ناھايىتى چوڭ بىر كۆلەمنى ئىگىلەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە رۇسىيىلىكلەر سۆگەت سايە تاشلىغان يەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، باشقىلارنى بىر قەدەممۇ دەسسەتمەيدۇ» دېيىشتى. ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇلار ھەممىشە بىزنىڭ ئەۋرىشكە قاچىلايدىغان چوڭ ياغاچ ساندۇقىمىزغا ئەسكەرلەر يوشۇرۇنغان دەيتتى. «رۇسىيىلىكلەر ساندۇق ئىچىگە ئاش-لىق قاچىلاپ، يەنە يەر بىكارلاپ ئادەم قاچىلىغان، ساندۇق ئىچى خۇددى چۇجە تۇخۇم شاكىلى ئىچىدە تۇرغاندەك لىقمۇلىق تولغان» دەپ چۈشەندۈرەتتى. نادان خەلق راستتىنلا ئۇلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا، پۈتكۈل بوستانلىقتىكى ئاھالە بىزگە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق ئىچىدە دوستانە پوزىتسىيە تۇتاتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، يەرلىك ئەمەلدارلار يەنە ئاھالىلەرنىڭ بىزدىن يى-راقلىشىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۇردى. ھاكىمنىڭ باغلى-نىش ۋەقەسىدىن كېيىن بىز ئالدى تەرەپتىكى چوڭ يولغا چىقساق، بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتمىدۇق. شۇ كۈنى لوپنىڭ قەرەللىك بازىرىمۇ

ياكى گۆرۈچ بار ئىدى. ھەربىر تاغارغا قاچىلانغىنى بىر پۇتمۇ چىقمايتتى (بىر پۇت 33 جىڭغا تەڭ). يەنە كىچىك خالتىلاردا ئۆرۈك، سامساق، گۈلە، قاق، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلار بولاتتى. يەنە باشقا بىر دۇكاندا بىرنەچچە قاداق (رۇسچە ئېغىرلىق بىرلىكى: بىر قاداق تەخمىنەن 409.5 گرام) كەلگۈدەك ئاق شېكەر، ئاز مىقداردا لازا، موخوركا، سەرەڭگە قاتارلىقلار تىزىپ قويۇلاتتى. بەزى دۇكانلارنىڭ ئالدىغا يەنە كېرەكسىز مىس، تۆمۈر - تەرسەكلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، تۆمۈرچى دۇكان ئىچىدە ئىشلەپ يۈرەتتى. بازاردا يەنە موزدۇزلۇق دۇكانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆتۈك تىككەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ساتاتتى. يەنە بەزى دۇكانلارنىڭ ئالدىغا سويۇپ تەييارلانغان قوي گۆشلىرى ئېسىپ قويۇلغان بولاتتى. بەزى دۇكانلاردا تۇماق، چاپان ۋە باشقا كىيىم - كېچەكلەر سېتىلسا، بەزى دۇكانلاردا چىت، شەتلەڭگە، زىغىزىق، ئارقان قاتارلىق رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى سېتىلاتتى. يەنە بەزى دۇكانلار كۈمۈش بىلەزۈك، ھالقا، ئۈزۈك، ياغاچ تاغاق، ئەينەك، ئەڭلىك، ئۇپا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنى، بەزى دۇكانلار ساپال بۇيۇملار ۋە قاچىلارنى ساتاتتى. يەنە بىر ساتىراشخانىمۇ بار ئىدى. بازار باشتىن - ئاخىر مۇشۇنداق بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن دۇكانلار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئادەملەر نان، مېۋە - چېۋە ياكى گۆشگۈرت كۆتۈرۈپ بازاردا تۇۋلاپ ساتاتتى ياكى غاڭزىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كىشىلەرگە تاماكا چەكتۈرەتتى. بىر قېتىم چەكسە ئىككى - ئۈچ تىيىن ئالاتتى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا پەقەت ئەرلەرلا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانماستىن، نۇرغۇن ئاياللارمۇ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھەر خىل تاۋارلارنىڭ باھاسى ئىچكىرى جايلاردىكىدىن ئەرزانراق ئىدى. بازاردا كىشىلەر مىغ - مىغ بولغاچقا، تەرتىپ قالايمىقان بولۇپ، بېرىپ باقمىغان ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بازار يەنە يەرلىكلەرنىڭ ھەر خىل ئۇچۇرلارغا ئېرىشىدىغان جايى ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يىراقلاردىن ئالايىتەن بازارغا كېلىشى نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى پاراڭلىشىش ياكى مەلۇم ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ ئىدى.

لمرى بىلەن ئورالغان شىپاگلار بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆي ئۆگزى-سى، تام ئۈستى، دەرۋازىلارنىڭ ئۈستى، ماگىزىنلارنىڭ ئۈستىگىمۇ گۈل تېرىلغان ئىدى. ھەممە يەر مۇنبەت سېرىق تۇپراق ئىدى. تېرىلغۇ يەر يېتەرلىك ئىدى. پاكار تاملار ئۆي ۋە مېۋىلىك باغلارنى قورشاپ تۇراتتى، ئېتىزلار ۋە ئېتىزغا يانداش يوللارنى قورشىمايتتى. ئېتىزلار-دا كۆممىقوناق بولۇپلا قالماستىن، يەنە پىشقان قوغۇن - تاۋۇزلارمۇ بار ئىدى. ئەمما ھېچكىم بۇ نەرسىلەرنى ئوغرىلىمايتتى. بەزىدە بەزى كىشىلەرنىڭ قورشىما تاملارنىڭ ئۈستىگە تىكەن سانجىپ ساخال قوي-غانلىقىنى كۆردۇق. نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىساق، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر بىزگە: ئۆي ئىگىسىنىڭ ياش ۋە چىرايلىق ئايالى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئايالىنىڭ تاپتىن چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، يۇقىرىقىدەك مۇداپىئە ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز قاراسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خوتەن چېگراسى ئىچىدىكى يورۇڭقاش بوستانلىقىغا كىردۇق. بوستانلىق يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىر-غىقىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەرگە ئوخشاش خېلى چوڭ بازىرى بار ئىدى. بازار كېرىيە بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ بازارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىمۇ ياخشى، باشقا بوستانلىقتىكى بازارلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۈچ - تۆت مېتىر كەڭلىكتىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار - قاتار كېسەك ئۆيلەر بىر - بىرىگە قىستاپ سېلىنغان بولۇپ، بۇلار دۇكان ئىدى. ھەربىر ئېغىز ئۆينىڭ ئالدىغا پېشايۋان چىقىرىلغان بولۇپ، دۇكان لەمپە ئاستىغا ياسالغان. سۇپىغا ساتماقچى بولغان ماللارنى تىزىپ قويۇشاتتى. بەزى يەرلەردە دەرەخ سايىسىغا دۇكان ئېچىلغان ئىدى، دەل - دەرەخ يوق جايلاردا قومۇشتىن بورا توقۇپ، سايىۋەن قىلىنۋالغان. سايىۋەننىڭ كەڭلىكى يولنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاستى بازار ئىدى. ئىسسىق چاغلاردا بازارغا دائىم سۇ سېپىلىپ تۇراتتى. خوتەندەك بۇنداق كاتتا شەھەردىمۇ بازاردىكى تاۋارلار تولىمۇ ئاددىي ئىدى. دۇكاندار دۇكان ئىچىگە قوغۇن، تاۋۇز، شاپتۇل ۋە باشقا كۆكتاتلارنى كىچىككىنە تاغقا ئوخشاش دۆۋىلەپ قوياتتى. باشقا بىر دۇكاندا بولسا، بىرنەچچە تاغار بۇغداي، قوناق

نىڭ بىرى. بوستانلىقنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ. دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1340 مېتىر ئېگىز. يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى بوستانلىقتىكى ئېتىز ۋە باغلارنى سۇغىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى دەريا بوستانلىق مەركىزىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۆۋەن ئېقىندا قوشۇلىدۇ. قوشۇلغاندىن كېيىن «خوتەن دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بوستانلىقتا خوتەن، يورۇڭقاش ۋە قاراقاشتىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر ۋە كۆپلىگەن يېزا - كەنتلەر بار. ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ماچىن قەبىلىسىگە تەۋە. ئۇنىڭدىن باشقا ئاز ساندا ئالەسۇللار، ئافغانلار، ھىندىلار، ئەنجانلىقلار بار، موڭغۇللار يوق، بۇددا مۇرىتلىرىمۇ يوق. ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى سۈننىي مەزھېپىدىكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى.

خوتەن بوستانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ يىلتىزى ئۇنچىۋىلا مۇستەھكەم ئەمەس. مەدرىسىلەردە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بۇ جەھەتتە قاراقاشلىقلارنىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك.

ئادەتتە قاراقاشلىقلار باشقىلار بىلەن ئاسان چىقىشالايدۇ، خوتەنلىكلەرگە قارىغاندا كۆڭلى تۈز، ئالاقىسىمۇ كەڭ دەپ قارىلىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر ئۇلارنى باتۇر، جەڭگىۋار دېيىشىدۇ. خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر ئەڭ كۆپ گىرىپتار بولىدىغان كېسەل — سىفلىس ۋە پوقاق بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كېسەل — چىش كېسەللىكى. كىشىلەر 40 ياشتىن ئاشسىلا، چىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ دائىم قۇرۇق ئۈزۈم يېيىش ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بوستانلىقلاردا ئاھالە زىچ، شۇنداقلا ھەممىسى ناھايىتى نامرات، شۇ سەۋەبتىن ئەمگەك كۈچىنىڭ باھاسىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن. بىر مەدىكارنىڭ يىللىق ئىش ھەققى يېمەك - ئىچمىكىنى چىقىرىۋەتكەندە پەقەت 32 تەڭگە. بۇ رۇسىيىدە ئۈچ رۇبلى 20 كوپىكقا تەڭ. ئاياللار بىر پارچە نان، بىر قور كىيىم ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ يەردىكى قول سودىسىمۇ ناھايىتى ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، پۇلدارلار نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋالىدىكەن. چەت ئەللىك سودىگەرلەر ۋە

يورۇڭقاش دەرياسى — يورۇڭقاش بوستانلىقى بىلەن ئەسلىدىكى خوتەن بوستانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان دەريا. بىز 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دەريادىن ئۆتتۇق. بۇ ۋاقىتتا سۇ خېلىلا ئاز قالغان ئىدى. دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىرچە بولۇپ، سۇ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 30 مېتىرچە ئىدى. سۇ يوق جايلاردىكى دەريا قىنى ئۇششاق تاشلار بىلەن تولغان ئىدى. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 60 سانتىمېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. سۇ سۈزۈك بولۇپ، سۇنىڭ ئېقىشى تېز ئىدى. بەزى جايلاردا دەريا يۈزى تارىيىپ، كەڭلىكى ئەسلىدىكىنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمەيتتى. ئەمما ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى.

تاش كۆپ بولغان دەريا قىنىدا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان تاش دۆۋىسى بار بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلەتتى. بۇ تاشلار بەلكىم يازلىق كەلكۈننى تەڭشەشكە ئىشلىتىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە دەريا سۈيىنىڭ مول بولىدىغان ۋاقتى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرى، 9 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئىدى. سۇ ئۆرلەش ۋاقتىدا سۇ بىرنەچچە ئېقىنغا بۆلۈنەتتى. دەريانى كېچىپ ئۆتكىلى بولىدىغان تېيىز جايلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.25 مېتىرغا يېتەتتى ھەمدە سۇمۇ ناھايىتى لاي ئىدى. بۇ ۋاقىتتا دەريادىن ئۆتمەكچى بولسا، دەريادىن ئۆتۈشكە ياردەملىشىدىغان ئىشلەمچىلەرنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايتتى. ئىشلەمچىلەر دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈۋاتقان ئاتلار ۋە تۆگىلەرنىڭ ئۆتۈشىگە قارايتتى. بەزىدە ئۇلار ئۇلۇغ سۇدا ئېقىپ كېتىپ، تۆۋەن ئېقىندىن ئۈمىلەپ چىقاتتى. بۇ بىر خەتەرلىك خىزمەت ئىدى.

خوتەننىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئەۋەتكەن خەنزۇ ئەمەلدار بىزنى دەريادىن ئۆتىدىغان كېچىكتە كۈتۈۋالدى. يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا 20 ~ 30 چە سارتلار (بۇرۇنقى رۇسىيىلىكلەرنى ئۆزبېكلەر شۇنداق ئاتىغان بولۇپ، كەمسىتىش مەنىسى بار ئىدى) بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار خوتەندە تىجارەت قىلىدىغان رۇسىيىلىكلەر ئىدى. ئۇلار مول داستىخان تەييارلاپ، بىزنى ئالدىن تاللاپ قويغان چۈشكۈنگە باشلاپ كەلدى. قەدىمدىن تارتىپ، خوتەن بوستانلىقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى داڭلىق سىياسىي، سودا مەركەزلىرى-

ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سېپىل دەرۋازىسى پىششىق خىشلاردىن يا-
سالغان. سېپىل قەلئەسىنىڭ ئىچىدە يەنە ھەربىي لاگېر ۋە بازار بار.
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە
باشقا ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار شۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان.

خوتەن بوستانلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئەڭ كۆپ بولغىنى كۆممىقوناق،
ئاندىن قالسا شال، بۇغداي، ئارپا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىراق بۇ
يەردە تېرىلغان ئاشلىقلار ئاھالىنى قامدىيالمىغانلىقتىن، ئاقسۇ ۋە
كۇچا قاتارلىق بوستانلىقلاردىن بىر قىسىم ئاشلىقلارنى يۆتكەپ كېلىش-
كە توغرا كېلىدۇ. خوتەن بوستانلىقىدا تېرىلىدىغان پاختا كۆپ ئە-
مەس، سۈپىتىمۇ ياخشى ئەمەس.

مېۋىلىك دەرەخ جەھەتتە بوستانلىقتا نۇرغۇن ئۆرۈك، شاپتۇل،
ئانار ۋە ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەن. ئۈزۈمنىڭ بەش
خىل سورتى بار. كىشىلەر ئادەتتە يېڭى ئۈزۈم يەيدۇ. بىراق قۇرۇق
ئۈزۈمنى ئەڭ كۆپ يەيدۇ. بۇ يەردە يەنە ئۈزۈم ھارىقى ئېچىتىدىكەن،
بىراق سۈپىتى ياخشى ئەمەس. خوتەننىڭ پىلىچىلىكى شىنجاڭنىڭ
جەنۇبىدىكى يەكەندىن قالسىلا، باشقا قۇملۇقلارغا قارىغاندا خېلىلا
تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گىلەم ۋە كىگىز قاتارلىق يۇڭ
مەھسۇلاتلىرىنى، مىس جابدۇق- ئەسۋابلار ۋە مىللىيچە ئالاھىدىلىككە
ئىگە كۇندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. بىراق بارلىق
سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆپ قىسمى ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچى-
لىكىگە تەۋە. پەقەت يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە كانچىلىق بىر قەدەر
كۆلەملەشكەن بولۇپ، بەزى يىپەك سېخلىرىدا 20 دىن ئارتۇق ئىشچى
بار. «قاراڭغۇ تاغ» دا ئالتۇن كانى بار. يەنە بىر قىسىم جايلاردىن
قاشتاش قازغىلى بولىدۇ. سىرتقا بولغان سودا - سېتىق جەھەتتە
شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن ئوخشاش. ئاساسلىقى رۇسىيە
بىلەن ۋە لاداخ ئارقىلىق ھىندىستان بىلەن سودا - سېتىق ئالاقىسى
ئېلىپ بارىدۇ.

ئالدىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خوتەنگە يېتىپ بارغان چېغىمىزدا رۇ-
سىيىلىك سارت — سودىگەرلەر بىزنى ئالدىن تاللاپ قويغان جايغا
باشلاپ باردى. ئۇ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بىر چوڭ باغ ئىدى.

خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ بالا سېتىۋالغاندىن كېيىن
ئۇلارنى يۆتكەپ قەللابلىق قىلىدىكەن. بەش ياشتىن 12 ياشقىچ
بولغان ئوغۇل بالىلارنىڭ باھاسى 50 تەڭگىدىن 100 تەڭگىگىچ
ئىكەن. قىزلارنىڭ ئالاھىدە چىرايلىقلىرىدىن باشقا، ئادەتتىكىلىرىنىڭ
باھاسى ئوغۇللارنىڭ باھاسىنىڭ يېرىمى ياكى تۆتتىن بىرىگە تەڭ
ئىكەن.

خوتەن شەھىرى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول [1] قىرغىقىد
جايلاشقان بولۇپ، شەھەردىكى يەرلىك ئۆيلەر ناھايىتى مەركەزلەشتۈ
رۈپ سېلىنغان، شەھەر رايونىدىكى كوچىلار بەكمۇ تار. بۇ شىنجاڭ
نىڭ جەنۇبىدىكى باشقا شەھەرلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەرد
ئالاھىدە چىرايلىق بولغان چوڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇشلار يوق. مۇسۇل
مانلار شەھىرىدە شەھەر سېپىلىمۇ يوق. بىراق، ھازىرقى شەھەر دائى
رىسىدىن خېلىلا چوڭ بولغان قەدىمكى قەلئە شەكىللىك شەھەر سېپى
لىنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ ساقلانماقتا. ھازىرقى شەھەر رايونى تۆت
قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەرقىي قىسمى «سۇ دەرۋازا»، جەنۇبىي قىسمى
«گۇجان»، غەربىي قىسمى «قازىلىق»، شىمالىي قىسمى «ھېيتگاھ»
دەپ ئاتىلىدۇ. شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياقۇپ بەگ تاجاۋۇ
قىلىپ كىرگەن چاغدىكى قەلئە خارابىلىرى ساقلانماقتا. يەنە غەربى
تەرەپتە شەھەر رايونىدىن خېلى يىراقتا يېڭىھېسار (ئۇيغۇرچە مەنىسى
يېڭىشەھەر) دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى شەھەر قەلئەسى بار. يېڭىھېسا
بولسا سېپىل تېمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان چاسا شەكىللىك بى
ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش. سېپىل تېمىنىڭ ئېگىزلىكى، كۆز بىلەن
مۆلچەرلىگەندە 12 مېتىر، تۆت تەرەپ تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم -
ئايرىم ھالدا 400 مېتىردىن كېلىدۇ. سېپىل ئۈستىدە ھەرە چىشى
شەكىللىك كۇنگۇرە بار، سېپىلنىڭ سىرتىدا خەندەكلەر بار. سېپىل
سىرتىدىن يىراق بولمىغان جايدا يەنە ئالدىنقى قاراۋۇلخانا بار. سېپىل
ئىشىكىنىڭ ئۈستى تەرىپى ۋە سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكىنىڭ ھەربىرىگ
مۇنار ياسالغان بولۇپ، ھەر قايسى تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ

---

[1] ماقالىدە خوتەن شەھىرى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ «سول قىرغىقىدا» دەپ يېزىلغان. بۇ بەلكى
خەنزۇچىغا قىلىنغان تەرجىمىدىكى خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

ڭا مەن ھېلىقى ئەمەلداردىن جېدەل چىقارغۇچىنى بەرمىسە، جازالىمى-
سا، ئادەم ئۇرغان ھەربىيلەر تەرجىمان ۋە ئىككى ئاقساقالدىن كەچۈ-
رۈم سورىمىسا، بۇ ئىشنى ھەرگىز ئاخىرلاشتۇرمايمىز، دەپ ئىپادە
بىلدۈردۈم. مەن ئاھالىلەر زىچ توپلاشقان شەھەر ئەتراپىدا ئەگەر جۇڭگو
ئەسكەرلىرى ئاۋۋال كېلىپ زەربە بەرسە ياخشى قوغدانغىلى بولمايدىغان-
لىقىنى ئويلاپ، قونالغۇمىزنى يورۇڭقاش دەرياسى بويىغا يۆتكەشنى
قارار قىلدىم. بىز ئۇ يەردە مىلتىقلىرىمىزنىڭ تەھدىت كۈچىنى تولۇق
جارى قىلدۇرالايتتۇق، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا ساقلى-
نالايتتۇق.

بۇ ئىشنىڭ شۇ يەردىكى ئاھالىلەرگە بەرگەن ناچار تەسىرىنى
يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەن روبروۋىسكىنى ئەترەت باشلىقى
قىلىپ، ئون نەپەر كازاك ھەمدە كوزىلوف ۋە تەرجىمانلارنى باشلاپ
شەھەر ئىچىگە كىرىپ، جۇڭگولۇقلار ئالدىدا «سەيلە قىلىش» قا بۇي-
رۇدۇم. بۇ كىچىك ئەترەت مىلتىق ۋە قىلىچلارنى ئېلىپ، بىر ئادەم
يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەييارلىدى. مەن روبروۋىسكىغا شەھەر ئىچىدىكى
بارلىق چوڭ - كىچىك رەستىلەرنى ئايلىنىپ، خەنزۇلار شەھىرىگە
كىرىپ ئۇ يەردە بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېلىش-
نى، ئەگەر جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قالسا دەرھال
قوراللىق قايتۇرما زەربە بېرىشنى بۇيرۇدۇم. باشقا جايدىكىلەرگە نىس-
بەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇ-
سۇلى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خىل ھەرىكەت ناھايىتى چۈشىنىكسىز ئىش
ئىدى. بىز پەقەت ئۇلارغا ئازراقلا يول قويىدىغان بولساق، ناھايىتى
ئېغىر پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولاتتۇق. ئەكسىچە، بىر قەدەممۇ
چېكىنمىسەك، ئۇچرىغان ئىشقا قارىتا ئۈزۈلدۈرمەي ھەرىكەت قوللان-
ساق، ئۇنىڭ سەككىز - توققۇزىدا مۈشكۈل شارائىتتىن قۇتۇلۇپ
چىقالايتتۇق.

ئۇ كۈنى بىزنىڭ ئەترەتتىكىلەر رەتلىك قەدەم تاشلاپ مۇسۇلمانلار
شەھىرىنىڭ رەستىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، شەھەر خەلقىنىڭ ئال-
قىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇلار شەھىرىگە كىرىپ
بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، تاۋۇز يەپ ئارقىدىنلا ئەسلىدىكى يولنى
بويلاپ قايتىپتۇ. يول ئۈستىدە ھېچكىممۇ بىزنىڭكىلەرگە ھۇجۇم

ئـەۋەتىپ سۆزلىشىشىمىزنى ئۈمىد قىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇش قارارىغا كەلدىم. ۋەھالەنكى، بۇ ئىش تولۇق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، كۆڭلۈم راستىنىلا ئارام تاپمايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە روبرووۋسكى ئون نەپەر كازاك ۋە تەرجىمانىنى باشلاپ يېڭىشەھەر قورغىنىغا (سېپىلغا) كەتتى. ئەمەلدار ئۇلارنى ناھايىتى ئەدەپلىك ھالدا كۈتۈۋاپتۇ. روبرووۋسكىغا جېدەل چىقارغۇچىنىڭ جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، بۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. روبرووۋسكى ئارقىدىنلا مېنىڭ پىكرىمنى يەتكۈزۈپ، ئەمەلدار جانابلىرىنىڭ قىلغان سۆزلىرى چىن دىلىدىن چىققان بولسا، ئۇ ھالدا ئالدى بىلەن ئۆزى بىزنىڭ چۈشكۈنىمىزگە كېلىپ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىش مەن بىر ئادەمگە نىسبەتەن ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس ئىدى. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ئاھالىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەردىن مەھكىمىنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى ئىدى. ھېلىقى ئەمەلدار ناھايىتى ھىيلىگەر بولۇپ، بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئېنىق پىكرىنى بىلدۈرمەي روبرووۋسكىنى ئەدەپلىك ھالدا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئەمدىلا بازىرغا قايتىشىغىلا، ئىلگىرى كەلگەن ئوردا ئەمەلدارى يەنە كېلىپ، بىزگە چوڭ ئەمەلدارنىڭ بىزنى يوقلاپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭ سـەمىمىيەتسىز پوزىتسىيىسىدىن ناھايىتى خاپا بولدۇم. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەھكىمە ئەمەلدارىنى دەرھال قوغلىۋەتتىم. ئۇ كۈنى ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرىمۇ كەلمىدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە چوڭ ئەمەلدار ئۆزى خەنزۇ ئەمەلدارلارنى ۋە يەرلىك ھاكىمنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئارىمىزدىكى پاراڭ يېرىم سائەتچە داۋاملاشتى. بۇ مەمۇرىي ئەمەلدار ناھايىتى تۈز بولۇپ، مېنىڭ كۆزىتىشىمچە ئۇ جۇڭگوچە مائارىپ قارىشىنى ئانچە كۆپ قوبۇل قىلمىغاندەك قىلاتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن روبرووۋسكى ۋە كازاكلارنى ئېلىپ يـامۇلنى ئەدەپ خاراكتېرىدە زىيارەت قىلدىم ۋە بىرقەدەر ئەدەپلىك كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشتىم. ئەتىسى ھېلىقى چوڭ ئەمەلدار بىزنىڭ تۇرالغۇمىزغا يەنە كېلىپ نۇرغۇنلىغان شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن خوتەننىڭ ئىش

قىلماپتۇ. ئەكسىچە، خەنزۇلار شەھىرىدىكىلەرمۇ ئىچىمىز ئىچىپ تىللا
يالماپتۇ. پەقەت بىز بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ قالغاندىلا، مۇر
سىنى سۇركەپ بىرنەچچە ئىچىمىز سەت گەپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتى
تۇ ...

ئەتىسى ئەمەلدارلار مەھكىمىسىدىكى خەنزۇ ئەمەلدار ۋە يەرلىـ
هاكىم بىرلىكتە تۇرالغۇمىزغا كېلىپ، بىزنىڭ ھېلىقى كۆڭۈلسىزـ
لىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى
ئۇلار مەھكىمىگە ۋاكالىتەن بىزگە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئىش
بېجىرگۈچى بېگىم بولسا مەمۇريي ئەمەلدار، پەقەت پۇقرالارنىڭ ئىشـ
نىلا بىر تەرەپ قىلالايدۇ. ئارمىيە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنمايدۇ
قوشۇندا ئىنتىزام بوشاپ كەتكەن. بەزىدە ئەمەلدار بېگىمگىمۇ تاپتىر
چىققان ھەرىكەتلەرنى قوللىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ئىشنى ئەمەلدار بېگى
يەكەن ۋە قەشقەردىكى ھەربىي ئىشلار ئەمەلدارىغا دوكلات قىلغاندىن
كېيىن، ئاندىن چاتاق چىقارغۇچىلارنى جازالىماقچى بولۇۋاتىدۇ ...»
. مەن يەنە بىر قېتىم جېدەل تېرىغۇچىنى ۋاقتىدا جازالاشنى؛ جېدەل
چىقارغۇچى زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئالدىدا گۇناھىنى تونۇشنى تەلەپ قىلـ
دىم. ئوردا ئەمەلدارى ۋە ھاكىم بىرلىكتە قايتىپ كەتتى. ئەتىسى
ئۇلار يەنە كېلىپ تۈنۈگۈنكى گېپىنى تەكرارلىدى. شۇنداقلا ئىككى
نەپەر رۇسىيىلىك سودا ئىشلىرى ئاقساقىلى بىلەن مېنى ئوردا يامۇلغ
بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. ئىنىقكى، ھېلىقى ئەمەلدار مېنىڭ تەلىپىمـ
نى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇ ئادەم، جېدەل تېرىغۇچى ئەسكەرنىڭ
يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئىش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەنمۇ
قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قىلغان ئىشىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق
ئۇلار ئىزچىل پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەرگە بىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسى
ئەپقاچتى گەپلەرنى قىلغاچقا، پۇقرالارنىڭ بىزگە نەرسە ـ كېرەك سې
ـتىپ بېرىشنى چەكلىگەچكە، ئەسكەرلەر ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بىزگ
تۇتقان يامان پوزىتسىيىسىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا تاپتىن چىقىش ئار
قىلىق يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولغان بولۇشى مۇمـ
كىن. مەھكىمە ئەمەلدارى ماڭا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ نىيە
تىنى يەتكۈزدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ جېدەل چىقارغۇچىنى ئۆز ئالدىغا بىر
تەرەپ قىلىشىغا قوشۇلمىساق، بىزنىڭ ياردەمچىلەرنى ۋەكىل قىلىپ

يېتىپ بارغاندا قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، داۋاملىق شىمالغا ئاقاتتى. قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ شىمالى خوتەن دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. دەريانى بويلاپ تۆگە كارۋىنى ماڭالايتتى. يازدىكى كەلكۈن پەسىلىدە يورۇڭقاش دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتكىلى بولمايتتى. شۇڭا دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئايرىم - ئايرىم يول ياسالغان. بىز مېڭىۋاتقان سول قىرغاقتىكى يول ناھايىتى مۇستەھكەم يول ئىدى. تەۋەككۇل بوستانلىقىغا بارغۇچە قوش چاقلىق هارۋا ماڭالايتتى. يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئەسلىدىلا ئۆتەڭ - لەڭگەرلەر بار بولۇپ، ياقۇپ بەگ تاجاۋۇز قىلغان مەزگىللەردە رېمونت قىلىنغان. ھازىر يەرلىك كىشىلەر ئىچىدە ئىلگىرى چەت ئەللىك تاجاۋۇزچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلەر ھېلىمۇ ياقۇپ بەگنى سېغىنىشىدۇ. ئىلگىرى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغانلار ھازىرمۇ ياقۇپ بەگكە ئۆچمەنلىك بىلدۈرۈشىدۇ. تاجاۋۇزچىلار ئوبرازىنىڭ كىشىلەر خاتىرىسىدە غۇۋالىشىشىغا ئەگىشىپ، ئازارلىق ئازايماقتا. شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت تاجاۋۇزچىلاردىن قالغان قورۇلۇشلارنى، جۇملىدىن ئۆتەڭ - لەڭگەر، تۆگە كارۋىنى دەم ئالىدىغان قوتان، لەمپە ۋە ھەربىي گازارمىلارنى ئومۇميۈزلۈك بۇزۇپ تاشلاپتۇ. لېكىن يېڭى ئەسلىھەلەرنى تېخى ياسىماپتۇ.

بىز يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى يولدا بىر توپ كىشىلەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار ئېشەكلەرگە ئوتۇن ۋە قومۇش پۆپۈكلىرىنى ئارتىپ، 75 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خوتەنگە ساتقىلى ئەكېتىۋاتقانلار ئىكەن. ئېيتىشلىرىچە: قومۇش پۆپۈكى بىلەن كۆمۈرنى ئارىلاشتۇرسا تام سۇۋايدىغان كاكىل لاي ياسىغىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن سۇۋالغان تام ئىنتايىن چىڭ بولىدىكەن.

بىز يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى يولدا ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ئىشقا دۇچار بولدۇق. روبرووۇسكى ئاتقا مىنىدىغان چاغدا دىققەتسىزلىكتىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، قاتتىق يارىلاندى، ئىچىدىن ئېغىر دەرىجىدە قان كەتتى، ئاغرىقتىن قىينىلاتتى ... بىز ئالدىمىزدىكى بوستانلىقتا چۈشكۈن قۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ كۈن دەم ئالماقچى بولدۇق. شۇڭا، تەرجىماننى ئالدىمىزدىكى تەۋەككۇل بوستانلىقىغا بېرىپ، ياردارنى ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىككى دانە قوش چاقلىق

بىجىرگۈچى ئەمەلدارى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاللىقاچان يۇمش
غانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەتراپقا تارقالغان بولدى. ئاۋارىچىلىـ
ئۇچراپ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز كېيىنـ
قەدەمدىكى ھەرىكەتنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلـ
دۇق. كۆپ ئۆتمەيلا ھەممە ئىش پۈتۈپ قالدى. ئىككى نەپەر سو
ئـاقساقىلىنىڭ ھەمكارلىششى ئارقىسىدا، يولدا كېرەك بولىدىغـ
ئاشلىقنىمۇ سېتىۋالدۇق. تۆگىلەرنىڭ يېتىشمەسلىكىنى تولۇقلاـ
ئۈچۈن، ئاقسۇغا بـارىدىغـان ئېـشەك ۋە ئاتـلارنى كىرا قىـلدۇق
بىز 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش
قىلدۇق. خوتەننىڭ چوڭ ئەمەلدارىمۇ بىزنى ئۇزىتىشقا چىقتى. قەلـ
دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا چوڭ ئەمەلدار ئۇزىتىش ئۈچۈن ئېتىلـ
غان مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. پۈتـ
يارىدار بولغانلىقتىن، يامۇلغا قايتىپ كەتتى. باشقا ئەمەلدارلار بىزنى
داۋاملىق ئۇزىتىپ قويدى.

يولغا چىققان بىرىنچى كۈنى بىز پەقەت ئون كىلومېتىرچە مېـ
ڭىپ، خوتەن بوستانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى «ئېشەك سىيـ
دى» سازلىقىغا يېتىپ كەلدۇق. بوستانلىقتىن ئېقىپ كەلگەن سۇلا
بۇ يەردە توپلىنىپ، بىر تۇتاش ئىلەك (تارماق ئېقىن) ھاسىل قىلغا
ئىـدى. نۇرغۇن قۇشلار ئىلەكتە دەم ئېلىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ياۋا ئۆردەك، چىپار ئاق قۇ، قارا قۇيرۇق بېلىقئالغۇچ، يەنـ
ئاز ساندا ئاق قۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. بىز نۇرغۇنلىغان ھەر خىل
رەڭدىكى قۇشلارنى ئېتىپ چۈشۈردۇق. ھازىر ئاللىقاچان 9 ـ ئاي
يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، چىڭقىچۈشتىكى تېمپېراتۇرا يەنىلا 30°C
قا يېتەتتى. بىز «ئېشەك سىيدى» سازلىقىدىن چىقىپ، يەنە تۆـ
كـىلومېتىرچە مېڭىپ «يېڭىئېرىق» كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق. بـ
يەردىن يەنە شىمالغا مېڭىپ، ئاخىرى خوتەن بوستانلىقى بىلەن خوش
لاشتۇق. بۇ چاغدا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كۆچمە قۇملار كۆرۈنۈش
كە باشلىدى. بۇ يەردىن باشلاپ تارىم دەرياسىغا بارغۇچە بولغان 00
كـىلومېتىر يولنىڭ ھەممىسى تۇتاش كەتكەن كۆچمە قۇم بەلۋېغ
ئىدى. بىز يورۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرەتتۇق. بۇ دەر
قـۇملۇق ئىچىدە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقاتتى. تۆۋەن ئېقىنـ

ئالغان باشقا ئۈسۈملۈكلەر يەنىلا ياپيېشىل ئىدى. ھەتتا تېخى چېچەكـ.
لاۋاتقان يۇلغۇنلارنى كۆرگىلى بولاتتى. مېۋىلەر ئاساسىي جەھەتتىن
ئۈزۈلۈپ بولغان. بىراق يەنە بىر قىسىم ئۈزۈملەر يەنىلا تال بارىڭىدا
ئېسىلىپ تۇراتتى. قوناقلار ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئېتىزدا ئۆسۈۋا.
تاتتى. كېۋەز چېچەكلىگەن، بىراق ئۇنىڭ يېشىل غوزىلىرى يەنىلا
چوڭىيىۋاتاتتى. ياۋا توڭگۇزلار ئېتىزلىقلارغا بېسىپ كىرىپ زىرائەتـ.
لەرگە زىيان سېلىپ تۇراتتى. ئۇلار كۇندۇزلىرى قويۇق ئورمانلارنىڭ
ئىچكىرىسىگە مۆكۈۋېلىپ، كېچىسى بوستانلىققا كېلەتتى، قوناق،
تاۋۇز، قوغۇنلارنى دەسسەپ بۇزاتتى. كەنت ئاھالىلىرى كېچىلىرى
نۆۋەت بىلەن چارلاشقا چىقاتتى. لېكىن، ھېلىقى قېلىن تېرىلىك
ياۋايى ھايۋان ئادەملەردىن ئانچە قورقمايتتى. كىشىلەر بىلەن
مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئويناپ، تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ زىرائەتلەرنى
بۇزاتتى. بىز كۇندۇزلىرى چىقىپ ئىزدەپ باققان بولساقمۇ، ياۋا
توڭگۇزنىڭ ئىزىنى ئۇچرىتالمىدۇق. ئۇلار كەچتە سىرتقا چىقماي يو.
شۇرۇنۇۋالىدىكەن.

تەۋەككۇل كەنتىنىڭ يېنىدا ئىنتايىن چوڭقۇر بىر كۆل بار ئە.
كەن. سۇ ئۈستىدە بىر قىسىم ياۋا ئۆردەك، غاز ۋە قارا پوكان تۇرنا،
سۇ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ بېلىقلار بار ئىكەن. لېكىن بېلىقلار
سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۈزۈپ يۈرگەچكە، تۇتۇشقا ئامال يوق ئىكەن.
ئۇنىڭدىن باشقا كەنت ئەتراپىدا يەنە ئاز ساندا قىرغاۋۇللارنى كۆرگىلى
بولىدىكەن. ئاللىقاچان كۈز يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، قىرغاۋۇل
چۈجىلىرى تېخى چوڭ قىرغاۋۇللارنىڭ يېرىمىچىلىك چوڭلۇقتا ئە.
كەن.

ئەسلىدە بىز كەنتتە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، روبىروۋسكىنىڭ يارد.
سى ياخشىلانغاندىن كېيىن يولغا چىقماقچى بولغان بولساقمۇ، لېكىن
ئۇ ناھايىتى چىدامىلىق ئادەم بولغاچقا، پەقەت بىر كۈن دەم ئېلىپلا
يولغا چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ھېلىقى قوش چاقلىق ھارۋىنى
داۋاملىق كىرا قىلىپ، ئۇنى سۆرەپ يولغا چىقتۇق، لېكىن 15
كىلومېتىر ماڭمايلا ھارۋا ئۆتەلمەي قالدى. شۇڭا، روبىروۋسكى ئاغ.
رىققا چىداپ تۇرۇپ ئاتقا مىندى. بىز ئىككى كۈنلۈك مۇساپىنى
بېسىپ، ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىگە (قوشلاش) يېتىپ

هارۋا كىرا قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. بىز روبىرو ۋىسكىنى سۆرەپ، مۇشەققەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. ئاخىر تەۋەككۇل بوستانلىقىغا يېتىپ باردۇق. بۇ خوتەندىن ئاقسۇغا بارىدىغان غول لىنىيىدىكى ئاخىرقى بىر كەنت ئىكەن. بۇ يەردىن تاكى تارىم دەرياسىغا بارغۇچە ئادەم يوق ئىكەن. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «تەۋەككۇل كەنتى» 1837 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا 1000 ~ 1200 گىچە كۆچمەن تەشكىللىك ھالدا مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈلگەن ئىكەن. ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ماچىن قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئاز ساندا موڭغۇل ئىرقىدىكى دولان قەبىلىسىدىكىلەرمۇ بار ئىكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلىشىپلا ياقۇپ بەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپتۇ. ئارقىدىن دېھقانلار ئارمىيىسى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، چەت ئەل كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بۇ بىر مەيدان قالايمىقانچىلىقتا كۆپ قىسىم ئاھالە ئەسلىي يۇرتىغا قايتا كۆچۈپ كېتىپتۇ. ھازىر پەقەت 500 ئائىلىلىكچە كىشى قاپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دولانلار ئوندىن بىرنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ يەردە تېرىغىلى بولىدىغان يەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ۋەھالەنكى، پەقەت يازدىلا سۇ يېتەرلىك بولىدىكەن. قىش كۈنلىرى بولسا تامامەن سۇ يوق ئىكەن. كۆپ قىسىم كۆچمەننىڭ تۇرۇپ قالالماسلىقىدىكى سەۋەب بەلكىم ئاشۇ سۇ مەسىلىسى بولۇشى مۇمكىن.

تەۋەككۇل كەنتىدىكى ئاھالىلەر ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، يەنە نۇرغۇن قويلارنى باقىدىكەن. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كىچىك كۆلەملىك بازار بولىدىكەن. مەمۇرىي جەھەتتە ئۇلار خوتەننىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىكەن. 9 ـ ئاي تولۇق ئۆتۈپ بولدى. ھەر كۈنى چىڭقىچۈشتە دەرەخ سايىسى ئاستىدىكى تېمپېراتۇرا يەنىلا 28.2 ℃ قا يېتەتتى، بىراق، كېچە ئالاھىدە سوغۇق. ئۆسۈملۈكلەرمۇ كۈز كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئىدى. كەندىر ياپراقلىرى ئالتۇندەك سېرىق رەڭگە كىردى. بەزىدە يەنە ياپراقلىرى سارغايغان چۈچۈكبۇيىلارنى، قاپاق تېرەكنىڭ شاخلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئوت ـ چۆپلەرنىڭ كونۇسسىمان گۈللىرى ۋە قومۇش ياپراقلىرىمۇ سارغايغان ئىدى. لېكىن مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆز ئىچىگە

ئوۋچىلارنىڭ ياۋا بۇغا ئوۋلاۋاتقانلىقىنى ياكى قاپقان قۇرۇپ تۈلكە ۋە بۆرە تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. بەزى ئوۋچىلار مەخسۇس قارچىغا تۇتقىلى كېلىدىكەن. تۇتۇش ئۇسۇلى مۇنداق ئىكەن: دەريا قىنىدىكى قۇملۇقتا قومۇشتىن يۇمىلاق شەكىللىك پاكار قۇما (كاتەك) ياسايدىكەن. دىئامېتىرى بىر مېتىردىن چوڭراق بولۇپ، قومۇشلارنى ناھايىتى زىچ تىزىدىكەن. ئۈستى تەرىپىدىن ئازراق قىڭغايتىپ قويىدىكەن. قۇمىنىڭ سىرتىغا بىر قەۋەت ئىنچىكە تورنى يۆگەپ قويىدىكەن. تورنىڭ ئاستى قىسمى يەرگە مۇقىملاشتۇرۇلىدىكەن، ئۈستى قىسمى ئېچىقلىق تۇرىدىكەن. قۇمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دانە ئاق كەپتەرنى باغلاپ يەمچۈك قىلىدىكەن. كەپتەرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يەنە قارچىغا ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئېسىپ قويىدىكەن. ئاچ قالغان قارچىغا ئاق كەپتەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى تۇتقىلى كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشىدىكەن. قارچىغا يەمچۈككە چاڭگال سالغان پەيتتە تور ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قارچىغىنى چىرمىۋالىدىكەن. ئوۋچىلار ئوخشىمىغان جايلارغا مۇشۇنداق بىرقانچە تور - قاپقان قۇرۇپ، ھەر كۈنى كېلىپ - كېتىپ ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئېيتىلىشىچە خوتەن دەرياسى ئەتراپىدا ناھايىتى كۆپ قارچىغا بولۇپ، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن چوڭ گەۋدىلىك قارچىغىلارنى تۇتقىلى بولىدىكەن. ئوۋچىلار تۇتۇۋالغان قارچىغىلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا توشقان قاتارلىق كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇشنى ئۆگىتىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قارچىغا ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە ساتىدىكەن. ئوۋچىلارنىڭ قاپقان ئارقىلىق تاغلاردا بۈركۈت تۇتۇشلىرىمۇ قارچىغا تۇتۇشلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. پەقەت بۈركۈتنىڭ يارىدار بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تورنى كىگىزگە، يەمچۈكنى گۆشكە ئۆزگەرتىدۇ. كۆندۈرۈپ مەشىق قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن بۈركۈت تېخىمۇ چوڭ ھايۋانلارنى، مەسىلەن، قارا ئېيىق، تۈلكە، ياۋا توڭگۇز، بۆرە، مولۇن قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

بىز خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ياندىشقان بىر پاكار تاغ تىزمىسىنىڭ باغرىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ تاغ تىزمىسى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئېدىر - بارخاندىن پەرقلەنمەيتتى. يەرلىكلەر ئۇنى «مازارتاغ» دەپ

كەلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن دەرياسىنى بويلاپ داۋاملىق شىمال- غا يۈرۈش قىلدۇق. ئومۇمەن ئېيتقاندا، يول ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەس ئىدى. لېكىن يازدىكى كەلكۈندىن ئېھتىيات قىلىپ، يول دەريا قىر- غىقىدىن ئايلاندۇرۇپ ياسالغاچقا، بۇرۇلىدىغان ئەگمىلەردە يول بەلگە- سى بولمىغاچقا، ئوڭاي تونۇغىلى بولمايتتى. يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بىر بۆلەك يولمۇ شۇنداق ئىدى. تەۋەككۇل بوستان- لىقىدىن مازارتاغ تىزمىسىغىچە بىز يەنە بىر بۆلەك يولنى بېسىپ ئۆتتۇق. بىزنىڭ تۆگە كارۋىنىمىز بەك جاپا بىلەن ئىلگىرىلىدى. يەر شەكلى ئامىلىدىن باشقا يەنە كىلىمات ئامىلىمۇ بار ئىدى. كۈندۈز ئىنتايىن ئىسسىق، 10 ـ ئاينىڭ كىرىپ قالغىنىغا قارىماي چۈشتىكى كۆلەڭگىلىك جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى 25℃ دىن تۆۋەن ئەمەس ئى- دى. ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق، ھاۋا بەكمۇ قۇرغاق ئىدى. قۇياش بىر پارچە ئوتتەك بەدەننى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. شۇنداق ئىسسىق كىلىمات شارائىتىدىمۇ پاشا قىلچە ئازايمىدى، باشتىن ـ ئاخىر بىزنى قىيناپ كەلدى، تۆگىلەرنىڭ قورساقلىرىغا چاپلىشىپ، توختىماي قېنىنى شورايتتى. ناۋادا بۇ يەرلەرگە يازدا كېلىپ قالغان بولساق، يەنە قايسى خىل قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ بىزنى قايسى دەرىجىگىچە تالايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. يول بويىدىكى بىر تۈپ توغراقتا مۇنداق بىر جۈملىنىڭ ئويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق:

*تومۇزدا كەلدىڭمۇ بۇ يەرگە بىلمەي،*
*كەلمەيسەن قايتىدىن بولمساڭ دەلدۈش.*
*ئاللاغا تېۋىنىپ ئالساڭ ئىز ـ قەدەم،*
*چۆلغايدۇ ئىلكىڭنى ئىشەنچلىك خاھىش.*

كەچلىكى بەك سالقىن بولۇپ، شېرىن ئۇخلىغىلى بولاتتى. لېكىن ئەتىگەن ـ كەچتىكى ۋە كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى بەك ئېنىق بولۇپ، سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزەتتى.

يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن تاكى مازارتاغ ئەتراپلى- رىغا بارغۇچە بىرقانچە ئورۇندا باھاردا كىشىلەرنىڭ ئوت ـ چۆپ كۆيـ- دۈرگەن ئىزلىرىنى كۆردۇق. بەلكىم چارۋىچىلار ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ياخشى بىخلىنىشى ئۈچۈن كۆيدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ھازىر چارۋى- چىلارنىڭ بۇ ئەتراپتا مال بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت

ئۈسۈملۈكتىن باشقا، بارلىق ئۈسۈملۈكلەر سېرىق ياكى قىزىل رەڭگە كىردى. بۇ پەسىلگە كەلگەندە ئۈسۈملۈكلەردىن ئەۋرىشكە ئېلىش خىز-مىتىمىز ئاياغلاشتى. بۇ يىل يىغىلغان ئۈسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرى ئاران 256 خىل ئىدى. ئەگەر كېرىيە تاغ تىزمىلىرىغا يازلىق تەكشۈرۈشكە چىقمىغان بولساق، ئۈسۈملۈكلەرنىڭ خىل سانى تېخىمۇ ئاز بولغان بولاتتى. لوپنۇر كۆلىدىن ئايرىلغاندىن بېرى، هايۋاناتلار ئەۋرىشكىسى-دىن پەقەت پارچە - پۇرات بىرقانچە خىلىنىلا يىغىۋالىدۇق.

مازارتاغدىن چىقىپ يەنە 25 كىلومېتىر ماڭساق، ئەسلىدىلا كى-چىككىنە ئېقىنى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان خوتەن دەرياسى بۇ يەردە ئۈزۈلۈپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدىكەن. تارىم دەرياسىغا يېتىپ بېرىش-تىن بۇرۇن، بىز زادىلا سۇ دىدارى كۆرەلمىدۇق. ئىچىملىك سۇنى يازلىق كەلكۈن تاشقان چاغلاردا چوڭقۇر گۆملارغا يىغىلىپ قالغان سۇ ئارقىلىق هەل قىلدۇق. خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا يەتكەندە، هەتتا بۇنداق سۇ يىغىلىپ قالغان گۆملارنى تاپماقمۇ تەس بولدى. بىراق كەڭ ۋە تەكشى دەريا قىنى راۋان يولغا ئايلانغانىدى. بۇ، بىزگە ئەينى چاغدىكى يۈرۈش سۈرئىتىمىزنى ئەسلەتتى. ئۆلچەش خىزمىتى جەهەتتە، ئەسلىدە بىز بېسىپ ئۆتكەن يەرلەر ئېگىز - پەس بولۇپ، كومپاس ئىشلەتكىلى بولمايتتى. هازىر يول خېلىلا تۈز بولۇپ، يەنە كومپاس بىلەن ئۆلچەش ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان بولدى.

مازارتاغدىن خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە بىز يولدا دائىم چوڭ بۇغا، يولۋاس، ياۋا توڭگۇزلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ئەلۋەتتە، بىز بۇ هايۋانلارنى، بولۇپمۇ يولۋاسنى دائىم ئويلاپ يۈرەت-تۇق. ئەپسۇسكى، ئۇلارنى قارىغا ئېلىشقا پۇرسەت بولمىغان ئىدى. كېچىدە بۇ هايۋانلار بىزنىڭ چۇشكۇنىمىز ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرەتتى. ئەتىسى ئۇلارنى تۈنجى كۈنى كېچە ئۇخلىغان يەردە يەنە كۆرگىلى بولاتتى. چوڭ بۇغا جۈپلىشىش مەزگىلىگە كىرگەن، بىز ئۇنى توغراق-لىقتا شىپىرلاپ ئۆتۈپ كەتكەندە كۆردۇق - يۇ، شاخلارنى دەسسەپ، پاراس - پۇرۇس ئاۋاز چىقىرىپ سالغاچقا، قانچە قىلساقمۇ بۇ خىل هوشيار هايۋانغا يېقىنلىشىشقا ئامال قىلالمىدۇق. سۇ ئازگاللىرىنىڭ ئەتراپىدا چوڭ بۇغىنىڭ نۇرغۇن ئىزلىرى بار ئىدى. بىزنىڭ ئورەكلەر-دە مۆكۈپ تۇرۇشىمىز بىر قېتىملا بولمىدى. ئەمما هەممىسى بىكار

ئاتىشاتتى. مازارتاغ دېگەنلىك — قەبرە بار تاغ دېگەنلىكتۇر. بۇ تا
باشتىن ـ ئاخىر ئېدىرلىق ئىدى. «مازارتاغ» تىزمىسىنىڭ خوتە
دەرياسىغا تۇتىشىدىغان شەرقىي قىسمىنىڭ كەڭلىكى بىر يېرىم —
ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدۇ، ئېگىزلىكى 150 مېتىر ئەتراپىدا
رەڭگى تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى پاراللېل تاغ تومۇرىدىن
شەكىللەنگەن. جەنۇبىي تەرەپ تاغ بېشىنىڭ ياسقاق قاتلىمى هال
تەركىبلىك قىزىل رەڭلىك يېپىشقاق توپا. شىمالىي تەرەپنىڭ ياسقا
قاتلىمى بولسا قاردەك ئاق رەڭلىك گەنجىدىن ئىبارەت. ئېيتىلىشىچە
خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغدىن چاقما
تاش قېزىۋالغىلى بولىدىكەن. بەزى كىشىلەر ئاشۇ يەردىن چاقماق تاش
قېزىپ، خوتەنگە يۆتكەپ ساتىدىكەن. بۇ بىرتۇتاش قوش رەڭلىك ئېدى
غەربىي شىمال يۆنىلىشكە سوزۇلىدىكەن. ئوتتۇرا قىسمى ئازراق ئېگى
بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا يىراق قۇملۇق ئىچىدە يوقاپ كېتىدىكەن.
تاغنىڭ غەربىي تەرىپى قەشقەر دەرياسى بويىدىكى مارالبېشى قەلئەسى
گىچە يېتىپ بارىدىكەن. «مازارتاغ» تىزمىسىدا هېچقانداق ئۆسۈملۈك
ئۆسمەيدۇ. تاغنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى كۆچمە قۇملار بىلەن كۆمۈلۈپ
تۇرىدۇ. قۇمدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان يۇقىرى قىسمىنىڭ يىمىرىلىشى
ئىنتايىن كۈچلۈك. بولۇپمۇ قىزىل سېغىزلىق تاغ بېشىنىڭ يىمىرى
لىشى تېخىمۇ شۇنداق. «مازارتاغ» نىڭ خوتەن دەرياسىغا يېقىن بى
بۇرجىكىدە قەدىمكى ئىبادەتخانا ۋە ياقۇپ بەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەند
يېڭىدىن ياسالغان مەسچىت بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمىي ئىبا
دەتخانىنى نامەلۇم بىر ئەرەب لەشكىرى سالغان ئىكەن. ئۇ كۈندۈزى
خوتەن دەرياسى بويىدا ماچىنلىقلار بىلەن جەڭ قىلىدىكەن، كەچتە
مۇشۇ ئىبادەتخانىدا يېتىپ ـ قوپىدىكەن. چەكسىز ۋە پايانسىز قۇملۇق
نىڭ ئوتتۇرىسىدا ياسالغان بۇ ئىبادەتخانىنىڭ شەكلى ئىنتايىن ئۆزگى
چە. مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇ تەركىدۇنيالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بەكم
لايىق كېلىدۇ.

بۇ بىرقانچە كۈن هاۋا يەنىلا ئوچۇق، شامالسىز، ئىسسىق كۈنلە
بولدى. بىراق تەۋەككۇل بوستانلىقىدىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئون كۈن
ئىچىدە، بولۇپمۇ 10 ـ ئاي كىرگەندىن بېرى، بىرقانچە كېچىد
تېمپېراتۇرا پەسلەپ نۆلدىن تۆۋەنگە چۈشتى. بىر ـ ئىككى خىل

سۋېن ھېدىن [شۋېتسىيە]

# قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەر — خوتەن

1895 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىزنىڭ كىچىك ئەترەت يەنە سەپەرگە چىقىشقا تەييارلاندۇق. ئەترىتىمىزدە مېنىڭ ھەمراھلىرىمدىن ئۆزگە يەنە ئىسلامباي، باشقا ئۈچ ئادەم ۋە توققۇز تۇياق ئات بار ئىدى. قەشقەردىن خوتەنگىچە 306 مىل يول بولۇپ، سەپەر داۋامىدا يەكەندىن ئۆتتۇق. يەكەن شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ، 150 مىڭ ئاھالە بار ئىكەن. بۇنىڭدىن % 75 ئادەمنىڭ گېلىدا «پوقاق» دەپ ئاتىلىدىغان غەلىتە ئۆسمە ئۆسكەن

---

【 ئىلاۋە】 سۋېن ھېدىن 1865 - يىل شۋېتسىيىنىڭ پايتەختى ستوكھولم شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1885 - يىل ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سۋېن ھېدىن ئاسادىپىي پۇرسەتكە ئېرىشىپ رۇسىيىنىڭ باكۇ شەھىرىگە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسمەن رايونلىرىنى كېزىپ چىققان. 1890 - يىل 12 - ئايدا بىر كارۋان ئەترىتىگە ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ غەربىدىكى قەشقەر شەھىرىگە كەلگەن. 1893 - يىل شۋېتسىيە پادىشاھى بىلەن نوبېلنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن سۋېن ھېدىن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش سەپىرىگە ئاتلانغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي رايون ئېكسپېدىتسىيە - ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتقان. ئۇ لوپنۇر رايونىغا تۇنجى بولۇپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تارىم دەرياسىدا كېمە بىلەن سەپەر قىلىشنىڭ تۇنجى پەردىسىنى ئاچقان، كروران قەدىمىي شەھىرىنى بايقىغان، قاردەك پاك سىرلىق تۇپراقتا قەدەم باسقان. 1924 - يىل ئامېرىكا نەشرىيات سودىگەرلىرىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، «مەركىزىي ئاسىياغا سەپەر» ناملىق ھەممىكىشىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان. يۇقىرىدىكىسى بۇ ئەسەرنىڭ خوتەن ئېكسپېدىتسىيىسىگە دائىر بىر قىسمى.

ساقلاش بولدى. ئەڭ ئاخىرى بىز قورشاپ ئوۋلاش ئۇسۇلى بىلەن چول بۇغىنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلدۇق. كۆپ قىسىم كازاكلار بۇغىنى قوغلىدى. مەن، روبروۋسكى، كوزىلوۋ ۋە بىرقانچە مەرگەن كازاكلا نۆۋەت بىلەن ئاتقۇچى بولدۇق. لېكىن يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدۇق. ئومۇمەن، بىز خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سەپەر قىلغان شۇ كۈنلەردە نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى ۋە زېھنىمىزنى بۇ هايۋانلارنى ئوۋلاشقا سەرپ قىلدۇق. ئاخىرىدا ئېرىشكىنىمىز پەقەت بىر تۇياق ياۋ توڭگۇز بولدى ...

قىرغاۋۇل ئېتىشتا ئازراق نەتىجىمىز بولدى. بۇ زېرەك قۇشلار ئەتراپتا سۇ بولمىغان يەرلەردە كېلىپ- كېتىپ يۈرەتتى. ئەم قۇملۇقلارنى ئىزدەيتتى. ئەم يەرلەرنى تاپقاندىن كېيىن، قۇملۇقنى كولاپ، يىغىلغان سۇنى ئىچەتتى. «بېدىلىك ئوتاغ» نىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن دەرياسىنىڭ قىنىدا بەزىدە بىرتالاي كىچىك قوڭغۇزلارنىڭ بىرنەچچە يۈز كۋادرات مېتىر دائىرىدە تارقىلىپ، ئەم قۇملۇقنى كولاۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بەلكىم، ئۇلار ئاشۇ ئورەكلەردە تۇخۇملىسا كېرەك.

ئالاھازەل بىر ئايغا سوزۇلغان تىنچىق هاۋارايى ئاخىرلاشتى. 10 - ئۆكتەبىر، بىردەم سالقىن شامال سوققاندىن كېيىن، هاۋا ئاستا - ئاستا تۇتۇلدى. شۇنداقلا قويۇق سېرىق رەڭلىك چاڭ - توزان باستى. تېمپېراتۇرا تەدرىجىي تۆۋەنلىدى. بۇ چاغدا تارىم دەرياسى ئاللىقاچان يېقىنلاپ قالغان ئىدى. بىز خوتەن - ئاقسۇ يولىدىن ئايرىلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ كېچىكىگە قاراپ ماڭدۇق. بۇ چاغدا ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى ئاقساقىلى ۋە ئىككى نەپەر قىرغىز بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىمىزغا كەلدى. بىز ئاللىقاچان خوتەن دەرياسى بىلەن خوشلاشقان ئىدۇق. بەلكى يەنە پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقى بىلەنمۇ خوشلاشقان ئىدۇق ...

پىرژېۋالسكى: «لوپنۇرغا سەپەر» (خۇاڭ جيەنمىن تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 188 — 217 - بەتلەردىن

نۇرمۇھەممەت توختى تەرجىمىسى

مىلادىيەنىڭ 400 ـ يىلى بولۇشى كېرەك — ت) : «خوتەن ئۇلۇغ شەھەر، بۇددا مۇراسىملىرى ئىنتايىن گۈللەنگەن جاي» دېگەن ئە-كەن.

بۇ يەردە مىلادىيەنىڭ 632 ـ يىلى بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ئەپسانە تارقالغانىكەن: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەينى زاماندا خوتەننىڭ غەربىدىكى پىمو (پېن، بېم دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدىغان بۇ شەھەرنى خېلى بىر قىسىم ئارخېئولوگلار قەدىمكى كېرىيىنى كۆرسىتەتتى دېيىشىدۇ. ماركوپولومۇ «ساياھەت خاتىرىسى» دە شۇنداق ئاتىغان — ت) دېگەن كەنتتە ساكيامۇنىنىڭ سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان ھەيكىلى بار ئە-كەن. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 10~20 گەز كېلىدىكەن. بۇرۇنقى چاغلاردا ھېلىقى ھەيكەل ئەڭ شىمالدىكى ھىلال شەھىرىگە ئورنىتىلغانىكەن. بىر قېتىم بىر ئەۋلىيا بۇ يەرگە بۇددا ھەيكىلىنى تاۋاپ قىلغىلى كەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە بېلىنىڭ يۇقىرىسىغىچە قۇمغا كۆمۈۋېتىپتۇ. ئىس-مى نامەلۇم بولغان بىر تەقۋادار كىشى ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. ھېلىقى ئەۋلىيا ئۆزىنى قۇتقۇزغان بۇ نىجاتكارىغا: «يەتتە كۈن ئىچىدە ئاسماندىن قۇم يېغىپ ھىلال شەھىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. پەقەت سىزلا ئامان قالىسىز» دەپتۇ. تەقۋادار كىشى بۇ خەۋەرنى شەھەر خەلقىگە يەتكۈزۈپ-تۇ. بىراق كىشىلەر ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. تەقۋادار كىشى مەلۇم تاغدىكى غارغا كىرىپ پاناھلىنىپتۇ. دېگەندەك، 7 ـ كۈنى ئاسماندىن قۇم يېغىپ پۈتۈن شەھەرنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ. شەھەر خەلقى پۈتۈنلەي تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ. ھېلىقى تەقۋادار كىشى غاردىن چىقىپ پىموغا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. مۇقەددەس ساكيامۇنى ھەيكىلىمۇ ھىلا-لنىڭ ئورنىغا پىمونى ئۆزىگە ماكان قىلىپ تاللاپتۇ ـ دە، بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاڭ دەۋرىدىكى جۇڭگولۇق بىر سەيياھ-مۇ خوتەننىڭ شىمالىدىكى چۆل توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەرنى قال-دۇرغان: «بۇ يەردە نە سۇ، نە گىياھ يوق، ئەمما دائىم ئىسسىق

بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ چوڭلۇقى ئادەم بېشىدەك بار ئىكەن.

خرىستىئانلارنىڭ روژدېستۋو بايرىمىنىڭ هارپا كېچىسى يەكەننىڭ شەرقىدىكى بىر جايدا بايرام قىلدۇق. بۇ يەردە يېزىلارنىڭ ئارىلىقى قاقاسلىق بولسىمۇ، يول بويىدا قەدىمكى دەۋرلەردىكى كارۋان يولى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان تام ـ پوتەيلەر پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بىرقانچە كېچىنى چوڭ مېهمانسارايلاردا ئۆتكۈزدۇق. .بۇ سارايلاردا ئىچىدىغان سۇ چوڭقۇر قۇدۇقلاردىن تارتىپ ئېلىنىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 126 ئىنگلىز چىسى كېلە-دىكەن.

يول ئۈستىدە «قومات پاششىم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بو-لۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «قوملۇقتىكى چۈشكۈن جاي» دېگەنلىك بولىدى-كەن. بۇ يەردە نەچچە مىڭ كەپتەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۇق. بۇلار ئۇلۇغلارنىڭ روهىغا نەزىر قىلىنغان كەپتەرلەر ئىمىش. يولدىن ئۆتكەن هەربىر يولۇچى بۇ كەپتەرلەرگە قوناق، سۆك قاتارلىق دانلارنى بېرىپ ئۆتۈشى شەرت ئىكەن. شۇڭا بىزمۇ چوڭ بىر تاغار يەم ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى چىرايلىق كۆك، كۇلرەڭ كەپتەرلەرگە دان بەر-دۇق. شۇ ئەسنادا مەن توپ ـ توپ كەپتەرلەرنىڭ ئارىسىدا قالدىم. ئۇلار بىمالال هالدا يەلكەمگە، شەپكەمگە، بىلەكلىرىمگە قونۇۋالدى. بۇ يەردە ئۇچىغا يىرتىق رەخت ئېسىلغان بىر خادا بار ئىكەن. ئۇ نەزىر تۇغى بولۇشى ياكى يىرتقۇچ قۇشلارنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قارانچۇق بولۇشى مۇمكىن. مۆمىن كىشىلەر ماڭا: مۇبادا بىرەر لاچىن بىر كەپتەرنى تۇتۇۋالسا، لاچىننىڭ ئۆزىمۇ چوقۇم جېنىدىن ئايرىلى-دۇ، دېيىشتى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بىز يىراق قەدىمىي دەۋردىكى هىندىستان-نىڭ قەدىمىي ئارىيان تىلىدا «كېھۇستانا» دەپ ئاتالغان خوتەن شەھە-رىگە كەلدۇق. بۇ جاينىڭ نامى جۇڭگولۇقلارغا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا ناهايىتى تونۇشلۇق ئىكەن. لېكىن، ياۋروپالىقلار ماركوپولو-نىڭ ساياهىتىدىن كېيىن ئاندىن بۇ جاينى بىلگەن. جۇڭگولۇق مەش-هۇر راهىب فاشيەن (مىلادىيەدىن 400 يىل بۇرۇن) (توغرىسى

خاتىرە تاش، بىر تەرىپىگە سان ئاندىرىيا ئاۋېلىنىنىڭ كرېست ئالدىدا تىزلىنىپ چوقۇنۇۋاتقان كۆرۈنۈشى ئويۇلغان، كەينى يۈزىگە سان ئەيلىنىڭ بېشىغا يېرىم يۇمىلاق نۇر جەمبىرى چىقىرىپ ياسالغان لاي قورچاق قاتارلىقلارنى سېتىۋالدىم. ماركوپولونىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، 1275 - يىل نىستورىيان دىنى ۋە جاكوبىت دىنى مەزھەپلىرى خوتەندە ئۆزىنىڭ چېركاۋلىرىنى قۇرغانىكەن.

خوتەن شەھىرىنىڭ ئەمەلدارى لىۇ جاناب (خوتەن دوتەيى لىۇ جادې — ت) چىقىشقاق، مېھرىلىك جۇڭگو مۆتىۋەرى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ بىر قەدىمىي دەريا قىنىدا قېدىرىش ئېلىپ بېرىشىمغا قارشى تۇرمىدى، بەلكى زۆرۈر ياردەم بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ يەردىن دۇنياغا داڭلىق ئېسىل قاشتاش چىقىدىكەن. ئېيتىلىشىچە بۇنداق قاشتاشلار چوڭ تاشلارنىڭ ئىچىدە ئاپىرىدە بولارمىش. بۇنداق قاشتاشلار بۆرەك شەكىللىك، تەگدىن تولىسى يېشىل رەڭلىك بولىدىكەن. ئەمما، سېرىق ياكى ئاق رەڭلىك، قىزغۇچ چاپانلىق قاشتاشلار ئەڭ قىممەتلىك ھېسابلىنىدىكەن.

مەن 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خوتەندىن قوزغىلىپ يۈرۈپ كەتتىم. ئاڭلىشىمچە قۇم بېسىپ كەتكەن ھېلىقى قەدىمىي شەھەرگە بارىدىغان يول ئانچە يىراق ئەمەسكەن. شۇڭا مەن بىرنەچچە ھەپتە يەتكۇدەك يېمەك - ئىچمەك تەييارلىدىم. ئازراقلا ياردەمچىلەرنى ئېلىۋالدىم. مەن لىۇ جاناب بىلەن خوشلاشقان چاغدا، ئۇ ماڭا ئىككى تۆگە ئىنئام قىلماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ رەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز روبىنز كروزونغا ئوخشاش، قۇملۇق سەپىرىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق.

بىز خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ئېقىنى بولغان يورۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، «تەۋەككۇل كەنتى» گە كەلدۇق. ئاندىن يەنە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىۋەرگەندىن كېيىن، تۇتاش كەتكەن سېرىق قۇملۇققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ دەل قىش پەسلى بولغاچقا، ئېلىپ كەلگەن تۆت تۇلۇم سۈيىمىز توڭلاپ ئويۇل مۇز بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا، شۇ جايدىن قۇدۇق قېزىپ سۇغا ئېرىشتۇق.

بوران چىقىپ ئادەملەر، ئات ـ ئۇلاغلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەپەسىـ نى بوغىدۇ. ئۇلار ھەمىشە مۇشۇ سەۋەبتىن كېسەل بولىدۇ. سىزگە دائىم ھۇۋلىغان ياكى گۇركىرىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، لېكىن بۇ ئاۋازلارنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى تاپماقچى بولسىڭىز ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز. كىشىلەر پات ـ پات ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ جاي ئالۋاستىلارنىڭ ماكانىدۇر. ئۇن چاقىرىم يولنىڭ نېرىسى يىراق قەدىمكى زاماندىكى توخرى دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئىكەن. ئۇ دۆلەت ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. بارلىق شەھەرلەر نابۇت بولۇپ، ھەممە يەرنى ياۋايى ئوت ـ چۆپلەر قاپلاپ كەتكەنىكەن».

ئالدىنقى يىلى ئەتىيازدا مېنىڭ بۇ قۇملۇققا قىلغان بەختىسىز سەپىرىمگە ئەجەبلەنمىسەم بولغىدەك. چۈنكى، مەن ھازىر ئاشۇ پاياد-سىز قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى ئاجايىپ يۇرتقا كەلدىم. خوتەن شەھىرى-نىڭ تۆت ئەتراپىدىكى قۇملۇق ئېكىنزارلىقلىرىدىكى خەلقلەردىن (بۇ قۇملۇق ئېكىنزارلىقلىرىمۇ «خوتەن» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىـ-لىدۇ) ئىككى كىشى ھېچقانچە ھەق ئالماي مېنى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرنىڭ بىرسىگە باشلاپ بېرىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈر-دى.

مەن خوتەن شەھىرى ۋە مۇقەددەس قەدىمىي «بورزان كەنتى» دە تۇرغان ۋاقتىمدا يەرلىك كىشىلەردىن قەدىمكى دەۋردىن قالغان بەزى يادىكارلىقلارنى سېتىۋالدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە: لايدىن ياساپ پىشۇ-رۇلغان قوش لوككىلىق تۆگە، بەرباب چېلىۋاتقان مايمۇن، گادۇننا (يېرىمى ئادەم، يېرىمى قۇش شەكىللىك ھىندىستان گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى)، يېرىمى شىر، يېرىمى بۈركۈت شەكىللىك غەلىتە بېزەك، ئىنتايىن ياخشى پىشۇرۇلغان ساپال لوڭقا، ساپال قاچا، ساپال بوت ۋە باشقا بۇيۇملار بار. ھازىر مەن يىغىۋالغان قەدىمىي ئاسارئەتى-قىلەر يىراق قەدىمكى زاماندىن قالغان قولىيازمىلار ۋە بەزى پۇللارنى ھېسابلىمىغاندا جەمئىي 523 دانىگە يېتىدۇ. مەن يەنە خرىستىئان مۇرىتلىرى ئىشلىتىدىغان بەزى تىللا، بىر دانە كرېست ۋە بىر دانە

بايقىمىغانمىدۇ؟ ستەيىن تەرىپىدىن بايقالغان ھېلىقى نىيا قەدىمىي شەھىرى مۇشۇ ئەتراپتا بولسا كېرەك.

بىرقانچە قېتىم دەھشەتلىك بوران چىققان چاغدا، مەن قۇم بارخانلىرىنىڭ يۆتكىلىش سۈرئىتىنى توختىماي ئۆلچىدىم. يۆتكىلىش سۈرئىتى ۋە شامال يۆنىلىشى بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ يەردىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن جەنۇبتىكى ھازىرقى چېتىگە كۆچۈپ بېرىشىغا تەخمىنەن 2000 يىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ئايان بولدى. كېيىنكى بايقاشلار ھېلىقى «دەندان ئۆيلۈك» قەدىمىي شەھىرىنىڭ ھەقىقەتەن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە شەھەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بىزنى باشلاپ كەلگەن ئىككى يول باشلىغۇچى سېخىيلىق بىلەن بېرىلگەن ھەقلىرىگە رازى بولۇپ قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بىزمۇ قۇم ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. قۇم دانچىلىرى شامالدا ئۇچۇشۇۋاتاتتى، قويۇق مانان ئاسماننى قاپلاپ قۇياشنى توسۇۋالغانىدى. بىز 120 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى بارخانغا يامىشىپ چىقتۇق. كۆكلۈمنى ئالدىنقى يىلدىكىدەك تۇيۇق يولدا ئېزىپ قالدۇقمىكىن دېگەن قورقۇنچلۇق گۇمان قاپلىۋالغانىدى. بىز ئورمانلار ئارىسىدا شىمالغا يۈرۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا پات - پات چارۋىچىلار ئۇچراپ تۇردى. «توگۇز باستى» دېگەن يەرگە يېقىنلاشقان چاغدا بىر چارۋىچى بىزگە: «غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىۋەرسەڭلار ئۇزاقتا قالمايلا ‹ قارادۆڭ›، (Kara — dung — قارا تاغ) دېگەن خارابىگە بارالايسىلەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز 2 - ئاينىڭ 2 - ۋە 3 - كۈنى ئىككى كۈن ۋاقىتنى ئاشۇ قەدىمىي شەھەر ئەتراپىدا ئۆتكۈزدۇق. ئۇ يەردىمۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان ئۆيلەر ۋە باشقا نۇرغۇن سۇنئىي ئىنشائات خارابىلىرىنى كۆردۇق. يىل دەۋرى بۇددا دىنىنىڭ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تارقالغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىكەن. مەن كەلگۈسىدىكى ئارخېئولوگلارنىڭ مەن قالدۇرغان بەلگىلەرنى تونۇۋېلىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، بۇ شەھەرنىڭ ئورنىغا بەلگىلەرنى سىزىپ قالدۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئورمانلىق ۋە قومۇشلۇقلارنى ئارىلاپ، سەپىرىمىزنى

سەپىرىمىزنىڭ تۆتىنچى كۈنى بارخانلار ئارىسىدىكى بىر جىلغىغا چېدىر تىكتۇق. ھەممىلا يەردە قاقشال دەرەخلەر كۆزگە تاشلىناتتى. بۇلار تەبىئىيكى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى يېقىلغۇمىز ئىدى.

ئەتىسى بىز ھېلىقى قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىزگە يول باشلىغۇچى بولغان كىشى ئۇ شەھەرنىڭ «تەكلە-ماكان» ياكى «دەندان ئۆيلۈك» (بۇنىڭ مەنىسى «پىل چىشى سارد-يى» دېگەنلىك بولىدىكەن) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەردە مەن ئۆيلەرنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى، پەقەت نۇرغۇن تۇۋرۇكلەر بىلەن ۋادەك (شادا، رىشاتكا) تاملارنىڭلا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئالاھازەل ئــۈچ گەزچە ئېگىزلىكتىكى تام ئۈستىدە كۇلرەڭ لايدىن ئىنتايىن نەپىس ياسالغان ساكيامۇنى ۋە باشقا مەبۇدلارنىڭ بىرنەچچە دانە ھەيكە-لىنى بايقىدۇق.

بۇ بۇتلارنىڭ شەكلى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىكەن. بەزىلىرى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە، بەزىلىرى نېلۇپەر يوپۇرمىقى ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالەتتە، ھەممىسى كېلەڭسىز كىيىملەر بىلەن كىيىنگەن، بېشىغا يۇمىلاق ھالقا چىقىرىلغان شەكىلدە ياسالغانىكەن.

بۇ يەردىكى بايقاشلار مېنى ھاياجانغا سالدى. بىز بۇ يادىكارلىق-لارنى ۋە باشقا ئاسارەئەتىقىلەرنى ئېھتىيات بىلەن ئوراپ ساندۇقلارغا قاچىلىدۇق. مەن يەنە بۇ قەدىمىي شەھەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەھۋاللارنى — ئۇنىڭ ئورنى، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئۆستەڭ، قاقشال تېرەك كارىدورى، قاقشال ئۆرۈكلۈك باغ قاتارلىقلار ھەققىدە خاتىرە قالدۇردۇم.

مەن خاتىرەمگە مۇنداق يازدىم: «ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق ئېكس-پېدىتسىيىچى بۇ قەدىمىي شەھەرنى بايقىمىغان. مەن مىڭ يىللاپ ئۇيقۇدا ياتقان بۇ شەھەرنى ئويغاتتىم. مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغان ھالىتىم ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ئورمانلىقتا تۇرغان شاھزادىنىڭ ھالىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى».

ئــەجەبا تا ھازىرغىچە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر راستىنلا بۇ يەرنى

ئېرىسۋوست خانتىڭتون [ ئامېرىكا]

# ئاسىيانىڭ جان تومۇرى

## قەدىمىي شەھەر چاقارغا ئائىت سىرلىق رىۋايەتلەر

پۇجىنىڭ ① شەرقىي شىمالىدىن 40 مىل يىراقلىقتا كەڭ ھەم مۇنبەت خوتەن بوستانلىقى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مەن خوتەنگە كىرىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە بىر نەپەر ھۆكۈمەت تىلماچى كېلىپ، ماڭا ئەتىسى كېيىنرەك يولغا چىقىشنى ئۇقتۇردى. ئۈچ - تۆت نەپەر يىپەك كىيىم كىيگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بىزگە ئاتلىق ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. خوتەننىڭ بازىرىغا بەش مىل يول قالغاندا ئالدىمىزدا 15 نەپەر چەۋەنداز پەيدا بولدى - دە، بىزنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ ئاتتىن چۈشتى. مەنمۇ چۈشمەكچى بولغاندا لاسالى ئىنگلىزچە ماڭا «سەن بۈگۈن قىممەتلىك مېھمان، ئۇلۇغ شەخس ھېسابلىنىسەن، ھەرقانداق ئىش بولسا ئاتتىن چۈشمىگىن» دەپ ئۇق- تۇردى. كەلگەنلەر ھىندىستانلىق سودىگەرلەر بولۇپ، ئاقلارنى دوست ۋە ھىمات ھېسابلايتتى. بىز يەنە يولغا چىقىپ بازارغا ئىككى مىل

【 ئىلاۋە】 ئېرىسۋوست خانتىڭتوننىڭ ئاسىياغا بولغان ئىلمىي تەكشۈرۈشى 1903 – يىلدىن 1906 – يىلغىچە تۆت يىل داۋام قىلغان بولۇپ، بۇ تۆت يىلنى يەنە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
1903 – يىل خانتىڭتون ئامېرىكا كارنېگى ئىنستىتۇتى پىمبورىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ئاسىياغا كېلىپ، دالىدا ئەمەلىي ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار قىرغىزىستاننىڭ شەرقىدىكى ئىسسىق كۆل بويىغا جايلاشقان پېرژېۋالسكى شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈش شەھىرى

① پۇجى — ھازىرقى خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزىسىنىڭ بىر كەنتى.

داۋاملاشتۇردۇق. دەريانىڭ ئاخىرى بىرنەچچە تارماق ئېقىنغا بۆلۈنۈپ دەريا دېلتىسىنى ھاسىل قىلىدىكەن.

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئورمانلىقتا ئۇزاقتىن بېرى ماكانلىشىپ كەلگەن مۇھەممەت باي دېگەن كىشى بىزگە بۇ دەريانىڭ قۇملۇقتا توگەپ كېتىدىغان ئاخىرقى ئۇچىغا بارغىلى بىر يېرىم كۈنلۈك مۇساپە قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ بوۋاي ھەقىقىي زاھىتلارچە ياشاۋاتقان كىشى ئىكەن. ئورمانلىقتا ياشاۋاتقان بۇ كىشى ياقۇپ بەگنىڭ ياكى جۇڭگو خانىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ يەنە يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بېرى يولۋاسنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن بوۋايدىن: بۇ دەريانىڭ ئاياغ ئۇچىدىن قۇملۇقنىڭ شىمالىي چېتىگىچە قانچىلىك ئارىلىق بار؟ دەپ سورىدىم:

— بۇ قۇملۇقنىڭ ئۇ چېتىگە ئۈچ ئاي ۋاقىتتا بارغىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەت باي.

سۋېن ھېدىن: «مەركىزىي ئاسىياغا سەپەر ‹亚州腹地旅行记›» (داجىچاۋ، فەن جىشى تەرجىمىسى) يۈەنفاڭ نەشرىياتى 2003 ـ يىل 3 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى، 23 — 28 ـ بەتلەردىن

**مۇھەممەتئىمىن سابىر** تەرجىمىسى

كېلىپ يول بويىدىكى ۋاقىتلىق قىزىل شىپائخانىغا باشلىدى. بىز ناھايە-تـى قىزغىن پاراڭلاشتۇق، مەن ئۇيغۇر تىلى ياكى ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق لاسالىغا سۆزلىدىم، لاسالى باشقا تىل ئارقىلىق ھۆكۈمەت تىلماچىغا يەتكۈزەتتى. تىلماچ ئۇنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلاتتى.

مەن خوتەندە ئىككى ھەپتە تۇردۇم. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرلۇك ئالاھە-دىلىكلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا باشقا ساياھەتچىلەر ئاللىقا-چـان توختىلىپ بولغانلىقتىن، مەن بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىپ يۇرمىدىم. قىسقىسى، بۇ يەردىكى خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ھىندىستانلىقلارغا تۇتقان پوزىتسى-يىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. باررىت يېتىپ كەلگەندىن كې-يىن، بىز يەنىلا چېدىرلاردا تۇرمۇش كەچۇرىدىغان يېرىم چارۋىچىلار-نىڭ ماكانى پوجىغا قايتىپ كەلدۇق.

خوتەندىن چىقىپ 12 كۈندىن كېيىن، يەنى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يورۇڭقاش دەرياسىغا يېتىپ كەلدۇق - دە، يامغۇرغا قارىماي قوپال سېلىنغان 100 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ كۆۋرۈكتىن

1905 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خانتىڭتون خىزمەتدىشى باررىت بىلەن بىرگە «خيالي جهنهت» دەپ ئاتالغان كەشمىرگە كېلىپ، ئـۆزىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك جۇغراپىيىلىك تـەكشۈرۈشىنى باشلىغان. ئۇ كەشمىرنىڭ مەركىزى سىرىناگادا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، لاما دىنىنىڭ مەركىزى لاداخقا يېتىپ بارغان. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 35 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو تەۋەلىكىگە كىرگەن. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى قاراقاش دەرياسى بۆلىكى ئەتراپىدا جۇڭگونىڭ چارۋىچى ئاھالىسى بىلەن ئۇچراشقان. دېڭىز يۈزىدىن 16700 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى سانجۇ تېغى ئېغىزىدا تۇرۇپ، ئاسىيانىڭ جان تومۇرى بولغان تارىم ئويمانلىقىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. 1905 - يىل 6 - ئايدىن 1906 - يىل 2 - ئايغىچە بولغان توققۇز ئايدا ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدە تۇرۇپ، خوتەن، چىرا، كېرىيە، نىيا، چەرچەن، چاقىلىق ۋە ۋاشىشا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ

قالغاندا، بىر نەپەر موگو شەكىللىك تەقىيە كىيگەن ھۆكۈمەت ئەمەل-دارى قولىدا قىپقىزىل بىر تال ئالۇچىنى ئېلىپ ئالدىمىزغا كەلدى - دە، بىزنى توختاشقا دەۋەت قىلدى. بىرئازدىن كېيىن بىز يەنە ئاتلىنىپ بىر دوقمۇشتىن ئۆتتۇق. ئوچۇق قىزىل ۋە زەڭگەر رەڭلىك كىيىم كىيگەن 100 نەپەر لەشكەر ئىككى رەت بولۇپ بىزنى قارشى ئالدى، ھەممە كىشى ئاتتىن چۈشتى، مەن ئاتلىق ھالدا ئوتتۇرىدا ماڭدىم. ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر دىققەت بىلەن تۇراتتى. ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ بۇرجەك قىزىل تۇغلار لەپىلدەيتتى. ئۇزۇنلۇقى ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بۇرغىلار چېلىندى. ھۆر-مەت توپى ئېتىلغاندا ئېتىم چۆچۈپ سەكرەپ كەتتى. بىر كۆۋرۈك بېشىدا ئۈچ مەپە مېنى كۈتۈۋالدى. ئارقىسىدا 40 ~ 50 نەپەر خەنزۇ ئەمەلدار ۋە چېرىك بولۇپ، ھەممىسى زەڭگەر رەڭ فورما كىيگەن ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر چوڭ كۆزەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، مەن ئالدىدىكى مەپىنىڭ قېشىدا ئاتتىن چۈشتۈم. مەپە ئىچىدىن ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا خاس بەلگىلىك قالپاق، ئۈستىگە ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن لىباس كىيگەن يەرلىك ئەمەلدار چۈشۈپ كەل-دى. بىز ئۆز ئارا قول ئېلىشتۇق، يېنىش - يېنىشلاپ تەزىم قىلىش-تۇق، ئارقىدىن ھەرقايسىمىز ئۆز تىلىمىزدا تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇ مېنى قولۇمدىن ئەدەپ بىلەن يېتىلەپ

(سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدە) ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم ئايىغى كەمە-دىن - كەم بېسىلىدىغان جايلاردا خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ كىلىماتى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى تەكشۈرگەن. خانتىڭتون ئامېرىكىنىڭ داڭلىق جۇغراپىيە ئالىمى، پروفېسسور دەيۋىس بىلەن تەڭرىتاغلىرىدا تۇرۇشلۇق قىرغىزلار ئارىسىدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ قىرغىز تىلىنى ئۆگەنگەن. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولغان ھەمدە بۇ خىزمەتلىرى توغرىسىدا «1903 - يىلى مەركىزىي ئاسىيادىكى تەكشۈرۈش-لەر»، «ئاسىيادا قايتا ئۇچرىشىش» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىل-دۇرغان. 1905 - ، 1906 - يىللىرى خانتىڭتون ئامېرىكا جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشى بىلەن ئاسىياغا قايتا كېلىپ، شىنجاڭدا كىلىمات بىلەن ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغان.

تاغ گەۋدىسىدىن روشەن ئايرىپ تۇراتتى. شىمال تەرەپكە قارىسىغىز 60 مىل كېلىدىغان خوتەن بوستانلىقى ئەتراپىدىكى تاغلارنىڭ هاۋا بوشلۇقىدا قۇملۇقلاردىن ئۆرلىگەن قوم توزانلىرى لەيلەپ يۈرەتتى. شەرقىي شىمال قىسمىدا، 1900 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى تېكە-لىك ئېگىزلىكنىڭ يۇقىرىقى تەكشىلىكى كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئويـ-مانلىق توسۇلۇپ قالاتتى. پەسكە قارىسىغىز، پېشا ئويمانلىقىدىكى كەڭ كەتكەن يېشىللىقلار روشەن كۆرۈنىدىغان بولۇپ، بۇنداق ئوچۇق هاۋانى كۆرۈش راستتىنلا بىر ئامەت ئىدى.

لېكىن، چۈشتىن كېيىن هاۋا تويۇقسىز ئۆزگىرىپ بوران چە-قىشقا باشلىدى. بوز توپىلارنىڭ يەرگە قونغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئەتراپتىكى تاغلار گەرچە يەنىلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن سائەت ئىككى بولغاندا چاڭ ـ توزان قاراڭغۇ تېكىلىك ئېگىزلە-كنى قوينىغا ئورىدى، سائەت تۆت بولغاندا جەنۇب تەرەپتىكى ئاپئاق چوققىلارنىمۇ كۆرگىلى بولمىدى.

كېيىنكى ئىككى هەپتىدە بىز پېشانىڭ شەرقىدىكى قاراقاش دەريا قىنىدا بولدۇق. بۇ يەردىكى كۈنلىرىمىز ئاساسەن چاڭ ـ توزان ئىچىدە ئۆتتى. چاڭ ـ توزان سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، خەت يېزىۋاتقان قەغەزنى هەر 10 ～ 15 مىنۇتتا بىر قېتىم سۈرتۈپ تۇرمىسا خەت يازغىلى بولمايتتى. بەزىدە ئالدىمدا بىر قەۋەت پەردە ئېسىپ قويغاندەك كۆزۈمنى ئاچالماي قالاتتىم. بەلكىم يەرلىك كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىدىـ-كى سوغۇققانلىق، قىزغىنلىقنىڭ كەمچىل بولۇشىنى مۇشۇ يەرلىك كىلىمات بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە ئەمەس، دەپ قارىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئەگەر ساياهەتچىلەر ئۆز كەيپىياتىنىڭ كىلىمات مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى سەز-سە ياكى قىزغىنلىقىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىنى هېس قىلسا، ئۇ هالدا كىلىماتنىڭ يەرلىك كىشىلەرگە ئەۋلادمۇئەۋلاد تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىر خىل ئامىل بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قاراقاش جىلغىسىدىكىلەر تاغ ئۈستىدە قوي باقىدۇ، تۆۋەنكى قىسمىدا ئالتۇن قازغۇچىلار ئالتۇن قازىدۇ. دېهقانچىلىق بىلەن شۇ-

ئۆتتۇق. ئەتىسى ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. بىز پېشانىڭ ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن 1400 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى يۇمشاق يانباغىر- دا تۇرۇپ، ئېگىزلىك يېنىدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چوققىلارنى، كەڭ كەتكەن يايلاقلارنى ۋە قىشلاقلارنى، ئوراپ تۇرغان قۇم بارخانلى- رىنى كۆردۇق. ئۇ يەردە ئوتلاپ يۈرگەن كېيىك ۋە قويلاردىن سىرت، ھاياتلىقنىڭ ئىزناسى يوق ئىدى. دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 2400 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىن 25 ~ 30 مىل يىراقتا نەزەر سالسىڭىز، ئاپئاق قار بىلەن ئورىلىپ تۇرغان كۇئېنلۇن چوققىلىرى يالتىراپ تۇراتتى، مۇزلۇق چوققىلار بەئەينى ھەيكەلتىراشلارنىڭ نادىر ئەسەرلى- رىدەك ساماۋى بوشلۇقتا قەلب ئالىمىڭىزگە كىرىپ كېلەتتى. غەربكە قارىسىڭىز، 7000 ئىنگلىز چىسى تۆۋەندە غايەت زور بىر قىيا يورۇڭ- قاش دەرياسىدىكى ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان جىلغىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، بۇ جىلغا ئامېرىكىدىكى داڭلىق كولورادو چوڭ جىلغىسىدىنمۇ تار ۋە چوڭقۇر ئىدى. بۇ قىيا پېشا ئويمانلىقنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە سىرلىق ئوردىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭقۇر جىلغىلارنى يېرىلغان

---

بېرىپ، چاقار ۋە مىرەن مەدەنىيەت خارابىلىرىنى بايقىغان. ئۇ سۋېن ھېدىن، ستەيىن قاتارلىقلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇزۇنتات، دامىكۇ، دەندان ئۆيلۈك، ئەندىر، نىيا، كروران قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئۇ تارىخىي ئىزلارغا قىزىققان، ئەمما مەدەنىيات يادىكارلىقلىرىنى ئىزدىمىگەن، پەقەت بۇ خىل قەدىمىي ئىزلارنى كىلىمات بىلەن ئىنسانلار مەدەنىيات مۇناسىۋىتىنىڭ شاھىتى دەپ قارىغان. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنى «لوپنۇر ئويمانلىقى» دەپ ئاتاپ، ئاسىيانىڭ كىندىكى دەپ قارىغان. 1906 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خانتېڭتون تۇرپانغا كېلىپ 20 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، 3 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن. 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۆچەكتىن يولغا چىقىپ غەربىي سىبىرىيە ئارقىلىق موسكۋاغا بارغان. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سەنئەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پەن تەتقىقات فوندىغا ئېرىد- شىپ، 1907 - يىل 7 - ئايدا «ئاسىيانىڭ جان تومۇرى» ناملىق كىتابنى مۇۋەپپەقىيەتلىك دۇنياغا كەلتۈرگەن. تۆۋەندىكىسى مەزكۇر كىتابنىڭ خو- تەنگە ئائىت يەتتىنچى بابىدىن ئۈزۈنچى بابىغىچە بولغان قىسمىدۇر.

— مەن بۇ يەردە بىر قوي سېتىۋالالامدىمەن؟ — دەپ سورىدى ئەھمەد ئۇنىڭدىن.

— بىزنىڭ بۇ يەردە قويلارنىڭ ھەممىسى تاغقا ئەپكېتىلگەن، ئۆچكە بار، — دەپ جاۋاب بەردى موللا.

— ماڭا دەرھال بىرنى سېتىپ بېرىڭ، — دېدى ئەھمەد. ئادەتتە باھا تالىشىشقا ئامراق ئەھمەد بۇ قېتىم ئۆچكىنىڭ باھاسىنىمۇ سوراپ قويمىدى.

كېيىن بىز ئۆچكىنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇ بۇنىڭ نەزىرلىك مال ئىكەنلىكىنى، پۇلىنى جەزمەن ئۆزى تۆلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار نەزىرچى موللىلار ئەكەلگەن ئۆچكىنى بىر يېرىم سائەت ئىچىدە سويۇپ گۆشىنى پىشۇردى - دە، تويۇنۇپ يېيىشتى، ئارقىدىن ئۆچكە مۈڭگۈزى ۋە تېرىسىنى خادىلارغا ئارتىپ قويدى. ئەھمەدنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆزى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، خوجايىنى، بارلىق دوست - بۇرادەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتى ھەققىدە دۇئا قىپتۇ. ئۇنىڭدا بىر خىل ئەنئەنىۋى تىرىلىش ھاسىل بولغاندەك، بىرنەچچە كۈن ناھايىتى خۇشال يۈردى، ئادەتتىن تاشقىرى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. چۈنكى، ئۇ بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى.

مەركىزىي ئاسىيادا ئۇلۇغلار مازىرى كۆپىنچە خارابىلەرگە يېقىن يەرلەرگە جايلاشقان بولۇپ، دەرۋەقە بۇ مازاردىن نەچچە مىل كېلىدىغان جايدا مەن شەھەر سېپىلى سېلىنغان قەدىمىي چاقارنى بايقىدىم (چاقار قەدىمىي شەھىرى ھازىرقى چىرا ناھىيە چاقار يېزىسىدىكى «ھاسا چوقتۇرۇش قورغىنى» نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، قىسقارتىپ «ھاسا» مۇ دېيىلىدۇ — ت). ئوخشاش نامدا ئاتىلىپ كەلگەن چاقار بازىرىنىڭ 3000 ~ 5000 نوپۇسى بولۇپ، مىلادىيە 11 - ئەسىردە يەنى ئىسلام دىنى بۇددىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشتىن 1000 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان. خارابىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يېرىم مىل، كەڭلىكى تۆتتىن بىر مىل كېلىدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 7500 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، قاراقاش دەرياسى بىلەن چاقار دەرياسىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىكى تەكشى شېغىللىق قاپتالغا جايلاشقان. ئۇ دەريا يۈزد-

غوللانغۇچىلار بولسا دېڭىز يۈزىدىن 8000 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان جىلغا ئىچىدە تېرىقچىلىق قىلىدۇ. ئالتۇن قۇم ـ شېغىللار ئارىسىدىن سۈزۈۋېلىنىدىغان بولۇپ، بۇ كالىفورنىيىدىكى ئالتۇن قېزىش بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردىكى رۇدا ئېقىتىش كاتىكى 12 ئادەمگە تەۋە بولۇپ، 5 ~ 6 ئائىلىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن، ئائىلە ئەزالىرىدىن ئالتە ياشتىن ئاشقانلار ئەمگەك قىلىشى كېرەك ئىكەن. ئۇلارنىڭ تېرىيدىغان يېرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەرگە تايىنىپ قورسىقىنى باقالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە ئېشىكى بولۇپ، 12 ئادەم خوتۇنلىرى بىلەن بىرگە ئېيىغا ئاران 200 تەڭگە پۇل تاپىدىكەن، بۇ ئاران ئون دوللارغا تەڭ كېلىدىكەن. جۇڭگونىڭ قانۇنى بويىچە، بارلىق ئالتۇنلار هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ئالتۇن قىممىتىنىڭ يېرىمىغا ئاران يەتكۈدەك پۇل بېرىدىكەن. كاندا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ هارغىنلىقى، بەزىدە ھېچنېمە تاپالمايدىغانلىقى، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئېھتىيات تەلەپ قىلىشى قاتارلىقلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىكەنمىز. بىراق يەرگە تايانسا ئۇلار ئايدا ئاران بىر دوللارغىلا ئېرىشەلەيدىكەن.

ئالتۇن قېزىۋاتقان جاينىڭ تۆۋىنىدە، قاراقاش دەرياسى بويىدىكى قىزىل قىيالىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى تار كەتكەن بىر بوستانلىق بولۇپ، بىز ئۇ يەردە تۇنجى مازار ــ ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى داڭلىق مۇسۇلمان مازىرى ئىمامى مەھدى ئاخىر زامان مازىرىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ يەردە قوتاز قۇيرۇقى، قوي تېرىسى، ئات قۇيرۇقى قاتارلىقلار تۇغ ـ ئەلەم قىلىپ سەدىقە خادىلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان، يەنە تېخى بۇددا دىنى نۇسخىسىدىكى رەخت تۇغلارمۇ ئېسىقلىق ئىدى. مازارغا يېقىنلاشقاندا مېنىڭ چاكىرىم ئەھمەد تولىمۇ هاياجانلاندى. ئۇ: «ئىمام مازىرىغا كېلىدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە بۇرۇنراق ئاتتىن چۈشەتتىم» دېدى. يەنە تۆتتىن بىر مىل يول قالغاندا ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ تىلاۋەت قىلدى ۋە پىيادە ماڭدى. 200 ئىنگلىز چىسى قالغاندا ئۇ ئايغىنى سېلىۋېتىپ يەنە بىر قېتىم تىلاۋەت قىلدى. بۇ چاغدا بىر موللا پەيدا بولدى.

رىختا هازىرقى بىلەن ئوخشاش، ئەمما سۇنى پىلانلىق تەمىنلەپ قاتتىق باشقۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم چىرا دەرياسى، گەنجىساي دەرياسى ياكى پىسا ( 皮萨 ) دەرياسى بۇ شەھەرگە يېقىن بولغان بولۇشى ھەمدە شۇ سەۋەبتىن مەلۇم ھۆكۈمەت چاقار دەرياسى بويىغا شەھەر بىنا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما چاقار دەرياسىنىڭ ھەرقانداق ياخشى ئەھۋالدىمۇ بۇنداق چوڭ شەھەرنى يەتكۈدەك سۇ بىلەن تەمىنلەپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ يەرنىڭ كىلىماتى بىرئاز نەمخۇش بولغان بولسا ياكى دەريا قىنى هازىرقىدىن چوڭراق بولغان بولسا، ھەرقانداق گۇمانلار بىردىنلا يېشىلىپ كەتكەن بولاتتى.

كىلىماتقا بولغان تەسەۋۋۇر يەنە بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر، بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى قەدىمدىن هازىرغىچە ئۆزگەرمىگەن بولسا، بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ بۇنداق چەت - ياقا جايدا مەۋجۇت بولۇشىدىن ئېغىز ئېچىش تولىمۇ قىيىن. غەربىي تەرەپتىكى پىسادىن ئىماملىرىمغىچە بولغان كەڭ زېمىنىنىڭ سودا مەركىزى بولغان چاقار قەدىمىي شەھىرىنىڭ هازىرقى ئاهالىسى 5000 كىشىگە يەتمەيدىغان بولۇپ، ئەگەر بۇ يەردە ئاسىيا تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىلغار سۇغىرىش سىستېمىسى ئىشلىتىلمىگەن بولسا، نوپۇسنىڭ بۇنداق كۆپىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. خوتەندىن شەرققە ماڭغاندا، بىز ھەمىشە «قالماق» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدۇق. بۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موڭغۇل چارۋىچى قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى كۇئېنلۇن باغرىدىكى ئېدىرلىقلاردا توپلىشىپ ياشىغان. تاغ تۈۋىدىن نەچچە مىل سوزۇلىدىغان، ھەمىشە ئادەم ماڭمايدىغان بىر يول بولۇپ، كىشىلەر بۇ يولنى «قالماق يولى» دەپ ئاتاشقان. بەلكىم بۇ يول ئىلگىرى ناھايىتى بېسىق بولغان بولۇشى مۇمكىن. هازىر گەرچە ئەتراپىدىكى بۇلاقلار يەنىلا ئىشلىتىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەم ئايىغى ناھايىتى ئاز ئىدى. بەلكىم بۇ يەردە موڭغۇللار ياشىغان مەزگىلدە نوپۇس هازىرقىدىن كۆپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

چاقارنىڭ بىرنەچچە مىل شىمالىدا مەن «قارانچى» ( 卡拉奇 ) نى بايقىدىم ( «قارانچى» هاسا چوقتۇرۇش قورغىنى بولۇپ، قىسقار-

دىن 210 ~ 250 ئىنگلىز چىسى كۆتۈرۈلۈپ تۈرىدىغان بولۇپ، ئۇچ تەرىپى يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان تىك قىيادىن ئىبارەت. شىمالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غايەت زور بىر تام شەھەرنىڭ ھەممە كىرىش ئېغىزىنى توسۇپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرىپى چەكسىز كەتكەن قوش قات شەھەر سېپىلى ۋە دەريادىن ئىبارەت.

يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خارابىنىڭ ئەينى چاغدىكى سۇيى چاقار دەرياسىدىن تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، بۇ دەريا يەر ئاستىدىكى تاش نو ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ بەزى قىسىملىرى بايقالغانىكەن. بۈگۈنكى كۈندە بۇ دەريا ئاللىقاچان بەك كىچىكلەپ كەتكەن بولۇپ، بۇنچە چوڭ شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەسكەن. قاراقاش دەرياسىدىن سۇ ئەكېلىشكىمۇ بولمايدىكەن. دەريا يۈزىدىن 250 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى شەھەر خارابىسىگە سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن، ھازىر كەم دېگەندە ئون مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئەگرى ـ بۈگرى ئېرىق قېزىشقا، يەنە كېلىپ بۇ ئېرىقنى تىك قىيا ۋە شېغىللىقلاردىن قېزىشقا، كەم دېگەندەك بىر چوڭ تارماق ئېقىن جىلغىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ قۇرۇلۇش مەزكۇر خارابىنىڭ كۆلىمى بىلەن ئەسلا ماسلاشمايدىغان بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلۇش مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى ھازىر بولسۇن، ئاسىيا قۇرۇلۇقىنىڭ باشقا جايلىرىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئەگەر بۇ خىل قۇرۇلۇش مەۋجۇت بولغان بولسا، جەزمەن ئۇنىڭ ئىزى بولغان ھەمدە يەرلىكلەر ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان بولاتتى. مەسىلە شۇ يەردىكى، ھازىرقى چاقار دەرياسى ئىنتايىن كىچىكلەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى «دەريا» دېگۈچىلىكى قالمىغان، پەقەت 12 ئائىلىلىكنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېرىق بولۇپ قالغان ئىدى. ياز كۈنلىرى بۇ يەرگە تېكىلىك داۋىنىدىن ئېرىگەن قار سۇلىرى ناھايىتى ئاز ئېقىپ كېلىدىكەن، ئەتىيازدا سۇ ئىنتايىن قىس بولىدىكەن، قىشتا بولسا بىرنەچچە كىچىك بۇلاق سۈيىگە قاراشلىق بولىدىكەن. دېمەك، قەدىمىي چاقار شەھىرىنىڭ سۈيىنى قاراقاش دەرياسىدىن ئەكېلىش مۇمكىن بولمىغانىكەن، ئۇنىڭدا پەقەت ئىككىلا تاللاش قالدى دېگەن گەپ: بىرى، قەدىمىي چاقار دەرياسى تارىختا ھازىرقىدىن چوڭ بولغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئىككىنچىسى، دەريا تا-

ئېيتىشىچە، ئىمامنىڭ قولىدىكى بۇ تەزكىرىنى مىلادىيە 1000 ـ يىللاردا قەشقەرلىك ساتۇق بۇغراخاننىڭ بىر داڭلىق پۇتۇكچە- سى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا شەرقتىن كەلگەن تۆت نەپەر ئىمام ئالەمدىن ئۆتكەندە مۇشۇ مازارغا قويۇلغانلىق- تىن، بۇ مازارغا «ئىماملىرىم» دەپ نام بېرىلگەنىكەن. تەزكىرىدە ئېيتىلىشىچە: ئىماملىرىم ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىـ- ياغا كېلىپ، خوتەننىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلغانىمىش. خوتەندىكى كۆپپارلار (غەيرىي دىندىكىلەر) بۇددىزمدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلاۋەت- نىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەھىرىنى خاراب قىلغانىمىش ھەمدە بۇ شەھەرگە «قارا قالماق چىن» دەپ نام بەرگەنىمىش. كېيىن 12000 ئادەم ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىپ خوتەن شەھىرىنى قايتا قۇرۇپ چىققانىمىش. قالغان كۆپپارلاردىن 17000 كىشى ئۆزلىرىنىڭ چوقتىـ- رەشىد ۋە نوقتىرەشىد قاتارلىق پادىشاھلىرىغا ئەگىشىپ چاقارغا كې- لىپ شەھەر بەرپا قىلغانىمىش. مەن بايقىغان چاقار قەدىمىي شەھىرى دەل شۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىمىش. يەنە 40 يىل ئۆتكەندە، ئىماملار ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىشىپ ئىككى پادىشاھنى ئىسـ- لامغا دەۋەت قىلىپ رەت قىلىنغانىمىش، لېكىن چاقار شەھىرى ئىچىدە بىر ئادەم ئىسلامغا بەيئەت قىلغان بولۇپ، ئۇ شەھەردىن خۇپىيانە چىقىپ، ئىماملىرىم بىلەن بىرلىكتە شەھەرنىڭ جان تومۇرى — سۇ مەنبەسىنى تاپقانىمىش. ئەمما سۇ يەر ئاستىدىكى نولاردىن ئۆتىدىغان بولغانلىقتىن، ئىماملىرىم سۇنىڭ توغرا ئېقىش يۆنىلىشىنى بىلەلمەي تەڭرىگە ئىلتىجا قىلغانىمىش. شۇ دەقىقىدە بىر تۈپ دەرەخ ئۈنۈپ چىقىپ چېچەكلەپ مېۋە بەرگەنىمىش. بۇ خىل دەرەخ بۇ شەھەرگە نىسبەتەن ئاجايىپ غەيرىي خۇش پۇراقلىق، چۈچۈمەل قىزىل ئالما دەرىخى بولۇپ، ئىماملىرىم دەرەخ ئاستىدا جەزمەن سۇ بار دەپ پەرەز قىلىپ، دەرەخ تۈۋىنى كولاپ سۇ يولىنى تاپقانىمىش ھەمدە بىر تال قىزىل ئالمىنى سۇغا تاشلىغانىمىش، بۇ ئالما ئېقىپ يۈرۈپ، ئېرىقنىڭ شـەھەرگە سۇ كىرىدىغان تۆشۈكىنى توسۇۋالغانىمىش، شەھەردە سۇ بولمىغانلىقتىن ناھايىتى تېزلا چۆل قالغانىمىش. كىشىلەر سايباغ ۋە

تىپ «ھاسا» دەپ ئاتالغان) . بۇ قەدىمىي قورغاننى چاقارنىڭ نۇسخە لىنىشى دېسە ئارتۇق كەتمەيدىغان بولۇپ، چاقارنىڭ ئالتىدىن بىرىگە توغرا كېلەتتى. بۇ يەرنىڭ سۇ تەمىناتىنىڭ 150 ئىنگلىز چىسى تۆۋەندىكى قاراقاش دەرياسىدىن كېلىدىغانلىقى ياكى غەربىي تەرەپتىكى چاقار دەرياسىدىن كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەر ئازراقمۇ مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. چاقار دەرياسىغا پەقەت يامغۇر پەسلىدىلا سۇ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ قورغاننىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىش مەسىلىسىدە، بىز چاقار قەدىمىي شەھىرىدىكىگە ئوخشاش مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق. بۇ يەردە چاقاردىكىگە ئوخشاشلا ساپال پارچىلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بۇ يەردىن ئەزەلدىن پۇلغا يارايدىغان بىرەر نەرسە ئۇچراتمىغانىكەن. «قارانچى» بىلەن چاقار قەدىمىي شەھىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ھەر ئىككىسى بىرلا دەۋردە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ جايلاردا نوپۇسنىڭ خېلى زىچ ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تاغلىق رايوندىن ئايرىلىش ئالدىدا، مەن شەرق تەرەپتىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان ئىماملىرىم (چىرا ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسىدىكى تۆت ئىمام مازىرى — ت) كەنتى ۋە كېرىيىنىڭ پولو چارۋىچىلىق كەنتىگە بېرىپ قايتتىم. «ئىماملىرىم» ناھايىتى داڭلىق مازار بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ ئىمامىدا چاقار قەدىمىي شەھىرىنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن بىر پارچە «تەزكىرىيە» («ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى») بار دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىتكە يېتىپ كەلدىم. ئۇ ئىككى - ئۈچ خوتۇنلۇق، زاھىتلارغا ئوخشىمايدىغان ياش يىگىت بولۇپ، قويۇق دىنىي پۇراقتا ئىگە بۇ مەسچىتتە كۆن بويى تىلاۋەت قىلاتتى. بۇ يەردىكى نامراتلار باشقىلار بەرگەن كىچىككىنە پۇل ئۈچۈن بەش مىنۇت دۇئا قىلىدىكەن. ئىمامدىن باشقا بەش ئاخۇن بولۇپ، ئۇلار مەسچىتكە قاچانلا كەلمىسۇن، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ قول كۆتۈرىدىكەن. ئەلۋەتتە غىزالانغان چاغدا ناھايىتى ئۇزاق دۇئا قىلىندىغان بولۇپ، ئەگەر بۇ مەسچىت ئالدىدىن تاسادىپىي بىرەر ئايال زاتىنى يولۇقتۇرمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى موناستىرغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەنسىز.

تۇرغان. شەھەرنىڭ تاشلىنىپ كېتىلىشىمۇ ئۇرۇش سەۋەبىدىن بول-ماستىن، بەلكى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان. ئەلۋەتتە، سۇ مەنبەسىنىڭ خۇددى رىۋايەتتىكى ئاقساي دەرياسىغا ئوخشاشلا، دۈشمەن تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلانغانلىقىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەمما بۇ، سۇنىڭ زادى قەيەرگە كەتكەنلىكى مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شەھەردىكى پايدىلانغىلى بولىدىغان سۇنىڭ ھازىر نېمىشقا شۇنچە ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كىلىمات ئامىلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن سىرت ھەرقانداق سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

مۆجىزە كەبى بۇ ھېكايىلەر مېنى بۇ يەردىمۇ «مىڭ بىر كېچە» دىكىگە ئوخشاش جىن ـ ئالۋاستىلار مەۋجۇت بولغانمۇ قانداق، دېگەن غەلىتە ئويغا سېلىپ قويىدى. ئەتراپىتىكىلەر مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بىرەيلەن بولسا: «ھە، شۇنداق، ئۇ بۇ ئالۋاستى-لارنى قوغلىۋېتىشنى بىلىدۇ. بۇ يەردە نۇرغۇن ئالۋاستىلار بار، تاغ-لاردىمۇ، قۇملۇقتىمۇ، ئورماندىمۇ بار، قاراڭ ئاۋۇ كىشىگە، جىن چاپلىشىۋاپتۇ، داۋالىيالامسىز؟» دەپ سوراپ قويىدى.

خوتەن ۋە يەكەندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قالقان بېزىنى يوغىناپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، كېچىدە يامان نىيەتلىك ئال-ۋاستىلار كىشىلەرنىڭ گېلىنى سىقىپ قالقان بېزى يوغىنىتىۋې-تەرمىش.

ھېلىقى تۆت ئىمام ئىماملىرىمدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە خېلى باياشات ياشىغان بولۇپ، ئاخۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار گۆرۈچ تامە-قى پىشۇرىدىغان بىر ئالتۇن كورا ھازىرمۇ بىر مەسچىتتە ساقلىنىپ، تاۋاپچىلارنىڭ نەزىرلىك غىزا تەييارلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ. بۇ كورا ئىنتايىن خاسىيەتلىك بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ كۆزى كور بولارمىش. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ كورا شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنى تاماق ئېتىشكە قانداق ئىشلەتكىنىنى سوراپ باققۇم كەلدى.

مەن ئىماملىرىمدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، يەنە تاۋاپچىلار داۋاملىق كېلىپ تۇردى، نەزىرلەر بولدى. ئاڭلىشىمچە، ئامەتلىك يىللاردا تاۋاپ-چىلار 1000 ئادەمدىن ئاشىدىكەن. تاۋاپچىلار ئارىسىدا ئەقلىلىق، يۇرۇش ـ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان يەكەنلىك سودىگەر بار ئىدى.

نۇرى ئارقىلىق شەرققە مېڭىپ، ئاقساي دەريا بويىدىكى ھازىرقى ئىمام-لىرىم دېگەن يەردە بىرمەھەل تۇرغانمىش، ئىماملار بۇ يەرگە قوغلاپ كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى جەڭنى ئېلىپ بارغانمىش. ئىككى نەپەر كۆپپار پادىشاھ ئاقساي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا تۇرغانلىقتىن، ئىسلام قوشۇنى بارگاھىنىڭ سۇ مەنبەسىنى بۇلغىۋەتكەنمىش. ئىماملىرىم دەرھال بىر تەقۋادار كىشى ئارقىلىق ئاقساي دەرياسىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ قاراسۇ دەرياسىغا ئېقىپ كىرىشىنى تىلىگەنمىش، لېكىن بۇ چارە بۇددىستلارنىڭ قىزغىنلىقىغا بەرھەم بېرەلمەپتۇ. ئۇزۇن ئۆت-مەي، مۇسۇلمانلار تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، نوقتىرەشىدنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىپتۇ ـ دە، ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىپتۇ. قىرىلغان-لار ئىچىدە تۆت ئىمامۇ بار ئىكەن. يەنە 40 يىل ئۆتكەندە، تىرىلگەن ئىماملار قەشقەرگە قايتىپ كېتىپتۇ ـ دە، پادىشاھنى ئىماملىرىمدا بىر تۇركۇم كىشىلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا دەۋەت قىپتۇ. نوقتىرەشىد ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ پولوغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە بىر مۇھىم تۇۋرۇك بار ئىكەن، «بۇ تۇۋرۇك يەكەندىن چەرچەنگە بارىدىغان قالماقلار يولىغا تىكلەنگەن بو-لۇپ، مۇسۇلمان قوشۇنلىرى نوقتىرەشىدلەرنى دەل شۇ يەردە ئۆزىگە ئەل قىپتۇ.»

پۇتكۇل ۋەقەلىك ئىنتايىن سىرلىق ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپلىققا تولغان بولۇپ، بۇ خىل مۆجىزىلەرنىڭ سادىر بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ۋەقەلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىخىي ئاساسى بار ئىدى. ئاقساي دەرياسىنىڭ يۆنىلىش ئۆزگەرتىشى تارىخنى تامامەن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش بولۇپ، ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ سادىر بولغان ۋاقتى بىلەن زور دەرىجىدە توقۇنۇش مەۋجۇت. تەزكىرىدە نوقتىرەشىد ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلنى مىلادىيە 1000 ـ يىللار دېگەن بولسا، بېلوف ئۇنى 1095 ـ يىل دەپ قارايدۇ. روشەنكى، چاقار قەدىمىي شەھىرى پەقەتلا كەلدى ـ كەتتى قىلىدىغان سەرگەردانلار تۇرالغۇلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر كىچىك بازار بولۇپ، مىلادىيە 1000 ـ يىللىرىدا ئىسلام مۇرىتلى-رى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان غەيرىي دىن مۇرىتلىرى بۇ يەرنى مەركەز قىلىپ تۇرغان قىسقىغىنە مەزگىلدە ئاندىن مۇھىم ئورۇندا

بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چاسا بوستانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا مۇھىم شەھەر خارابىسى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 300 - يىللاردا تاشلىنىپ كېتىلگەن. ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان قولىيازمىلار-دىن قارىغاندا، دەندان ئۆيلۈك مىلادىيە 800 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاندىن قۇملىشىپ كەتكەن. ئەمما، ستەييىننىڭ ھۆكۈمىدىن قارىغاندا، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بۇ ئىمارەتلەر توپىدىن بۇ مازارلار ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت كىشىلەر تەرىپىدىن قوغ-دالغانلىقى ۋە زىيارەت قىلىنغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بەل-كىم ئەڭ ئاخىرقى كەنتلەر تاشلىنىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر-نىڭ تاۋاپگاھى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بوستانلىقنىڭ سىرتىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىسلام ئەۋلىيالىرى شېھىتگاھلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ستەييىننىڭ ئەقلىي خۇلاسىسىدىن قارى-غاندا، دەندان ئۆيلۈكتىكى تېرىلغۇ يەرلەر كېڭەيتىلگەن قانالاردىن سۇ باشلاش ئارقىلىق سۇغىرىلغان بولۇپ، قانالار چىرا، دامكونىڭ ئېقىنلىرىدىكى سۇلارنى خارابىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇققا، يەنى ساپال پارچىلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇزۇنتاتقا ئۇزۇن مۇددەت (كەم دېگەندە 500 يىل) يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى يەر شەكلى ماتېرىياللىرى ئىسپاتلىغاندەك، تارىخىي ماتېرىياللارمۇ شۇنى چۈشەن-دۇرىدۇكى: دەندان ئۆيلۈكتىكى تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ئۇزۇنتاتنىڭ تاشلى-ۋېتىلىشى ئوخشاش بىرلا سەۋەبتىن، يەنى سۇ مەنبەسى ئاھالىلەرنىڭ سۇغىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. سىۋىن ھېدىننىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى خارابە كېرىيە دەرياسىدىن سۇ باشلاپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ھازىر خارابىنىڭ شەرقىدىن 26 مىل يىراقلىقتىكى بۇ دەريانىڭ يۆنىلىشى ئەسلىدە غەربكە بولغان. مەن بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى بايقاشنى ئۈمىد قىلالاتتىم. ئەگەر ستەييىننىڭ قارىشى توغرا بولسا، مەن بۇ خارابىگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئېقىننىڭ قۇرۇپ كېتىش سەۋەبىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى، يەنى ئورۇش، سۇغىرىش قۇ-رۇلۇشىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكى ياكى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىدەك تەبىئىي ئەھۋاللارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلاشنى ئۈمىد

ئۇ ئىلگىرى مەككىگە بېرىپ 20 يىلچە ياشىغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇ ئوبدان كۈتۈنۈشكە ئېرىشكەن ئىدى.

## قۇملۇققا كۆمۈلگەن چىرا

ئىمامىلىرىمدىن قاراقاش جىلغىسىغا قايتىپ كەلگىنىمدە ئاللىقاچان 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغان بولۇپ، تومۇز ئىسسىق ئاخىرلاشقان، تاغدىن چۈشۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئاتلىنىدىغان ۋاقىت بولغان ئىدى. مەن بارىرىتنى قايتا كۆرگىنىمدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ چىرىغا قايتىپ كەلدۇق.

چىرا تەخمىنەن 1000 نوپۇسقا ئىگە ئاۋات بازار بولۇپ، باشقا كۆپ ساندىكى بوستانلىقلارغا ئوخشاشلا، بۇ يەرلىكلەرمۇ دېھقانچىلىق قىلاتتى. قۇرغاق ھەم ساپ ھاۋا، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان دالىلار، شېرىن ـ شېكەر مېۋە ـ چېۋىلەر، خۇش پۇراق ئاق شاپتۇل ـ قىزىل توغاچلار، ھەر خىل سورتلۇق ئۈزۈملەر، ئېغىزغا كىرىپلا ئېرىپ كېتىدىغان قوغۇنلار، قىزىل قۇم ئەت تاتلىق تاۋۇزلار، خۇددى ناخشا كەبى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى.

چىرىدا بىز بارىرىت بىلەن ئورتاق ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى تاماملاپ بولۇپ، بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلدۇق. ئۇ ئاساسلىقى لوپنۇر ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئەدەبىياتىغا قىزىقاتتى. مەن قەدىمىي كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا دىققەت قىلاتتىم. تەتقىقاتىمنىڭ ئەڭ ياخشى باشلىنىشى ئۈزۈنتات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خارابىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى چىرىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسىم بوستانلىق گىرۋەكلىرىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە شىمالىغا 50 ~ 60 مىل كېلىدىغان يەردىكى دەندان ئۆيلۈك ۋە راۋاقمۇ بار ئىدى. بۇ يەرگە بىرىنچى بىر كەلگەن كىشى ستەيىن بولۇپ، ئۇ دەندان ئۆيلۈك نۇرغۇن دىنىي مۇئەسسەسەلەر بولغان ئەڭ مۇھىم خارابە، دەپ قارىغان ئىدى. ئۇ چاسا ( چەش؟ ) بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرى بۇ يەرلىكلەرنىڭ دېھقانچىلىق

تۇرلۇك قانۇنىي كېپىللىك بەرگەندىن كېيىن، ئۇ تۆگىسىنىڭ
ساق - سالامەت قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ناھايىتى رازى بولدى.

مەن دامىكۇدىن ئىبراھىم ۋە ئابدۇراخماننى بىرنەچچە تۆگىنى
ئېلىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، كېرىيىدىن يەنە بەش تۆگە سېتىۋېلىش-
نى ھەمدە سەپەرگە ئاتلىنىدىغان زۆرۈر تەييارلىقلارنى قىلىپ قويۇشنى
بۇيرۇدۇم. مەن، ئىبراھىم بەگ، تۆگىچى ۋە تۆگە ھەيدەيدىغان كى-
چىك بالا قاتارلىقلار بەش تۆگىنى ئېلىپ قومۇلۇققا يۈرۈش قىلدۇق.
دەسلەپكى يەتتە كۈندە بىز بوستانلىق دائىرىسىدىكى نەچچە كۋادرات
كىلومېتىر دائىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاقساي دەريا خارابىسى ئەتراپى-
دىن تۆت يەردىكى كىچىك كەنت خارابىسىنى بايقىدۇق. بۇ ئارقىلىق
بىز دامىكۇلۇقلارنىڭ ئىلگىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلى-
ۋالدۇق. جەنۇب تەرەپتىكى يول باشلىغۇچىلار «دىلى ئۇز دۆڭ» دەپ
ئاتىۋالغان خارابە ئانچە مۇھىم ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇرنى ستەيىن
كۆرسەتكەن ئاقتاز بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەلكىم ئىككىسى بىر بولسا
كېرەك. ئەتراپىدا «كۆكجىگدە» ۋە «قوشۇق ئۇستى» دۆڭ قاتارلىق
خارابىلەر بولۇپ، بىز يەنە ساكيامۇنىنىڭ ساپال باش ھەيكىلى، بەزى
ۋەكىللىك بۇددا شەخسلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن زىنىنەت تاختىسى
قاتارلىقلارنى تاپتۇق. بۇ ئۇلارنىڭ مىلادىيە 11 - ئەسىردىكى ئىسلام
ئىستېلاسىدىن ئىلگىرىلا بۇ يەردە مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرەتتى. قادىر-
رىق (قادارۇق؟ 柯 达 鲁 克) خارابىسى قارىغاندا بۇ قەدىمىي
شەھەرنىڭ مەركىزىدەك قىلاتتى.

بىز بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ساكيامۇنى باش ھەيكىلى، تامنىڭ
ئالتۇن يالىتىلغان گۈللۈك گەج سۇۋاق پارچىلىرىنى ئۇچراتتۇق.
بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدەك قىلات-
تى. بۇ يەرمۇ دەندان ئۆيلۇككە ئوخشاشلا روشەن دىنىي تۈسكە ئىگە
بولۇپ، بىز بۇ يەردىن يەنە بىرنەچچە دانە جۇڭگو يارماقلىرى، براخما
يېزىقىدىكى بەزى قولىيازمىلارنى ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى بىرنەچچە پارچە
تارشا پۈتۈكلەرنى ئۇچراتتۇق. بۇلاردىن بىر پارچىسى ئارقىسىغا تۆگە
ۋە باشقا بۇيۇملار سىزىلغان رەسىملىك تارشىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېزىل-
غان بولۇپ، يۇقىرىقى تۆت كەنتنىڭ تۆت - بەش مىل سوزۇلۇپ

قىلاتتىم. دەرۋەقە، مېنىڭ تەتقىقاتىم ستەيىننىڭ ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ، خارابە رايونىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىشىنىڭ ھازىرقىدىن كۆپ مول ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا، قەدىمكى زاماندىكى كىلىمات ھازىرقى بىلەن ئانچە ئوخشىشىپ كەتمىسە كېرەك.

مەن چىرىدا بىر يول باشلىغۇچىغا ئېھتىياجلىق بولغىنىمدا، كىشىلەر ماڭا ئىبراھىم بەگ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىلگىرى ستەيىنگە يول باشلاپ نۇرغۇن خارابىلەرگە بارغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ پاكار بويلۇق تەكەببۇر كىشى بولۇپ، قىزىقارلىق چىرايى ئىرلاندىيىلىكلەرگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئېسىل كىيىنگەن بۇ كىشى ماڭا ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ مېنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرىمدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز چىرىدىن بىرنەچچە تۆگە ياللىماقچى بولغان بولساقمۇ، لېكىن ئامالى بولمىغانلىقتىن، دامىكۇغا بېرىپ تەلەي سىناپ باقتۇق. نەتىجىدە ئۇ يەرلىك تۆگىچىلەرمۇ ئوخشاشلا تۆگىلىرىنىڭ تاغقا يازلىق يېقىشقا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇلار دەرھال تاغقا چىقىپ، بىرنەچچە تۆگە ئەكېلىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ راستىنلا شۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمەيتتۇق، چۈنكى ئۇلار تۆگىلىرىنىڭ قۇملۇقتا ئاچ قورساق قېلىشىدىن غەم قىلاتتى. مەن بۇ قېتىممۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندىن كېيىن، كېرىيىگە بېرىپ، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بىرنەچچە تۆگە سېتىۋېلىشنى قارار قىلدىم. ئۇ كۈنى بەگ ۋە دامىكۇدىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەر بىلەن يېرىم كېچىگىچە سۆھبەتلىشىپ، سەپەرنى ئۈچ-تۆت كۈن كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلىشقاندىن كېيىن كۆرۈنگە ئۇيقۇ كىردى. بىراق ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. چىقىپ قارىسام، يەتتە تۆگىنىڭ سىرتتا چۆپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىمنى باسالماي قالدىم. ئەسلىدە مەن يالغان داۋۇد ئىسىملىك ئۇيغۇر تاغدىن كېلىدىغان بىر ساياھەت كارۋىنىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يېرىم كېچىگىچە يولدا ساقلاپتۇ، كارۋانلار كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۆگىسىنى باغلاپ قويۇپتۇ. مەن تۆگىنىڭ ئىگىسىنى چاقىرتقۇزۇپ كەلدىم. بىز توققۇز

ئـىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، يەنە شىمال تەرەپتىكى چىرا دەرياسىنىڭ سۈيى ئەلۋەك چاغلىرىدىكى ئېقىن ئىزلىرى ئەتراپىدا كىـ-شىلەرنىڭ ئوخشاشلا ناھايىتى زىچ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بو-لۇپ، بۇ رايوننىڭ كەڭلىكى ئالتە مىل، ئۇزۇنلۇقى سەككىز مىل كېلىدۇ.

مەن ئۇلۇغ مازاردىن يەنە دەسلەپكى ئورنۇمغا قايتىپ، دامىكۇنىڭ شىمالىدىكى «مالقالغان» دېگەن يەرنىڭ بەگلىرى بىلەن بىر كۈن بىللە بولدۇم. بەگنىڭ ئۆيىدىن شىمالغا قارىغاندا يىراق بولمىغان يەردە بىر كەنتنىڭ قالدۇقلىرىنى بايقىدىم. بۇ يەر يېقىندا تاشلىنىپ كەتكەن ئىدى. بەگنىڭ كەنتلەرنىڭ كۆچۈشى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى ستە-يىننىڭ خاتىرىلىگىنى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش چىقتى. ئەڭ دەسلەپتە دامىكۇ بىلەن پۇناق دېگەن ئىككى كەنتنىڭ ئورنى ھازىرقى ئورنىدىن سـەككىز مىل شىمالدا بولۇپ، تەخمىنەن 1834 - يىل كەنتنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى قۇملۇق ۋە ئورمانلىقتىكى سۇ مەنبەسى ئۇزۇلۇپ قـېلىپ، ئېرىقلاردا ئۇدا يەتتە يىل تامچە سۇ ئاقمىغان. كىشىلەر قۇدۇق قېزىپ سۇ ئىچىشكە مەجبۇر بولغان. لېكىن ئاشلىق مەھسۇلا-تى يىلدىن- يىلغا ئازىيىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆيلىرىنى تاشلاپ، يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، مال ـ ۋارانلىرىنى ھەيدەپ ھازىرقى يېڭى كەنتكە كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ يەردە كىشىلەر بۇلاق سۈيىگە بىرئاز يېقىنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تېرىلغۇ يەرنىڭ كەمچىللىكى، قۇم ھۇجۇمى ھەمدە ئاھالىنىڭ يىلسېرى ئازىيە-شىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇ مەزگىلدە چىرا بىلەن گۇلاخمامۇ ئوخشاش قىسمەتتىن خالىي بولالمىغان. لېكىن دامىكۇدەك ئېغىر خاراب بولمى-غان. 80 ئائىلىگە يېقىن ئادەم ئېقىن ( 艾肯 ) غا كۆچۈپ كەتكەن. ئـۇ يەر بىر دەريانىڭ بېشىدىكى قۇملۇق يەر ئىكەن. بۇ رىۋايەتلەر مـېنىڭچە ئىشەنچلىك بولۇپ، ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئېسىمىر بەگ دېگەن كىشى دادىسىدىن ئاڭلاپتىكەن. دادىسى بولسا ئاشۇ كۆچمەنلەر-نىڭ بىرى ئىكەن. دامىكۇدىكى بەزى ياشانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ھېكايىنى بىلىدىغان بولۇپ، يېڭى ماكانغا كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان ئۇلار بۇنداق سۇ كەمچىللىك قىيىنچىلىقىغا يولۇقۇپ باقماپتۇ، يەنە

كەتكەن دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولاتتى. كۆلىمىمۇ ھازىرقى دامىكوُنىڭ چوڭلۇقىغا توغرا كېلە-
دىغان بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ تاشلىۋېتىلگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە
11 - ئەسىردىكى ئىسلام ئىستېلاسى دەۋرىگە ياكى ئۇنىڭدىن سەل
ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

قادىرىقنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن سەككىز مىل يىراقلىقتا «پا-
يەتبەگنىڭ ئېلىشى» ياكى «تېتىر گىرەم» دېگەن يەردە مەن يەنە بىر
خارابىنى بايقىدىم. ئۇ يۇلغۇن بىلەن قاشالانغان كىچىك بىر ئۆي
بولۇپ، نۇرغۇن پىششىقلانمىغان ساپال بۇيۇملار، تەسۋى، زەڭگەر
رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى
پەرق ئېتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. سىرتقى كۆرۈنۈشى، ئەتراپىدىكى
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ دەۋرى
قادىرىق بىلەن ئوخشاش ئىدى.

يەنە داۋاملىق غەربكە مېڭىپ، ئۇزۇنتات ۋە ئۇلۇغ مازارغا كەل-
دۇق. ئۇلارنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدىن
سەل چوڭدەك قىلاتتى. چوڭلۇقى بەش كۋادرات مىل كېلىدىغان
لاچىنئاتام مازىرىدىن ئۇلۇغ مازارغا كېلىپ، يەنە شەرقىي شىمالغا ئالتە
مىل ماڭغاندا يەنە نۇرغۇن ساپال بۇيۇملارنى بايقىدىم. ئىنسانلار تۇرال-
غۇ قىلغان نۇرغۇن ئىزلار، مەسىلەن، لاي تام ئۆينىڭ قالدۇقلىرى،
كونا خاماندىكى شال پاخلى، يەنە روشەن ھالدىكى قوغۇنلۇقنىڭ
چۆنەك ئىزلىرى بار ئىدى. بۇ يەردىكى بارلىق ئەھۋاللاردىن بۇ يەرنىڭ
تارىخىنىڭ كەم دېگەندە قادىرىقنىڭ تارىخى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى-
نى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى ساپال بۇيۇملار باشقا
جايلاردا ئۇچرىغان ساپال بۇيۇملارغا قارىغاندا ئالاھىدە بولۇپ، شەكلى
بۇرمىسىمان، زىنىنەتلىرىدە نۇرغۇن چېكىت ۋە ئىنچىكە سىزىقلار بار
بولۇپ، بىر ساپال بۇيۇمدا يەنە يېشىل ئېمال (ساپال سىرى) نى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىسلام ئىستېلاسىغا دائىر خاتىرىلەر ۋە ستەيىن-
نىڭ ئۇلۇغ مازاردا بايقىغان 12 - ، 13 - ئەسىرگە ئائىت قەدىمىي
پۇللىرى چىرا تەۋەسىدە ئىسلام ئىستېلاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى
مەزگىللەردە ياشىغان كىشىلەر سانىنىڭ ھازىرقى زامان بىلەن ئوخشاش

كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە مېڭىپ، ھازىر ئاللىقاچان ئادەم ئاياغ باسمايدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا بارغانمىش. بۇ رايوننىڭ يەنە بىر كەنتى گۆلاخما چىرا بىلەن دامىكۇ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، گۆلاخما يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا مۇشۇ يەردە ئىكەن. گۆلاخمادا بىر دەريا بولۇپ، دەريا سۈيى ناھايىتى ئۇنۇملۇك ۋە ئەپچىل پايدىلىنىلغانلىقتىن، يەنە كېيىنكىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ يېقىنلا يەردە تاشلاندۇق خارابە ئىزى بولغانلىقتىن، بۇ رىۋايەتنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىش بىھۇدە ئىدى. چىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى چاقاردىمۇ ئەسلىدە ئادەملەر ئولتۇراقلاشقانلىقىنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق. شۇنداق بولغان ئىكەن، بىز چىرا، گۆلاخما، پۇناق ۋە دامىكۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ئېقىنلىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان تاغ ئېتىكىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئەسلىدە قالماقلارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئاھالىسىنىڭ ھازىرقىدىن خېلىلا كۆپ بولغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا، مىلادىيە 1000 ـ يىلى ئەتراپىدا دەريا بويلاپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ھازىرقىدىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەريا ئېقىنلىرى ھازىرقىدەك سۇ سەرپىياتى يۇقىرى بولغان كەنت ـ قىشلاقلاردىن ئۆتۈپ، يەنە 10 ～ 15 مىل شىمالدىكى ئۇلۇغ مازار دېگەندەك جايلارغا يېتىپ بارالىغان. روشەنكى، پەقەت دەريا ئېقىنلىرىنىڭ كۆلىمى ھازىرقىدىن زور بولغاندا، ئۇزۇلۇكسىز سۇ ئېقىپ تۇرغاندىلا، ئاندىن يۇقىرىقىدەك مۇھىتنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن. ئاقساي دەرياسى ياكى دامىكۇ دەرياسىنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىدە ئانچە ـ مۇنچە توسۇۋالغىلى بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولغاندىن سىرت، دەريا يۇقىرى ئېقىنىنىڭ يۆنىلىشى ئەزەلدىن ئۆزگىرىپ باقمىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ ھازىرقىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قىلچە دەلىل ـ ئىسپات بولمىغان ئەھۋالدا سۇ مەنبەسىنىڭ تەدرىجىي ئازىيىپ قېلىشىنى پەقەت كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئامىلدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇم، تارىخنى تەتقىق قىلغاندا رىۋايەتكە ئاساسلىنىش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەمما، كۆپلىگەن ئالىملار رىۋايەت

كېلىپ، 1893 — 1900 ـ يىللىرى سۇ تېخى كۆپىيىپ قاپتۇ. سۇ
مەنبەسى يېتەرلىك بولغانلىقتىن، دامىكو ۋە مالقالغاندىن ئىبارەت
ئىككى كەنت قورۇلۇپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. مالقالغاند-
دا 1900 ـ يىلى ئولتۇراقلاشقان ئائىلە 25 كە يېتىپتۇ. ئەمما
شۇنىڭدىن كېيىن سۇ مەنبەسى يەنە ئازىيىپ كېتىپ، بىر قىسىم
كىشىلەر ئەسلىي ماكانىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. تېرىلغۇ يېرى ئەسلىدىكى
3000 مودىن 1400 موغا ئازىيىپتۇ. مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب
بېرىش ئۈچۈن، ئىسمىر بەگ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، دىنىي ئۇ-
رۇشلار خاتىرىلەنگەن بىر تەزكىرىنى («ساتۇق بۇغراخان») تاپتۇرۇپ
كەلدى. بۇ كىتاب گەرچە تۈرك تىلىدا بىر خىل ئاھاڭدىكى مەسنەۋى
شەكلىدە تازا مەنىسىز يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن 10 ـ ئەسىردىكى
مۇسۇلمانلارنىڭ قەشقەردىن كېلىپ يەكەن، خوتەنلەردىن ئۆتۈپ، كې-
رىيە بوستانلىقىغا قانداق كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەربىي يۈرۈش
جەريانىدىكى تارىخنى توغرا خاتىرىلىگەنىكەن. كىتابتا خاتىرىلىنى-
شىچە، مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بىر قىسىم بۇددىستلار ۋە كۇپپارلارنى
قىرغىن قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇپتۇ. قالغان
بىر قىسىم كىشىلەر قوملۇقتىن ئۆتۈپ شىمال تەرەپكە قېچىپ كېتىپ-
تۇ. كىتابتا خاتىرىلەنگەن چىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى بىلەن ئوخشاش
بولۇپ، تاجاۋۇزچىلار چىرىنى پەتىھ قىلىپ، «چىنلىقلار» ئولتۇراق-
لاشقان لاچىنئاتام ۋە ئۇلۇغ مازارنى يەنى كىشىلەر تولا تىلغا ئالىدىغان
«تىش»، «تۇرخان» ۋە «كەنئان» (铁西，吐尔汗，克南) دېگەن
جايلارنى پاك ـ پاكىز تازىلاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كەنئان دېگەن
شەھەرنىڭ قوۋۇقى ئالتۇندىن قۇيۇلغان بولۇپ، ئاھالىسىدىن 241
نەپەر قىران يىگىت ئۆلتۈرۈلگەن. 500 ~ 600 ئادەم ئىسلامغا
ئېتىقاد قىلغانىكەن. ئەگەر لاچىنئاتامنىڭ ئورنى راستىنىلا ھازىرقى
بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتا بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى شەھەرنىڭ
ئاھالىسى جەزمەن ھازىرقى چىرىنىڭ ئاھالىسىگە تەڭ كېلىشى مۇم-
كىن. تەزكىرىدە دامىكو بىلەن پۈناق ئۈستىدە توختالمىغان بولسىمۇ،
لېكىن يەرلىكتە بىر رىۋايەت بولۇپ، رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ
يەردىكى بۇددىستلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن،

كۆلۈۋقلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەنىكەن، دەريالار قۇرۇپ كېتىپتىكەن» دېيىشتى.

مەن مالقالىغاندىن شىمالغا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، يەنە شەرققە قاراپ قۇملۇقتىن ئۆتتۇم ـ دە، كېرىيە دەرياسىغا يەتتىم. بىرىنچى كۈنى بىز بۇ يەردە كەم ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈكلەر بەلۋېغىدىن ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىن سەل يىراقتىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا يېقىن جايلارنىڭ سۈيى تەدرىجىي ئازىيىۋېتىپتۇ. دالىدا ئالدىمىزغا 20 ~ 30 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى قۇم دۆۋىلىرى يولۇقۇپ، ھەمىشە ئايلىنىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى. 300 ئىنگلىز چىسى يىراقلىقنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى، ئەڭ يىراق بولغاندا 50 ئىنگلىز چىسى يىراقلىقنى ئاران كۆرەلەيتتۇق. تاغ باغرىدىكى قويۇق تۇمان ئارىسىدىن تاغ گەۋدىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى قەۋەت ـ قەۋەت ئېقىن ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئارىسىدا نۇرغۇن بوغۇملۇق دەرەخ يىلتىزلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. تۆۋەندە قەدىمىي يۇلغۇن غولى كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئۇستى قىسمىدىكى يۇلغۇن چاتقاللىرى ئارىسىغا ئۇششاق قۇملار تولۇپ كەتكەن ئىدى. قويۇق يېشىللىقلار ۋە سۆسۈن رەڭلىك چېچەكلەر بەزى ـ بەزىدە يولۇقۇپ قالاتتى ـ يۇ، كۆپىنچىسى قۇرۇپ كەتكەن يىڭنىسىمان يوپۇرماقلار تۇۋىگە تولۇپ كەتكەن ئىدى. كىشىلەر قۇملۇقتا يۈرۈش قىلغاندا ھەمىشە ئاشۇ قۇم بارخانلىرى ۋە قۇرۇق يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن تارلاشقان سىرلىق يوللاردا ئېزىقىپ قالاتتى. يىراققا قارىغاندا، قويۇق ئۆسكەن چاتقاللار سوزۇلۇپ ياتاتتى ۋە چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدا تەدرىجىي يوقاپ كېتەتتى. توپا ـ تۇمان ئارىسىدا ھېچقانداق بەلگىنى، ھەتتا قۇياشنىمۇ كۆرۈش قىيىن بولۇپ، كومپاستىن باشقا بىزگە نىشان كۆرسىتىپ بەرگۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. كومپاسقا تايانغان ھالەتتىمۇ، ئۇچەيدەك ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغان بۇ يوللارنىڭ تۈز يۆنىلىشىنى بىلمەك ئاسان ئەمەس ئىدى.

يۇلغۇن كۆمۈلگەن قۇم دۆۋىسى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىنى روشەن ئىپادىلەپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر ئىنگلىز چىسىدىن 60 ئىنگلىز چىسىغىچە كېلەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاسىيادا تۇرغان يەتتە يىل ئىچىدە، سۇ ئېقىپ تۇرغان

ئىچىدە رىئاللىق ئامىللىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا، بىز پەقەت ئىلمىي ئەمەلىيەت بىلەن تەسەۋۋۇرنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرگەندىلا، ئاۋ-دىن تارىخنىڭ ئامىللىرىنى بايقاپ چىقالايمىز. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن كەنئان يەنى ئۇلۇغ مازارنىڭ خارابىلىشىشىغا ئائىت خەلق ئارىسى-دىكى رىۋايەتنى بۇ يەردە يەنە خاتىرىلەپ قويۇشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم.

مۇسۇلمانلار بۇددىستلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتكەندە، بىر ئىسلام كارامەتچىسى بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ كەلگەندە كەنتتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ئۇستەڭ چېپىۋاتقان بولۇپ، كەنتتە ئادەم قالمىغانىكەن. ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن بۇ زات دۇكانلار تاقاقلىق، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدىغان بۇ كەنتكە ھېرىپ ـ ئېچىپ ئاران كەلگەچكە قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەرلىكلەرنى قاغىۋەتكەندىن كېيىن، بىر ھويلىدا تۇرغان يارغۇنچاقنى چۆرگىلى تۇرۇپتىكەن، ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. خۇدىنى بىلمەي جىددىيلىشىپ كەتكەن كەنت ئاھالىسى دەرھال ئۆيلىرىگە قايتىپ، بۇ زاتنى مول زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋالغانغا قەدەر شۇنداق داۋاملىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇ مەنبەسى بارا ـ بارا ئازىيىپ، ئاخىرى لاچىنئاتام ۋە كەنئاندىكى كىشىلەر يۇرت ـ ماكاننى تاشلاپ كونا دامكۇ ۋە يۇناققا كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇددىستلار بۇ يەردىن شىمالدىكى قۇملۇققا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يەر ئادەمسىز قاپتۇ. بۇنداق ھېكايىلەرنى شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئاڭلىغىلى بولىدۇ. شتىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەقەلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە سادىر بولغانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان قۇم يېغىش شەھەرلەرنىڭ تاشلىنىپ كېتىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب قىلىنغان. ئەمما مېنىڭچە، سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈشى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولمىغاندا، قۇم يېغىش بىر خىل تاسادىپىي كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر. ئەلۋەتتە، كەنئانغا ئائىت رىۋايەتتە سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈكسىز ئازىيى-غانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، كەنتتىكىلەر ماڭا «قارالڭ، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى كەنئاندا سادىر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىز دامى-

دەپ قويۇپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال بەئەينى ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ تۇرالغۇ رايونلىرىغا ئوخشاپ قالىدىكەن. نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ يەردە 200 دىن ئارتۇق ئائىلە ئولتۇراقلىشىپ، مۇھىم بازارغا ئايلىنىپتۇ.
يېڭى دەريا قىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ ۋە كېڭىيىپ، 1905 ـ يىلى مەن كۆرگەندە دەريا قىنى 200 ئىنگلىز چىسىدىن كەڭرەك كېلەتتى. ئەڭ چوڭقۇر يېرى 60 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سۇ مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1905 ـ يىل بىز بارغاندا سۇ ئازىيىشقا باشلىغىنىغا ئىككى ـ ئۈچ يىل بولغانلىقتىن، كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ كۆچۈۋاتقانىكەن. قوشنا كەنتتىكى سۇ مەنبەسىمۇ يېتىشمىگەنلىكتىن، قاراقچىنىڭ شەرقىدىكى شۋول ( 什乌尔 ) دىكى كىشىلەرمۇ يېڭىدىن سۇ مەنبەسى ئىزدەپ بۇلاق كولاۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 1885 — 1900 ـ يىللىرى ئەتراپىدا 20 ئائىلىلىك بىر كەنت بارلىققا كېلىپ، دامىكۇنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپتۇ. يېڭى بۇلاقنىڭ سۈيى كۆپىيىپتۇ. تەخمىنەن 1893 — 1900 ـ يىللىرى يەنى غەربىي ياۋروپادا ھۆل ـ يېغىن ئاز بولغان يىللاردا، بۇ يەرنىڭ ھۆل ـ يېغىنى تازا ۋايىغا يەتكەن ھەمدە 1900 ـ يىل ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىكەن. بۇ يەردىكى سۇنىڭ كۆپەيگەنلىكى بەلكىم بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئىش ياكى كىلىماتتىكى بىر خىل دەۋرىيلىك بولسا كېرەك. مېتېئورولوگىيە ئالىمى بۇرۇكنانىڭ قارىشىچە، بۇ خىل دەۋرىيلىك يەر شارىدا 30 يىلدا پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ چىرا رايونىدا سادىر بولغان بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى، مەسىلەن، 1841 ـ يىلدىكى بىرمەھەل قۇرغاقچىلىق بىلەن دامىكۇنىڭ تاشلىنىشى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما، بۇ يەنىلا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تاشلىۋېتىلىشى بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ قۇرۇپ كېتىشىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. ئەگەر بۇگۈنكى كىلىمات قارانچىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى شىمالىي رايونلارنىڭ كىلىماتى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇ ھالدا خارابىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نېمىشقا نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا قۇرۇپ كېتىشىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ. چۈنكى، ھازىر قارانچى دەرياسىدىكى سۇ گەرچە خارابىگە يېتىپ بارالمىسىمۇ،

جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشىرىپ تۇرغان يۇلغۇنلارنى ئاساسەن كۆرۈپ باقمىدىم. يۇلغۇن تۇۋۇدىكى سۇ مەنبەلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن باشلاپ كېتىلگەنلىكتىن، يۇلغۇنلار تەدرىجىي قۇرۇپ كېتىپ، ئەتراپىغا قۇملارنىڭ يىغىلىشى نەتىجىسىدە مۇشۇنداق يۇلغۇن كۆمۈلگەن قۇم دۆۋىلىرى شەكىللەنگەن ھەمدە يىلسېرى ئېگىزلىگەن. ئۇلارنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئېگىزلىكى 60 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئاشۇنداق دۆۋىلەر 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، يۇلغۇن كۆمۈلگەن قۇم دۆۋىلىرى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بىز ئۆتكەن جايلاردىكى دۆۋىلەر كىشىلەر ئالىلماقچان سۇ مەنبەسىنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى بولمىغان جايلاردا بولۇپ، بۇ بىزنى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئائىت كۈچلۈك ئىسپاتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مالقالغاندىن ئايرىلىپ بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن، يۇلغۇن كۆمۈلگەن قۇم دۆۋىلىرى ۋە قۇملۇققا كىرىدىغان جايدا بىز ھەممىلا يەرگە ساپال بۇيۇملار تاشلانغان بىر قەدىمىي كەنتنى بايقىدۇق. ئورنى قارادۆڭنىڭ 15 مىل شىمالىدا بولۇپ، قاراسۇ دەرياسى ئېقىنىنىڭ داۋامىدا ئىدى. مەن ئىلگىرى ئىماملىرىمغا كېتىۋاتقاندا قارانچىنى كۆرگەن بولۇپ، گەرچە بوۋا زېنگىر ئىسىملىك كىشى تارىمنى بويسۇندۇرۇش تەزكىرىسىدە بۇ يەرنى ناھايىتى مۇھىم دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت 30 نەچچە ئۆيلۈك بولغان كىچىك كەنت ئىدى. ئاڭلىسام بۇ يەردە نەچچە يىل ئىلگىرى بىر ئالاھىدە ئىش بوپتۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، 1891 ـ يىل كىشىلەر سۇ تېپىش ئۈچۈن بۇلاق كولاپتۇ. بىر كۈنى سەھەردە كىشىلەر ئىش ئورنىغا كېلىپ قارىسا، بۇلاقنىڭ سۇيى كۆپىيىپ قاپتۇ. كىشىلەر خۇشاللىقىدىن تەڭرىنىڭ شاپائىتىگە تەشەككۇر ئېيتىپتۇ. نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، قاراسۇ دەرياسىغا كەلگەن كېلىپ، كەنتتىكى كىچىك ئېرىققا ئېقىپ كىرىپتۇ ـ دە، ئۇنى چوڭ ھەم چوڭقۇر ئۆستەڭگە ئايلاندۇرۇپتۇ، كېيىن بىر دەرياغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەمما ھۆكۈمەت تەرەپ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەريانى ئىلكىگە ئېلىۋاپتۇ. ئەمەلدارلار ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، بۇ يەرگە بىر كەنت قۇرۇپ، ئىسمىنى «قارانچى ئازما» ( 卡拉奇 . 啊斯玛 )

مەن كېرىيە دەرياسىدىن ئۇدۇل راۋاقتا بېرىشنى پىلانلىغان ئە-دىم. ئۇ قەدىمىي بوستانلىق چاسانىڭ شىمالىدىكى بىر جاي بولۇپ، ئۇنىڭدىن سەل جەنۇبقا ماڭغاندا دەندان ئۆيلۈكنى تاپقىلى بولاتتى. مەن ئىمكانقەدەر تېزرەك مېڭىشنى ئويلاپ كومپاسنى ئىشلەتكەن بول-ساممۇ، لېكىن يۆنىلىش ۋە ئارىلىقنى مۆلچەرلەش يەنىلا قىيىن ئىدى. كېرىيە دەرياسىدىن ئايرىلغان ئىككىنچى كۈنى، بىز نورغۇن ساپال بۇيۇملار ۋە قانال ئىزىنى بايقىدۇق. مەن بۇ يەرنى كېرىيە دەرياسىدىن 22 مىل كېلەر دەپ مۆلچەرلىدىم. ستەيىن سىزغان ئۆلچەملىك خەرىتىدىن قارىغاندا، خارابىگە 26 مىل ماڭغاندا ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولاتتى. شۇڭا مەن ئىبراھىم بەگنى يول باشلاشقا بۇيرۇدۇم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئۆزىنىڭ دەندان ئۆيلۈككە كېچىدە بېرىپ تاڭ ئاتماستىلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، راۋاقتا بېرىپ باقمىغان-لىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە كىشىلەر ئۇنى بۇ يەردىكى خارابىلەرنى بىلىدىغان ئىمتىياز ئىگىسى دەپ تونۇيدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىم ئۇ مەندىن بىرئاز پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنى كۆزلەپلا ئۆزى بىلمەيدىغان يەرگە مېنى باشلاپ ماڭغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ خىل قىلمىشىنى يەرلىك-لەرنىڭ كىچىك كۆزلۈكىنىڭ ئۆلگىسى دېيىشكە بولاتتى.

بىز يەنە بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ خارابىنى ئىزدىدۇق. دەسلەپتە غەربىي شىمال ۋە شىمال تەرەپكە ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالمىغان-دىن كېيىن، دەل جەنۇبقا قاراپ ئىزدەپ دەندان ئۆيلۈكنى تاپتۇق. ئۇنىڭ ئارىلىقى بىز دەسلەپ ساپال بۇيۇملارنى ئۇچراتقان يەردىن 1.5 مىل كېلىدىغان بولۇپ، مېنىڭ ئۇ يەردىن قۇدۇق قېزىپ سۇ تېپىشقا كۆزۈم يەتمەيتتى. ئەينى چاغدا ستەيىن قازغان قۇدۇقنىڭ ئورنىنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇڭا، ۋاقىتنى بىكار ئىسراپ قىلماسلىقنى نەزەردە تۇ-تۇپ، جەنۇب تەرەپكە سۇ مەنبەسى ئىزدەپ ئالتە مىل ماڭدىم. چۈنكى تۆگىلەرنىڭ سۇ ئىچمىگىنىگە ئۈچ كۈن بولغان، يەنە كېلىپ ھاۋا تولىمۇ ئىسسىق ئىدى.

كېرىيە دەرياسىغا ئاخىر يېتىپ كەلدۇق. گەرچە ئېغىر قىيىنچى-لىققا دۇچ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن دەندان ئۆيلۈككە بولغان يۈرۈ-شىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىدى. خارابىنىڭ ئاساسىي گەۋدە-

لېكىن شۇنداق ئەركىن شارقىراپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ.

بىز خارابىلىكتىن ئايرىلىپ بىر يېرىم كۈن ۋاقىتتا گىياھ ئۈنمىگەن قاقاسلىقتىن ئۆتتۇق. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىز-لىكى 10 ~ 100 ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا بولۇپ، ئىككى كۈن ئىلگىرى بوران چىققانلىقتىن، يەنىلا قۇم- توپىلار ئۇچۇپ، ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىگە يامىشىپ تۆۋەنگە قارىغىنىمىزدا، يىراقتىكى تۇمانلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تاغ باغرىنى بەزى- بەزىدە كۆرۈپ قالاتتۇق. بىز سەزمەستىنلا بىر قىيانىڭ چوققى-سىغا چىقىپ قالدۇق. تۆۋەن تەرەپ كېرىيە دەرياسىنىڭ قىرغىقى بولۇپ، دەريا بويىدىكى گۈزەل ئورمان بەلۋاغلىرى ئىسسىق بەلۋاغ يايلاقلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى ئەسلىتەتتى. تەكشى ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇ-يى بويىدا توپ- توپ يۇلغۇنلار، ئالتۇن- كۈمۈشلەردەك پارقىراپ تۇرىدىغان قومۇش پۆپۈكلىرى ئارىسىدىكى توغراقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز دەريانىڭ سول قىرغىقى تەرەپتىن پەسكە چۈشتۇق. بەزىدە قومۇش-لۇققا دۇچ كەلسەك، بەزىدە توغراقلىقلاردىن كېسىپ ئۆتەتتۇق. بەزىدە قۇم دۆۋىلىرىگە دۇچ كەلسەك، بەزىدە يۇلغۇن شاخلىرىدىن قىلىنغان چارۋا ئېغىللىرىنى يولۇقتۇراتتۇق. تاسادىپىي هالدا تېرەك شېخى، قومۇش ۋە لايدىن قىلىنغان كىچىك كەپىلەرگىمۇ يولۇقۇپ تۇراتتۇق. تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ 60 مىل كېلىدىغان يېرىدە بىز كېرىيە دەرياسىدىن ئايرىلىپ دەندان ئۆيلۈكنى ئىزدەپ ماڭدۇق. چوڭ- كىچىك تىزىلغان چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئۇزۇۋاتقان بېلىقنى ئەسلىتىدىغان بولۇپ، قىياپىتىدىن قارىغاندا، كۈچلۈك شەرقىي شىمال شامىلى چىققاندەك قىلاتتى. تومۇز ئىسسىق ۋە بورانلىق پەسىللەردە قۇملۇق كىشىدە بىر خىل دەھشەت پەيدا قىلىسىمۇ، لېكىن سېنتەبىردىكى ئىللىق قۇياش نۇرى، كېچىدىكى ساپ هاۋا ۋە جىمجىتلىق، يۇلتۇزلارنىڭ روشەنلىكى، سۇنىڭ يېتەرلىك بولۇشى، ياخشى كەيپىياتلارنى تىل بىلەن تەسۋىر-لەش قىيىن ئىدى. قۇملۇقنىڭ سەھىرى بىر كۈندىكى ئەڭ گۈزەل مىنۇتلار بولۇپ، بۇ چاغدا توپا- توزانلار يەرگە قونۇپ بولغان، تاڭ قۇياشى قۇملۇقتىكى بارلىق گۈزەللىكلەرنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلاتتى.

ـدىن كېيىن ئاندىن قۇملارنىڭ ھۇجۇمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. ئەمما، دەندان ئۆيلۈكنىڭ نەچچە مىل ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇمنىڭ خارابلاشتۇرۇشىغا ئۇچرىمىغان بولۇپ، توغـ ـراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن قۇملۇق ھۇجۇمىنىڭ مۇناسىـ ـۋىتى يوق دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، دەندان ئۆيلۈك بىلەن راۋاقنىڭ ئورنى ۋە ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سۇ مەنبەسى كېمىيىپ كېتىشىنىڭ بىۋاستە نەتىـ ـجىسىدۇر.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىز قۇملۇقتىن ئايرىلىپ كېرىيە دەرياسى بويىدىكى بىر توغراقلىقتا ئارام ئالدۇق. ھاۋا ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس ئىدى. چېرىدىن سىرتقا قارىسىـ ـڭىز، ئىككى قاتار ئېگىز توغراق ئارىسىدىكى يول، تېيىز دەريا قىنى، قۇملۇقلار، دەريادىكى قورام تاشلار ۋە لەيلەپ يۈرگەن ياغاچلار، ئاندىن ئـالتۇن رەڭلىك تاۋلىنىپ تۇرغان قومۇشلۇقلار، تۆۋەن تەرەپتىكى يېشىل توغراقلىق كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۆزىڭىزنى خۇددى ئىنىدئانا شتاتىدىكى ئارامبەخش دەريا ساھىلىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتـ ـتىڭىز. ھالبۇكى، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوڭۇر رەڭ قويلار، تېرە جۇۋا ۋە تەلپەك كىيىۋالغان قويچى بالىلار، توغراق شاخلىرىنى يېيىشىۋاتـ ـقان قوش لوككىلىق تۆگىلەر مېنىڭ خىيالىي دۇنيايىمنى كۆپۈككە ئايلاندۇراتتى.

مەن كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بىر شېغىللىق يولدىن كەنتكە قايتىپ كەلدىم. دەريانىڭ دەندان ئۆيلۈككە قاراپ ئاققان ھېچقانداق قەدىمىي ئىزى يوق ئىدى. ئەمما، نۇرغۇن جايلاردا مەن غايەت زور دەرەخلەرنىڭ قۇملۇقتا يىقىلىپ قۇرۇپ قالغان ھالىتىنى كۆردۈم. ئۆسۈملۈك بەلۋېغىغا يېقىنلاشقانسېرى بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئورمانلىق ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇـ ـرۇپ تۈگىگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋالدىن خارابىلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپتىكى ئادەم ئاياغ باسمىغان قۇملۇقلارنىڭ ھەممىسى يىراق بولمىـ ـغان ئۆتمۈشتە بىپايان يېشىللىق دۇنياسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش

ــسى، راۋاق ئوتتۇرىسىدىكى قانال ئىزلىرى ۋە ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى بۇ يەرنىڭ غەربىدىن شەرققە يەتتە مىل كېلىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلگىرى تېرىلغۇ يەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى شىمالدىكى راۋاق ۋە دەندان ئۆيلۈك-نىڭ جەنۇبىدىن ئىككى مىل نېرىسىدا بايقىغان بىر توپ تۇرالغۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنى قوشقاندا توققۇز مىل كېلەتتى. دېمەك، چاسا بوستانلىقى ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدە 50 كۋادرات مىلغا يەتكەن ئىدى. راۋاق تاشلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى يەنى مىلادىيە 300 ـ يىللاردا تېرىلغۇ يەرلەر ئاساسەن قالمىغان، بولغان تەقدىردىمۇ ھازىرقى چىرى-ــدىن ئاز بولغان يەنى تەخمىنەن ئون مىڭ كىشى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت، خارابە ئەتراپىدىن شەرققە قاراپ 12 مىل يەرگىچە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېرىسىنى بىلىپ بولمايتتى. مەن دەندان ئۆيلۈكتىكى قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلار ۋە توغراق شاخلىرىنى دەسسەپ جەنۇبقا ئالتە مىل ماڭدىم، ئەمما يەنىلا قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلۇق ۋە توغراقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. خارابە ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇنزار-لىقنى ئۇچراتتىم. ئەمما، بۇ يەردىن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىلگىرى دەندان ئۆيلۈكتىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكىگە دائىر ھېچ نەرسە بايقىمىدىم. ھالبۇكى، ئۆتمۈشتە بۇ يەرنىڭ سۇ مەنبەسى مەزكۇر بوستانلىقنى ئازادە سۇغىرىپ، يەنە كەڭ كەتكەن تۇزلەڭلىكتىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەم-مىسىنى ياشارتقان بولۇپ، دەندان ئۆيلۈكنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ھازىر ئۆسۈملۈكلەر قويۇق ئۆسكەن بوستانلىقلارنىڭ مۇھىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

ئادەتتە يازغۇچىلار لوپنۇر ئويمانلىقىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇ-رۇپ كېتىشى ۋە بوستانلىقنىڭ تاشلىنىپ كېتىشىنى قۇملۇقنىڭ ھۇجۇمىدىن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەتراپتىكى بوستانلىق-لارنى يۇتۇۋېلىش قۇملۇقنىڭ تەبىئىتى بولۇپ، بۇ خىل تەبىئەت ھۇجۇملىرى راستتىنلا سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، لوپنۇر ئويمانلىقىدىكى ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، بۇ خىل مۇقەررەر قانۇنىياتنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئادەتتە ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ كەتكەن-

پورتقا قانداق باش ئۇرغىنىنى كۆرگەنغۇ، ئۇنىڭغا پادىشاھىڭلار ئىمزا قويغان، شۇڭا ئامبىلىڭلار جەزمەن مەن دېگەندەك قىلىدۇ، ـــ دېدىم.

بەگ قورقۇمسىرىغان ھالدا ئايرىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بىكار ۋاقتى بارلىقىنى، بىزگە مۇلازىمەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىپ، بىرنەچچە تۆگە ئېلىپ كېلىشتى. بىز بۇ تۆگىلەردىن قىممەترەك ئىككىنى تاللىدۇق. مەن ئۇلارنىڭ باشقا تۆگە سودىگەرلىرىگە ئېيتىپ قويۇشىنى تاپىلاپ، تۆگىنىڭ باھاسى ھەققىدە كېڭىشىۋاتقاندا، بىر بوۋاي يۇسۇپ بەگنى باشلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرمەھەل نۇتۇق سۆزلىدى.

ـــ ھەي توختى، سېنىڭ 100 تۆگەڭ بار، ھەسەننىڭ 50 تۆگىسى بار، تۇرسۇننىڭ 200 تۆگىسى بار تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ بازىرىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىرەر تۆگە سېتىپ بەرمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر خىجىل بولماي بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكتۇڭلار زادى. بۇ يات كىشىلەر شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە سەندەك پىت ئۇچەيلەرنى كۆرگىلى كەلگەنمۇ ـ ھە؟ مېنىڭ 30 تۆگەمدىن بۇلارنى خالىغانچە تاللىغىلى قويۇڭلار، ئۆزى قانچىلىك پۇل بەرگۈسى كەلسە شۇنچىلىك بەرسۇن، ـــ دېدى ئۇ.

بىز يۇسۇپ بەگنىڭ تۆگىلىرىدىن ئۈچنى تاللىدۇق. ئۇ بىزنىڭ باھايىمىزدىن ناھايىتى رازى بولدى. بۇ باھانى ئەتراپتىكى تۆگىچىلەر بىلمىگەن بولغانلىقتىن، ھەممىيلەن ئادىل بولدى، دېيىشتى. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تۆگىلەرگە ئېرىشىش بىر قېتىملىق ياخشى مەبلەغ سېلىش ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار بىزگە ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت قىلاتتى.

كېرىيىدىكى چېغىمدا مەن كېرىيە دەرياسىنىڭ دەندان ئۆيلۈكنى ئەزەلدىن سۇ بىلەن تەمىنلەپ باقمىغانلىقىغا ئائىت دەلىل ـ ئىسپاتلارنى قولغا چۈشۈردۇم. كەلكۈن مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى بوستانلىقنىڭ سىرتىدىلا يوقاپ كېتىدىغان بولسىمۇ، ئەمما يەر ئاستىدا نۇرغۇن بۇلاقلار بىرلىشىپ بىر ئېرىقنى ھاسىل قىلىپ، شىمالغا 150 مىل سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دەندان ئۆيلۈكتىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن.

قا بولىدۇ.

## كېرىيە ۋە نىيا

ماركوپولو خاتىرىسىدىكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، 15 مىڭ ئاھالىسى بولغان كېرىيىگە كەلگىنىمدە، بىرنەچچە تۆگە سېتىۋالماقچى بولغانلىقىمدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. باشقا تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ چالا قالدى. يەرلىكلەر گەرچە بىزگە ياردەم بېرىشكە ئەستايىدىل قارىسىمۇ، لېكىن بۇ پەقەت ئېغىزدىكى گەپ ئىكەن. نەتىجىدە تۆگىچىلەر بىزگە ئەڭ يۇقىرى باھادا ئەڭ ناچار تۆگىلەرنى سېتىپ بېرىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە بەرمەيدىغان بولدى. مەن ئامالسىز يەرلىك بەگنىڭ قېشىغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلدىم. ئۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتىسى ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە باردىم.

— سىز ماڭا تۆگە تېپىشىپ بەرمەكچى بولغانىدىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— شـۇنداق دېگەن، بىراق بۈگۈن ھەممىيلەن بەك ئالدىراش تۇرسا، — دېدى ئۇ.

— سىز ئىككى ھەپتە ئىلگىرىمۇ، ئون كۈن ئىلگىرىمۇ، ھەتتا ئۈچ كۈن ئىلگىرىمۇ شۇنداق ۋەدە بەرگەنىدىڭىزغۇ؟ — دېدىم جىلە بولۇپ.

— ۋەدە بېرىشىم بەرگەن، بىراق ئىش كۆپ، ئادەم ئاز تۇرسا، يېتىشىپ بولالمىدۇق دەڭا، بولدىلا، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، مەن ئەتە سىزگە ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ بېرەي، — دېدى ئۇ يەنە.

— ئەمىسە، ئەتە چوقۇم شۇنداق قىلىسىز جۇمۇ؟ — دېدىم.

— جەزمەن، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق بولسۇن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، گېپىدە تۇرمىغان ئادەم بىر ئالدامچى، خالاس. ئەگەر ئەتە يەنە ئىشمىنى قىلىپ بەرمىسىڭىز، مەن ئامبالنىڭ قېشىغا بارىمەن، سىزنى يالغانچى ئادەمكەن دەيمەن ـ دە، ۋەزىپىڭىزدىن قالىسىز. سىز ئۇنىڭ قولۇمدىكى پاس-

ـنىڭ ئىلگىرى ئېقىپ ئۆتكەن يولىنىڭ هازىرقىدىن خېلى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى دەل سىۋېن هېدىن بايقىغان هازىر-قى نۇقتىسىدىن 20 ~ 25 مىل كېلىدىغان يەردىكى قۇرىغان دەريا قىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سۇغىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مىقداردىكى سۇنىڭ كېرىكى بولمىغانلىقتىن، تېخىمۇ ئۇزۇن بولغان دەريا بۆلىكە-نىڭ پەيدا بولۇشى هاجەتسىز بولۇپ، ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا پىغانا شەھىرى ياكى قىيىن دېگەن يەرلەر كېرىيە بىلەن ئوخشاش كۆلەمدە كېڭەيگەن ۋە گۈللەنگەن ئىدى. لېكىن، بىزدىكى روشەن ئەقلىي خۇلاسە يەنىلا كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئائىت دەلىل- ئىسپاتلارنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

1905-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنى، يەنى كېرىيىگە يېتىپ بېرىپ تۆت كۈندىن كېيىن، مەن بەش تۆگە، سەككىز ئات ئېلىپ بەش ئەر كىشى بىلەن شەرققە قاراپ يولغا چىقتىم، ئەمما بىزدە يول باشلىغۇچى يوق ئىدى. يىراق سەپەرگە نىسبەتەن بۇ قوشۇن بىرقەدەر چوڭ بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا نىسبەتەن يەنىلا چوڭلۇق قىلمايت-تى. مەن بەش هەپتە ۋاقىت چىقىرىپ نىيا دەرياسى، ياتوڭغۇز دەرياسى ۋە ئەندىر دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى چوڭقۇر جايلار توغرىسىدا ئىزدەندىم. بۇ ئۈچ دەريانىڭ هەممىسى تاشقى جەھەتتىن ئۇدا نەچچە ئەسىرلىك كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىنى دەلىل- ئىسپات بىلەن تەمىنلە-يەلەيتتى. كېرىيىنىڭ شەرقىدىكى 600 ~ 700 كۋادرات مىل كېلە-دىغان جايلاردا ئادەم ئايىغى ناهايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، بىز كۆپىنچە ئېقىننىڭ چوڭ- كىچىكلىكى، دەريا سۇيىنىڭ مىنېراللىقى قاتارلىق تۇرمۇش رايونلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان فىزىكىلىق ئا-مىللارنى كۆپرەك نەزەردە تۇتۇپ، ئادەم ئامىلىغا سەل قارايتتۇق.

مەن تۆگىلەرنى كېرىيىدىن نىيىغا بىۋاسىتە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزۈم ئات بىلەن سوغراق ئالتۇن كېنىغا باردىم. بۇ بازار نىيا دەرياسىنىڭ تىندۇرۇشىدىن شەكىللەنگەن غايەت زور يەلپۈگۈچسىمان ئۈچ بۇرجەك رايوندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ يەردە نىيا دەرياسى كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، كونا يېرىقچە بەلۋاغلاردىن ئۆتۈپ، نىسبەتەن تۈز-لەڭ بولغان ئويمانلىقنىڭ تۆۋەن قىسمىغا يېتىپ باراتتى. سوغراق

ئەجەبلەنگىنىم، مۇشۇنداق بىر چوڭ ئېرىقنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىن ئېقىپ كەتكەن بولۇپ، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلمىگەنىكەن. كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى گەرچە بەزىلەر بۇنىڭغا ئورۇنۇپ كۆرگەن بول- سىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولغان ئىكەن. يامان يېرى، تۇزلۇق بولۇپ، دەندان ئۆيلۈك ۋە راۋاقتەك كەلكىك كەنتلەرگە ئىگە چاسا بوستانلىقنى سۇغىرىشقا قۇربى يەتمەيتتى. بۈگۈنكى كېرىيە دەرياسى كېرىيە بازىرى- دىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تارىم دەرياسىغا بارىدىغان يېرىم يولدىلا يــوقاپ كېتىدىغان بولۇپ، تەكلىماكاننىڭ قوينىغا كىرگەندە دەريا ئېقىنىدىن ئەسەرمۇ يوق. شۇڭا، سۋېن ھېدىنىدەك ئېكسپېدىتسىيە- چىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا كارۋانلار بۇنداق سۇسىز چۆللۈك- تىن كېسىپ ئۆتەلىشى تامامەن مۇمكىن ئەمەس.

ئەمما، ئىلگىرى جۇڭگولۇق بىر ئەمەلدار ئەنگلىيىلىك ئېكسپې- دىتسىيىچى لېتىلدارغا دەريانى بويلاپ قۇملۇقتىن ئۆتكەندە كۆچاغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، سۋېن ھېدىن خاتى- رىسىدە: «موڭغۇللارنىڭ ئاتامانى ھەم تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەرنىڭ سۆزلىرى بەلكىم كېرىيە دەرياسىنىڭ 16 ـ ئەسىرگىچە تارىم دەرياسىغا قــۇيۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى مۇمكىن» دەپ يازغان. مەن مالقالغان ۋە كېرىيىدە ئاڭلىغان رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تەخمىنەن مىلادىيە 1000 ـ يىللىرىدا بۇددىستلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بۇ دەريانى بويلاپ شىمالغا كەتكەن دېيىلگەن بولۇپ، بۇنداق يۈرۈش قىلىش بۈگۈنكى كۈندە مۇتلەق مۇمكىن ئە- مەس. سەل ئىلگىرىكى چاغلاردا، مۇشۇ لىنىيىدە ئانچە مۇھىم بولمى- غان بىر يول بولغان بولۇپ، قارادۆڭ خارابىسىدىن باشلىنىدىغان بۇ يولنى ھېدىن هازىرقى كەلكۈن توختاپ قالغان ئاخىرقى نۇقتىدىن 40 مــىل يىراقلىقتا بايقىغانىكەن. كېيىن ھېدىن بۇ يەرنى تەكشۈرۈپ كــۆرۈپ، بۇنىڭ تاشلىنىپ قالغان ۋاقتىنى مىلادىيە 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەر دەپ بېكىتكەن بولۇپ، ئۇ چاغدا راۋاق ئاللىقاچان تاشلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، قارادۆڭ كېرىيە بىلەن كۇچا ئوتتۇ- رىسىدىكى يولنىڭ راۋانلىقىنى قوغدايدىغان بىر ئۆتەڭ ياكى ساراي بولۇپ، بۇنداق بىر يولنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرىيە دەرياسى-

كېنىنى يەنىلا يۇسۇپ بەگكە ئوخشاش سادىق، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغانىكەن. يەرلىك كىشىلەر بۇ كىشىنىڭ پەزىلىتىگە يۈكسەك باھا بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ سوغراققا بەگ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، 70 ئائىلىلىك كىشى 150 مىل يىراقلىقتىكى كىچىك كان رايونىدىن سوغراققا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ «نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان» كىشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىكەن.

سوغراقتىكى كان بايلىقى ئاساسەن دەريا ئېقىنىدىن خېلى يىراقلىقتىكى غايەت زور شېغىللىقنىڭ چوققىسىدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالتۇن ئىزدىشى ئىنتايىن ئىپتىدائىي ھالەتتىكى شېغىلنى سورۇش ئۇسۇلىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يالاڭ قوللىرى قاناپ يارا بولۇپ كەتكەن، ھەتتا ساقايمىغان ھالەتتىمۇ شېغىللارنى قولى بىلەن تاتىلاشقا توغرا كېلىدىكەن. «ئون ئادەمنىڭ يېرىم كۈندە تاپقان ئالتۇنىمىز ئون تىيىنغا ئاران يارايدۇ» دېدى بىرەيلەن ماڭا. ئەمما، بۇ ئون ئادەم ئاياللار بىلەن باللارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن.

نىيا بازىرى تەخمىنەن 4000 ئاھالىگە ئىگە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يۇرتكەن. نىيىلىقلار گەرچە كېرىيىدىكى جۇڭگو ئامباللىرىنىڭ تولا باج، سېلىق ئالىدىغانلىقىدىن ئىچىدە بىئارام بولغاندەك ياكى يېڭى بەگنىڭ نېمىلەرنى يەۋالغىنىدىن قاقشىغاندەك قىلسىمۇ كۆڭلىدە يەنىلا رازىمەنلىك ھېس قىلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ بېگى باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوست ئادىتى بويىچە، بىزنى شىكارغا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىرنەچچە دوستلارنى ۋە كۈچتۈڭگۈر ئەزىمەتلەر كۆتۈرۈۋالغان، كۆزىگە قاپچۇق كىيدۈرۈلگەن قارچىغىلارنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتۇق. كەڭ كەتكەن دەريا بۈلىكىدە سۇلار توختاۋسىز ئېقىپ، ياۋا غاز ـ ئۆردەكلەر ئوينىشىپ يۈرەتتى. بىر بوشلۇقتىكى قومۇشلار يۇلغۇن ئارىسىدا بەئەينى مامۇق پەيلەردەك يەلپۈنۈپ، ياۋا توشقانلارنىڭ تەبىئىي ئۇۋىسى بولغان ئىدى. بۇ يەردە تىلغا ئالغۇدەك تەنتەربىيە ھەرىكىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوۋچىلارنىڭ خۇشال كۈلكە ـ چاقچاقلىرى، قارچىغىلارغا ھاياجان ئىلكىدە ئەگىشىشلىرى كەيپىياتىمىزنى ھېسابسىز يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. مەن كۆڭلۈمدە ئۇيە-

ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى ئالتۇن كانلىرىنىڭ ئالاھىدە-لىكىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن رۇدىلار بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئەڭ ناچار كانلىرىمىزدىنمۇ نامرات، شۇنداقلا جەلپ قىلىش كۈچى كەمچىل ئىدى. كىچىك بازار بىر ئويمانلىقا جايلاشقان بولۇپ، نىيا دەرياسىغا چارەك مىل كېلەتتى. ئاياللار نىيا دەرياسىدىن سۇ توشۇيتتى. يېشىل-لىقنى زادىلا كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ تاشلىقنىڭ ھەممىلا يېرىدە نــەمخۇش ياغاچلاردا ياساپ، لايدا سۇۋاپ قويۇلغان كەپىلەر كۆزگە چېلىقاتتى. كىشلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشچە، بۇ يەردە ياشايدىغانلار 300 ~ 400 ئائىلە بولۇپ، يىل بويى ئىشلەپ ئالتۇن قازىدىغان ئىشلەمچىلەرنى قوشقاندا 2000 كىشىگە يېتىدىكەن. يىللىق ئىشلەپ-چىقىرىلىدىغان كېپەك ئالتۇن 26 مىڭ دوللار قىممىتىدە بولۇپ، كىشى بېشىغا يىللىق كىرىم 13 دوللاردىن توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەردە نوپۇسنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ بازارنىڭ كۆلىمى ۋە جىددىيلىكى كىشى-نى ھەيران قالدۇراتتى. بازاردا بىكار تەلەپ كىشىلەر كۆپ بولۇپ، مەن سۈرەتكە تارتىۋاتقان چاغدا 120 ئادەم ئارقامغا ئەگىشىۋالدى. مەن بارغانلا يەردە كەم دېگەندە 50 ئادەمنىڭ بىكار ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم.

مەن سوغراققا ئاتلىق كىرىپ كەلگىنىمدە، ئويلىمىغان يەردىن مەن كېرىيىدە تونۇشقان ياخشى دوستۇم يۇسۇپ بەگ چىقىپ مېنى قــارشى ئالدى. ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ بېگى ئىكەن، ئۇنىڭ كېرىيىدىن مەخسۇس بۇ يەرگە ئاتلىنىپ كېلىشى مېنىڭ بۇ يەردىن رازى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا سوۋغات بــەرمەكچى بولغىنىمدا، ئۇ ئىبراھىم بەگ ئارقىلىق ماڭا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆز ئىسمىنىڭ مەن يېزىۋاتقان كىتابقا كىرگۈزۈلۈ-شى، شۇنداقلا مېنىڭ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىشىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئاڭلىشىمچە، يۇسۇپ بەگ بۇ يەرگە بەگ بولۇشتىن بەكمۇ بىزار-كــەن. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قېرىپ قالغانلىقتىن، بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمايدىكەن. ئەمما، كېرد-يىدىكى ئامباللار ئۆزى زىيادە چىرىكلىشىپ كەتكەن بىلەن ئالتۇن

ئىمام جاپپار سادىق مازىرىدا تۈنجى ئائىلىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ داڭلىق مۇقەددەس جاي بولۇپ، نىيا دەرياسى بۇ يەردە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈنەتتى. بىز بۇ يەردە ئىككى كۆن تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس جايغا سەدىقە بەرگىنىنى كۆردۇق. مازارنىڭ قورۇلۇشى ياكى گۈللىنىشى 1830 — 1840 - يىللاردىكى غەربىي بوستانلىق كىشىلىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش دولقۇنى مەزگىلىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇقەددەس دەپ قارالغان موللىلارنىڭ چۈش تەبىرىگە ئىشىنىپ، نىيا دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەينى چاغدا ئادەم تۇرمايدىغان بارلىق يەرلەرگە مۇقەددەس جاي نامىنى بەرگەنلىكىدىن بولغان. ئەينى چاغدا بىر قەبىلە باشلىقى، تۆت نەپەر ئەمەلدار تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھازىرقى قەبىلە باشلىقى يەنى ياردەمچىمىنىڭ بوۋىسى ئىدى. نىيا بازىرىمۇ ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا قورۇلغان بولۇپ، ھازىر 4000 ئاھالىسى بار ئىكەن، ئەمما مازاردىكىلەر خېلىلا باي ئىكەن. ئەينى چاغدىكى نىيا بېگىنىڭ نەپسى يامان بولغانلىقتىن، مەن كېلىشتىن بىر يىل ئىلگىرى بەش نەپەر قەبىلە باشلىقى تەيىنلەپتۇ - دە، يىللىق سەرپىيات كۆپىيىپ، بىر يىلدىلا 5000 قويدىن ئاران 3000 قوي قاپتۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە 300 قويى بولغانلار زەردار ھېسابلىنىدىكەن.

قەلەندەرنىڭ كۆپلۈكى ئىمام جاپپار سادىق مازىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، باش ياز مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا ئۇلارغا ھەر كۈنى بىر قوي سەدىقە قىلىنىدىكەن، باش يازدىكى ئۈچ ئايدا ئۇلار ئۇجمە، ئۆرۈكلەر بىلەن قورساق تويغۇزىدىكەن.

تىلاۋەتخانا ئۇلارنىڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى بولۇپ، تاۋاپچىلار يېرىم يولدىلا ئات - ئېشەكلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىشقا باشلايدىكەن. تىلاۋەتخانىدىن خېلى يىراق جايدىلا تاۋاپچىلار دەرەخ شاخلىرىنى تىكلەپ ياسىغان نۇرغۇنلىغان كىرىش ئېغىزلىرى بولۇپ، بۇ بەلكىم تاۋاپچىلارنىڭ ئۇلۇغلارغا يېقىنلىشىشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى بولسا كېرەك. نىيا دەرياسى ئىمام جاپپار سادىق مازىرىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم غايىب بولىدىغان بولۇپ، بۇ دەريا تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى

غۇرلارنىڭ ئاجىز ۋە بوزەكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ تەرەپتىن بىزلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن دەپ ئويلىدىم.

نىيا دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسى بىر - بىرىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، سەيياھلارنىڭ ئاسانلا ئالماشتۇرۇپ قويۇشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكەن. مەسىلەن، زېرەك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىنمۇ مۇنداق يازغان: «مەن دەريا بويىنى بويلاپ ماڭغاندا، بۇ مۇنبەت زېمىننى كېڭەيتىپ تېرىلغۇ يەر قىلىش ئىستىكى پۇتۇن تەپەككۇرۇمنى ئىگىلىدى. شۇڭا تۆۋەن تەرەپتىكى ناغرىخانا (纳格拉卡那) (نىيا دەرياسىدىن شىمالغا 19 مىل يىراقلىقتا) كۆز ئالدىمدا ئەكس ئەتكەندە، مەن شۇ قەدەر خۇشال بولدۇم. ئىككى يىل ئىلگىرىلا مەن ئامبالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر ئۆستەڭنىڭ بېشىغا بارغان ئىدىم. بۇ لىنىيە بويىچە يېڭى ئۆستەڭگە يېقىنلىشىش مېنىڭچە ئەڭ كۆچ كەتمەيدىغان ئىشكەن. ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى ئاران 6 ~ 8 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەنىلا بۇ يېگانە ئورمان بەلۋېغىغا ھاياتلىق ۋە بايلىق بەخش ئەتمەكتە. تۇپراق مۇنبەت، يەر تەكشى بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى چاتقاللارنى كېسىۋېتىپ، تېرىلغۇ يەر قىلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئىدى.»

ئەمما مېنىڭ ئۆستەڭنى كۆرگەن ۋاقتىم ستەيىندىن بەش يىل كېيىن بولۇپ، تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئىككى - ئۈچ يىل بولغانىكەن. سۇ ئىنتايىن تۇزلۇق بولغانلىقتىن بىر - ئىككى يىلدىن كېيىنلا كىشىلەر بۇ يەرنى تېرىشتىن ۋاز كېچىپتۇ.

نىيىدا مەن بىر يەرلىك ئەمەلدارغا ئۆزۈمنىڭ قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتىشىم بىلەنلا، ئۇ دەرھال كېرىيىدىن ئابدۇللانى تېپىپ كەلدى. ئۇ تەجرىبىگە مول بىر بايلىق ئىزدىگۈچى بولۇپ، مېنى باشلاپ ئاتلىق 100 مىل ماڭغاندىن كېيىن، شىمالدىن نەچچە مىل كېلىدىغان جايدىكى ئىمام جاپپار سادىق مازىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. نىيا دەرياسى ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يەردە يوقاپ كېتەتتى. كېيىن ئۇ مېنى باشلاپ بۇ خارابىلىكنى زىيارەت قىلدۇردى، ئۇ غەربلىكلەر ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان يەر ئىدى.

مەن ئۇ يەردە شىمال رايوندىكى ياشىرىپ تۇرغان توغراقنى بايقىدىم. بىز بىر قەدىمىي بازارنىڭ جەنۇبىدىكى خارابىگە كەلدۇق. ستەيىننىڭ قارىشىچە بۇ يەر 300 يىل ئىلگىرى تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، بەزى ساپال بۇيۇملار، مېۋىلىك باغنىڭ ئىزى، كېسەك بىلەن ياسالغان بۇددا مۇنارى، شۇنداقلا قەدىمىي ئۆيلەرنىڭ پاكار تاملىرى ئۇچرىغان. مەن 116 ئېغىز ئۆينىڭ ئىزىنى بايقاپ، بۇ شەھەرنىڭ خېلى چوڭ ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ خېلىلا گۈللەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دەرەخ پوتلىسى ۋە تاشلاندۇقلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ يەر خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرى تاشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان چۈشىنىش پەقەت پۇللار ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردىن كەلگەن ئىدى. ھېسابات دەپتىرى، ھۆكۈمەت پەرمانلىرى، باغاقچە ۋە خەت ـ چەكلەر تۈرلۈك ياغاچلارغا پۈتۈلگەن بولۇپ، بەزىلىرىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ چىگىپ قويۇلغان.

ستەيىننىڭ ئېيتقىنى بويىچە، خارابە جەنۇبتىن شىمالغا 11 مىل، غەربتىن شەرققە 4.5 مىل بولۇپ، مەن جەنۇبقا ئىككى مىل كېلىدىغان يەردە ستەيىن تىلغا ئالغان ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ خارابىسىنى كۆردۈم. يەنە شىمالدىن ئۈچ مىل كېلىدىغان يەردىن ساپال بۇيۇم پارچىلىرى چېچىلغان بىر يەرنى تاپتىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بوستانلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 مىل كېلىدىغان بولۇپ، ھازىرقى نىيا بازىرىنىڭ كۆلىمى ئەينى چاغدىكىنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى ئەڭ كۆپ بولغاندا يېرىمىغا توغرا كېلىدىكەن. تېخىمۇ ئۇزاقراق قەدىمكى زامانلاردا بەلكىم تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ بولۇشى مۇمكىن.

نىيا خارابىسىنىڭ ئىزىنى قۇرغاقلىشىش، قۇم ـ بوراننىڭ ھۇجۇمى، دەريا تارماقلىرىنىڭ يۆنىلىش ئۆزگەرتىشى ياكى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى دەپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. قەدىمىي سۇغىرىش ئۇسۇلىنىڭ ھازىرقىدىن ئىلغار ياكى باشقىچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق دەلىللەرگىمۇ ئىگە ئەمەسمىز. بۇ يەردە دەندان ئۆيلۈككە ئوخشاشلا غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىپ، سۇنى 70 مىل يىراقلىقتا باشلاپ بېرىشمۇ تەسەۋۋۇردىن يىراق بىر ئىش. يېڭى بازارنىڭ تەرەققىياتىغا ھازىر ئاللىقاچان بىر ئەسىردىن ئاشقان، كونا بازار بولسا

شىغىللىقتا تۇنجى قېتىم غايىب بولاتتى ـ دە، يېپيېڭىچا ئۆسۈملۈك بەلۋېغىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولاتتى. بىرمەھەل ئاققاندىن كېيىن يەنە يەر ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى. نەچچە مىلدىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇپ، ئەگرى ـ بۈگرى 20 ~ 30 مىل ئاققاندىن كېيىن يەنە غايىب بولاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا نىيا بازىرىدىن 50 مىل يىراقلىقتىكى ئۇلۇغ مازارنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ، 5 ~ 6 مىل يىراقلىققىچە بەرداشلىق بەرگەندىن كېيىن تۆتىنچى قېتىم ياكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم غايىب بولاتتى. كەلكۈن پەسلىدە ئۇزۇلۇپ قالغان دەريا ئېقىنى تاغ ئۈستىدىن تىلاۋەت-خانا يېنىدىكى چارۋىچىنىڭ كەپىسى ئالدىغا ئېقىپ كېلىدىغان بولسى-مۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتلىق بولۇپ، 2 ~ 3 مىل جايغىمۇ ئېقىپ بارالمايتتى.

لوپنۇر ئويمانلىقىدەك قۇرغاق رايونلاردا يەر ئاستى سۈيى تەدرىجىي شورلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، نىيا رايونىمۇ سۇ ـ تۇپراق شورلىشىش خەترىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بازارنىڭ شىمالىي قىسمىدا مەن يېرىم مىل يول ماڭدىم. ئۇ يەرلەر ئىلگىرى ئۈچ دەرىجىلىك باج تاپشۇرىدى-غان يەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك يەر بولۇپ، ھازىر شور-لىشىش سەۋەبىدىن ھەتتا قوي بېقىشقىمۇ بولمىغانلىقتىن تاشلىۋېتىل-گەن. كىشىلەر گەرچە تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بۇ يەرلەردە كەنت بەرپا قىلىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا ھەممى-سى مەغلۇپ بولغان ئىدى. ئىمام جاپپار سادىق مازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى دەريا بويلىرىدا دەريا بويلاپ ئولتۇراقلاشقان 11 ئائىلە بولۇپ، ئۇلار بەزى دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىپتۇ، ئەمما دەرەخ تىكمەپتۇ. بۇنداق جايلار ئاخىرىدا يەنىلا ئوت ـ چۆپلۈككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن زىرا-ئەت تېرىش ئىمكانىيىتى ئاران ئىككى ـ ئۈچ يىل داۋام قىلالايدىكەن. دېمەك، بۈگۈنكى نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئوخشاشلا مەڭگۈلۈك يېزا ئىگىلىك كەنتى بەرپا قى-لىشتىن ئېغىز ئېچىش قىيىنكەن.

قەدىمكى زامانلاردا بەلكىم ئەھۋال بۇنداق بولمىسا كېرەك. نىيا بازىرىدىن 57 مىل يەنى ئىمام جاپپار سادىق مازىرىدىن يەتتە مىل كېلىدىغان جايدا ئىلگىرى كەلكۈن سۈيى قۇملۇقتا سىڭىپ كەتكەچكە،

جەريانىدا ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرگەن دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ هالدا بارلىق قىيىن مەسىلىلەردىن ساقىت بولغان بولىمىز. قۇرغاقچىلىق ئانچە ئېغىر بولمىغان مەزگىللەردە نىيا دەرياسى هازىرقىدىن چوڭراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى هازىرقى يېڭى بوستانلىققا سۇ ئاقىدىغان بىر ـ ئىككى تارماق ئېقىنى بولغان بولۇشى، شورلۇق بولماسلىقى، بىرقەدەر ئاز مىقداردا يەر ئاستىدىمۇ ئېقىپ تۇرغان بولۇشى، قۇرغاقچىلىق ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن كىشىلەر ئورنىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ بۇ يەرلەرنى تاشلاپ كەتكەن بولۇشى، شۇ سەۋەبتىن ئەتراپتىكى بوستانلىقلار تەدرىجىي قۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يىراقتىكى بوستانلىقلار ئاز قالغان مەزگىللەردە، نەچچە ئەسىر بەرداشلىق بېرەلىگەن جايلار بولغان بولۇشى، 1295 ـ يىل ماركو پولو يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

## بوستانلىقلار بىلەن تاشلاندۇقلار ئارىسىدا

چىرا ـ خارابىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، مەن نىيىنىڭ شەرقىدىكى ياتوڭغۇز ئېقىنىنىڭ باشقا دەريالارغا ئوخشاشلا قەدىمىي ئىزلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ يەكۈن چىقاردىم. شۇڭا، نىيىدا يەرلىك بەگلەرگە بىزنى شۇنداق يەرلەرگە باشلاپ بارالايدىغان ئادەم تېپىشىپ بېرىشنى ئېيتتىم. كۆپ تەرەپلىك ئىزدەش ئارقىلىق، ئابدۇرېشىم ئىسىملىك بىر قېرى ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى تاپتۇرۇپ كەلدىم. بىراق ئۇ گەرچە دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بىرمەھەل ئىزدەش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. كېيىن ئىبراھىم بىلەن نىيا بېگىنىڭ قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ سۈسىز قۇملۇقتا توققۇز كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر قەدىمىي ئىزنى بايقىغانلىقىنى، ساپال بۇيۇملارنى ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، هېچقانداق ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ ئىزى يوق ئىكەن. بىز ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىمام جاپپار سادىق مازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. پۇتكۇل سەپەردە ئۇ بىز بىلەن بىرگە بولدى، بىراق روھى ناهايىتى چۈشكۈن ئىدى. ئىبراھىم

16 ـ ئەسىردىلا تاشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، يېڭىسىنىڭ تەرەققىياتى كونا بازار ئورنىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. چۈنكى يېڭى بازار ئورنى بۇددىزم دەۋرىدىكى كونا بازارنىڭ پەقەت يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى نىيا بازىرىنى يەنە كېڭەيتمەي، سۇنى كونترول قىلىغان ھالدا ئەڭ تۆۋەن سەرپىيات بىلەن سۇغارغان تەقدىردىمۇ، ھازىرقى سۇ يەنىلا قەدىمىي بازارنىڭ ئورنىغا يېتىپ بارالىشى مۇمكىن ئەمەس. 1840 ـ يىل نىيا بازىرىنىڭ نوپۇسى ئاران 12 ~ 15 ئائىلە بولۇپ، سۇ سەرپىياتى ئىنتايىن ئاز ئىدى. سۇلار ئەركىن، ئازادە ئاقاتتى. لېكىن شۇ دەۋردىمۇ خارابە ئورنىغا ئېقىپ بارالىغان ئەمەس. دەريانىڭ ئىككى قېتىدا ھازىرقىغا ئوخشاشلا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، بۇلارمۇ ئالىلقاچان نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا قۇرۇپ تۈگەشكەن. 1841 ـ يىل بۇ خىل مول سۇ مەنبەسى دامىكۇدا تۇيۇقسىز غايىب بولغان بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ قويۇق ئۆسكەن يېپىنچا ئۆسۈملۈك-لەرمۇ يوقالغان. ئەگەر ئوخشاش مول بولغان سۇ مەنبەسى تەخمىنەن بىرلا ۋاقىتتا نىيا دەرياسىدا ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر يەردە قويۇق ئىكەنلىكى، يەنە بىر يەردە يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى قۇرۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەك قىيىن بولىدۇ. چۈنكى، ھازىرقى نىيا بوستانلىقى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھازىرقى سۇ يەنىلا نىيا قەدىمىي بوستانلىقىغا يېتىپ بارالمايدۇ. ھازىر دەريانىڭ قەدىمىي خارابىگە ئېقىپ بېرىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى-دىن ئىككى ھەسسە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى كىشى-نىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ سىغمايدۇ. دېمەك، يېڭى ئېرانىڭ باشلانغان چاغلىرىدا، يەنى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى شۇەنزاڭ كۆرگەن-دەك، ھۆل ـ يېغىننىڭ ئىنتايىن مول بولغانلىقىدىن نىيا دەرياسىدا ھازىرقىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق سۇ كەلگەن بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى 60 ~ 70 مىل كېلىدىغان قۇملۇقتا سىڭىپ كەتكەن بولۇشى، يەنە ئۈچتىن ئىككى قىسمى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن بولۇ-شى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدىكى سۇ ھازىرقىدىن ئۈچ ـ تۆت ھەسسە كۆپ بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىز مەركىزىي ئاسىيانىڭ كىلىماتىنى تارىخىي تەرەققىيات

رىپ تۇراتتى.

ياتوغغۇز كەنتىدە 50 نەپەر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىدە ئالغان بارلىق كىشىلەر بىز بىلەن ناھايىتى ئوبدان ھەمكارلاشتى. ئورمانلار ئارىسىدىكى بوشلۇقلار قارىماققا ناھايىتى مۇنبەت بولۇپ، ئالتە ئائىلىلىك ئادەم بۇ يەردە ئازغىنە يەرنى تېرىيتتى. سۇ ئېقىنلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سىرتىدىن خېلى يەرلەرگىچە ئېقىپ يۈرەتتى. دەريا سۈيىنى ئىچكىلى بولىدىغان بولۇپ، بىرئاز تاتلىق بولسىمۇ، لېكىن تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ناترىي بورات كرىستالى ۋە كالىي تۇزلىرى بار ئىدى. كىشىلەر بۇ يەردە 1860 - يىلدىن باشلاپلا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كىچىك دائىرىدە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا ئاندىن يەرنى تاشلاپ يېڭى يەر تېرىيدىكەن. ياتوغغۇزدىمۇ باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشلا كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ دەلىل- ئىسپاتلىرىنى تاپقىلى بولىدىكەن. بۇ ئەتراپتىكى كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلەرگە بولغان كۆزىتىشتىن قارىغاندا، دەريا سۈيى تەدرىجىي ھالدا شورلىشىۋاتقان بولۇپ، دەريانىڭ قەدىمىي يوللىرى ھازىرقىدىن 5 ~ 20 مىل ئەتراپىدا ئۆزۈندىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا قويۇق ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىگە نەچچە ئەسىر بولغانىكەن. گەرچە يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان كەنتتىكىلەر ئەتراپقا قاشالارنى ياساپ دەريانىڭ تارماق ئېقىنلىرىنى ئاساسىي دەريا قىنىغا باشلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلۇقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مىل كېلىدۇ. تارىمدا سۇ مەنبەسىنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىگە ئەڭ تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغان ئۆسۈملۈك قومۇش بولۇپ، يۇلغۇن بىلەن توغراقلار تېخىمۇ ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. دېمەك، بۇ دەريانىڭ جىددىي ھالدا قىسقىراۋاتقانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى بولالايدۇ.

ياتوغغۇز كەنتىنىڭ شەرقىگە قاراپ يەنە ئىككى كۈن ماڭغاندا ئەندىر دەريا بويىدىكى ئەندىر كەنتىگە بارغىلى بولىدىغان بولۇپ، ئەتراپنى كۆزىتىشتىن، بۇ يەردىمۇ كىلىمات ئۆزگىرىشلىرىنىڭ روشەن ئىزلىرىنى بايقىدىم. بۇگۈنكى كۈندە بۇ دەريا تەمىنلىگەن سۇ ئارقىلىق

بەرگەن گۆش، گۈرۈچ، چاي ۋە قەنت دېگەندەك نەرسىلەرمۇ ئۇنى
خۇشال قىلالمىدى. ئەسلىدە ئۇ يالغان ئىپتىقان بولۇپ، بەگنىڭ خا
بولۇشىدىن قورقۇپ، قەدىمىي خارابىگە ئالاقىدار بولغان بۇ ھېكايىنى
توقۇغان، كۆڭلىدە يول يىراق دېيىلسە بىزنى مۇرادىغا يېتىشتىن ۋا
كېچەر دەپ ئويلىغانىكەن. نەتىجىدە ئۇ ئۆزى مەقسەتكە يېتەلمەي،
راست گەپنىمۇ قىلالماي قالغان ـ دە، بىز بىلەن بىر قېتىملىق قۇرۇق
يول مېڭىشقا مەجبۇر بولغان. كېيىن بىز ئۇ يەرنى ھەقىقىي بىلىدىغان
ئادەمدىن بىرنى تاپتۇق. خارابە ئورنى مەن ئويلىغاندەك دەريا يۇقىرى
ئېقىنىنىڭ 50 ~ 60 مىل كېلىدىغان يېرىدە بولۇپ، مەن ئۆزۈم
بارالماي ئىبراھىم قاتارلىقلارنى ئەۋەتتىم. ئۇ سىزىپ كەلگەن ئاددىي
خەرىتە ۋە ئېلىپ كەلگەن ساپال بۇيۇملار بىلەن تولىمۇ پەخىرلەندىم.
ئابدۇرېشىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىز شەرققە قاراپ ئىككى
كۈن مېڭىپ 150 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى بىر قۇم دۆۋىسىدىن
ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ياتوغراق
دەرياسىغا يېتىپ كەلدۇق. چاتقاللارنىڭ كۆزلۈك مەنزىرىسى كىشىنى
ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان بولۇپ، كۆككە تاقاشقان توغراقلار ھەممىلا
يەردە ئۇچرايتتى. ساپسېرىق يوپۇرماقلار ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.
نەچچە ھەپتە ئىلگىرىكى ئالتۇن رەڭلىك قومۇشلار ئاللىقاچان قوڭۇر
رەڭگە كىرگەن ئىدى. مامۇقتەك يۇمشاق قومۇش پۆپۈكلىرى ئاسمان
بوشلۇقىدا پاراشوتتەك لەيلەپ، ئاۋۋال كۈل رەڭدە، ئاندىن كۈمۈش
رەڭدە جۇلالىنىپ كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. رەڭگى روشەن بولمىسى-
مۇ، ھەيۋەتلىك قەددى ـ قامىتىنى يوقاتمىغان يۇلغۇنلارنىڭ مول
ئۆزگىرىشچان رەڭگى ـ رۇخسارى يېڭى ئېنگىلاندىكى ئورمانلىقلارنىڭ
گۈزەل لاتاپىتى بىلەن بەسلىشەتتى. قېنىق قوڭۇردىن روشەن قىزىل
رەڭگە ئۆزگەرگەن جەرياندا قېنىق بىنەپشە رەڭ ئەكس ئېتەتتى. سېرىق
رەڭلەر ئارىسىدىن كىشى ھېس قىلىش قىيىن بولغان سۇس كۈل رەڭ
نامايان بولاتتى. بۇلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدە گويا بىر قەۋەت سۇس
قىزىل رەڭلىك تورسىمان نېپىس پەردە ھاسىل بولغان بولۇپ، قۇياش-
نىڭ بۇيۇك سەلتەنىتىدىن زوقلىنىۋاتقان تەبىئەتتىكى كۆپ قىسىم
ئۆسۈملۈكلەر يېشىللىقتىن سېرىقلىققا، ئاندىن قوڭۇر رەڭگە ئۆزگە-

هۆكۈم قىلغان. دېمەك، بۇ ۋەسىقىلەر راھىبلار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان ياكى كەم دېگەندە غەربكە تاۋاپ قىلغىلى ماڭغانلار تەرىپە-دىن يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقى ئېنىق. ستەيىن بولسا ئۆزى تېپىۋالغان پۇل ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىدىن بۇ يەردە تېخىمۇ ئىلگىرىكى زامانلاردا بىــرەر پادىشاھلىقنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى، تاشلىۋېتىلگەن ۋاقتىنىڭ مىلادىيە 518 ـ يىلى سۇڭيۈن بۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ۋە مىلادىيە 644 ـ يىلى شۈەنزاڭ كېلىشتىن ئىلگىرى ئىكەن-لىكىگە مۇتلەق ئىشەنگەن. شۈەنزاڭ كەتكەندىن كېيىن، بىرەر دىنىي ئورگان يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەمدە 200 يىل ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال دەندان ئۆيلۈك بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

خارابىنىڭ شىمال تەرىپى قارىماققا ستەيىن خاتىرىلىگەن جەنۇب تەرىپىدىن قەدىمىيرەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ، شىمالىي رايوندىكى يەر-لىكلەر «قارۇشتى» دەپ ئاتىغان جايدا خارابىنىڭ ۋاقتىغا ئالاقىدار ساپال سۇنۇقلىرى، تاش پالــتا، تــاش پىـچاق دېگــەندەك ھېچـقانــداق دەلىل ـ ئىسپات تېپىلمىدى. جەنۇب تەرەپتە بولسا كىشىلەر «پوتەي» (خەنزۇچە زەمبىرەك مۇنارىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك) دەپ ئاتايدىغان توپا تام، ئۈجمە دەرىخى، ئاق تېرەك، شۇنداقلا مېۋىلىك باغدا ھېلىغىچە تىكلىنىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخلەر بار بولۇپ، ساپال بۇيۇملارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بۇ يەرنىڭ تارىخىنىڭ نىسبەتەن قىسقا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ تېخىمۇ كېيىنكى دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار جەنۇب تەرەپتە خېلى كۆپ بولۇپ، مەن بۇ يەرنىڭ ئاساسىي مۇنارىدىن ئۈچ مىل يىراقلىقتا بىر قەلئەنى بايقىدىم. بۇ قەلئەنىڭ چوڭلۇقى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ تاشلاندۇق خارابى-نىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. مەن تۇنجى قېتىم تۇخارىستان خارابىسىگە كەلگەندە بۇ قەلئەنى ئىزدىگەن ھەمدە بۇ جەرياندا ئەندىر قەدىمىي شەھىرىنىڭ تەخمىنەن ئورنىنى مۆلچەرلە-گەن، بىراق قەلئەنى تاپالمىغان ئىدىم. كېيىن مەن بىر يېڭى يول باشلىغۇچىنى تېپىپ، قايتا ئىزدىدىم. ئەسلىدىكى يول لىنىيىسىدىن

تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلاردىن 80 ئادەم بولۇپ، ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ يەرنىڭ سۈيى تۈزلۈق بولغانلىقتىن، ئازغىنە يەرنى تېرىشمۇ خېلى قىيىنكەن، شۇڭلاشقا بۇ يەردە دېھقانچىلىقتا تايىنىپ جان بېقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن. ھالبۇكى، يىراق قەدىمكى بۇددىزم دەۋرىدە دەريا ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بىر بۆلەك يەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى ئېنىق ئەمەس، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 15 مىل بولۇپ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ناھايىتى زىچ بولغان. بۇ رايوننىڭ شىمالىدا مەن نۇرغۇن ساپال، سۆڭەك، تاشتىن ياسالغان بۇيۇملارنى خۇشاللىق ئىلكىدە بايقىدىم. جۇملىدىن قورغان، ئۆي ـ ئىمارەت، ئىبادەتخانا ۋە گۇللۈك قاتارلىقلار شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى رايونغا جايلاشقان ئىكەن. بۇ خارابە خوتەننىڭ 250 مىل شەرقىگە جايلاشقان. بىز بۇ شەھەرنىڭ «سۇڭيۈن خاتىرىلىرى» بىلەن نامى مەشھۇر بولغان «مو» شەھىرى (末) ياكى «ھامىۇ» شەھىرى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمىز. بۇ يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 900 مىل، يەنى خوتەننىڭ شەرقىدىن 240 × 260 مىل كېلىدىغان بولۇپ، مىلادىيە 518 ـ يىلى بۇ يەردىن ئۆتكەن سۇڭيۈەن: «مو شەھىرى خەنمو شەھىرىنىڭ ئالتە چاقىرىم غەربىدە» دەپ يازغان. چۈنكى ئەينى دەۋردە شەھەرنىڭ تۆت مىل جەنۇبىدا بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، بۇ يەردە ئالاھازەل 300 گە يېقىن راھىب بار ئىدى. 18 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى بىر بۇددا مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مىلادىيە 644 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرى) بۇ يەردىن ئۆتكەن شۇەنزاڭ تىلغا ئالغان «تۇخارىستان» مۇقەررەر ھالدا «مو» ۋە «خەنمو» لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ستەيىن خاتىرىسىدە «بۇ يەر ئۇزۇن مۇددەت ئادەم تۇرماي چۆلدەرەپ كەتكەن، ئەتراپىنىڭ ھەممىسى تاشلاندۇق ئۆيلەرنىڭ خارابىسى بىلەن تولغان» دەپ يازغان بولۇپ، ئۇ خارابىنىڭ مەركىزىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇتخانىنىڭ ئىچىدە بايقىغان خەنزۇ ۋە تۈبۆت يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ چېسلاسى بويىچە، بۇ يەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاشلىنىپ كەتكەن ۋاقتىنى مىلادىيە 719 ~ 800 ـ يىللار ئارىلىقىدا دەپ

تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ بىرگە بوستانلىقنىڭ تەدرىجىي تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. شىمالىي قىسمىدىكى تېخىمۇ قەدىمىيرەك بولغان تاشلاندۇقلار، ھەتتا ھىندى ئۇسلۇبىدىكى بۇددا مۇنارى ئەتراپىدىكى مەركىزىي رايونلاردىكى دەل - دەرەخلەر ئاللىقاچان غايىب بولغان بولۇپ، روشەنكى، بۇ دەرەخلەر تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئاندىن كېسىۋېتىلگەن ئىدى. ئەمما، بۇگۈنكى بوستانلىققا ئەڭ يېقىن بولغان تاشلاندۇق خارابىدە ئېگىز دەرەخلەر تېخىچە ساقلىنىپ تۇراتتى. بەلكىم ئەڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر شىمالىي ئېقىنىدىكى ئاھالىلەر قالدۇرغان دەرەخلەرنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئەھۋالدا، ئۆزلىرىنىڭ دەرەخلىرىنى تاشلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، كونا دامكۇنىڭ دەرەخلەرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېڭى دامكولۇقلار تەرىپىدىن كېسىپ تۈگىتىلگەن بولۇپ، بۇنداق ئەھۋاللار ھازىر تېخىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەگەر ھازىرقى يېڭى دامكۇ يەنە قۇملىشىپ كەتسە، ئۇ يەردىكى دەرەخلەرمۇ تاشلىنىپ كەتكەن خارابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھىتلىرى بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، نىيا خارابىسى ۋە تۇخارىستان خارابىلىرىنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بولغان ئىدى. كېيىنكى خارابىلەرنىڭ ھەممىسىدە تاشلىنىپ قالغان دەرەخلەر بولۇپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەرەخلەرنىڭ كېسىپ تاشلىنىشى تەبىئىي ھالدا ئۇ يەردىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا تاشلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تېخىمۇ قەدىمكى خارابىلەردە ئۇچرىغان ساپال سۇنۇقلىرىمۇ ئوخشاشلا شۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. نىيا، ئەندىر دەرياسى، شۇنداقلا چىرا قاتارلىق جايلاردا بوستانلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇ مەنبەسى يېتىشمىگەن جايلاردىن باشلاپ تاشلانغان.

تۇخارىستان يوقالغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر تەدرىجىي ھالدا قورغاچ ۋە سەرتىك خارابىسىدىكى كىچىك كەنتلەرگە يىغىلغان. كېيىن قىسقا بىر قېتىملىق گۈللىنىش بولغان - دە، بىلېر قورغان خارابىسى بارلىققا كەلگەن. بۇ، دەريانىڭ غەربىدە بايقىغان سېپىل تاملىرى

200 يارد (بىر يارد تەخمىنەن 0.9144 مېتىرغا باراۋەر) كەلمەيدىغان يەردە 20 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى بىر توپا ئىمارەت كۆرۈندى. ئۇ ئەتراپتىكى غايەت زور يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىسى بىلەن توسۇلۇپ قالغان ئىدى.

مەن بۇ خارابىدىن شەرققە قاراپ مېڭىپ باباكۆل (巴巴库) ئەتراپىدىكى چەرچەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان سەرتىك خارابىسىنى تېپىۋېلىشنى ئۈمىد قىلدىم. ئىككى يول باشلىغۇچىنىڭ ھەر ئىككىسى غەربىي شىمال تەرەپكە ئالتە مىل مېڭىپ، ئەندىر دەرياسى بويىدىكى قورغاچقا بارغاندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 12 مىل مېڭىپ، باباكۆلگە ماڭىدىغان يولنى بويلاپ شەرقىي شىمالغا يەنە ئالتە مىل ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ قاراشتى. بۇنداق بولغاندا 24 مىل بولۇپ، ئىككى كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. تۇخارىستاندىن باباكۆلگە بىۋاستە بارغان ئادەم بولمىغانلىقتىن يەرلىك كىشىلەر بۇ خىل ئىمكانىياتنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدىكەن. مەن ئون مىل مېڭىپ، بىر كۈندىلا باباكۆلگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان چېغىمدا، ئۇلار مېنى چۆچەك ئېيتىۋاتىدۇ، دېگەندەك قىلىپ ھەرگىز ئىشەنمىدى. ئۇلار مېنىڭ يولدىن ئېزىپ قېلىپ ئۇسسۇزلۇق دەردى تارتىشىمدىن ئەندىشە قىلغان ئىدى. بىز سىرلىق ئوردا كەبى ئەگرى-بوگرى يوللار ۋە زور يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىلىرىدىن ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدۇق. ئەڭ ئاخىرىدا باباكۆل ئەتراپىدىكى بوك-باراقسان قومۇشلۇق كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. يول باشلىغۇچىنىڭ بىرى خىجىللىقىدىن يۈزىنى ئۆرۈۋالدى، يەنە بىرى بولسا چاۋاك چېلىپ كەتتى. «ئەپەندىم، بىز بىر كۈندىلا يېتىپ كەلدۇق، سىز بەك ئۇلۇغكەنسىز، بۇ يولنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟ ئىلگىرى كەلگەنمىدىڭىز؟ كەلمىگەن بولسىڭىز، سىز راستىنلا ئەۋلىياكەنسىز» دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

تۇخارىستان خارابىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا نۇرغۇن دەرەخلەر بولۇپ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇ بىزگە دىئامېتىرى تۆت ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بۇ دەرەخلەرنى خېلى ئۇزاق مەزگىل

قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىغان. مەن ئۇلارنىڭ ئەندىر رايونىغا بارغان ـ بارمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن، چۈنكى ئەندىردىكى ئۆزگىرىش كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سادىر بولغان بولۇپ، ئىمارەت شەكلىدە، ئەلا سۈپەتلىك كۆك تىرەك ياغىچىنىڭ ئورنىنى پۈتاقلىق قوپال توغراق ياغىچى ئالغان، شورلۇق تۇپراق ئاللىقاچان ياخشى ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ ئۆسۈشىنى توسۇپ قويغان. قومۇش بىلەن يۇلغۇنلار خىش ـ كېسەكنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ، شورلاشقان تۇپراقنىڭ يېپىشقاقلىقىدىن ئەسەر قالمىغان ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ دەل ساپالچىلىق قول ھۈنىرىنىڭ خارابلاشقانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر سۇغا ئەگىشىپ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە تۆۋەن ئېقىندىكىدەك ساپال ياساشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان سېغىز يوق ئىدى. ساپالچىلىقنىڭ خارابلىشىشى باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياساشنىڭ ئارقىغا چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بۇ بەلكىم يەنە يېڭى دىنىي ئېتىقادنىڭ رەسىم سىزىشنى مەنئى قىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام دىنى گەرچە ھۆسنخەت ۋە ياغاچ كېمىر سەنئىتىنى راۋاج تاپقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكىسى يەنىلا ياخشى ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ كەمچىللىكىدىن توسالغۇغا ئۇچرىغان. يېزا ئىگىلىكى بارلىق كەسىپلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كەسىپ بولسىمۇ، يەنىلا توختاشقا مەجبۇر بولغان. ئەندىر دەرياسى بويىدىكى ساپ دىل دېھقانلار ھەرگىزمۇ ئۇرۇش ياكى دىنىي تالاش ـ تارتىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، توغراق ۋە قومۇشتىن قىلىنىغان كەپىلەرنى تىكلەپ تۇرالغۇ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇڭ توقۇمىچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق سەنئەت مەۋجۇت بولمىغان.

ئۇرۇش بىلەن دىنىنىڭ تەسىرى ئەندىردىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى دېھقانچىلىقنىڭ خارابلىشىشى ۋە ئاھالىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى چۈشەند-

بىلەن قورشالغان كىچىك كەنت بولۇپ، تەخمىنەن 150 كورپۇس ئۆي بار. كەنتتە بىر مەسچىت بولۇپ، بۇ يەرنىڭ مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمما، يەرلىكلەر بۇ يەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ياكى تاشلىنىپ كېتىشىگە دائىر ھېچقانداق رىۋايەتتىن خەۋەرسىزكەن. جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ گىرەلىرى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى «نامراتلار شەھىرى» دەپ ئاتايدىكەن. بېلېر قورغاننىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇ بىزگە ئەندىر دەرياسى قىرغاقلىرىدا تېخىمۇ كىچىك ئاھالىلەر رايوننىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا تەكرارلىنىپ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت باسقۇچلۇق خاتىرە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئېرانىڭ بېشىدا تۇخارىستان چوڭ ھەم روناق تاپقان بىر شەھەر بولۇپ، كۆلىمى ھازىرقى چىرا بىلەن تەڭلىشىپ قالاتتى، ئەمما مەدەنىيىتى تېخىمۇ ئىلغار ئىدى. سۇپەتلىك كېسەكلەر ۋە ياخشى توغراق ياغىچىدىن سېلىنغان ئۆيلەر سوغۇققا دالدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىنى توسۇپ قالىدىغان بولۇپ، قويۇق مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ئېتىزلار ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇراتتى. يەرلىك كىشىلەر ساپال بۇيۇملارنى ياساشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەنئەت سەزگۈسى بىرقەدەر قوپالراق بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ روناق تاپقانلىقىنى ئۇلارنىڭ ساپال بۇيۇملىرى ۋە زىننەت نەقىشلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. باشقا رەسساملىق، ياغاچ كېمىرچىلىكى، قېلىپچىلىق جەھەتتىمۇ خېلى سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى. مىلادىيە 4 - ، 5 - ئەسىرلەردە تۇخارىستان خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەن، گەرچە ئۇ يەنىلا قەلئە، ئىبادەتخانا، ئىستىقامەتخانا ۋە ئالتۇن يالىتىلغان بۇددا ھەيكەللىرىگە ئىگە مۇھىم شەھەر بولسىمۇ، ئەمما خارابىلىشىش قەدىمى تېزلىشىۋەرگەن، قەدىمىي سەنئەت بولسا توختاۋسىز داۋاملاشقان.

تۇخارىستاننىڭ خارابىلىشىشى ۋە مەدەنىيات سەۋىيىسى بىلەن ئۇنىڭدىن خېلىلا تۆۋەن بولغان بېلېر قورغان ئوتتۇرىسىدا ئىسلام ئېتىقادچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ ئارىلىقنى ئۈزۈپ قويغان بولۇپ، شارائىتى ياخشىراق بولغان خوتەن قاتارلىق جايلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىلاسى مەزكۇر شەھەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە ھېچ-

نەچچە يۈز مىل يەردىن پەقەت يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىسى، قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق ۋە قېلىن كۆمۈلگەن قومۇشلۇق دۆڭلەردىن باشقا ئادەم ئىزىنى بايقىغىلى بولمايدىغان بۇ يەرگە مەندىن ئىلگىرى كەلگەن سايا-ھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كونا لىنىيىنى بويلاپ ماڭغان بولۇپ، پەقەت ئاشۇنداق ئورمانلىق يوللاردىلا تاسادىپىي ھالدا ئىشلەتكىلى بولغۇدەك شورلۇق سۇ قۇدۇقلىرى ئۇچراپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، ئورمانلىقمۇ باشقا يەردىكىدىن قېلىنراق ئىدى.

بىز چەرچەننىڭ شەرقىدىن 100 مىل يىراقلىقتىكى ۋاشىا دەريا-سىغا كەلدۇق. بۇ دەريا تاغلاردىن ئېتىلىپ چۈشۈپ، تاغ باغرىدىكى شېغىللىق بەلۋاغدا نۇرغۇن سۇلارنى زېمىنغا يەم قىلغاندىن كېيىن، كــەنتتىكى 30 ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىكەن. 6 — 8 - ئــايلاردا تاغدا ئېرىگەن مۇزلار دەريا سۈيىنى بىرئاز كۆپەيتىدىكەن. ئاڭلىسام، نۇرغۇن سۇنى قومۇشلۇق دۆڭلەر يۇتۇپ كېتىدىغان بو-لۇپ، ئۆتمۈشتىكى 30 يىلدا نۇرغۇن كىشىلەر كۆچۈپ كەلگەن بولسى-مۇ، كېيىن يەنىلا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتىكەن. يازدا سۇغى-رىشقا يېتەرلىك سۇ بولسىمۇ، لېكىن 4 - ، 5 - ئايلاردىكى تېرىقچى-ــلىق مەزگىلىدە سۇ يېتىشمەي قالىدىكەن. ھازىرقى كىلىمات ۋە سۇغىرىش شارائىتىدا 30 ~ 40 كىشىنىڭ سۇغىرىشى ۋە تۇرمۇشىغا ئاران يېتىدىكەن.

ئــۇزاق زامانلار ئىلگىرى يەرلىكلەر جەزمەن ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولۇپ، بۇ دەريا غەربكە قاراپ ئېقىپ، قەدىمىي يول لىنىيىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ھازىرقى كىچىك كەنتتىن تاغلىق رايونلارغىچە بارغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇزۇنلۇقى 2.5 مىل، كەڭلىكى بىر مىل كېلىدىغان بۇددىستلار شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇ يەردىكى تاشلاندۇقلار نىيا ۋە باشقا يەردىكىگە ئوخشاشلا ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، كونا كەنت پۇتكۇل رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆي - ئىمارەتلەر تامامەن يوقالغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ زىچلىقى ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى كۆرسەتكەندەك شۇنداق زىچ بولىدىغان

دۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئېرا بېشىدا بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى ئۇن مىڭ كىشىگە يەتكەن بولۇپ، نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئاران يېرىمى قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئىش بولمىسىمۇ، ھازىرقى نوپۇ-سى يەنىلا 80 ئادەمگە چۈشۈپ قالغان. 19 - ئەسىردە شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى قەدىمىي بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى تۇ-رالغۇ ئىزدەپ كۆچۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇلار كېرىيىدىن شەرققە مېڭىپ ئويتوغراق، يېسىيۇلغۇن ۋە نىيىدىن قايرىلغان. ئارقىدىن 200 مىل كېلىدىغان يەردىكى چەرچەن، تاتىراڭ، ۋاششا ۋە چاقىلىق-تىن قايرىلغان. شورلىشىپ كەتكەن ئەندىر دەرياسى ۋە ياتوڭغۇزنىڭ سۈيى بىكاردىن - بىكار قۇملۇققا ئېقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان. ئەندىر دەرياسىنىڭ ئۆزگىرىشى كىلىماتنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە شارائىتىغا تەسىر كۆر-سىتەلەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز كەشمىردە كى-لىمات ئۆزگىرىشىنىڭ كىشىلەرنى كۆچمەن تۇرمۇش شەكلىنى ئۆز-گەرتىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. بۇنداق ئۆزگىرىش ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. بىز بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمىز، ئەمما بۇنداق تەسىر جەزمەن ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايمىز. قۇرغاق-چىلىق ئېغىر بولغان ئەندىر قاتارلىق جايلاردا كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى راستتىنلا چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، تەبىئىي شارائىت كۈنسېرى ناچارلىشىپ كەتسە، ياشاش ئىمكانىيىتى بولغان جايلار بار-غانسېرى ئازىيىپ كېتىپ، مەركەزلىشىپ ياشايدىغان دېھقانچىلىق را-يونلىرى چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئايلىنىپ كې-تىدۇ. ئەگەر ئوخشاش نەتىجە باشقا جايلاردا يۈز بېرىدىغان بولسا، تارىخنى قايتىدىن يېزىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

ئەندىر دەرياسىدىن 250 مىل شەرققە ماڭغاندا چاقىلىققا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان بولۇپ، بۇ چەت - ياقا يەردە كىلىماتنىڭ زور ئۆزگىرىشكە دائىر ئىسپاتلار نەگىلا قارىسىڭىز تېپىلىپ تۇراتتى.

پېتېرخوپكېرك [ ئەنگلىيە]

# تەكلىماكاندىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ غايىب بولۇشى

تەكلىماكان بوستانلىقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئارىسىدا بوۋىسىدىن تارتىپ نەۋرىسىگىچە بولغان ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بارلىق ئادەملەر ئارىسىدا، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى زامان شەھەر - بازارلىرى توغرىسىدىكى غەلىتە سۆز - چۆچەكلەر ئىزچىل هالدا تارقىلىپ كەلمەكتە ھەم يەنە ئۇزاق مەزگىل تارقالغۇسى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قۇم دۆۋىلىرىگە ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا گۆھەرلەر كۆمۈلگەنىكەن، بۇ نەرسىلەر قۇملۇقتىكى تەبىئىي ۋە تەبىئىيلىكتىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ۋەھىملەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەرقاچان ئېلىشقا بولىدىغان نەرسىلەر ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 1875 - يىلى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى بىر شورلۇق سازلىقتا قىرغىز قەبىلىسىگە مالچى بولغان بىر ئادەم بىر شەھەرنىڭ كۆمۈلۈپ كېتمۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپتىكەن ھەمدە ئاشۇ ئەھۋالنى ناھايىتى جانلىق بايان قىلىپ مۇنداق دەپتىكەن:

«شەھەر سېپىلى قومۇشلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، پۈتۈن شەھەر ئاشۇ قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقمىدىم، ئۇنىڭغا يېقىن قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقسا شەھەر سېپىلىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى لايداڭلىق بىلەن ئورالغان. ئوتلۇق ئىچىدە زەھەرلىك قۇرتلار ۋە يىلانلار بولغاچقا، مەن ئۇ يەرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمى-

بولسا ياكى هازىرقى كەنت ئاهالىسىدەك زىچ بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇس 500 كىشىدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. هازىرقى ئەھۋالدىن تەھلىل قىلغاندا، كېيىنكى كەنتلەر ياكى كونا كەنتنىڭ كېيىنكى قىسمى خارابىنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم يەرنىلا ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلىرى روشەن ئەمەس، مەن پەقەت 16 ئېغىز ئۆينىڭ ئىزىنىلا تاپتىم. يەنە بەزىلىرى ۋەيران بولغان بولۇپ، ئېنىق بايقاش مۇمكىن بولمىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ كەنت تاشلىنىپ كېتىش ئالدىدا كەم دېگەندە 100 دىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بولغان. دېمەك، بۇ هازىرقىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلار هازىرقىدىن ئىلغار سۇغىرىش سىستېمىسى بولمىغان ئەھۋالدا هاياتلىقنى ساقلاپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەنتلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئەگىشىپ، دەريا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ كەتكەنلىكتىن، ئەينى چاغدىكى سۇغىرىش سىستېمىسى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. كەنتنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى بولسا تارىختا هازىرقىدىن مول بولغان سۇ مەنبەسى كىشىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن ھالقىپ ئەركىن ئېقىپ كەتكەنلىكتىن بولغان.

خانتىڭتون: «ئاسىيانىڭ جان تومۇرى»، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرىدىن

داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى

سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر خىلى بۇ شەھەرلەرنىڭ قانداقلارچە گۇمران بولۇپ كەتكەنلىكىگە دائىر ھېكايىلەر بولۇپ، ئۇنى ئادەتتە شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ گۇناھىغا بېرىلگەن بىر خىل جازا دېيىشىدىكەن. مىلادىيە 16 ـ ئەسىردە، مۇسۇلمان تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر (Mirza Haidar) لوپنۇر كۆلى بويىدىكى كېتىك كاتاك (Katak) نىڭ قانداقلارچە مۇشۇنداق تەقدىرگە ئۇچراپ گۇمران بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولغان بىرلا كىشى بىلەن بىرلا مەزىن ئىسلام دىنىغا تەقۋادار بولغاچقا، قويۇندەك كېلىۋاتقان كۆچمە قۇمنىڭ يۇتۇۋېتىشىدىن ساقلىنىپ قالغان. ھېلىقى مەزىن نامازشامغا ئەزان توۋلاۋاتقان چاغدا، ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلىغان. مەسچىتتىن باشقا پۈتۈن شەھەر بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولغان. نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن بۇ مەزىن پەشتاق ئۈستىدىن پەسكە قارىغاندا، تۆت ئەتراپتىكى يەرلەرنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئۆرلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەزان توۋلاشنى تېزلا ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۆزىدىن پەقەت بىرقانچە ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتىكى قۇم ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈۋالغان. مەزىن بىلەن ھېلىقى ئىلىم ئەھلى ‹غەزەپكە كەلگەن ئاللادىن يىراقتا تۇرۇش ئەڭ ياخشى چارە›، دەپ قاراپ، ئۇچقاندەك قېچىشقا باشلىغان». مىرزا ھەيدەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كېتىك دېگەن بۇ شەھەر شۇنداق قىلىپ تا ھازىرغىچىلىك قۇمنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا».

مۇشۇنداق گۇناھكار جايلار توغرىسىدىكى بەزى ھېكايىلەرنىڭ تارقالغان ۋاقتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتىنمۇ بالدۇرراق بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇددا دىنى يىپەك يولى بويلىرىدا يەنىلا كەڭ تارقىلىپ يۈرۈۋاتاتتى. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە، بۈيۈك تاڭ ئېكىسپېدىتسىيىچىسى، بۇددا دىنى راھىبى شۈەنزاڭ (كېيىنچە ستەيىن ئۇنى ھۆرمەتلەپ «بۇددا قانۇنىنى قوغدىغۇچى دانىشمەن راھىب» دەپ ئاتى-

دىم ... ئۇ يەرگە ھەقىقەتەن كىرگەن ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بايلىقلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، شۇ يەردە ئۆ-لۈپ كەتكەنىكەن. بۇ ھەممىگە ئايان بولغان پاكىت ... سىز بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمما، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممى-سى مېنىڭ راست گەپ قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن قالماقلار (Kalmaks) خارابىلىك ئىچىدىكى بۇتخانىلارغا كىرىپ، ئەۋ-لىيا ـ ئەنبىيالار ئۈچۈن نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەتتى... بۇ يەردىكى بۇتنىڭ تۆت ئەتراپىغا قويۇلغان جاھازلار كۆزنى چاقنىتىدىغان ناھايىتى چوڭ گۆھەرلەر، مەرۋايىتلار، سان ـ ساناقسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، يامبۇلار بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىرنەرسىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشكە ھېچكىمنىڭمۇ ھەددى ئەمەس ئىدى. بۇنى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى» . ئۇنىڭ ھىندىستاند-نىڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە بايانىامىسىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: بىر قالماق بۇتخانىغا كىرىپ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا-لار ئۈچۈن نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن. ئەمما، ئۇ بايلىق — دۇنيانىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىككى دانە ئالتۇن يامبۇنى ئوغرد-لاپ يانچۇقىغا تىقىۋالغان. ئۇ ھېچقانچە يول يۈرمەيلا، توساتتىن ناھايىتى ھارغىنلىق ھېس قىلغان ـ دە، شۇ جايدا يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇ ئويغانغان چاغدا قارىسا، ھېلىقى يامبۇ يوق، شۇچا ئۇ يەنە بۇتخانىغا بېرىپ، تېخىمۇ كۆپرەك ئېلىۋالماقچى بولغان. بۇ قېتىم ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ بىرىنچى قېتىم ئېلىۋالغان ھېلىقى ئىككى دانە يامبۇ ئاۋۋالقى ئورنىدا شۇ پېتى تۇرغان. ئۇ بۇنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاھىي بۇت ئالدىدا تىزلىنىپ، بېشىنى ھەدەپ يەرگە ئۇرۇپ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇ چاغدا ئىلاھىي بۇت كۈلۈپ قويغان. بۇ ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن مۇقەددەس نەرسە-لەرنى يەنە ئوغرىلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگىنى ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ خۇشال بوپتىكەن.

بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مىرزا ھەيدەر بۇ قەبىلە باشلىقىنىڭ خوتەن رايونىدا گۆھەر ئۆۋلىغانلىقىغا دائىر جەريانلارنى ناھايىتى جانلىق بايان قىلىپ بەرگەن. ئېلياس ئۆز ئەسىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىغا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدە مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: «شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، قىممەتلىك بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قېزىپ چىقىرىلدى، ئەمما مەدەنىيات يادىكارلىق قىممىتىگە ئىگە نۇر- غۇن نەرسىلەر بۇزۇۋېتىلدى. شۇڭلاشقا، كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەدەنىيات جەھەتتە خېلى دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن ئېكسپېدىتسى- يىچىلەر بۇ خارابىزارلىقلارغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، شۇ- نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلار ئۆزلىرى تۆلىگەن بەدەلنىڭ زىياننى قاپلىيالمايدىغانلىقىنى سەزگەن چېغىدا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاچكۆزلۈ- كى ۋە قارا نىياتچىلىكىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانلىقى- دىن مىڭ مەرتەم ئەپسۇسلانماي تۇرالمايدۇ».

يۇقىرىقى بۇ گەپلەر پەقەت ستەيىن قار - مۇزلار يولنى توسۇپ تۇرغان قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ، تەكلىماكانغا قاراپ يولغا چىقىش- تىن بەش يىللار بۇرۇن يېزىلغان. بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان ئۈچ قېتىملىق چوڭ ئوغرىلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرىن- چى قېتىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتى- سىيىسى ئېلياسنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىنى ناھايىتى ئېنىق رەت قىلدى. بۇ نۇقتىنى ئېلياس ھەرگىز بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ 1897 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ چاغدا ستەيىن تېخى ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى پىلانلاش بىلەن بەند بولۇۋاتاتتى.

ئېلياس ياشىغان دەۋرلەردە، گەرچە بىرەر ياۋروپالىق ئېكسپېدىتى- سىيىچى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ شەھەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەرقان- داق بىرىنى تېخى قېزىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن غەرب ئىلىم ئەھلىلىرى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە، ئەھۋال تارقىلىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلەردىكىدەك بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، دەپ قارىماقتا. بۇ ھەقتىكى تۇنجى ئە-

غان) يەنە بىر شەھەرنىڭ ھېكايىسى ئۈستىدە توختالغان. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرى، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا سەل قارىغانلىقتىن، نەتىجىدە ھېلىقى شەھەرنى قۇم- بوران كۆمۈپ تاشلىغانىكەن. شۇەنزاڭ مۇنداق دەيدۇ: ناھايىتى كۈچلۈك بىر بوران گۈركىرەپ چىقماقتا، «يەتتىنچى كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈپ دەل كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىدىغان چاغدا ئاسماندىن قۇم- توپا يېغىشقا باشلىدى». ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا ھو- لو- لوكىيە (Ho — lo — lo kia) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ شەھەر غايەت زور قۇم دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا قالدى. شۇەنزاڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى، شۇنداقلا يىراق يەردە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەر بۇ قۇم دۆۋىسىنى كولاپ، ئۇ يەرگە كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەرلەرنى ئەكېتىشكە بىرقانچە قېتىم تەمشىلىدۇ. بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، توساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئۇلارنى قايقارا تۇتەك قاپلىۋالىدۇ- دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ غايىب بولىدۇ». ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 300 ئەتراپىغا بارىدىكەن.

ئەمما، يېقىنراق بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھىنى شۇەنزاڭ دېگەن ھېلىقى «قاتتىق بوران» ياكى قۇملۇق توغرىسىدىكى باشقا ۋەھىمىلەر زادىلا قورقىتالمايدۇ. ئۇ كۆمۈلگەن شەھەرلەردىن گۆھەر قىزىۋېلىشقا قەتئىي بەل باغلايدۇ. ئۇلۇغ ئاسىياشۇناس ۋە ساياھەتچى نېي ئېلىياس (Ney Elias) 1895 - يىلى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە بۇ ئىشلارنى تەسۋىرلەپ كېلىپ ئۇنى «قەدىمكى زاماندىكى كونا ئىزلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پىلانلىق تۈردە قازغانلىق» دېگەن. ئۇ قېتىمقىدىسىدا مۇسۇلمان دۆلىتى — قەشقەرنىڭ زالىم قەبىلە باشلىقى مىرزا ئابابەكرى (Mirza Aba Bakr) ئۇ يەرنى ئۆزىنىڭ قۇللىرىغا قازدۇرۇپتىكەن (ئۇمۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى يامان ئاقىۋەتكە قالغان — ئۇ ئۇيقۇدا ياتقان چېغىدا ئۇنىڭ بېشى كېسىۋېتىلگەنىكەن). ئۇنىڭ

دەيدۇ: «مەن لاداخ (Ladakh) تا تۇرغان چېغىمدا، ھىندىستانلىق-لارنىڭ لاداخ بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا ئەركىن بېرىپ- كېلىپ تۇرۇۋات-قانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم. مەن بۇنىڭدىن ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى سېزىۋالدىم. ئەگەر ناھايىتى زېرەك، چاققان بىر ھىندىستانلىقنى تاپالىساقلا، ئۇ ئاز ساندىكى كىچىك تىپلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى تاۋارلارنىڭ ئارىلىرىغا قىستۇ-رۇپ، بۇ رايونغا ئەكىرىۋالالايدۇ. مېنىڭچە ئۇ مۇشۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇغراپىيە جەھەتتە ناھايىتى چوڭ تۆھپە يارىتالىشى مۇمكىن».

پەنجاپنىڭ مۇئاۋىن باش ۋالىيسى راسخوت بېرىشكە ھەمدە پەقەت بىرلا ھىندىستانلىقتىن تەشكىللەنگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى قۇ-رۇپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا كىرگۈزۈشكە قوشۇلىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن كۆپ قېتىملىق يول ئۆلچەش تەجرىبىسىگە ئىگە يالالانما خىزمەتچى مۇھەممەد . ئى . خەمىد بۇ ئىشقا تاللىنىدۇ. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھىلەنگەن مەخپىي ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە ماڭماقچى بولىدۇ. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئادەتتە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان پرىزما شەكلىدىكى كومپاس جازىسىنىڭ ئورنىغا ھىمالايا ساھەتچىلىرى دائىم بىللە ئېلىپ يۈرىدى-غان ئۇچىغا تۆمۈر قوزۇق بېكىتىلگەن ئادەتتىكى ھاسىدىن بىرنى تەييارلاپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ ھاسىنىڭ ئۇچى ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھاسىغا قارىغاندا سەل - پەل چوڭراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۇچى ياپىلاق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كومپاس بېكىتىلگەنىدى-كەن. مېنگومارى بۇنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇنداق ۋاستىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىماي، پۇختا، ئىشەنچلىك ھالدا ئوڭۇشلۇق ئورۇن-داپ كەتكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاسانلىقچە گۇمان پەيدا قىلمايدۇ». بۇ يالالانما خىزمەتچى يەنە كېچىسى بۇلۇڭ ئۆلچەش ئەسۋا-

شەنچلىك ئىسپاتنى 1865 ـ يىل شۇ يەرلىك بىر ساياھەتچى تەمىنلە-
گەنىدى.

ئۇ كىشى ھىندىستاننىڭ مۇھەممەد . ئى . خە-
مىد (Mohammed — i — Hameed) ئىسىملىك بىر ياللانما خىزمەت-
چىسى بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن،
تەكلىماكاندىكى بەزى بوستانلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشتەك
مەخپىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قاراقۇرۇم ئارقىلىق تەكلىماكانغا
باردۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇ رايوننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغاندى.
دى. نېمە ئۈچۈن ئۇ يەرگە بۇ ئادەمنى ئەۋەتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى،
كالكۇتتا ۋە لوندون دائىرىلىرى ئەگەر رۇسىيە بىلەن ھىندىستان
ئوتتۇرىسىدىكى جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ قالاق، ساقچى تەسىس قىلىن-
مىغان يەرگە ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتكەندە (ھەتتا ئۇنى باشقىچە
ياساندۇرغان ھالەتتىمۇ) مەيلى سىياسىي جەھەتتە ياكى شەخسنىڭ
بىخەتەرلىكى جەھەتتە بولسۇن، ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى
كۆزدە تۇتقان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار چارروسىيىنىڭ ھىندىستانغا
تەھدىت سېلىشىدىن ئىنزچىل تۇردە ئەندىشە قىلىپ كېلىۋاتاتتى ھەمدە
بۇ يەردىكى ھەرقايسى يوللارنىڭ ئېنىق، توغرا ئۆلچەنگەن خەرىتىسىنى
ئىگىلەشكە تولىمۇ ئالدىراپ تۇراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئادەم تۇرمايدى-
غان بۇ رايوننى كېسىپ ئۆتىدىغان ھېلىقى يوللاردىن تاجاۋۇزچى
ئارمىيىنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.
19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ
ھەمدە ھىندىستاندىن باشقا ھەرقايسى جايلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىشقا
مەسئۇل بولغان ھىندىستان كارتوگرافىيە ئىدارىسىدىكى كاپىتان G.T
مېنگومارى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەپلىك چارىسى — ھىندىستان
تەۋەلىكىدىكى يالانما خىزمەتچىلەردىن پايدىلىنىشنى ئويلاپ تاپىدۇ.
ئۇ 1860 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لوندوندىكى خانلىق جۇغراپىيە
ئىلمىي جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ بىر دوكلاتىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ بۇ دوكلاتتا
يېزىلغان تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىزاھلىغان چېغىدا، ئاڭلىغۇچىلارغا مۇنداق

كېلىدۇ.

ئېھتىمال يول ئازابىدىن بولسا كېرەك، بۇ ياللانما خىزمەتچى بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمراھى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۆز يۇرتىغا كېلەي دەپ قالغان پەيتتە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلىدۇ. باشتا كىشىلەر ئۇلارغا جۇڭگو ئالاھىدە خىز-مەت خادىملىرىنىڭ زەھەرلىك قولى تېگىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ قارىغان. لېكىن، شۇ چاغدا مۇشۇ رايوندا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مېنگومارنىڭ بىر خىزمەتدىشى، غەيرىي ھەربىي ياردەمچى ۋىليام جون-سوننىڭ تەكشۈرۈشىدە، ئۇنىڭغا جۇڭگولۇقلارنىڭ قەست قىلمىغانلى-قى ئەڭ ئاخىرى ئىسپاتلانغان. بۇ ياللانما خىزمەتچىنىڭ سېتىپ خەجلىگۈدەك بەزى نەرسىلىرى گەرچە غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەخپىي بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا باشتىن - ئاياغ ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلاپ كەلگەن ھېلىقى قىممەتلىك يازما خاتىرىلەر جونسونغا ئۇچرىغان، ئۇ ئۇنى مېنگومارىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ھىندىستان كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بولى-دىغىنى يالغۇز بۇ ياللانما خىزمەتچىنىڭ ئاشۇ رايوندىكى رۇسىيىلىك-لەرنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا بەرگەن كۆزىتىش دوكلاتىلا ئەمەس، ئۇلار يەنە ئۇنىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغان ئاشۇ رايوننىڭ يەر شەكلى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارغىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. شۇڭا، مېن-گومارى ئۇنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى بەكمۇ قوزغايدىغان بىر پارچە خاتىرىنىڭ بارلىقىنى تاسادىپىي بايقىغان. بۇ خاتىرىدە بۇرۇن كىشىلەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما دەپ قاراپ كەلگەن بىر رىۋايەتنىڭ راست ئىكەنلىكى ئىشەنچلىك مەنبەگە ئاساسەن تۈنجى قېتىم ئىسپاتلانغان.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئۇ بايان قىلغان تەپسىلاتلارنى ئانچە تولۇق دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇ ياللانما خىزمەتچى ھەرگىزمۇ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئەمەس. «بۇ ئۆلكىنىڭ قەدىمكى پايتەختى خوتەن ناھايىتى بالدۇرقى چاغلاردا قۇمغا

بىنى كۆرۈشتە زۆرۈر بولغان، قەلەيلەنگەن تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك تېپتىكى قول چىرىغى، قايناش تېرمومېتىرى (ئېگىزلىكنى ئۆلچەيدى-غان) ئۇچۇن زۆرۈر بولغان بىر دانە مىس چەينەك ۋە بىر دانە قارا چىراغنىمۇ بىللە ئېلىپ مېڭىشقا تەييارلايدۇ. بۇ نەرسىلەر ئەڭ كىچىك تېپلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش خۇددى بۇ ياللانما خىزمەتچى ۋە ئۇنىڭ جاسۇس خوجايىنلىرى پىششىق بىلگەندىكىدەك، مېنگومارى ئېيتقان ھېلىقى يولدا گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ تۇرىدىغان قىرغىز كۆچمەن مىللىتىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئېيتىۋاتقان «ھې-لىقى يول» لاداختىن چىقىپ قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈپ، جۇڭگو تۇركىس-تانىنىڭ يەكەن دېگەن يېرىگە بېرىشتا ماڭىدىغان، يول بويى ئاپئاق ئۇستىخانلار بىلەن زىننەتلەنگەن ھېلىقى قورقۇنچلۇق يولدۇر.

مىلادىيە 1863 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇھەممەت . ئى . خەمىد كەشمىردىن ئايرىلىپ، ئەنگلىيە تەسىر دائىرىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاۋۇل بازىسى بولغان لاداخقا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ترانس-پورت ئەترىتىنى باشلاپ مېنگومارى «دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز دۆلەت» دەپ تەرىپلىگەن يەرلەردىن ئۆتىدۇ ۋە ئۈچ يېرىم ئايدىن كېيىن يەكەنگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بارلىق ۋاقتى ھېلىقى ئۆلچەش ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ، مېنگومارى ئۇ-چۇن مەخپىي ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە سەرپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ كۆرگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. كېيىنچە 1864 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇنىڭ بىر مۇسۇلمان دوستى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، شۇ جايدىكى جۇڭگو ئەمەل-دارلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى ھەمدە بۇ ھەق-تە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياللانما خىزمەتچى بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالىدىغان ئۇسكۈنىلىرىنى ئالدىدا ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمايلا يەكەندىن تىكىۋېتىدۇ - دە، قاراقۇرۇم ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ، لاداخقا قايتىپ

جونسون ھىندىستان كارتوگرافىيە ئىدارىسى E61 ، E58 ، E57
دەپ نام بەرگەن ئۈچ چوققىغا چىقىدۇ. ئۇ: «ئەمما مەن كۆرۈشكە
تەشنا بولۇپ كەلگەن مۇھىم خوتەن شەھەرلىرى ئىچىدىكى ھەر قانداق
بىر شەھەرنى ئاخىر كۆرەلمەي قالدىم» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ كېيىنچە
لوندوندىكى خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە يازغان دوكلاتىدا
ئېيتىلغان سۆز. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنە لاداخقا قايتىپ كېلى-
دۇ. ئەمما ئۇ لاداخقا قايتىپ كەلگەندە، كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرى-
دىغان بىر ئىش ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر
كىشى خوتەننىڭ بېتتىرشارخانى يازغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ كەل-
گەن بولۇپ، ئۇ خەتتە مېنى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بېرىشقا تەكلىپ
قىلىنغانىكەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى خەت ئەكەلگەن
كىشى ئۇنىڭغا «خان سىزنىڭ ئۆتكەن پەسىلدە ئۇ يەرگە بارغانلىقى-
ڭىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سىزنى خوتەننى زىيارەت قىلىشقا
تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنىدى، لېكىن ئۇلار سىزنى ھېچ
يەردىن تاپالماپتۇ» دېگەن.

جونسون ھىندىستان چېگراسىنىڭ سىرتىدا سىياسىي جەھەتتە
ئىنتايىن سەزگۈر بولغان مۇنداق بىر ساياھەتنى قىلىش ئۈچۈن،
كالكۇتتىدىكى ئەڭ ئالىي ئورگاننىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش لازىملىقىنى
تولۇق چۈشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بۇ خىل ئىلتىماسقا
جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن كەم دېگەندە بىرقانچە ھەپتە كېتىدىغانلىقىنى
ھەمدە ئۇنىڭغا «بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىش ئېھتىمالىنىڭ چوڭلۇ-
قىنىمۇ تولۇق چۈشىنەتتى. خان ئۇنىڭغا يازغان قىسقا خېتىدە جون-
سون قاچان لاداخقا قايتىشنى خالىسا، شۇ ھامان ئۇنىڭ قايتىشىغا
يول قويىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ كاپالەت بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن تاشقى-
رى، بۇ دۆلەتنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىنى چۈشىنىدىغان شۇ يەردىكى
سودىگەرلەرمۇ بۇ ھەقتە جونسونغا كاپالەت بېرىدۇ. جونسون كېيىنچە
ئۆز قارارى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن چېغىدىمۇ، خاننىڭ تەكلىپىنى
كىشىلەرگە تېخى تونۇلمىغان بۇ رايوندا بەلگىلەنگەن قىممەتكە ئىگە

كۆمۈلۈپ كەتكەن»، بۇ مېنگومارى دوكلات بەرگەندە نەقىل كەلتۈر-گەن ياللانما خىزمەتچىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىلغان سۆز. شۇڭا، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قۇم بورى-نى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەزىبىر قەدىمكى ئۆيلەر يەنە كۆرۈنۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۇلار يەنە دائىم دېگۈدەك كۆمۈلۈپ قالغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇم ئاستىدىن قېزىپ چىققان». بۇ ياللانما خىز-مەتچى بۇنىڭغا قاراپ، «ئۇ چاغدا قۇم بورىنىنىڭ چوقۇم ناھايىتى توساتتىنلا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ مال- مۈلكى-نى يۆتكەشكە ئۈلگۈرەلمەي قېلىپلا ... بۇ شەھەرنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى» نى تەسەۋۋۇر قىلغان، ئۇ بۇنى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر: «تەڭرىنىڭ جازاسىيەي، بىباھا گۆھەررەي، پاناھىغا ئالغۇچى ئەۋلىيا-رەي» دېگەنگە ئوخشاش ئادەتتىكى مۇبالىغە سۆزلىرى بىلەن تەرىپلەپ ئولتۇرمىغان. ئۇنىڭ بايان قىلغىنى گەرچە چالا - بۇلا ئاڭلىۋالغان نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىماققا ئاز- تولا راستتەك تۇيۇلىدۇ.

ئۆلچەش خادىمى ۋىلىيام جونسون قىرغىزلارنىڭ ئىخىر زىيانكەش-لىكىگە تۇنجى قېتىم ئۇچرىغان ھەمدە ھىندىستان زېمىنىدىن تەكلىما-كانغا بارغان ياۋروپالىق جاھان كەزگۈچىدۇر. پەقەت بىر يىل ئىلگىرىلا ئۇ مۇھەممەت. ئى. خەمىدنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گەرچە ۋاقىت ناھايىتى قىس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خوتەنگە يېقىن بىر جايدىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر شەھەرنى ھەقىقەتەن زىيارەت قىلغان. ئۇ ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن چېغىدا، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن يەنە باشقا شەھەرلەرنىڭ بارلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەنگەن. بىر كۈنى ئۇ دەل شىزاڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدى-كى توسالغۇ — كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىنىڭ خەرىتىسىنى ئۆلچەش - سىزىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان چېغىدا، كۈتمىگەن يەردىن، جۇڭگو تۈركىستانىغا كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بۇ سىرلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قىياپىتىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈ-چۈن، جاپا- مۇشەققەت، خېيىمخەتەردىن قورقمايدىغان تاغقا چىققۇچى

ئۇ يەنە بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان قوشۇمچە ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈردۇ. جونسوننىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئېرچىننىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن ئالتە مىل كېلىدىغان يەردە تەكلىماكاننىڭ چوڭ قۇملۇقى بار بولۇپ، ئۇ يەردىكى كۆچمە قۇملار ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان غايەت زور قۇم دولقۇنىنى شەكىللەندۇرۇپ كۆچۈپلا تۇرىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا 360 شەھەرنى 24 سائەت ئىچىدىلا قۇم بېسىپ غايىب قىلىۋەتكەنىكەن». ئۇ خوتەندىكى ۋاقتىدا، «شۇ يەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىكى تاختا چايلاركەن دەپ تونۇلغان» زور تۇركۇمدىكى تاختا چايلار قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر شەھەردىن قېزىۋېلىنغانىكەن. ئۇمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن بىرنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ. بۇ خىل چايغا گەرچە ناھايىتى ئۇزۇن زامان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئىنتايىن قارشى ئېلىنىپتۇ. بولۇپمۇ جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن تاختا چايلار ئۇ يەردە ئاللىقاچان توگەپ قالغان چاغلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولۇپتۇ. ئۇ يەنە خارابىلىكلەردىن ئېغىرلىقى تۆت باڭ كېلىدىغان ئالتۇن پۇللار ۋە باشقا نۇرغۇن بايلىقلارنىڭ قېزىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەتلەرنىمۇ ئاڭلىغانىكەن. جونسوننىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «غايىب بولغان بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى ‹پەقەت ئۆزى باي بولۇۋېلىش ئۇچۇنلا مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاز ساندىكى كىشىلەر، لا بىلىدۇ». شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يورۇڭقاش (Urankash) يېنىدىكى بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ كونا ئىزىغا بېرىپ سەيلە قىلغانلىقىنى، «تاختا چاينىڭ دەل شۇ يەردىن قېزىۋېلىنغانلىقىنى (بۇ شۇنداقلا دەپ قويغان گەپتۇر، بەلكىم — بىزگە ئۇقتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ)» ئېيتىدۇ. بىراق، جونسون بولسا كەسپىي ئۆلچەش خادىمى، ئۇ ھەرگىزمۇ مەدەنىيات يادىكارلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئەمەس. شۇڭا، ئۇ بىزنى باشقا نەرسە بىلەن ئەمەس، پەقەت كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بەزىبىر ماتېرىياللار بىلەنلا تەمىنلەيدۇ.

ئاخباراتلارنى، بولۇپمۇ رۇسىيىلىكلەرنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ خوتەنلىك ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا، بۇرۇن ئادەم مېڭىپ باقمىغان خەتەرلىك ئېغىزلاردىن ئۆتۈپ، خوتەنگە ساق ـ سالامەت يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ خان ئۆزى تورۇۋاتقان قەدىمكى پاسونىدىكى جۇڭگو قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. شۇ كۈنلەردە يېشى 80 گە تولغان بۇ ھۆكۈمران كۈندە دېگۈدەك ئۇنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. جونسون بۇ خان توغرىسىدا توختالغان چېغىدا مۇنداق دېگەن: «ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ ئاچچىقى ناھايىتى يامانىكەن، مەمۇرىي ئىشلارنىمۇ ئىنتايىن قاتتىق باشقۇرىدىكەن. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئىنتايىن سىپايە مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەملىكىنى ئېتىراپ قىلىشىم لازىم. لېكىن، مەن ئۇ يەردە تۆت كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋالقى سۆزىدىن يېنىۋېلىپ، مېنىڭ ئۇ يەردىن ئايرىلىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى». «تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر» دېگەنگە ياتىدىغانلىقى ئېنىق تۇرغان بۇ قىلىقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئاشكارىلىنىشى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن غەش قىلىدۇ. چۈنكى، خان جونسوننى گەرچە ئالىي مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتى جونسوننى گۆرۈگە ئېلىش ئارقىلىق، ئۇ ئىنتايىن قورقىدىغان رۇسىيىلىكلەرنى چەكلەش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆزىگە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋە ئۆزىنى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇرلاش ئىكەن. جونسوننىڭ ئېيتقىنى بويىچە بولغاندىمۇ «ئۇ چاغدا رۇسىيىلىكلەر يەكەنگە ۋە خوتەنگە كۈنسېرى قىستاپ كېلىۋاتاتتى».

جونسون خوتەندە تۇرغان مەزگىلدە بىر ئامال قىلىپ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئاخباراتلارنى كۆپلەپ توپلايدۇ. بەختكە قارشى يېنىم يولدا ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى مۇھەممەت. ئى. خەمىد ئېرىشكەن قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەر توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىن باشقا، بۇ قېتىم

خەۋپ ـ خەتەر تولۇپ ياتاتتى. چۈنكى، ياۋروپالىق بىرقانچە ساياھەتچى مۇشۇ رايونغا بېرىشتا ئۆتىدىغان قاقاس ـ چۆللۈك ۋە زېرىكىشلىك مۇھىم ئۆتكەللەردە ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتكە قالغانىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، بىر ئادەمنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئاستىدا قانداقتۇر بىرنەرسە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولسا كېرەك، دەيدىغان ئاشۇنداق بىر خىل ئىدىيە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇ ئادەم دەل پەنجاپنىڭ خېلى ئۇزۇن ئىستاژغا ئىگە مەمۇرىي ئىشلار خىزمەتچىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسى بويىچە نوپۇزلۇق كىشى سىرداۋگلاس فورست (Sir Douglas Forsth) ئىدى. 1870 ـ يىل يەنى جونسون يول ئېچىش سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دوگلاس فورست ياقۇپ بەگ (YakubBeg) بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش مەقسىتىدە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ يەكەنگە باردۇ. بۇ بەگ ئاجايىپ قابىلىيەتلىك شەرق تەۋەككۈلچىسى بولۇپ، ئۇ 1866 ـ يىل جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئىدارە قىلغان، شۇنداقلا رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى توسىيالايدىغان بىردىنبىر ئادەم دەپ تونۇلغانىدى. دوگلاس فورست ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ياقۇپ بەگ ئۇ چاغدا ئۆز پايتەختىدىن كېتىپ قالغان، شۇنداقلا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ ھېچقانداق بىر ئالامىتى كۆرۈلمىگەنىكەن. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دوگلاس فورست ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا يەنە بىر قېتىم ئەۋەتىلىدۇ. بۇ قېتىم دوگلاس فورست خېلىلا چوڭ بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ ھەمدە خېلىلا چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئۆلچەش خادىملىقتىن باش ۋالىي بولۇپ قالغان ھېلىقى كونا دوستى جونسوننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ترانسپورت ئەترىتى شۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق خەتەرلىك قاراقۇرۇم تېغىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لوندوندىكى خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە يازغان دوكلاتىدا، ئۆزىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئۆلۈك شەھەرلەرگە ئىنتايىن قىزىقىپ قېلىۋاتقان-

ئەڭ ئاخىرى ئۇ خاننىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، خوتەندىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتىدۇ. خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى گەرچە ئۇ-نىڭ سەپىرىنى چوڭ بىر غەلىبە دەپ تەنتەنە قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىندىستان كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئۇ-نىڭغا يۇقىرىنىڭ تەستىقىسىز، ئۆز ئىختىيارىچە خوتەنگە كىرگەن، دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، ئۇنى رەسمىي ئەيىبلەيدۇ. جونسون ئۆزىنىڭ خورلۇققا قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ مائاش بىلەن لاداخنىڭ باش ۋالىيسى بولىدۇ. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئاخىر بېرىپ، يوشۇرۇن ئولتۇرگۇچىلەرنىڭ پىچىقىنىڭ قۇربانى بولۇپ قالىدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن نۇرغۇن شەھەرلەر توغ-رىسىدىكى كىنايىسىمان سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئەمەسلىكى ھازىر بارغانسېرى ئىسپاتلانماقتا. شۇنداقتىمۇ مەدەنىيات يادىكارلىق-لىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ رايونغا نىسبەتەن ھېلىھەم قاتتىق قىزىقمايۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت ئۆلۈك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بۇ جاينىڭ ئىلىم ـ پەن جەھەتتە پەيدا قىلىدىغان قىزىقىشى-مۇ پەقەت جۇغراپىيە ئىلمى، يەر شەكلى ئىلمى ۋە ئىستراتېگىيە ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىن-چىدىن، ياۋروپا ئارخېئولوگلىرى پۈتۈن كۈچىنى گرېتسىيە، پاكىس-تان، مىسوپوتامىيە ۋە مىسىر قاتارلىق قەدىمكى زاماننىڭ كونا ئىزلى-رىغا قاراتماقتا. ئۇلار ئۇ يەرلەردە كىشىلەر ھەيران قالغۇدەك كەشپى-ياتلارنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. ئىككىنچىدىن، يوقىلىپ كەتكەن بۇددا دىنى دۇنياسىنىڭ كۈنېنلۇن تېغىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى سۈسىز رايونغا بېرىپ قالغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. ئەگەر بىرەرسىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقتى دېگەندىمۇ، ئۇ يەردىكى ھەرقانداق بىر خارابىلىكنى ئىسلام دۇنياسىغا تەئەللۇق دەپ تونۇيدۇ. ئۈچىنچىدىن، خۇددى كىشىلەر خەۋەر تاپقاندىكىدەك، بۇ رايوننىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى جايلاردا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق ۋە

ھەمراھ بولۇۋاتقان ئىككى نەپەر يەرلىك «تالىپ» نى خوتەن ئەتراپىدى-
-كى ھېلىقى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەر بار يەرگە بېرىپ،
قېزىشقا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئىمكانىياتىنىڭ بارىچە قېزىپ كې-
لىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى خوتەننىڭ شەرق تەرىپىدىكى كېرىيە-
-گە يېقىن بىر جايدا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەردىن تېپىلغان
ئىككى دانە كىچىك بۇتنى ئېلىپ كېلىدۇ. دوگلاس فورستىنىڭ ئېنىق-
لاپ كۆرۈشىچە، ئۇنىڭ بىرى بۇددا بۇتى ئىكەن، يەنە بىرى لايدىن
ياسالغان مايمۇن ئىلاھىنىڭ بۇتى ئىكەن. ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ
بەردى: «يېقىندا قېزىۋېلىنغان بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىزنىڭ ‹تالىپ›
نىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى تەلىيىمىزنىڭ ئىنتايىن ئۇڭدىن كەلگەن-
لىكىدىن بولدى. چۈنكى، ئەگەر بۇنى بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدى-
غان مۇھەممەتىنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا،
بۇ نەرسىلەر ناھايىتى تېزلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن بولات-
تى» . يەنە بىرەيلەننىڭ ئەكەلگىنى «بىرقانچە ئالتۇن ئۈزۈك ۋە بۇرۇن
ھالقىسى ... يەنە بەزىبىر مېتال پۇللار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كىشى-
نىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى بىر دانە تۆمۈر يارماق ئىدى،
ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىكى باكتېرىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
گرېك پادىشاھى ھېرمائېيۇس (Hermaeus) دەۋرىدىكى نەرسىلەرگە
بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە دانە ئالتۇن يارماقلار
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رىم پادشاھى كونستانس Ⅱ ( Constans Ⅱ) ۋە
پوگناتۇس (Pognatus) ، جۇستىنۇس ( Justinus) ، ئانتىماچۇس
( Antimachus) ، تيەدوسيۇس ( Theodosius ) ھۆكۈمرانلىق قىل-
غان دەۋرلەردىكى نەرسىلەر ئىكەن» . دوگلاس فورست ھېلىقى دوكلات-
نىڭ ئاخىرىدا ئىزاھات بېرىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئەھلىلىرى
ئىلاھىي بۇتنىڭ ياسالغان ۋاقتىنى تەخمىنەن مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ
ئالدى ـ كەينىدە، دەپ ئايدىڭلاشتۇرۇشتى» . شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئۇ
يەنە بۇ كونا ئىزنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان ۋاقتى بۇنىڭدىن 800
يىل بۇرۇن بولسا كېرەك، دېگەن مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

لىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ دوكلاتىدا «چۆل - جەزىرىدىكى چوڭ قۇملۇقتا دەپنە قىلىنغان شەھەر» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىكەن (ئۇ چاغدا تەكلىماكاننى بىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئىككى قۇملۇق-نى تەسۋىرلەشتە ئوخشاشلا «چۆل - جەزىرە» دىگەن بۇ ئاتالغۇ ئىشلى-تىلەتتى).

دوگلاس فورست دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىككىنچى قېتىم بۇيرۇقتا بىنائەن قەشقەرگە بارغان چېغىمىزدا، بىزنىڭ دىققىتى-مىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان نۇرغۇن قىزىقارلىق شەيئىلەر ئارىسىدا بىزنى ئوخشاشلا قىزىقتۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، بىز چۆل - جەزىرە قۇملۇقىدىكى ئاقار قۇمنى ۋە بۇرۇنقى زاماندا قۇملۇقتا دەپنە قىلىنىپ كەتكەن، لېكىن ھازىر يەنە تەدرىجىي قېزىپ چىقىرىلىۋاتقان نۇرغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدۇق». ئۇ سۆزىنى داۋاملاش-تۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «1870 - يىلى مەن بىرىنچى قېتىم يەكەنگە بارغان ۋاقتىمدا كۆپ ماتېرىيال توپلىيالمىدىم... ئەمما 1873 - يىلى ئىككىنچى قېتىم زىيارەتكە بارغان ۋاقتىمدا مەن تېخىمۇ كۆپ تەكشۈرۈش - زىيارەت ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدىم. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، نەشردىن چىققان كىتاب - ژۇرناللار ئىچى-دىن ئېرىشىش ئېھتىمالى بولغان ماتېرىياللارنى ئىمكانىياتىنىڭ بارىچە رەتلەپ ۋە سېلىشتۇرۇپ چىقتىم». ئۇ ئۇ يەرلەردە خۇددى جونسون كۆرگەنگە ئوخشاش «كونىراپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكىرىپ پاختىلىشىپ قالغان قارا تاختا چايلارنىڭ بازارلاردا سېتىلىۋاتقانلىقى»نى كۆرۈپتۇ، بەزىلەر ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنىڭ خوتەن ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. دوگلاس فورست بۇ سىرلىق شەھەر-لەرنىڭ بىرەرسىنى ئۆزى بېرىپ ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە تاپقىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەل-گەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان دائىرىلىرى ئۇنىڭ خوتەنگە بېرىپ زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنگومارىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۇمىكىگە

بىلىك قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنى قاراغوجا ئىكەن. ئۇ-نىڭ دوكلات قىلىشىچە، ئۇ يەردە بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى چوقۇنىدى-غان بۇتنى ئۇچراتقان. ئەمما جۇڭگو دائىرىلىرى ئۇنى ئۇز دۆلىتىگە قايتىشقا قىستىغانلىقتىن، ئۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىشكە ۋاقىت چە-قىرالمىغان. شۇ يىلى ۋېنگرىيىنىڭ بىر گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيگە يېتىپ كەلگەن، ئەمما ئۇلار مەدەنىيات يادىكارلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولمىغاچقا، ئۇ يەردىن تېزلا باشقا يەرگە كېتىپ قالغان.

جۇڭگو تۈركىستانىغا بارغان تۇنجى ساياھەتچى سىر فرانسىس ھاسبېن بولسا كېرەك (ئۇ چاغدا كاپىتان ئىدى). ئۇنىڭدا ئۇزى قول سالماي تۇرۇپ، قېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئويى پەيدا بولغانى-دى. ئۇ ئۆزىنىڭ «چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ يۈرىكى» دېگەن كىتابىدا (بۇنىڭدا ئۇنىڭ 1887 - يىلى پولكوۋنىك ماك بىل بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق جۇڭگوسىنى كېسىپ ئۆتۈش سۈرئىتى بويىچە مۇسابىقە-لەشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ) مۇنۇلارنى يازىدۇ: ئۇ ئەنگلىيىگە بېرىش ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان رەھمىتۇللا ئىسىملىك بىر كىشى-نى يالللىۋالىدۇ. رەھمىتۇللا ئۇز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئاق تۆگىدىن بىر توپ ئېلىپ، لوندونغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالىدۇ. كېيىنچە ئۇ كال-كۇتتىدىكى ھايۋاناتلار باغچىسىنى زىيارەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ غەلىتە ھايۋانلارغا تولىمۇ قىزىقىدىغاند-لىقىنى بىلىپ قالىدۇ. بۇ ئۇنى تۆگىلەرنى لوندونغا ئاپارسا ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندۈرىدۇ. ئەمما ھاسبېن ئۇنىڭغا باشقا بىر مەسلىھەتنى بېرىدۇ.

ئۇ ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇ بۇ دۆلەتتىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ھېلىقى قەدىمىي شەھەرلەر ئىچىدىن قەدىمكى زاماننىڭ زىننەت بۇيۇم-لىرىنى ۋە كىتابلىرىنى تاپالىسا، ئۇ چاغدا لوندونغا بارغاندا ناھايىتى كۆپ پۇلغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئايرىلىدىغان

ئۇنىڭ ئىككى «تالىپى» ئۇنىڭغا يەنە خوتەن رايونىدا باشقا قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭمۇ قېزىپ چىقىرىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كالىغا سىمۇول قىلىنغان ئالتۇندىن ياسالغان بىر زىننەت بۇيۇمىنىڭ بارلىقىنى، ئېغىرلىقى 16 باڭ كېلىدىغان ئالتۇندىن ياسالغان بىر گۈل تەشتىكىنىڭمۇ بارلىقىنى دوكلات قىلغان. ئەمما بۇ تارقىلىپ يۈرگەن گەپ ئىدى. لېكىن، ھېلىقى بۇددا بۇتى، مايمۇن ئىلاھى بۇتى ۋە ھېلىقى يارماقلار بولسا كۆز بىلەن كۆرگەن ھەقىقىي نەرسىلەر، شۇنداقلا تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ غايىب بولغان دۇنيادىن تېپىلىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بىرىنچى تۈركۈم قەدىمىي يادىكارلىقلار ئىدى. بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى جەھەتتە، كىچىككىنە بىر نامايەندە بولۇپ قالغۇسى — خالاس.

بىر - ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە، شىمالدىن كەلگەن رۇسىيىلىك ساياھەتچىلەرمۇ تەكلىماكان بويلىرىدا خارابىلىككە ئايلانغان شەھەرلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى دوكلات قىلىشقان. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوتانىك، زوئولوگ، كارتوگراف ۋە گېئولوگلار بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا جىددىي ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ يەردە توختاپ قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا ئادەم يەنى رۇس مىللىتىدىن بولغان ئۇلۇغ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىچى پولكوۋنىك نىكولاي پېرژېۋالىسكى (Colonel Nikolai Prejevalsky) 1876 - ، 1877 - يىللىرى لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرگەن ۋاقتىدا ھەمدە كېيىنچە بۇ رايوندا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلىش جەريانىدا، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ياكى ئۇزاق ۋاقىت تاشلىنىپ قالغان شەھەرلەرنىڭ ھەر خىل كونا ئىزلىرىنى ئۇچراتقان. مىلادىيە 1879 - يىلى رۇسىيىلىك بوتانىك ئالبېرت رېگېل (Albert Regel) جۇڭگونىڭ چېگرا قاراۋۇللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندىن كېيىن، تۇرپانغا يېقىن بىر يەردە ناھايىتى چوڭ بىر شەھەر خارابىسىنى ئۇچراتقان. كېيىن ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ خارا-

ئاۋرېل ستەيىن [ئەنگلىيە]

# خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمىي ئىزلار

## 1 § . بوستانلىقتىكى خارابىلىكلەر

[خوتەندىكى مەزگىللىرىم]

1906 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەن ئىلگىرىكى ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك خىزمىتىمىزنىڭ مەركىزىي بازىسى بولغان خوتەن بوستانلىقىغا قايتا قەدەم باستىم. مەن ئىلگىرى بۇ كەڭ بوستانلىقنىڭ قەدىمىي تەزكىرىسى، تارىخى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيات ئىزلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىم ھەمدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمنى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمنىڭ ئالتىنچى بابىدىن سەككىزىنچى بابلىرىغىچە بولغان مەزمۇنلىرىدا بايان قىلغان ئىدىم. روشەنكى، مېنىڭ بۇ قېتىملىق قىسقىغىنە توختىشىم (1906 - يىلى 8 - ئاي ۋە 9 - ئاي) نىڭ مەقسىتى پەقەتلا شۇ يەردىكى «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» دىن بوستانلىقنىڭ سىرتىدىكى جەزىرىلەردە ساقلىنىش ئىمكانىيىتى بولغان قەدىمىي خارابىلىك ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپ، كېيىنكى دالا ساياھىتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق بولغاندا، بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولمايدىغان، يەنە كېلىپ پەقەت يەر يۈزىدىلا كۆرگىلى بولىدىغان قەدىمىي ئىزلارغا بولغان تولۇقلىما خاراكتېردىكى كۆزىتىشلىرىم، شۇنداقلا قەدىمىي ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مەركىزى يوتقان شەھىرىنىڭ خارابىسىگە بولغان شۇ خىلدىكى كۆزىتىشلىرىمنى قىسقىچە ئىزاھلىغىلى بولاتتى.

[«بالىماسقۇم» دىكى مۇنار پەشتاقلىرى]

مېنىڭ ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان كۆزىتىش نەتى-

چاغدا، ھاسبىن ئۇنى قوللاش يۈزىسىدىن ئەنگلىيە مۇزېيىنىڭ ۋە كالكۇتتا ھەمدە بومبايدىكى مۇزېيلارنىڭ باشلىقلىرىغا قارىتىپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىدۇ.

ئارخېئولوگلار گەرچە ھاسبېننىڭ شۇ چاغدا بەرگەن مەسلىھەتىدىن تا ھازىرغىچىلىك نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى كىتابلار ھەققىدە بەرگەن مەسلىھەتى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە دانا پىكىر ئوتتۇرىغا قويالايدىغانلىقىنى نامايان قىلماقتا. ئۇنىڭغا بۇ خىل ئۇيىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ھەقىقەتەنمۇ بىلگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ خىيالى داڭلىق بوۋېر (Bower) قولىيازما نومۇرى تېپىلىشتىن تۇپتوغرا ئۈچ يىل بۇرۇنقى ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولغانىدى. بۇ قولىيازمىنىڭ تېپىلىشى پۈتۈن ھىندىستاننىڭ ئىلىم- پەن ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تېپىلىشى جۇڭگونىڭ يىراق بىر يېرىدە كىشىلەر ئۇنتۇپ كەتكەن، لېكىن كىشىلەرنىڭ قېزىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى.

پېتېرخوپكېرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ــ يىل 11 ــ ئاي 1 ــ نەشرى، 4 ــ باب

ئابلەت مامۇت تەرجىمىسى

كېتىشى مۇقەررەر ئىدى.

[مۇنار پەشتىقىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئۆپرىشى]

«جامىدا» (Jamada) كەنتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كەڭ كەتكەن مۇنار پەشتىقى يۈزىدە يەنە بۇ خىل يۈزلىنىشنى كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۇ تەرەپتە قېزىلغان ئۆستەڭ كىشىلەرنىڭ يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىۋاتاتتى. ئاڭلىسام بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆزگىرىشلەر «چالماقازان» خارابىلىكىدىمۇ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپتۇدەك. ئۇ خارابىلىكنىڭ ئورنى «جامىدا» كەنتىدىكى مۇنار پەشتىقىنىڭ ئالاھازەل تۆت مىل يۇقىرىسىدا بولۇپ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان ئىدى. مەن 1900 - يىل ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ساپال سۇنۇقلىرى بىلەن تولغان تاشلاندۇق يەرلەر بۈگۈنكى كۈندە يەنە قايتا تېرىلىۋېتىپتۇ.

بۇ يىل (1906 - يىل) 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، مەن خوتەندىن ئايرىلىپ جەنۇبتىكى تاغلىققا باردىم. «نىسسى» (Nissa) ۋە «قاراڭغۇ تاغ» (Karanghu—tagh) ئۈستىدىكى قار - مۇز بىلەن قاپلانغان قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئۆزۈمنىڭ تопوگرافىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىمنى ئېلىپ باردىم. بۇ توغرىلىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرىمدە ئاللىقاچان توختالغان ئىدىم. مەن بىرىنچى ئۆتەڭدىلا «لاڭرۇ» (Langhru) غا يېتىپ باردىم. ئۇ جاي قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تاغ ئېتىكىدىكى بۇ جاي مېنى يېڭى مەدەنىيات يادىكارلىقلىرىنى كۆزىتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. مەن ئۆز نىشانىمنى ئاۋۋال قەدىمىي ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان «يوتقان» خارابىسىگە قاراتتىم. «ئايدىڭكۆل» (Aiding—Kul) دىكى سازلىققا ۋە جەنۇبتىكى «ناغراخانا» (Naghara—khana) دىكى توپا گۈمبەزگىچە قايتا باردىم. «قەدىمكى خوتەن» ناملىق ئەسىرىمدە تەپسىلىي بايان قىلغىنىمدەك، مېنىڭ بۇ توپا گۈمبەز بىلەن قەدىمىي تاشلاندۇق ساگرامنى نەقلەشتۈرۈشكە تولۇق سەۋەبلىرىم بار بولۇپ، بۇ ساگرام توغرىلىق شۈەنزاڭنىڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» دە ئاجايىپ بىر قەدىمىي رىۋايەت بايان

جىلىرىم شۇ بولدىكى: قاراقاش (Kara—Kash) بازىرىدىن خوتەن
شەھىرىگىچە بولغان، ئىلگىرى مېڭىپ باقمىغان تۈز لىنىيىنى بويلاپ
ماڭغىنىمىزدا بىر قەدىمكى مۇنار پەشتىقىنىڭ شامال ئۇپراتقان خارابى-
سى كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى روشەن نامايان بولدى. ئۇ بىر پارچە
تىلسىمان سوزۇلغان قۇملۇق بولۇپ، قۇملۇقنىڭ نامى «بالىماسقۇم»
(Balamas—Kum) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئورنى «سىپا» (Sipa)
بىلەن «لاسكۇيا» (Laskuya) تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بو-
لۇپ، بوستانلىقنىڭ شىمالىدىن سوزۇلۇپ كىرگەن ئىدى. بۇ جاينىڭ
يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، قۇم
بارخانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتمىگەنلىرىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى
نەرسىلەر ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ قەدىمكى زامانلاردى-
كى قاراقاش ۋە يورۇڭقاش (Yurung—Kash) دەرياسى ئوتتۇرىسىدى-
كى بوستانلىقنىڭ شىمالىدا تېرىقچىلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغانلى-
قىنىڭ دەلىلى ئىدى. بۇ خىل تېرىقچىلىقنىڭ مۇشۇ يۆنىلىشكە كېڭە-
يىپ، ھازىرقى ئاساسلىق بوستانلىق بولغان يورۇڭقاش دەرياسىنى-
ڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى «يېڭىئېرىق» (Yangi—arik) كەنتى
ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى «سېرىغېز»
(Saribh—Yez) كەنتىنىڭ ئورنىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇش ئېھتى-
ماللىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. مەن زىيارەتكە كەلگەن مەزگىللەر-
دە، بوستانلىقنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى مۇقىم ھالەتتە كۆپىيىۋاتقان بو-
لۇپ، قارىغاندا بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاساسەن ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ
ياخشىلىنىشى ۋە ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى.
بۇ جەرياننىڭ ئەھمىيەتلىك دەلىلى (مېنىڭ خۇسۇسىي ئېكسپېدىتسى-
يە خاتىرىلىرىمدە بۇ توغرىسىدا كۆپ قېتىم بايان قىلىنغان) شۇكى:
«بالىماسقۇم» دىكى قۇم- بورانلىق جايلارمۇ يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى مەق-
سەت قىلىپ چېپىلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ تەسىرىدىن كۈنسايىن
ئازىيىۋاتقان بولۇپ، بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، مەن بايا ئوتتۇرىغا
قويغان مۇنار پەشتاقلىرىمۇ ناھايىتى تېزلا يېڭى يەر ئېچىش پائالى-
يەتلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشى ھەمدە سۇغىرىشتىن پەيدا
بولغان زور تۇركۇم بوز تۇپىلارنىڭ تۇپلىنىشى بىلەن كۆمۈلۈپ

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايتتى. ۋەھالەنكى، ھېلىقى رىۋايەت-تىكى «ناغراخانا» نامىمۇ دەل مۇشۇ خارابىگە ئالاقىدار بەزى ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى.

يېقىن جايدىكى «ئۈچ غازى مازىرى» (Ghazis Mazar Of the Three) مۇ شۇ يەرلىكلەرنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئېتىقادىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان بولۇپ، يەرلىك مۆتىۋەرلەر «ئادەم كۆپەيسە يەر ئازىيىدۇ» دېيىش ئارقىلىق، بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان، ھېلىمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك يەر ئۆزلەشتۇرۇش ھەرىكىتىنى چۈشەندۇرگەن ھەمدە ئۆزىمۇ «ناغراخا-نا»غا يېقىنلا يەردە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق، تەخمىنەن 30 گېكتارغا يېقىن يەر ئۆزلەشتۇرگەن ئىدى.

ئەگەر يېزا ئىگىلىكىنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتى يەنە بىر- ئىككى ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا كىشىلەر شۆھرىتى خاتىرىگە ئالغان ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ يوقالغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، «ناغراخانا»مۇ بىر پارچە مۇنبەت تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى، تېرىلغۇ يەر ئالىلقاچان سازلىقتىكى بولاقلار ئەتراپىدىكى قو-مۇشلار بوككىدە ئۆسكەن قۇم بارخانلىرىنىمۇ ئالىلقاچان يۇتۇۋېتىشكە باشلىغان ئىدى.

## [يوتقان خارابىسىدىكى بايلىق قېزىش پائالىيەتلىرى]

قەدىمىي پايتەخت بولغان «يوتقان» خارابىسى ئۇزۇن يىللىق ئالتۇن قېزىش ۋە بايلىق ئىزدەش سەۋەبىدىن چوڭ بىر ئويمانلىققا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، 1900 - يىلدىن بۇيان ئۇنىڭدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئۇ-دۇن يادىكارلىقلىرى قوشۇمچە بۇيۇملار سۈپىتىدە قېزىپ چىقىلغان بولسىمۇ، بەزى سەۋەبلەر بايلىق قېزىش پائالىيەتلىرىنى نىسبەتەن ئازايتقان ئىدى. ئالدى بىلەن، «بورازان» (Borazan) ۋە باشقا جاي-لاردىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان بولۇپ، يازلىق كەلكۈن مەزگىلىدە ئېقىن سۈيىنى ئازايتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىق-تىن، چوڭ كۆلەمدىكى قېزىش پائالىيەتلىرى داۋام قىلالمىغان.

قىلىنغان ئىدى.

[«ناغراخانا» خارابىسى]

1900 ـ يىلى مەن زىيارەت قىلغان چېغىمدا، بۇ جاينى قويۇق ئۆسكەن قومۇشلار قاپلىغان ئىدى. سازلىق چۆرىسىمۇ شۇنداق بولۇپ، مەنچە ئەينى چاغدا بۇ يەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش خىلمۇ قىيىن ئىدى. لېكىن، بۇگۈنكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىشى بۇ يەرنى خۇددى ئەينى چاغدا «ئايدىڭكۆل» بىلەن خوتەن شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى «شورلۇق» (Shorluk) دەپ ئاتىلىدىغان يەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندەك، تامامەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا ئايلاندۇرغان بولۇپ، بۇ توپا گۇمبەزنىڭ ئىلگىرىكى چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئاللىقاچان روشەن كېمەيگەن، تۇپراقلىرى توشۇپ كېلىنىپ ئوغۇت قىلىنغان ئىدى. لېكىن، بۇنداق توپا توشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى مېنى تۇپراقتا ناھايىتى قانۇنىياتلىق خاسىيەتلىك توپا قاتلىمىنى، ھەربىر قاتلامنىڭ تەخمىنەن 17 ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغانلىقىنى روشەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. توپا گۇمبەز ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىنىڭ يېنىدا سۇغىرىش ئېرىقى بولۇپ، شەرققە تەخمىنەن 30 يارد (ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، بىر يارد 0.9144 مېتىرغا باراۋەر) يىراقلىقتا تېخىمۇ كىچىكرەك بىر ئېرىق بار ئىدى. ئېرىقنىڭ ئۈستىدە خۇددى «يوتقان» خارابىسىنىڭ «مەدەنىيات قاتلىمى» دىن قېزىۋېلىنغان ساپال سۇنۇقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ساپال سۇنۇقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى، توپا گۇمبەز ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تەخمىنەن بەش ـ ئالتە ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ چىققان توپا قاتلىمىدا ئىنتايىن قاتتىق پىشۇرۇلغان كاھىش ۋە چوڭ تاشلارنى بايقىغىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، بۇ توپا گۇمبەزنىڭ ئۇزۇلۇكسىز ھالدا ئىمارەتلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ تۇرغانلىقى شەكسىز بولۇپ، بۇ ھالەت بۇ گۇمبەزنىڭ شۇ ئەنزاڭ ئۇچراتقان قەدىمىي ئىبادەتخانا خارابىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىلا تاشلاندۇق ھالەتكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى

ئىسلام دىنىغا ئائىت ھېچقانداق مەسچىت ـ ئىبادەتخانىلارنىڭ بولماسلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. چۈنكى، گەرچە شۇەنزاڭ قەدىمىي ئۇدۇننىڭ پايتەختىدە ھېچقانداق مۇھىم ئىبادەتخانىلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالمىغان، خاتىرىلىگەنلىرى شۇ ئەتراپتىكى كۆپ سانلىق بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدە كەم دېگەندە بىردىن ئارتۇق دىنىي ئىمارەتنىڭ بولغانلىقىدىن شەكلەنمەيمىز. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، مەن يېڭى بىر يۆنىلىشتىن بۇ خارابىگە يېقىنلاشقىنىمدا، قېرىش رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجەكىگە ئىنتايىن يېقىن كېلىدىغان جايغا بىنا قىلىنغان، يەرلىكتە ناھايىتى داڭلىق بولغان «رۇكىن ئۇددىن ساھىب» ( Rukn—ud—din Sahib ) دەپ ئاتىلىدىغان مازارنى رازىمەنلىك ئىلكىدە بايقىدىم. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر قىسىم ئىبادەتخانىلارنىڭ ساقلىنىش تارىخى 300 يىل ئەتراپىدا بولۇپ، مەسچىتلەردىكى ئاشۇ سىپتا ياغاچ ئويمىلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ رىۋايەتتىكى دەرۋىشنىڭ قەبرىسىدىن يادىكار قالغانىكەن. رىشاتكا ئەتراپىدىكى ئاشۇ ھەيۋەتلىك دەرەخلەرمۇ بۇ رىۋايەتلەرنى تامامەن دەلىللەپ بېرەلەيدىكەن.

## [«كوھمارىم»نى قايتا زىيارەت قىلىش]

«يوتقان» خارابىسىدىن «لاڭرۇ» غا بولغان سەپىرىم مېنى «كوھمارىم» مازىرى ( Kohmari Mazar ) نى قايتا زىيارەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلدى. بۇ خارابىلىكنى مەن خېلى بۇرۇنلا كىشىلەردىن ئاڭلىغان بولۇپ، خوتەندىكى بۇددا يادىكارلىقلىرى ئىچىدە «گاسرىنگا» (<Gosringa>، مەنىسى ‹كالا مۈڭگۈزى›) ياكى «گاسىرسا» (<Gosirsa>، مەنىسى ‹كالا بېشى›) نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ ئاددىي ئىبادەتخانىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇەنزاڭنىڭ ئارخاتلىرىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان دەرۋىشلەر بۇ جايدا باقىيغا سەپەر قىلغانىكەن. ئىسلىشىپ كەتكەن سىرلىق ئۆڭكۈردىمۇ ئۆزگىرىش بولمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى «كالا مۈڭگۈزى» نىڭ ئاستىدا قاراقاش دەرياسى ئېقىنىغا قاراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت، قىزىش رايونىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى «خىدىچى» كەنتى (ئائىلىسام ئۇ جاينىڭ «نەپ ئالغىلى بولىدىغان» يەر قاتلىمى خىلى ئۇزاق يەرگىچە سوزۇلارمىش) گە يېقىنلاشقانسېرى، تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆپىيىشى، ئورمان ۋە دېھقان ئۆيلىرىمۇ بايلىقىنىڭ داۋاملىق قېزىلىشىغا توسالغۇ بولغان. قېزىش رايونىنىڭ يېنىدىكى بوزغۇنچە-لىق خاراكتېرىدىكى تەۋەككۇلچىلىككە دۇچ كېلىۋاتقان ئۆستەڭمۇ ئال-تۇن قېزىشنى توسۇش رولىنى ئوينىغان. چۈنكى، ئەگەر قېزىش جەريانىدا ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتسە، سۇنىڭ تۆۋەندىكى تاشلاندۇق يەرگە ئېقىپ كېتىش خەۋپى زور ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا تامامەن روشەن بولغان بىر ماھىيەت شۇكى، دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاز ساندىكى مۇقىم كىرىملىك ئالتۇن قازغۇچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يوتقان خارابىسىدە ئالتۇن قېزىشقا تايىنىپ نەپ ئېلىش بارغانسېرى جەلپكارلىقىنى يوقاتقان. مەن بۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندا، بۇ يەردە ئالتۇن قازىدىغان ئەرلەر ۋە ئۇششاق باللاردىن ئاران يىگىرمىگە يېقىن كىشى قالغان بولۇپ، ئۇلار قېزىۋات-قان جايلار ئاساسەن ئىلگىرى قېزىشقا ئۇلگۇرمىگەن تۆۋەن قىرغاقتىكى جايلار بىلەن چەكلەنگەن ئىدى. مەن 1901 - يىلدىن بۇيان بۇ قېزىش رايونلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن كېڭەيمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. گەرچە خىزمىتىم ناھايىتى چەكلىك، قېزىلمىلار ناھايىتى ئاز بولسى-مۇ، لېكىن ساپال ھەيكەللەر، يارماقلار ۋە ئويۇلغان تاش قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز قېزىۋېلىنىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپات-لايتتى. ئۇ يىلى مەن «يوتقان» خارابىسى ۋە خوتەندىن يۇقىرىقىغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى توپلىدىم. 1908 - يىل بۇ يەرنى قايتا زىيارەت قىلغان چاغدىمۇ ھوسۇلۇم ئاز بولمىدى.

## [«رۇكىن ئۇددىن ساھىب» مازىرى]

جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا، ئەمەلىيەتتە بارلىق قەدىمىي خارا-بىلىكلەرگە ساقلىنىۋاتقان يەرلىك ئېتىقاد (بۇ خارابىلار ئاھالىلىكلەر رايونى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تېخىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا) نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «يوتقان» خارابىسىدە ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ

دۇۋىلەنگەن بولۇپ، ھازىرچە تېخى تېرىلغاندەك ئەمەس ئىدى. لې-
كىن، ئىلگىرى ساقلىنىۋاتقان قېلىن توپا قاتلىمىدىن ھازىرقى يەر
ئاستىدا قەدىمىي كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى پەرەز
قىلىشقا بولاتتى. بىر تار كەتكەن تېرىلغۇ يەر دەريا قىرغىقىنىڭ بىر
تەرىپىدىن «پەيزاۋات» (Faizabad) كەنتىگىچە سوزۇلغان بولۇپ،
ئارىلىقى تەخمىنەن بىر مىل كېلەتتى. تېرىلغۇ يەرگە كىرىدىغان جايدا
مەن باشقا بىر خىل قەدىمىي ئىزنى — بىر كىچىك، ئەمما تامامەن
خارابلاشقان توپا گۈمبەزنى بايقىدىم. ئۇنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 15
ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، يول يۈزىدىن تەخمىنەن 12 ئىنگ-
لىز چىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىدى. بۇ شەكىلسىزكى كىشىلەر بىنا
قىلغان ئىمارەت بولۇپ، بۇددا مۇنارىنىڭ خارابىسى بولۇشى ئېھتىمالغا
يېقىن ئىدى.

[«پەيزاۋات» نىڭ ئۇدۇلىدىكى تاش قەبرە]

«پەيزاۋات» نىڭ ئۇدۇلى دەريا قاسىنىقىدىكى تىك يار بولۇپ،
ئېگىزلىكى تەخمىنەن 120 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئارىلىقلىرى
قىزىل، سۇر رەڭ قاتلاملار ۋە قۇم جىنىسلاردىن تەركىب تاپقان بو-
لۇپ، دەريا تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. يازدا دەريا سۈيى كۆتۈرۈلگەندە،
يار تۈۋىدىكى ساھىلغا يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، تىك
يارنىڭ تەخمىنەن 50 ~ 60 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى جايىدا
بىر ئۆڭكۈرنىڭ چاسا شەكىللىك ئېغىزىنىڭ تاغ جىنىسلىرى ئارىسىغا
ئېچىلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. 1908 -
يىلى 4 ـ ئايدا، مەن دەريا سۈيىنى كېچىپ، سول تەرەپتىكى قىرغاق-
نىڭ ئەڭ يېقىنلاشقىلى بولىدىغان يېرىدىن بۇ ئادەم كۈچى بىلەن
كولانغان ئۆڭكۈرنى قايتا كۆردۈم. قارىماققا ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ كەڭلە-
كى ئون ئىنگلىز چىسى، ئېگىزلىكى سەككىز ئىنگلىز چىسى، چوڭ-
قۇرلۇقى ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئوتتۇرىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە
ئېگىزلىكى بەش ئىنگلىز چىسى، كەڭلىكى ئۈچ ـ تۆت ئىنگلىز چىسى
كېلىدىغان بىر ئىشىك بار بولۇپ، بۇ يەردىن بەزى ئىچكىرى ئۆڭكۈر-
لەرگە كىرىش مۇمكىن. ئۇستى يايسىمان بولۇپ، قارىماققا ئۇستى

يېقىنقى مەزگىللەردە بىر قوپال يول ياسالغان بولۇپ، بۇ يەردىن تار ھەم تىك بىر جىلغىغا بارغىلى بولاتتى. جىلغا بولسا دەريا قىرغىقىغا بارغاندا بىرلىشىپ كېتىدىغان تىك يارغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، ھېلىقى يولغا ئۆتۈش ئۇچۇن قوپال بىر پەلەمپەيدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مەن بۇ يەرگە چۈشكەندە دەريا قىنىدىن تەخمىنەن 100 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى جايدا ئىككى ـ ئۈچ يەردىكى تېيىز ئۆڭكۈرلەرنى بايقى-ـدىم. يەنە 60 ئىنگلىز چىسى ماڭغاندا يەنە مۇشۇنداق ئۆڭكۈرلەر بايقالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، ماڭا بىھار ( 比哈尔 ) دىكى راجگىر (Rajgir) ۋە جېتخاندا كۆرگەن پاناھلىنى-دىغان تاش ئۆڭكۈرلەرنى ئەسلەتتى. بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە نىسبەتەن، خۇددى بىر چاغلاردا كىشىلەر بىھاردىكى ئۆڭكۈرلەرگە ئېـ-لىپ بارغان مۆلچەرلىرىگە ئوخشاش، قەلەندەرلەرنىڭ پاناھگاھى بولغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلـدىم. بۇ ئۆڭـكـۈرلەرنـىڭ چـوڭقـۇرلۇقى 4 ~ 12 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، بەزىلىرى ئۇيۇل تاشلار-دىن ئاجرىغان ئۇششاق تاش پارچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا قەدىمىي يادىكارلىقلارنى قوغداش رولىنى ئوينىغان. شۇڭلاشقا خىيالىمدا: «داڭلىق دۇترېي دېئاننىڭ قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان كىتابىنىڭ پارچىلىرى (1892 ـ يىل كۆھمارىمغا ئائىت بايقاشلارغا قاراڭ) ئەسلىدە زادى مۇشۇ جايدىن تېپىلغانمىدۇ؟» دېگەن گۇمانىي تۇيغۇمۇ پەيدا بولماي قالمىدى.

## [«نۇسىيا»نىڭ سىرتىدىكى مۇنار پەشتاقلىرى]

كېيىن مەن سەپىرىمنى داۋام قىلدىم. «نۇسىيا» (Nussia) نىڭ بىر مىل يۇقىرىسىدىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا مەن بىر كىچىك يېرىق ياكى «يار» نىڭ ئىككى قىرغىقىنى بايقىدىم. يول مـۇشۇ جايدىن ئۆتىدىغان بولۇپ، يەنە ئۇزلۇكسىز ھالدىكى ساپال پارچىلىرى قاتلىمى ۋە مۇنار پەشتىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قېلىنلى-قى ئالتە ـــ سەككىز ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغان قالدۇقلارنىڭ پارچە-لىرى بار ئىدى. ھازىرقى «مەدەنىيات قاتلىمى» نىڭ ئۈستىدىكى يەر يۈزىگە تۆت ـــ ئالتە ئىنگلىز سۇڭى قېلىنلىقتا مۇنبەت سېرىق توپا

تەخمىنەن 300 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. شەرقىي جەنۇب تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 245 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، يىقىلغان تاملاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭلۇقى 18×12 ئىنگلىز چىسى، قېلىنلىقى ئۈچ — ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان تاشلار بۇ تامنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى قىلىنغان، تام ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى سەككىز ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. شەرقىي جەنۇب تېمىغا يېقىن چىقىش ئېغىزىغا ئوخشاپ كېتىدىغان جايدىكى قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى 15 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. تاملارنىڭ سىلىنىشى ئىنتايىن قوپال بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى قەدىمىي كۆرۈنەتتى. لېكىن، تامنىڭ ئىچكى قىسمىدا قەلئەنىڭ يىل تارىخىغا ئېنىقراق ھۆكۈم چىقارغىلى بولغىدەك ھېچقانداق ئىمارەتنىڭ ئىزى ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرى يوق ئىدى. ئەمما، ئېنىق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغىنى بۇ قەلئە قاراقاش دەرياسى تەرەپكە ئۆتىدىغان ۋە جەنۇبىي تاغ تەرەپتىن كەلگەن يولنى توسۇش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان ئىدى.

## 2 § . «يوتقان» خارابىسى ۋە خوتەن تەرەپتىن توپلانغان قەدىمىي بۇيۇملار

مېنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق سەپىرىمدىكىگە ئوخشاش، 1906 - يىل ۋە 1908 - يىل خوتەن بوستانلىقىدىكى زىيارىتىمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، يەرلىك كەنت ئاھالىلىرى ۋە ۋاكالەتچىلەردىن ھەرقانداق قەدىمىي بۇيۇملارنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە توپلىدىم. ئالدىنقىلىرى «يوتقان» خارابىسىدە ئالتۇن قېزىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بۇ يادىكارلىقلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، كېيىنكىلىرى بولسا خوتەننىڭ بازارلىرىدىن تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق قەدىمىي پۇل، تاش ئويمىلار، گۈللۈك ساپال بۇيۇملارنى سېتىۋالغانلار ئىدى. «يوتقان» خارابىسى قېزىلما بۇيۇملىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ۋاكالەتچىلەر «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ قولىدىن سېتىۋالغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. قىش كېلىش بىلەنلا بۇ «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» بوستانلىققا يېقىن بولغان قەدىمىي خارابىلىكتىن قەدىمىي بۇيۇملارنى ئىزدەيتتى.

كېسىۋېتىلگەن ئۈچ بولۇشىغا ئوخشايتتى. بۇ چەكلىك يەرگە جايلاشقان ئۆڭكۈر كىشىگە بۇ يەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ئىبادەتخانا ئەمەس، بەلكى مېيىت قويۇش مەقسىتىدە كولانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇراتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ماڭا شۇ چاغدا ياكى كېيىن بولمىسۇن، تاختىپەرلەردىن پايدىلىنىپ بۇ ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ بېقىش پۇرسىتى بولمىدى. مېنىڭچە، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە كىشىنى تەبىئىي ھالدا خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيە مەزھىپى (Nestorian Chrustians) ياكى مانى دىنى (Manichaens) نىڭ مۇرىتلىرىغا تەۋە بولۇشى مۇمكىن دېگەن خىيالغىمۇ كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى بەلكىم بۇ ئۆڭكۈردىن تەخمىنەن ئىككى مىل تۆۋەندىكى دەريانىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان «ئۇجات» (Ujat) كەنتى (بۇ يەرنىڭ ئۇزۇمى داڭلىق) كېيىنكى رىۋايەتلەردە خرىستىئان دىنى نېستورىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بىر مەھەللىك تۇرار جايى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

## [«لاگرۇ»غا يېقىن تاشلاندۇق قەلئە]

«پەيزاۋات»تىن ئاتلىنىپ، ئۈچ مىل ئۇزۇنلۇقتىكى دەريا قىرغاقلىرىغا ئېسىلغان تاشلىق ئېگىزلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۆز ئالدىمدا «لاگرۇ»نىڭ شەرقىدىكى ئېتىزلىقلار نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېقىنلا يەردە بىر تاشلاندۇق قەلئەنىڭ خارابىسى بايقالدى. مەن ئىلگىرى بۇ جاينىڭ يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «كونساس موما» (Konsas moma) دېيىلىدىغان قەدىمىي ئىلاھ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. قەلئە تاملىرى بۇزۇلغان بولۇپ، قانۇنىياتسىز تۆت تەرەپلىكنى شەكىللەندۈرەتتى. ئۇرنى دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقى بىلەن شېغىللىقنىڭ بۇرجىكىدىكى ئېگىزلىكنىڭ ياقىسىدا بولۇپ، قورۇ تېمىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ئېگىزلىكنىڭ ياقىسىنى بويلاپ قوپۇرۇلغان، ئېگىزلىكنىڭ ئاستى بولسا 100 ئىنگلىز چىسىدىن ئېگىزرەك بولغان ئىنتايىن تىك قىرغاق ئىدى. شەرقىي شىمال قىسمى شېغىللىق جىلغىنىڭ ياقىسىنى بويلاپ ئەگرى ـ بۈگرى قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى

نى باياقاش مۇمكىنچىلىكى بولغان شەرقىي شىمال قۇملۇق رايونىغا ئەۋەتتىم. مەن تاغدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارمۇ بىر قىسىم قەدىمىي يادىكارلىق ئۆلگىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىـ چە، بۇ بۇيۇملارنى ئۇلار ئوخشىمىغان بوددا مۇنارى ئەتراپىدىكى ئىماـ رەتلەردىن تېرىۋاپتۇ ياكى بەزىلىرىنى شۇ يەردە تەلەي سىناۋاتقان «بايـ لىق ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ قولىدىن سېتىۋاپتۇ. مەن بىرمەھەل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاشۇ خارابىلەرنىڭ توغرا ئورنى ۋە ئارىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇچۇرلارنى بىلىۋالدىم. بۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، مەن ئۆتكەن قېتىم شۇ يەردە ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندىكى تەجرىبەمدىن پايدىلىنىپ، بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پىلانىمنى ناھايىتى تېزلا تۈزۈپ چىقالايتتىم.

مەن بەش كۈن ئىچىدە بارلىق ئەمەلىي تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خوتەندىن ئايرىلىپ ئېكسپېدىتسىيىگە ئاتلاندىم. مېنىڭ بىرىنچى نىشانىم چوڭ ھەم قىزىـ قارلىق «راۋاق» خارابىسىنى قايتا زىيارەت قىلىش بولۇپ، مەقسىتىم ئۆتكەن قېتىمقى سەپىرىم (1901 - يىل) دىن بۇيان بۇ جاينىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇق ھالقىلىرىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىش بىلەن بىرگە، يېقىندا خەۋەر قىلىنغان يېڭى خارابىلەرنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىدى.

[«راۋاق» بۇددا مۇنارىغا سەپەر]

«جىيا» نىڭ مۇنبەت بوستانلىقىنى بويلاپ ئالاھازەل 11 مىل ماڭغاندىن كېيىن «سۇيا» (Suya) دەپ ئاتىلىدىغان، ئاللىقاچان قۇملىشىشقا باشلىغان بىر كەنتكە كەلدۇق. چوڭ بىر پارچە توغراقلىق ئوراپ تۇرغان مازاردىن بۇ يەرنىڭ قۇملىشىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە قايتا ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. كېيىن بىز يەنە بىر پارچە تاقىر سايلىقنى بويلاپ مېڭىپ، ئىككى قىرغىقى ئېگىز قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان يوروڭقاش دەرياسىنىڭ قەدىمىي دەريا قىنىنى يولۇقتۇردۇق. بۇ جاي «كونا دەريا» (Kone—darya) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىز بۇ دەريا قىنىنى بويلاپ مېڭىپ، قاراڭغۇ

شۇڭا ئۇلارغا ئېرىشمەكچى بولسام، خوتەننىڭ مەلۇم بىر جايىدا تۇرۇپ سېتىۋالساملا ئىش پۈتەتتى.

[«يوتقان» خارابىسىدىن تويلانغان بۇيۇملارنىڭ مەنبەسى]

تويلانغان بارلىق بۇيۇملاردىن مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەنلىرى بولسۇن ياكى مېنىڭ ئىشەنچلىك غوجىدارىم بەدرىدىنخان (Badruddin Khan)، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان سودىگەرلىرىنىڭ باشلىقى) نىڭ قولىدىن ئۆتكەنلىرى بولسۇن، ئومۇمەن «يوتقان» خارابىسىدىن تېپىلغانلىقى ئاشكارا بولغانلىرى، شۇنداقلا قەيەردىن تېپىلغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن «يوتقان» دىن چىققانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىندى. باشقا يوللار ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن قەدىمىي بۇيۇملارغا كەلسەك، ھەرقانداق مەدەنىيات بۇيۇملىرىنىڭ تالاش - تارتىش ئاساسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلگەندە، ئاندىن تېخىمۇ دىققەتنى تارتىشى مۇمكىن.

يادىكارلىقلارنى رايونلارغا ئايرىش مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئاساسلىق يادىكارلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇددىزم مەزگىلىدىكى ئۇدۇننىڭ گۈللەپ ياشنىغان مەدەنىيىتىدىن قېپقالغانلىقىنى نۇرغۇن كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋالالايدىغان بولۇپ، بۇ بۇيۇملار ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى ۋە ماتېرىيالى جەھەتتە ئىلگىرى «يوتقان» خارابىسىنىڭ «مەدەنىيەت قاتلىمى» دىن تويلانغان بۇيۇملار بىلەن بىردەكلىكنى ئىپادىلىگەن ئىدى (بۇ پاراگرافتىكى بىر قىسىم قەدىمىي بۇيۇملارنىڭ سۈرەتلىرى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى قىسقارتىۋېتىلدى).

## § 3 . «جىيا» نىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق خارابىسى

[بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قەدىمىي ئىزلارنى ئىزدىشى]

8 - ئايدا خوتەنگە كېلىپلا مەن بىر قىسىم يەرلىك «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» (بەدرىدىنخانغا ئوخشاش كىشىلەر) نى قەدىمىي ئىزلار-

قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، «تام ئېغىل» غا يېقىن «قۇمات» (Kumat) قا ئورۇنلاشقان بىر توپ جوڭگولۇق قاشتاش قازغۇچىلار بۇ يەرگە كېلىشىپ «تەلىيىنى سىناپ» باققانىمىش. ئۇلار شەرقىي جەنۇب قورۇ تېمىنى چېقىپ، بىر كىرىش ئېغىزى پەيدا قىلغان، تام ئۈستىدىكى سامانلىق لايدا قىلىنغان ئاجىز ھەيكەللەرنى نابۇت قىلىۋەتكەن ئىدى. مەن ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمدە ئۇلارنى قۇم بىلەن كۆمۈپ قويغان بولسامىمۇ، بۇ قېتىم كەلگەندە ئەجرىمىنىڭ بىكارغا كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. ئەينى ۋاقىتتا ئاشكارىلانغان خوتەن-نىڭ قىممەتلىك ئويما ھەيكەل ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىدىن ھازىرغىچە پەقەت ئەينى چاغدا تارتىۋالغان سۈرەتلەرلا ساقلىنىپ قاپتۇ. كۆز ئالدىمدا سادىر بولغان ئاشۇ بۇزغۇنچىلىق تراگېدىيىسىنى كۆرگىنىم-دە، مېنىڭ ئاشۇ قۇم بارخانلىرىدىن تەسەللى تېپىشتىن باشقا ئامالىم قالمىدى. چۈنكى، ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ باشقا جايلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان بەزى لاي ھەيكەللەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇم بارخانلىرى ھەقىقەتەنمۇ قوغداش رولىنى ئوينىغان ئىدى.

[بۇددا مۇنارىنىڭ تەكشى يۈزى]

قۇم بارخانلىرىنىڭ بۇنداق يۆتكىلىشى بۇددا مۇنارىنىڭ ئورنىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەش يىل ئىلگىرىكى كىشىگە چوڭقۇر تەسىر بېرىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك مۇنار ئۇلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن سىرت، قالغان جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇم بارخانلىرى كۆمۈۋەتكەن ئىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ۋە ئىككىنچى قەۋەت مۇنار ئۇلىنىڭ كۆپ قىسمى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۆتكەن قېتىم سىزىپ چىققان تەگلىكنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى ۋە ئالاھىدە بەرپا قىلغان تۆت قەۋەتلىك پەلەمپەي شەكلىدىكى كۆپۈپ چىققان قىسمى بۇ قېتىمدا تامامەن ئىسپاتلاندى. يېڭىدىن ئاشكارىلانغان مۇنار ئۇلىدا نۇرغۇنلىغان يوشۇرۇن ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى-نىڭ ئىلگىرى كولانغانلىقى ناھايىتى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ ھويلىسىغا لىق دۆۋىلەنگەن قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى-دىن قارىغاندا، ئۇنى قايتا بىر قېتىم رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن يېتەرلىك

چۆشكەندىلا «ناچى قۇدۇق» (Nache—kuduk) دېگەن شورلۇق يەرگە بېرىپ ئاندىن ئارام ئالدۇق. ئىككىنچى كۈنى مەن شىمال تەرەپكە قايتا يۈرۈش قىلماي نىشانىمنى ئۆزگەرتتىم - دە، تەكشى ئۆرلىگەن بىر قۇم بەلۋېغىدىن ئۆتتۈم. تەخمىنەن ئالتە مىل ماڭغاندىن كېيىن، تاشلاندۇق «راۋاق» خارابىسىنىڭ توپا دۆۋىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى.

[«راۋاق» ئەتراپىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى]

1901 - يىل 4 - ئايدىكى بۇ خارابىلىكتىن بايقىغانلىرىم توغرىسىدا ئىلگىرىكى بايانلىرىمدا ئاللىقاچان تىلغا ئالغان ئىدىم. كىشىگە چوڭقۇر تەسىرات بېرىدىغان بۇ تاشلاندۇق قەسىردە مەن زور مىقداردىكى قىزىقارلىق ھەيكەللەرنى بايقىدىم. بۇ خارابىلىكنىڭ مۇھىتى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار ئېسىمدە ئېنىق تۇرغان بولغاچقا، ئۆتكەن قېتىمقى زىيارىتىمدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەرنى بىر قاراپلا كۆرۈۋالدىم. ئۇ چاغدا تـۆت تەرەپلىك بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى يۆگەپ تۇراتتى. ھازىر بولسا بۇ قۇملار روشەن ھالدا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە يۆتكەلگەن ئىدى. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 نەچچە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، ئىلگىرى شەرقىي شىمال قىسمىدىكى قورۇ تېمىنى بويلاپ تارقالغان، ھازىر بولسا بۇددا ئىبادەتخانىسى ھويلىسىدىن تەخمىنەن 37 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يەرگىچە سوزۇلۇپ كىرگەن ئىدى. غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى قۇم توپىمۇ ئوخشاشلا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولۇپ، قورۇ تېمىنىڭ قۇم ئۈستىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدىغان ئـومـۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئاران ئون ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يېرىلا قالغان ئىدى. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى تام بولسا 1901 - يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كولىشى سەۋەبىدىن كۆرۈنۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەردىن تام گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بىلىش ناھايىتى ئاسان ئىدى. مەن ئىلگىرى تامدا سامانلىق لايدىن ياسالغان بىر قاتار لاي ھەيكەللەرنى بايقىغان، كۆپ قىسمى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بىراق بـۇ قېتىم ھېچ نەرسىدىن ئەسەر قالماپتۇ. ئاڭلىسام، مەن تۇنجى

ئىنگلىز چىسى مىقدارىدا كۆرگىلى بولاتتى. ئۆگزىسىدىكى كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 15 × 19 سۇڭ بولۇپ، قېلىنلىقى ئۈچ سۇڭ كېلەتتى. جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇن بىر ئويۇق جاي بولۇپ، بۇ يەرنىڭ تام ئورنى ئىكەنلىكى، ھەممىسىنىڭ ئۇپراپ تۈگەشكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەر يۈزىدە بولسا نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. مەن تېرىۋالغان ساپال پارچىلىرى ئىچىدە ئىككى پارچىسىنىڭ ئۈستى بىر قەۋەت سۇس يېشىل رەڭدە سىرلانغان ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە نېيترال سىياھ ياكى سۇرمە ئىشلىتىلىدىغان قەلەمدىن بىرنى، نەچچە دانە جۇڭگو پۇلى تېپىۋالدىم. پۇللارنىڭ ئۈستىگە يېزىق چۈشۈرۈلمىگەن بولۇپ، چوڭقۇر ئىز چۈشۈرۈلگەن بۇ پۇللارنىڭ دەۋرىنى ئالان ئەپەندىم مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەۋە دەپ قارايدۇ. بۇ كىچىك بۇددا مۇنار پەشتىقى ۋە ئەتراپتىكى خارابىلەر يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «ئوتانچى» (Otanchis) ياكى «كۆك قۇم ئارىش» (Kok—kum—arhsh) دەپ ئاتىلاتتى.

[قەدىمي ئېرىق ئىزى]

يەنە جەنۇبقا قاراپ 100 يارد ماڭغاندىن كېيىن، بىر تار سۇغىرىش ئېرىقىغا يولۇقتۇق. ئېرىقنىڭ كەڭلىكى ئاران ئىككى - ئۈچ ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. يەر يۈزىدە كۆرگىلى بولىدىغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 يارد بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان ئىدى. بىز يەنە 200 يارد ماڭغاندىن كېيىن، مەن قەدىمدە سۇ ساقلايدىغان بىر كۆلچەكنى بايقىدىم. كۆلچەكنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 50 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ توپا قىرى نەملىنىش سەۋەبىدىن قېتىپ كەتكەن، ھازىر ئەتراپىدىكى بوران يالىۋەتكەن يەر يۈزىدىن خېلى روشەن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ھەتتا كۆل ئوتتۇرىسىدا «دۇمبەل» (Dombel) دەپ ئاتىلىدىغان قاتتىق توپا قالدۇقىمۇ ساقلانغان بولۇپ، بۇنداق «دۇمبەل» قويۇپ كۆل كولاش ئادىتى خوتەندە ھازىرمۇ ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. جەنۇب تەرەپكە يەنە 60 يارد ماڭغاندا، دىئامېتىرى 25 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان، ئېغىز گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ئىمارەتنىڭ توپا دۆۋىسىنى كۆردۇق، ئۇ

پۇل ھەم ۋاقىت بولمىسا، ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاشلا ئەمەلىيەتكە قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش بولاتتى. لېكىن، شەرقىي شىمال قىسمىدىكى پەلەمپەيننىڭ جەنۇبىدىكى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بۇرجەكتىكى بىر قېتىملىق قېزىش مېنى ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىن تېگىگىچە كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىن سىرت، قۇم - بارخانلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى مېنى بۇ ھەيكەللەرنى رەتلەش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچتۈرگەن بولسىمۇ، بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمال تېمىدا بەلكىم كىشىلەرنىڭ قولى تەگمىگەن ھەيكەللەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، بۇ بۆلەكتىكى قورۇ تېمىنىڭ ئۆگزىسى 1901 - يىل قۇمدىن بىرئاز كۆرۈنۈپ قالغان بولۇپ، ھازىر بولسا چوڭ بىر قۇم دۆۋىسى ئۇنىڭ ئۈستىنى تامامەن يۆگەپ بولغان ئىدى.

مەن تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئۆزگىرىشكە ئائىت يەنە بىر مەنزىرە — 1901 - يىل 4 - ئايدا قونالغۇ قىلغان بىر پارچە بوشلۇق بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئۇپراپ كەتكەن بۇ يەر ھازىر قۇملۇقنىڭ ئاستىدا قالغان ئىدى.

## [«راۋاق» بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىدىكى خارابە ئىزلىرى]

مەن ياللىۋالغان ئىككى نەپەر بايلىق ئىزدەيدىغان يول باشلىغۇچىنىڭ سۆزىدىن غەربىي جەنۇب تەرەپتە بەزى پەلەمپەي ۋە تاشلاندۇق ئىمارەتلەر بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، «راۋاق»تىكى قونالغۇدىن ئايرىلغان كۈنىلا ئۇ يەرگە قاراپ يول ئالدىم. بىز 40 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى زىچ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئۈچ مىل ماڭدۇق، ئارىلىقلاردا ئانچە - مۇنچە قومۇشلۇق ۋە سازلىقلار بار ئىدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن ھېلىقى خارابىلىك ئىزنى تونۇۋالدى. بەش يىل ئىلگىرى ئۇ بۇ تاشلاندۇق توپا دۆۋىسىنى بىر قېتىم كۆرگەن بولۇپ، ھازىر ئاللىقاچان قۇمغا يەم بولغان ئىدى. يەنە ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىمىزدا تۈنجى پەلەمپەي كۆرۈندى. بۇ تامامەن تۈزلىنىپ كېتەي دەپ قالغان بۇددا مۇنارى بولۇپ، ئەتراپىتىكى قۇم دۆۋىسى ئارىسىدىن ئاران 12 ئىنگلىز چىسى دېگۈدەك چىقىپ تۇراتتى. ئۇلىنى ئاران 24

چىققىنىمدا، ئىبادەتخانا تاملىرىنىڭ توپا ئارىسىدىن چىققان قىسمى-نىڭ ئىككى ئىنگلىز چىسىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى، قېلىنلىقىنىڭ ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئەسلىدىكى ياغاچ قاشالار ئاللىقاچان يەر سۈيىنىڭ چىرىتىشى بىلەن ۋەيران بولغان، بەزى تۈۋرۈك ئورنى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن ئالتە ئىنگلىز سۇڭى كېلەتتى.

بۇلۇڭغا دۆۋىلەنگەن قۇم توپىلار سامانلىق لايدا قوپۇرۇلغان تام يۈزىنى قوغداشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئەسلىدىكى بەزى زىننەت نۇسخىلىرىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالغان. بۇ ئاساسلىقى قىزىل تەگلىككە قارا رەڭدە سىزىلغان گۈللەر بولۇپ، بەزى جايلاردا تەخمىنەن يەتتە ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغان چوڭ گۈللەرنىڭ رەسمى چۈشۈرۈل-گەن، كۆپىنچىسى تۆت يوپۇرماقلىق ماندارىغا ئوخشاپ كېتىدىغان گۈللەر ئىدى. مەن بۇنداق گۈللەرنى 1901 - يىل نىيا خارابىسىنى قازغاندا تونۇغان ئىدىم . باشقا رەسىم ۋە زىننەتلەشلەر نىيا خارابىسى-دىكى ئۆيلەرنىڭ مەركىزىي خانىلىرىدا بايقىغان تام رەسىملىرىگە ئوخ-شايتتى. بولۇپمۇ سىرتقى دەھلىزىنىڭ شەرقىي تام تۈۋىدىن بايقىغان رەڭلىك تام رەسىملىرى تېخىمۇ ئوخشايتتى. بۇ رەسىملەرنىڭ يېقىلىپ كەتكەن تام ئۈستىدىن چۈشكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بولۇپ، كېيىنچە قۇم - توپىلارنىڭ قوغدىشى بىلەن ئامان قالغان. بۇ تۆت يوپۇرماقلىق ماندارنىڭ رەسىملىرى ئاپئاق گەج بىلەن سۇۋالغان تام ئۈستىگە پىششىق كېسەك رەڭگىدە سىزىلغان بولۇپ، يەنە بېنت شەكلىدە ئورالغان بىر توپ قارا رەڭلىك بېزەك رەسىممۇ بار ئىدى.

### [ئىبادەتخانىنىڭ يىل دەۋرى]

يۇقىرىقى بېزەكلەردىكى مەلۇماتلار ئىبادەتخانا يىل دەۋرىنىڭ تاش-لاندۇق «راۋاق» تىكى بۇددا مۇنارىغا ئوخشاشلا مىلادىيە 4 - ~ 7 - ئەسىر ئارىلىقىدا ئىشلىتىلگەن دېگەن پەرەزنى روشەن دەلىللەيدۇ. مەن ئەتراپتىكى مۇنار پەشتاقلىرىدىن توپلىغان ياكى باشقىلار تېرىۋالغاندىن كېيىن ماڭا بەرگەن يارماق پۇللار ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پۇللارنىڭ بولماسلىقىمۇ يۇقىرىقى نۇقتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئـەتـراپىدىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن سەككىز ئىنگلىز چىسى ئېگىز بولۇپ، گەرچە ھېچقانداق ئىزناسى ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇددا ئىمارەتلىرىدىن ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلـى بولاتتـى. ئۇنىڭ بىرئاز جەنۇبىدا ئۇزۇنلۇقى 30 يارد، كەڭلىكى 8 ~ 9 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئۆستەڭ ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قىرغاقلىرى يەنىلا خېلى قاتتىق بولۇپ، نەملىكتىن پەيدا بولغان شورنىڭ ئالامەتلىرىنى بايقىغىلـى بولاتـتى. ئېرىق تېـ- گـىدە مەن يېـرىلغـان تېرەك (Terek) ياغـىچى يـاكى ئالـما ياغـى- چى (Populus alba) پارچىلىرىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر تار ھەم كىچىك ئېرىق بۇ ئۆستەڭدىن ئايرىلىپ غەربىي شىمال يۆنىلىشتە سوزۇلغان ئىدى. يول باشلىغۇچى قاسىم (Kasim) نىڭ ئېيتىشىچە، تېخىمۇ جەنۇبتىكى جايلاردا بۇنداق ئۆستەڭلەر يەنە بار بولۇپ، بەزى ـ بەزىدە قۇملۇقلار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ قالىدىكەن. بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئېقىپ كېلىدىغانلىقى ناھايىتى روشەن، دەريا بۇ خارابىلىكنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ، خارابىلىك بولسا ھازىرقى كېڭىيىپ كەتكەن دەريا قىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن يەتتە مىل يىراقلىقتا جايلاشقان.

### [«كۆك قۇم ئارىش»تىكى بۇتخانا خارابىسى]

يول باشلىغۇچى ئېيتىپ بەرگەن «كونا ئۆي» تولغاش كەتكەن بىر تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىنى بىر پارچە يۇلغۇنلۇق ۋە قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇراتتى. سەل غەرب تەرەپتە بىرئاز تىك كەلگەن قۇملۇق بار ئىدى. مەن بۇ ئاز ئۇچرايدىغان خارابىلىكنى ئاسانلا تونۇپ يەتتىم. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، ياغاچ ۋە سېغىز لايدىن قۇرۇلغان بۇ ئىمارەتنىڭ جەنۇب، شىمال تەرەپتىكى ئىككى تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىچىدىن 27 ئىنگلىز چىسى ئۈچ ئىنگلىز سۇڭى، شەرق، غەرب تەرەپتىكى تېمى 24 ئىنگلىز چىسى ئون ئىنگلىز سۇڭى كېلەتـ- تى. ئىبادەتخانىنىڭ تۆت تەرىپىدىن «دەندان ئۆيلۈك» نۇسخىسىدا تەخمىنەن يەتتە ئىنگلىز چىسى كەڭلىكتىكى يول ئوراپ تۇراتتى. مەن ئېلىپ كەلگەن ئىشلەمچىلەر ئارقىلىق بۇ ئىبادەتخانىنى تېزلا رەتلەپ

تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مەن «راۋاق» بىلەن خوشلىشىپ «جىنتوقماق» (Kine—tokmak) خارابىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدىم. مېنىڭ پېشقەدەم يول باشلىغۇچىم تۇردى (Turdi) نىڭ ئالدىنقى خوتۇندىن بولغان ئوغلى روزى (Roze) بىلەن ئۇنىڭ «بايلىق ئىزدىگۇچى» شېرىكلىرى ئىلگىرى ئۇ جايدىن سامانلىق لايدىن ياسالغان نەقىشلىك پارچىلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ نەرسىلەر ئىلگىرى تام زىننەتلەش بۇيۇملىرى بولۇپ، بىرقەدەر مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ياز ئاپتىپى ۋە بورانلار ئاستىدا تۇرغانلىقتىن، ئاللىقاچان يېرىلىپ پارچىلىنىپ كەتكەن ئىدى. مۇشۇ يەردىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە تەخمىنەن ئۇچتىن تۆت مىل ماڭغاندىن كېيىن يول باشلىغۇچىلار ماڭا بىر پەلەمپەي خارابىسىنى كۆرسەتتى. ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بۇ بۇددا مۇنارىنى ئۇلار ئىلگىرىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاران 15 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى قىسمى ساقلىنىپ قالغان، ئاساسەن قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ يەردىن يەنە غەربىي شىمالغا يېرىم مىل مېڭىپ، بىر پارچە ئېگىز قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىز بىر پارچە بەلۋاغسىمان يەر يۈزىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە يۆتكەلمە قۇملار ئانچە ئېگىز ئەمەس بولۇپ، چېچىلىپ ياتقان ئۇششاق ساپال پارچىلىرى يەر يۈزىنى ئۈزلۈكسىز كۆمۈپ تۇراتتى. ئاڭلىسام، بۇ يەر يۈزى ئۇدۇل شىمال تەرەپكە «فۇمبى قۇم» (Fumbe—kum) خارابىسىگىچە تۇتىشىدىغان بولۇپ، مەن ئۇ يەرنى 1901 ـ يىل 4 ـ ئايدا تەكشۈرگەن ئىدىم.

[«جىنتوقماق» تىكى ئىزلار]

«راۋاق» تىن يولغا چىقىپ تەخمىنەن تۆت مىل ماڭغاندىن كېيىن، مەن بىر پارچە كىچىك تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، «قەدىمىي ئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان خارابىگە كەلدىم. بۇ يەردە 6 ~ 10 ئىنگلىز چىسى كەلگۈدەك قۇم بارخانلىرى بار بولۇپ، خارابىنىڭ ئەھۋالى مەن ئېرىشكەن بۇيۇملارغا ئاساسەن چىقارغان خۇلاسە بىلەن بىردەك ئىدى. ئۇ قەدىمىي كېسەك تام خارابىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇزۇن تۆت تەرەپلىك شەكىلنى ھاسىل قىلى-

يەنە كېلىپ بۇ خىل ئەقلىي خۇلاسە خارابىنىڭ ئەتراپىدىكى بوران يالاشتىن ئويۇلۇپ كەتكەن يەر يۈزى (10 ~ 12 ئىنگلىز چىسى) بىلەن بىردەك چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى زور مىقداردىكى كۈل ۋە تام يۈزىنىڭ ئىسلاشقان ھالىتىدىن بىز بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تاشلىۋېتىلىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

[تاشلاندۇق تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ دائىرىسى]

ئەمما، بۇ يەككە ـ يېگانە خۇلاسىمىز ئارقىلىق، پۈتۈن رايوننىڭ نېمىشقا بىراقلا تاشلىۋېتىلگەنلىكىگە خۇلاسە چىقىرىش مېنىڭچە پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مەن بىر كۈنلۈك كۆزىتىش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى ئۇزلۇكسىز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ جەزمەن «سۇيا» نىڭ قېشىغىچە كەلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىم. ھازىرقى بوستانلىقنىڭ شىمالىدىن «راۋاق» قىچە بولغان كەڭ رايونلار جەنۇبتىن شىمالغا سەككىز مىل كېلىدىغان بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە بۇ جايلار ئاللىقاچان قۇم بارخانلىرىغا يەم بولغان ئىدى. ھازىرقى ماتېرىياللار ئارقىلىق، بۇ جاينىڭ تاشلىنىپ قالغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇ گەرچە يورۇڭقاش دەرياسىغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇملىشىپ ۋەيران بولۇشىنى توسۇپ قالالمىغان. ئىككىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى، ئاساسىي بوستانلىققا ناھايىتى يېقىن بولغان يەردە، بىز ئۇنىڭ تاشلىنىپ كەتكەن ۋاقتىنىڭ «دەندان ئۆيلۈك» (شەرقىي شىمال تەرەپتىن تەخمىنەن 60 مىل يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا) نىڭ قۇمغا كۆمۈلگەن ۋاقتىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. بۇ پاكىتلار ئومۇمىيۈزلۈك قۇملىشىشنىڭ بۇ تېرىلغۇ رايوندا سادىر بولغان بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋابى ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرۇق تاملارغا يېقىن بولغان قۇم بارخانلىرىغا ئاخىرقى قېتىم

بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان بارلىق يادىكارلىقلار ئالاھىدە-لىك جەھەتتە ئاقسىپىلغا يېقىن جايدىكى چىگىلىك (CHighillik) خارابىسىدە تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى يادىكارلىقلارنى ئەسلىتىدىغان بولۇپ، «جىنتوقماق» خارابىسىدىكى يادىكارلىق پارچىلىرى (پىششىق گەجگە ئوخشاش ئاق بولۇپ، يۇلما لايدا ياسالغان) نىڭ قاتتىقلىقى بەلكىم ئىبادەتخانا تاشلىنىپ كەتكەن مەزگىلدىكى ئوتتا كۆيۈشتىن ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك يادىكارلىقلار ئارىسىدىمۇ ئاق رەڭلىك ياغاچ ئويمىلار بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ بۇددا ئىمارىتى نۇسخىلىرىغا تەۋە رىشاتكا رەسىمى ئىكەنلىكى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

[«جىنتوقماق» نىڭ شىمالىدىكى تۇرالغۇ خارابىسى]

بۇ يەردىن شىمالغا يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، پاكار قۇم بارخانلى-رىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن بىر مىل مېڭىپ «سۈيا» لىق «بايلىق ئىزدىگۈچى» ئەخمەد (Ahmad) ئېيتىپ بەرگەن «كونا ئۆي» خارابىسىگە كەلدۇق. بۇ بىر توپ چوڭ ـ كىچىك تۇرالغۇ خارابىسى بولۇپ، ياغاچ ۋە چىتلاقتىن بەرپا قىلىنغان، دەسلەپتە تەبىئەتنىڭ ئاپىتىگە ئۇچراپ ۋەيران بولغان، كېيىن قۇملارنىڭ يۆتكە-لىشى بىلەن بىرنەچچە ئەسىر ئوچۇق تۇرغان، ئەڭ ئاخىرىدا بايلىق قازغۇچىلار يەنە ۋەيران قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاز ۋەيرانچە-لىققا ئۇچرىغان ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، تەخمىنەن 13 × 15 ئىنگلىز چىسى چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىنى يەنىلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. تامدىكى گەج سۇۋاقلار ئارىسىدىن مۇستەھكەم باغلانغان قومۇشلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئېغىز ئۆينىڭ گەج بىلەن سۇۋالغان يەر يۈزىدە يەنە كەڭلىكى ئىككى ئىنگلىز چىسى، ئۇزۇنلۇقى ئالتە ئىنگلىز چى-سى، چوڭقۇرلۇقى ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يۇمىلاق ئويۇقلار بولۇپ، چوڭ تېپتىكى بەزى كومزەكسىمان قاچىلار قويۇلغانلىقى رو-شەن كۆرۈنەتتى. بىرنەچچە يەردىكى تاشلاندۇقلارنى رەتلەش نەتىجىسى-دە، بىز بەزى ساپال پارچىلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق. ئاڭلىسام، شىمال تەرەپتىكى ئېگىزلىكى 25 ئىنگلىز چىسى كېلىدى-

غان، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى كۆرگىلى بولىدىغان تام ئىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا، غەربىي جەنۇب تەرىپى 40 ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا كېلەتتى. ئەگەر غەربىي شىمال تەرەپتىكى ئېغىر بۇزۇلغان تام مۇشۇ تۆت تەرەپلىك ئىمارەتنىڭ بىر قىسمى دېيىلسە، ئۇ هالدا ئىمارەتنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تېمىنىڭ ئەسلىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 42 × 82 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. لېكىن، بۇ جايدىكى تاممۇ ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ كەتكەنلىكتىن، ئىشەنچلىك ئۆلچەش ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى. هازىرقى تام ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئەتراپتىن تېرىۋالغان بەزى كىچىك لاي نەقىشلەرنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە شەرقىي جەنۇب تامنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىپ قالغان، كەڭلىكى ئۈچ ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئۆتۈشمە يولدىن قارىغاندا، بۇ تام ئىزىنىڭ بىر ئىبادەتخانا قەسرىنى ئوراپ تۇرغانلىقى شۈبهىسىز. ئەمما، ئەسلىدە بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى قىسمى بولغان جاي هازىر قۇيقۇرۇق ئويمانغا ئايلانغان بولۇپ، هازىر ساقلىنىۋاتقان تامنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدىكى كېسەك قاتلىمىدىن ئالتە ئىنگلىز چىسىدىن كۆپرەك چوڭقۇرلىشىپ قالغان ئىدى. يەر يۈزىگە سويۇلۇپ چۈشكەن لاي قاتلىمى ئىلگىرى بوران ئۇپرىتىشىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك بولغانلىقىنى، ئېغىر بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينىغانلىقىنى ناهايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

## [يۇلما لايدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى]

گەرچە خارابىدىكى هەر خىل ئىمارەتلەرنىڭ هەممىلا يېرىدە زور بالايىئاپەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىمارەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى هەممە زىننەت، نەقىشلىرىنىڭ ئىزلىرىنى ۋەيران قىلىشقا قادىر بولالمىغان. ئىبادەتخانا ئورنىدىكى ئۇپرىغان يەر يۈزىدىن تېپىلغان بەزى ئۇششاق ئاق رەڭلىك قاتتىق لاي نەقىش پارچىلىرى ئەسلىدە تامغا چاپلانغان بولۇپ، ئۇلار ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە راۋاقتىكى ئىبادەتخانىدا ئېرىشكەن بايقاشلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.

[«هاڭگىيا»دىكى مۇنار پەشتاقلىرىغا زىيارەت]

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سەھەردە بىز تۇرالغۇدىن ئايرىلىپ «ئاقتېرەك» خارابىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. روزى ۋە ئۇنىڭ «بايلىق ئىزدىگۈچى» شېرىكلىرى ئىلگىرى بۇ يەردىن ماڭا قىزىقارلىق ساپال بۇيۇملارنىڭ سۇنۇقلىرىنى ئەكېلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بۇددا مۇنارى تېمىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. بىز ئاۋۋال قەدىمىي دەريا قىنىنى بويلاپ ئۈچ مىل ئەتراپىدا ماڭدۇق. كېيىن يەنە 8 ~ 9 مىل مېڭىپ، بىر توپ تاقىر قۇملۇقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر توپا گۈمبەزگە يېقىنلاشتۇق. مەن بۇ يەرنىڭ 1901 - يىل زىيارەت قىلغان ئارقا قۇدۇق تېمى (Arka—kuduk tim) بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم. گەرچە، بىزنىڭ سەپىرىمىز نۇرغۇنلىغان قۇم دۆۋىلىرىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن دىققەت قىلغان قەدىمىي خارابىلەر تامامەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان كېسەك پارچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى بەش ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بۇ خارابىلەرنىڭ ئارىلىقى «تار قۇدۇق» تىكى تۇرالغۇدىن ئاران ئالتە مىل كېلىدىغان مۇنار پەشتاقلىرى ئارىسىغا جايلاشقان ئىدى. مۇنار پەشتاقلىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بىز ئارقا قۇدۇق تېمىغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا مۇشۇ ئەتراپلاردا قاتراپ يۈرگەن ئىكەنمىز. مۇنار پەشتىقى كەڭ كەتكەن يادىكارلىق پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان يەرنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئادەتتە «هاڭگىيا تاتىي» (Hanguya Tati) دەپ ئاتىلاتتى. ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچىم تۇردىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەر ئاقسېپىل ئەتراپىغىچە سوزۇلىدىغان بولۇپ، مەن 1908 - يىلدىكى زىيارىتىمدە ئۇ يەرنىڭ يەنە شەرق تەرەپكىمۇ سوزۇلىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

مەن تەكشۈرمەكچى بولغان خارابىلەر بىر توپ تار قۇم بەلۋاغلىرىنىڭ چوققىسىدا بولۇپ، بۇ قۇم بەلۋاغلىرى «هاڭگىيا» دىكى خارابىلەردىن جەنۇب تەرەپكە سوزۇلۇپ «هاڭگىيا» بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى رايونىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئايرىپ تۇراتتى. 1901 - يىل مەن كىشىلەرنىڭ بۇ يەرنى «ئارقالىق» (Arkalik) دەپ ئاتايدىغانلىقى،

غان قوۋم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدا يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولارمىش.

[قەدىمىي دەريا قىنى ئۈستىدىكى مۇنار پەشتىقى]

بىز بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا قايرىلىپ، قۇم بارخانلىرى ئۈزلۈكسىز پاكارلاۋاتقان بىر تۈزلەڭلىككە كەلدۇق. بۇ يەردە نۇرغۇن قەدىمىي تۇرالغۇلارنىڭ ئىزى بولۇپ، بىزگە تونۇش بولغان مۇنار پەشتىقىنىڭ ئىزلىرىغا يېقىنلىشىپ كېتەتتى. ئۇپرىغان يەر يۈزىدە سانسىزلىغان ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. نېپىز كۆچمە قۇملار ئارىسىدا يەنە كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇن ئىزلار كۆمۈلۈپ ياتاتتى. پاكار تېرەك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قۇرۇق شاخلىرى بولۇپ، ئۇلار قورشاپ تۇرغان دېھقان قورۇسىنىڭ چىتلاقلىرىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. بىر جايدا بىر قاتار جىگدە (Jigda) دەرىخى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى مېۋىلىك باغ ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇ يەردىن تېرىۋالغان بۇيۇملار ئىچىدە نەپىس ياسالغان ساغۇچ يېشىل رەڭلىك بىر دانە ئەينەك پارچىسى بولۇپ، سىرتىغا نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن بۇ ئەينەك پارچىسى مەلۇم بىر خىل قاچىنىڭ لېۋى بولۇشى مۇمكىن. «جىنتوقماق» تىكى بىر كۇنلۇك قىدىرىشتىن ئېرىشكىنىم ھېچقانداق يېزىق چۈشۈرۈلمىگەن مىلادىيە 5 - ئەسىردىكى پۇللارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى دانە جۇڭگو پۇلى بولدى.

«جىنتوقماق» نىڭ شىمالىي قىسمىدىن تەخمىنەن ئۈچ مىل ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىنمۇ بۇ قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىسى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قەدىمىي دەريا قىنىغا تۇتاشقان جايدا ئاخىرلىشاتتى. بۇ يەردە ناھايىتى مول بولغان قۇملۇق يېپىنچا ئۇسۇملۇكلىرى بولۇپ، نۇرغۇن ياۋايى تېرەكلەر بۇ يەردە يەر ئاستى سۈيىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە، بىز «تار قۇدۇق» (Tar—kuduk) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈزلۈك سۇلۇق قۇدۇق يېنىدا ئارام ئالدۇق.

## 4 § . «ئاقتېرەك» خارابىسى

زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ساپال بۇيۇملارغا ئوخشاش بوشالڭ توپا ئارىسىدا چېچىلىپ يېتىشى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

[ئىمارەت ئىزىنى ئىزدەش]

ھېچقانداق سىرتقى ئالامەتنى بايقىيالمىغانلىقتىن، بىز «دەندان ئۆيلۈك» تىكىگە ئوخشاش ئامالسىز قالغاندا قوللىنىدىغان چارىنى قوللىنىپ، سىناق قىلىپ كولاش ئارقىلىق بىرەر ماددىي بۇيۇم تاپماقچى بولدۇق. مېنىڭ كەينىمدە بىر توپ بايلىق ئىزدىگۈچىلەر تومۇز ئىسسىقتا ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارغا تايىنىپ ئىشلىگەندە يەنىلا كۈچ يېتىشمەيدىغاندەك قىلاتتى. بىز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنى تاۋلانغان لايدىن قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدىغان قۇم دۆۋىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كولاشقا ئەۋەتتۇق. پۇرسەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. بۇ يەر تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىز چىسى كولانغاندا بىر بۆلەك قىزىل كېسەكلىك تام كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تام يېنىدا بىر پارچە گەجدە سۇۋالغان يەر بولۇپ، ئۈستىدە ئىككى ئىنگلىز چىسى قېلىنلىقتىكى سۇنۇق بۇيۇملار بار ئىدى. بىز كەچ كىرىپ تام تۈۋىنى تاپقىچە، بۇ ئىبادەتخانا خارابىسىدىن ئوخشاش شەكىلدىكى بۇنداق لاي بۇيۇملارنىڭ سۇنۇقلىرى سان ـ ساناقسىز ئۇچرىدى.

[لاي بۇيۇملارنىڭ قاتتىقلىقى]

تام ناھايىتى پاكار بولۇپ، تامنىڭ سىرتقى يۈزى ئاللىقاچان يوقالغان ئىدى. ئەگەر «راۋاق» ياكى «دەندان ئۆيلۈك» خارابىسىدە ئۇچرىغاندەك چوڭراق بىرەر ھەيكەل ياكى تام رەسىمىدىن ئۈمىد كۈتمىگەندە، بۇ جايدىن ئۇچرىغان بىرقەدەر قاتتىق ھەم ساقلاش قولايلىق بولغان زىننەت بۇيۇملىرى بىزگە تولۇقلىما بولالايتتى. چۈنكى، «راۋاق» تىكى نۇرغۇن لاي بۇيۇملار تاۋلانمىغان لاي كېسەكتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى چۈرۈك ۋە ئاسان سۇنۇپ كېتەتتى.

[ئالتۇن ياللىتىلغان چاپلانمىلار]

مــەنىسىنىڭ «ئارقىدىكى يەر» ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئىدىم. لېكىن مەن غەربىي جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، بەش مىل كېلىدىغان قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن يول باشلىغۇچى بولمىسا بۇ جايدا پائالىيەت قىلماقنىڭ بەك مۇشكۇللىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ يەر پارچە ـ پارچە قۇملۇقلار ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، سان ـ ساناقسىز ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. بىز سول تەرەپتىكى چەت ـ ياقىغا جايلاشقان كەنتتىن «ھاڭگىيا» نىڭ دەرەخلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. ئۇ چاغدا بىز بىر پارچە تارىخىي يادىكارلىقلار چېچىلىپ ياتقان يەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقان بولۇپ، بارماقچى بولغان خارابە بۇ يەردىن تەخمىنەن تۆتتىن بىر مىل يىراقلىقتا ئىدى.

[«ئاقتېرەك» خارابىسىغە بېرىش]

روزى قاتارلىقلار ئېيتقان بۇتخانا (But—khana) ۋە ماڭا ئەكېلىپ بەرگەن لايدىن ياسالغان نەقىشلىك زىننەت بۇيۇملىرى مەندە بۇ يەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ھېچقانداق ئىمارەتنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. بىراق، بىز بۇ يەرنى يول باشلىغۇچىلار ئىلگىرى لاتا چىگىپ سانجىپ قويغان تاياق بەلگىلەر ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا تېپىۋالدۇق. ئۇ يەردە نۇرغۇن لايدىن ياسالغان ھەيكەللەردىن سىرت، يەنە نېلۇپەر يوپۇرمىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇددا ھەيكىلى، گۈلچەمبىرەكنىڭ بىر قىسمى، پۇرلىمە بولۇت، ئوت يالقۇنىنىڭ رەسمى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلار ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتە، مەن 1901 ـ يىل «راۋاق» خارابىسىدە ئۇچراتقان نۇر ھالقىسى ئىچىگە ئېلىنغان يۇلما لايدىن ياسالغان چوڭ تېپتىكى زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشايتتى. مەن «راۋاق» خارابىسىدە ئۇچراتقان لاي بۇيۇملارنىڭ ئورنىنى بۇ يەردە تاۋلانغان لاي بۇيۇملار ئالغان بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى. بىراق كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى، ئۇلارنىڭ مۇنار پەشتىقىدىكى مۇنتىزىم ياسالغان ساپال بۇيۇملار بىلەن بىرگە ساقلىنىپ قېلىشى بولۇپ، يەر يۈزىدە بولسا ئىبادەتخانا سىياقىدىكى ھېچقانداق ئىمارەتنىڭ ئىزى يوق ئىدى. قەدىمي ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىدا ئۇچرايدىغان بۇنداق لايدىن ياسالغان

هازىر پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. يېڭى ياسالغان سۇغىرىش ئۆس-تەڭلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار ئاشۇ مۇنبەت سىرىق توپىلارنى تەشنالىقتىن قۇتۇلدۇرغان ئىدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى بويلىتىپ تىكىل-گەن تېرەك، سۆگەت ۋە جىگدىلەر مۇشۇنداق قۇمغا قارشى يېڭى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەر يىلى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئالدى تەرەپتىكى تاشقىنلىق ئاقكۆل سۈيىدىن قېنىپ ئىچكەن قومۇشلۇق ۋە چاتقال بەلۋاغلىرى شەرق تەرەپتىن بۇ قەدىمكى خارابىلىككە بېسىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن ساپال بۇيۇم-لارنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. بەلكىم ئاشۇ مەزگىللەردە نو-پۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن يەرگە بولغان ئېھتىياجنىڭ بېسىمى كىشىلەر-نى «هاڭگىيا» دىكى تاشلىنىپ كەتكەن مۇنار خارابىسىنىڭ كۆپ قىس-مىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان، ئاستا- ئاستا ئىلگە-رىلەۋاتقان چۆللىشىش قەدىمىنى توختىتالايدىغان دەۋر ئاللىقاچان يې-تىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق ئىلگىرىلىشى ماڭا ئاسانلىق تۇغ-دۇرۇپ بەردى. مەن بىر كېچىدىلا بىر توپ ئىشلەمچىلەرنى توپلاپ، قەدىمىي ئىمارەتكە بولغان قېزىشنى باشلىۋەتتىم. 60 نەپەرگە يېقىن كىشىنىڭ خىزمەت قىلىشى بىلەن، مەن ناھايىتى تېزلا (9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى) بىر ئىبادەتخانىنىڭ شىمال تېمىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ سىرتقى تەرىپى 53 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، يەنە بەش ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى دەھلىزمۇ بار ئىدى. بۇ دەھلىز «دەندان ئۆيلۈك» تىكى ئىبادەتخانىغا ئوخشاشلا پۈتۈن ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى، كارىدورنىڭ سىرتقى تەرىپىدىكى قورۇق تاممۇ خاڭدال-غان توپىدىن سېلىنغان بولۇپ، قېلىنلىقى ئۈچ ئىنگلىز چىسى كې-لەتتى. ئەمما، كارىدور بىلەن ئىبادەتخانا ئارىلىقىدىكى تامنىڭ قېلىن-لىقى ئىككى ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، ئىبادەتخانا بىلەن دەھلىزنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن تەخمىنەن 42 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان جايدا توختاپ قالغان. غەربىي تېمى بۇ يەردە مەلۇم بىر ئىمارەتنىڭ يەر يۈزى بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، بۇ يەر يۈزى كارىدورى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە تۇراتتى.

قارىماققا ناھايىتى كىچىك دەپ پەرەز قىلغان بىر خارابىلىكتىن ئېرىشكەن نەتىجىلەر مېنىڭ بىر كۆڭلۈك سىنىقىم ۋە تەكشۈرۈشۈمگە ئوبدانلا ئارام بەردى. مېنىڭ كولىغۇچىلىرىم بايقاشقا پىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن بەزى چاپلانمىلار ۋە ھەيكەل بۇيۇملاردا ئاز بىر قىسىم ئالتۇن ياپراقچىلار ۋە قوشۇمچە بۇيۇملارنى بايقىدى. بۇ ئىلگىرى ياسالغان چوڭ تىپتىكى تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەرگە ئالتۇن يالىتىلغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى. مەن ئالدى بىلەن كۆز ئالدىمىدىكى بۇيۇملار ئارقىلىق، ئىلگىرى، «يوتقان» خارابىسىنىڭ مەدەنىيات قاتلىمىدىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن ياپراقچىلارغا بولغان پەرىزىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدىم. بۇ ئالتۇن ياپراقچىلارغا نىسبەتەن، مەن ئىلگىرى ئۇدۇندىكى مۇقەددەس بۇددا ئىمارەتلىرىگە ئالتۇن يالىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى كۆرگەن ئىدىم. لېكىن، «يوتقان» خارابىسىنىڭ بۇنىڭغا ئالاقىدار ھېچقانداق ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىنلىيەلىمەسلىكىدىكى ئاساسىي سەۋەب، «يوتقان» خارابىسىدىكى زىنىنەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ياغاچ ۋە سامانلىق لايلار سۇغىرىش سەۋەبىدىن نەملەشكەن تۇپراقتا ناھايىتى ئاسانلا چىرىپ ئۆز سېيماسىنى يوقاتقان.

### [تاشلاندۇق تۇپراقتا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىشى]

مېنىڭ تۇرالغۇيۇم «ئاقكۆل» (Ak—kul) گە يېقىن بىر كەنتتىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، بىز ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ شەرققە قاراپ ماڭدۇق. يول بويىدىكى قوم بارخانلىرى شۇنداق ئېگىز ھەم تاقىر ئىدى. ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن، بىز بىر پارچە تېرىلغۇ يەرگە يېقىنلاشتۇق ـ دە، ناھايىتى ھەيران قالدىم. ئىلگىرى كۆچمە قوم دۆۋىلىرى ئىگىلەپ تۇرغان يەرلەر ھازىر تېرىلغۇ يەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قوم دۆۋىلىرى ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىغان ئىدى. «ئاقكۆل» يەرلىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىلىشى 15 يىل ئىلگىرىكى ئىش بولۇپ، مەن بۇ يەردىن ناھايىتى ياخشى بىر ئىلگىرىلەش يۈنىلىشىنى تاپتىم. بۇ يەر ئەسلىدە «ھاڭگىيا» بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى بۆلىكىدىكى يەرلەرنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاشلاندۇق يەر بولۇپ،

لېكىن يۇقىرىقى ھۆكۈمگە نىسبەتەن، مەندە يەنە «ئۇششاق بۇ-يۇملار ۋەيران بولۇش تەقدىرىدىن قانداق قۇتۇلۇپ قالغاندۇ؟» دېگەن خىيال پەيدا بولدى. كېيىن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، بۇ ئىمارەت ئۆرۈلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى، يەنە مەلۇم يوقىتىش خاراكتېرلىك ئامىلنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. يادىكارلىقلار ۋە يىقىلغان تام ئارىسىدا ساقلانغان قىزىل رەڭلەر، كۆيگەن ياغاچ پارچە-لىرى، بەزى لاي نەقىشلەرنىڭ پارچىلىرىدىن كۆيگەنلىكتىن سىرلانغاند-دەك ئالامەتلەر روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوت ئاپىتىنىڭ ئالامەتلىرد-مۇ تۆۋەندىكى ھۆكۈمنى قۇۋۋەتلەيتتى: يەنى، بۇ ئىبادەتخانا دەسلەپتە بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغان بولۇپ، دەل مۇشۇ ئوت ئاپىتى-نىڭ قىزىق ھارارىتى بۇ تامدىكى چاپلانمىلارنى تاۋلاپ، رەڭلىنىشكە سەۋەب بولغان. خارابىدە بايقالغان بۇيۇملارنىڭ قاتتىقلىقى ۋە رەڭگى دەل مۇشۇ ئوتنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، چوڭ ھەيكەللەر-نىڭ ئۇستىدىكى قول، قولاق ۋە باش زىننەت بۇيۇملىرىمۇ مۇشۇ خىل تاۋلىنىشقا تەۋە بولغان. بارلىق ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش لايدىن ياسالغان بولۇپ، مېنىڭ «راۋاق»تا كۆرگەنلىرىمگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئوت ئاپىتىنىڭ ھارارىتى چوڭ ھەيكەللەرنى تاۋلاشقا كۈچ-يەلمىگەن بولسا كېرەك. قوشۇمچە لاي بۇيۇملار ۋە مۇستەقىل قىس-مىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوت يالقۇنى ئۇلارنى ئورىۋېلىپ، تاۋ-لاش ئۇنۇمى بىلەن ئۇلارنى قوغداپ قالغان. ساقلىنىپ قالغان پارچە-لاردىن سىرت، قالغان ھەيكەللەر ئاتموسفېرادا ئۇچۇق تۇرغانلىقتىن، يەنە كېلىپ يەر يۈزىدىكى بەزى جايلار تۈزلىنىپ تېرىلغۇ قىلىۋېتىل-گەنلىكتىن، تېرىلغۇ يەرنىڭ نەملىشىشى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان.

[كۆيۈپ كەتكەن ئىبادەتخانىنىڭ يۈزلىنىشى]

ئىبادەتخانا تامامەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، تاملار تۈزلىنىپ كەت-كىچە ئارىلىقتا بىر مەزگىل ئۆتكەن بولۇپ، بىز بىر قەۋەت سېرىق توپا ئارقىلىق بۇنى دەلىللەپ چىقالايمىز. بۇ توپىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 1.5 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، ئەسلىدىكى يەر يۈزىنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت يادىكارلىقلار قاتلىمى بىلەن قېلىنلىقى

بۇ بەلكىم كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىمارەت ئىزى بولۇشى مۇمكىن.
9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەن شەرق تەرەپتىكى دەھلىزدىن تەخمىنەن 24 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى يەرنى رەتلەپ چىقتىم. ئەتراپتىكى قۇم دۆۋىلىرىدىن ئۇزلۇكسىز قۇم تۆكۈلۈپ ئىبادەتخانىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى بېسىۋالغانلىقتىن، بىز مۇشۇ يەردىلا قېزىشنى توختاتتۇق. چۈنكى، قۇمنىڭ ئېگىزلىكى كىشىنى چۆچۈتكىدەك ھالەتتە بولۇپ، داۋاملىق كولاش ۋاقىت ۋە كۈچنى ئىسراپ قىلىش بولغانلىقتىن، يەنىلا ۋاز كېچىش ئاقىلانىلىك بولاتتى. ئەمما، ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكى بىلەن شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى رەتلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ يەردىكى ساپال پارچىلىرى نىسبەتەن ئاز، يەنە كېلىپ دەھلىزدە ئۇچرىغان زور مىقداردىكى ساپال بۇيۇملار بىلەن پەرقسىز ئىدى.
بىز رەتلىشىمىزنى ئاۋۋال شىمالىي دەھلىزنىڭ مەركىزىدىن باشلاپ، كېيىن شەرق ۋە غەرب تەرەپكە قايرىلدۇق. ناھايىتى تېزلا كۆپىيىۋاتقان بايقالمىلار (كىچىك تىپتىكى لاي ھەيكەل پارچىلىرى) مېنىڭ خارابىنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسىگە بولغان كۆزىتىشىمنى قۇلايلاشتۇردى. مەن ئالدى بىلەن بۇ يەردىن تېپىلماقچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا نۇر ھالقىسىغا ئورالغان چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى باشقا قوشۇمچە بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارماق، قۇلاق، چاچ دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ نەقىشلىرى ئادەمنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ياسالغان ئىدى. دەھلىز ئېمىدا چوڭ تىپتىكى ھەيكەلنىڭ بولغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن ئىككى قات قېلىنلىقتىكى تاشلاندۇقلار ئارىسىدىمۇ ئۇنداق نەرسىلەرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئۇلار بەلكىم «يوتقان» خارابىسىدىكىگە ئوخشاش ئاسان چېقىلىپ كېتىدىغان لاي بىلەن ياسالغانلىقتىن، ئاللىقاچان ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**[ئوت ئاپىتى سەۋەبىدىن تاۋلانغان لاي بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى]**

ئالتۇنلارنى ناھايىتى ئاسانلا ئۇچۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. شەكسىزكى، ئوت بىلەن نەملىكنىڭ ئورتاق تەسىرى لاي بىلەن ئالتۇن ئارىسىدىكى بىرىكىشنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن.

## [خرونولوگىيىلىك ئىسپاتلار]

يەنە كېلىپ، بۇ تاشلاندۇق ئىبادەتخانا ئۇزاق مۇددەت ئوغرىلانغان ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنداق ئوغرىلىقچە قىدىرىش ھەرىكەتلىرى بۇ رايوننىڭ ئاھالىلەر رايونىغا يېقىن جايىدىكى خارابىلەرنى ۋەيران قىلماقتا. شۇڭلاشقا، مەن ئۆتمۈشتە تامامەن قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ تاشلاندۇقلار ئارىسىدىن خرونولوگىيىلىك (يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىش ئىلمى ـ ت) ئۆلچەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارنى تېپىشقا ئانچە ئۈمىد باغلاپ كەتمىدىم. ئەمما، يادىكارلىقلارغا بولغان بىر قېتىملىق ئەستايىدىل ئىزدىنىش مېنى ئوخشىمىغان خرونولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. ھازىر بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان ساپال ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە بۇ ئىبادەتخانا «راۋاق»تىكى بۇددا مۇنارى بىلەن ئوخشاش دەۋردە بىنا قىلىنغان بولۇپ، بۇ خۇلاسە تۆۋەندىكى ھەقىقەتنىڭ دەلىللىشىگە ئېرىشەلەيدۇ: بۇ جايدا ئېرىشكەن بىردىنبىر پۇل بىر دانە يېزىق چۈشۈرۈلمىگەن مىس پۇل بولۇپ، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ پۇل غەربىي دەھلىزنىڭ يەر يۈزىگە يېقىن جايىدىن تېپىلغان بولۇپ، سىرتقى قورۇق تامنىڭ تۈۋىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ بەلكىم ئەسلىدىلا بىر سەدىقە بۇيۇمى سۈپىتىدە مەلۇم بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئاستىدا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خارابىلىكتىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە ھېچقانداق پۇللارنىڭ ئۇچرىماسلىقى ئەتراپتىكى مۇنار پەشتاقلىرىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىشلىتىلگەن پۇللار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، بىر خىل ئىنكارەن پاكىتلار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ. ھالبۇكى، ئەتراپتىكى جايلاردا بۇ خىل كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە پۇللارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ بۇ جايلارنى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئىگىلەپ تۇرغانلىقىنىڭ

تەخمىنەن ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئىككىنچى يادىكارلىق قاتـ-لىمى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئىككىنچى يادىكارلىق قاتلىمى ھازىرقى يەر يۈزىگە يېقىنلىشىدىغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۇششاق يادىكارلىق پارچىلىرى تېپىلىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق توپا قاتلىمى دەريا چۆكمىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇنداق چۆكمىلەر تارىم ئويـ-ـمانلىقىنىڭ ھەممىلا بوستانلىقىدا ئۇچرايتتى. ئۇ يەردە يېتەرلىك نەملىك بولغانلىقتىن، يەر يۈزى بارا ـ بارا ئېگىزلەپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ قاتلامنىڭ چوققىسىدا تېرىلغۇ ياكى كېيىنكى ئىمارەتلەرگە يەر بوشتىش ئۈچۈن تاملارنى ئۆرۈگەن چاغدا، ئاشۇ قاتتىق يادىكارلىق پارچىلىرى چۇشۇپ كەتكەن، كېيىن چۈشكەن يېڭى سېرىق توپىلار ئۇلارنى يەرلەر تېرىلىشتىن توختاپ تاشلىنىۋېتىلگەنگە قەدەر مۇستەھكەم قوغدىغان بولۇشى مۇمكىن.

[شامال ئۇپرىتىشىنىڭ تەسىرى]

كۆچمە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا شامالنىڭ ئۇپرىتىشى دائىم سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. ھازىرمۇ شامالنىڭ سېرىق توپىلىقتا ئۇچۇپ يۈرۈشى بىلەن نۇرغۇنلىغان يادىكارلىق پارچىلىرى ئېچىپ تاشلانغان بولۇپ، دەل مۇشۇ شامالنىڭ كۈچى بۇ يەردە تۇنجى قېتىملىق رەتلەش ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ كەڭرى كەتكەن مۇنار پەشتىقى ئارىسىـ-ـدىكى تاشلاندۇقلارنى بايقىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بۇنداق مۇنار پەشتىقى خارابىلىرىدە، ئادەتتە نۇرغۇن ساپال بۇيۇملار ۋە باشقا يادىكار-لىقلار يىراق كېيىنكى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن تۇپراق ئۈستىدە چېچىـ-لىپ ياتىدۇ. ناھايىتى كىچىك دائىرىدىكى يەردىمۇ بىز شامال كۈچىـ-نىڭ ئۇپراتقان ئىزىنى بىلەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە، يالىتىلغان ئالتۇن ئىزلىرى بولغان ئاشۇ ھەيكەل پارچىلىرىمۇ يەر يۈزىدىكى يادىكارلىق پارچىلىرى ئارىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، توپا قاتلىمىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى يادىكارلىقلار ئارىسىدا بۇنداق ئالتۇن يالىتىلغان يادىكارلىق پارچىلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، پەقەت ئالاھىدە ساقلىنىپ قالغان ھەيكەللەرنىڭ پۇرلەشمىلىرىدە ياكى ئويمان ھالەتتىكى جايلىرىدا ئۇچـ-ـراپ قالىدۇ. بۇ يەردە دائىم چىقىپ تۇرىدىغان شامال ئۇزۇن مۇددەت دالىدا ئوچۇق تۇرغان ئالتۇن يالىتىلغان ھەيكەللەرنىڭ ئۈستىدىكى

[يۇلما لايدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرى]
ئىبادەتخانىنىڭ يادىكارلىق قاتلىمىدىن بايقالغان لاي ھەيكەل پارچىلىرى شۇ قەدەر كىچىك بولۇپ، «راۋاق» خارابىسىنىڭ تاملىرىدىكى تېخىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرى ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى ھېچقانداق ئىزلار يوق. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئورۇنلىشىشىغا نىسبەتەن، ئوخشاشلىقتا ئىگە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ شەكىللىنىشىمۇ تەس. ھالبۇكى، «راۋاق» خارابىسىدىكى ھەيكەللەر ئىچىدە ئىلگىرى زىننەت بۇيۇمى قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدىغان بۇ ئۇششاق بۇيۇملارنى نىسبەتەن ئاسانراق ئىزاھلىيالايمىز ياكى ئايرىپ چىقالايمىز. بۇ خىل قولايلىقنىڭ ئۆزى مېنىڭچە يۇقىرىدا ئېيتقان ئىككى يەردىكى يادىكارلىقلارنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ بولۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولسا كېرەك.

مەيلى نەق مەيداندا ئېلىپ بارغان تاللاشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەكشۈرۈپ چىقىلغان لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى شۇنداق زور بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىنى ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىق بىلەن سىستېمىلىق گۇرۇپپىلارغا ئايرىشىمىزنى، ئىپادىلەنگەن رەسىم ۋە زىننەتلەش نۇسخىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

[زىننەت رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى پەرقلەر]
مېنىڭ ھازىرغىچە جەزملەشتۈرەلمىگىنىم بىرقەدەر چوڭراق بولغان ئولتۇرغان بۇددا ھەيكەللىرى زادى مۇستەقىل ئورۇندا قويۇلغانمۇ ياكى زىننەتلەش خاراكتېرىدىكى نۇر ھالقىسىغا ئىشلىتىلگەنمۇ؟ دېگەن مەسىلە بولۇپ، ئوخشاشلا جەزم قىلالمىغانلىرىمىزدىن يەنە بىرى بولسا بەزى تاسادىپىي ھالەتتە بىرگە ئۇچراپ قالىدىغان ئاياللارنىڭ ھەيكەللىرى ياكى ئىلاھلارنىڭ باش ھەيكەللىرى قەيەرگە قويۇلغان؟ دېگەن مەسىلىدۇر. ھەتتا بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئارىسىدا ئۇچرايدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋان ھەيكەللىرى بىلەن ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئىمارەت ھەيكەللىرىمۇ بەلگىلىك ئورۇندا بولۇشى كېرەك. كىچىك تىپتىكى چاپلانما ھەيكەللەرنىڭ مىقدارى غايەت زور بولۇپ، بەلكىم ھەتتا بەزى ئەكسىچە بولغان پاكىتلار، مەسىلەن، بەزى رەسىملەر

ئىسپاتىدۇر.

## [يىشىشقلانغان لاي ھەيكەلنىڭ تېپىلىشى]

ئەگەر بىزنىڭ «ئاقتېرەك» خارابىسىگە بولغان خرونولوگىيىلىك پەرىزىمىز توغرا بولسا، ئۇ يەردىن تېپىلغان تاۋلانغان سېغىز لايدىن ياسالغان غەلىتە مايمۇن ھەيكىلى بىلەن «يوتقان» خارابىسىنىڭ مەدەنىيات قاتلىمىدىن تېپىلغان ھەيكەلنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بىر نۇقتا كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىزنى قەدىمىي خوتەن سەنئىتى تارىخىنىڭ گۈللەنگەن دەسلەپكى باسقۇچىغا ئائىت دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. روزىنىڭ ئادەملىرى بۇ يەردىن توپلاپ ماڭا ئەكېلىپ بەرگەن يادىكارلىق ئەۋرىشكىلىرى ئارىسىدا يەنە زور مىقداردىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ساپال ھەيكەللەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مايمۇن ۋە تۆگىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ھەيكەللەر بار. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ نەرسىلەرنى «بۇتخانا»غا يېقىن بىر ئۆيرىغان يەر يۈزىدىن تېرىۋالغان بولۇپ، بىز غەربىي دەھلىزدە قىدىرىش ئېلىپ بارغان چېغىمىزدا بۇ يادىكارلىقنىڭ تېپىلغان يېرى ئىسپاتلاندى: بىز ئۇ يەرنىڭ تۆۋەنكى يادىكارلىق قاتلىمىدا ئىككى دانە چوڭ تىپتىكى مايمۇن ھەيكىلى ۋە شەرقىي دەھلىزدىكى باشقا بىر ھەيكەل پارچىسىنى بايقىدۇق. ئوخشاش قاتلامدىكى يادىكارلىقلار ئارىسىدا يەنە ساپال پارچىلىرى بولۇپ، ئۈستىگە ھەرە چىشى ۋە باشقا شەكىلدىكى گۈللەر نەقىشلەنگەن بۇ يادىكارلىقلار مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. ئىبادەتخانىغا يېقىن جايلاردىن تېپىلغان باشقا نەقىشلىك ساپال پارچىلىرىمۇ ئوخشاش بىر دەۋرگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئاشۇ مۇنار پەشتىقىنىڭ يەر يۈزىدىن تېپىلغان كىچىك بۇيۇملار مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا، بۇ خىل بايقالمىلارنىڭ خرونولوگىيىلىك دەلىللىرىگە ئەزەلدىن ئوخشاش جەزملەشتۈرۈش بولغان ئەمەس. سەۋەبى، ئۇ يەردىكى شامالنىڭ ئۆپرىتىش كۈچى كەڭ كەتكەن دائىرىدىكى ئوخشىمايدىغان دەۋرلەرگە تەۋە بولغان يادىكارلىقلارنى ئوخشاش بىر گورىزونتال يەر يۈزىگە كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

باشلىغۇچىلىرىم بۇ يەرنى «سىپيەلىك» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، مەن بۇ يەردە چاسا شەكىلدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىزىنى كۆردۇم. مەن بۇ يەر يۈزىدىنلا ئىچى توپا بىلەن توشۇپ كەتكەن ئۆپرىگەن تامنى بايقىدىم. تامنىڭ ئىچى 25 × 23 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، تۆت تەرەپنى بويلاپ ماڭغان 6.9 ئىنگلىز چىسى كەڭلىكتىكى بىر ئايلانما دەھلىزنى گەج بىلەن سۇۋالغان يەر يۈزىگە قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تەگلىك بولۇپ، تەخمىنەن توققۇز كۋادرات ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. يۇلما لايدىن قوپۇرۇلغان تام بوششىپ يىقىلغان، ھازىر ئېگىزلىكى پەقەت ئالتە سۆڭلا كېلەتتى. خۇددى «ئەندىر» دىكى ئىبادەتخانىدا بايقىغىنىمغا ئوخشاش، بۇ يەردىكى تەگلىكمۇ، شۈبھىسىزكى، بىرەر چوڭ تىپتىكى يۇلما لاي ھەيكەللەرنى ئورنىتىش ئۈچۈن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن.

[چاپلاشقا ئىشلىتىدىغان يۇلما لاي پارچىلىرى]

بولۇپمۇ ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي تېمى تەرەپتىكى يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان چاپلاشقا ئىشلىتىلىدىغان يۇلما لاي پارچىلىرى ئۇسلۇب ۋە ماتېرىيال جەھەتتە چوڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، بەزىلىرى شەرقىي شىمال تام تەرەپكە يېقىن يەرلەردىن تېرىۋېلىنغان ئىدى. مەن ئۇ يەرنى ئەسلىدىكى تام ئورنىغىچە رەتلەپ چىقتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھازىرقى يەر يۈزىدىن بىر يېرىم ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، تېپىلغان بەزى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرى «ئاقتېرەك» تىن تېپىلغان مۇناسىپ چاپلانما پارچىلىرى بىلەن بىرلا قېلىپتا قۇيۇلغانغا بەكمۇ ئوخشايتتى. بەلكىم بۇ قېلىپلارنى ياساشتا بىرلىككە كەلگەن بىرەر ئۆلچەم بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا، مەن يەنە شەكىل جەھەتتە «ئاقتېرەك» تىكى ئوخشاش تىپتىكى ھەيكەللەرگە ئوخشايدىغان، بىرقەدەر چوڭراق بولغان بۇددا ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىنى بايقىدىم.

[خارابىلەردە ئىسباتلانغان تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر]

«سىپيەلىك» تىكى ھەيكەل پارچىلىرىمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇپ، بەزى چوڭراق بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا ئوخشاشلا بۇنىڭمۇ ئۇش-

تەمىنلەپ بېرەلمەيدىغان پاكىتلار بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغاندۇر. بۇنداق ئەھۋالدا مېنىڭ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغىنىم شۇكى، ئاقتېرەكتىكى توپلانمىلار ئىچىدە ھېچقانداق پەرىزات ياكى گەندەرۋىنىڭ ئۆرنىكى يوق بولۇپ، ھەتتا تىك تۇرغان كىچىك بۇددانىڭ ئۆرنىكىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئەمما «دەندان ئۆيلۈك»، «خادىئېرىق»، «قارايانتاق»، «فارخادبېگ» قاتارلىق خارابىلەردىن قارىغاندا، بۇ رەسىملەر تاڭ دەۋرىدىكى مۇشۇ رايون خەلقلىرىنىڭ ئىبادەتخانا زىننەتلەشتىكى ئەڭ ياقتۇرىدىغان مەزمۇنلىرى بولسا كېرەك. زىننەت رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، تاڭ دەۋرى ئىبادەتخانا گۇرۇپپىسى بىلەن «راۋاق» ۋە «ئاقتېرەك» گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. ئالدىنقىسىدا بەزى رەسىملەر ناھايىتى روشەن ۋە ھەشەمەتنى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنكىسىدە چىغىرتماق گۈلىگە ئوخشاش شەكىلدىكى ئارخاتلاردىن بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ نەرسىلەر ئۈستىدىكى تەپسىلىي تەتقىقاتنى كېيىنكى تەتقىقاتچىلارغا قويۇپ قويغان تۈزۈك. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇناسىپ تەرەققىياتلار بارمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىگە ھازىرچە تېخى ھۆكۈم قىلىش قىيىن. چۈنكى، «راۋاق» خارابىسىدىكىگە ئوخشاش، «ئاقتېرەك» خارابىسىدىكى ئىبادەتخانا تاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىنىڭ ئىزلىرى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

### [«سېيەلىك»تىكى ئىبادەتخانا ئىزلىرى]

«ئاقتېرەك» خارابىسىدە ساقلىنىپ قالغان ئىمارەت ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇ رايوننىڭ شۇ دەۋردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، بۇ نۇقتىنى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يول باشلىغۇچىلىرىم ئېيتقان «كىچىك بۇتخانا» غا بولغان زىيارىتىم ئىسپاتلاپ بەردى. بىز غەرب ـ جەنۇب ـ غەرب يۆنىلىشىدە تەخمىنەن ئىككى مىل ماڭغاندا، كۆز ئالدىمىزدا پاكار قۇم بارخانلىرى ۋە ئۈزلۈكسىز ھالەتتىكى مۇنار پەشتاقلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ قۇم بارخانلىرى ۋە پەشتاقلار مۇشۇ يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «ئاقتېرەك كەنتى» نىڭ ئورمانلىرى جەنۇب تەرەپتىن كۆرۈنگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. قۇم بارخانلىرى بولمىغان تەكشى يەر يۈزىگە كەلگەندە چېچىلىپ ياتقان نۇرغۇنلىغان يادىكارلىق سۇنۇقلىرىنى بايقىدۇق. مېنىڭ يول

بەزى ئادەم سۆڭەكلىرى بولۇپ، بۇ. مەزكۇر شامال ئۇچۇرتىپ تۇرغان تۇپراقتا ئىلگىرى ئادەملەرنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مېنىڭ بۇ پەرىزىمنىڭ ئاساسى بار بولۇپ، ئىسلام دىنى مەزكۇر رايوننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئىلگىرى بۇددا مۇنارى بولغان بۇ جاينى قەبرىستانلىق قىلغانلىقتىن، بۇ يەر داۋاملىق كىشىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان مازارگاھىغا ئايلانغان. ئۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە «ئاقتېرەك» خارابىسىدىكى شامال ئۇپراتقان تۇپراق يۈزىدە چېچىلىپ تۇرغان ئادەم سۆڭەكلىرىنى نۇرغۇن قېتىم بايقىغان ئىدىم. يۇقىرىقى پاكىتلار مېنىڭ پەرىزىمنى ئوخشاش ئىزاھاتلار بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ. ئاخىرىدا، «دەندان ئۆيلۈك»، «خادىئېرىق»، نىيا قاتارلىق خارابىلەردە سادىر بولغان ئۇپراش سۈرئىتىنى مۆلچەرلەپ، بۇنىڭدىن مەزكۇر خارابىلەرنىڭ تاشلىنىپ كەتكەن يىل دەۋرىگە ئېنىقراق ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇكى، «ئاقتېرەك» ۋە «سېيەلىك» خارابىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان «گېئولوگىيىلىك شاھىتلار»نىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى كىشىلەرنىڭ بۇ خارابىلەردە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ، ئىسلام دىنى مەزكۇر رايوننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنمۇ نەچچە ئەسىرگىچە داۋاملاشقانلىقىنىڭ دەلىلىدىن ئىبارەت.

## [«سېيەلىك»تىكى بۇددا مۇنارىنىڭ ئىزى]

يۇقىرىقى تاشلاندۇق ئىبادەتخانىدىن سىرت، مېنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىم ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن ئىمارەت خارابىسى — ئىككى يەردىكى كىچىك پەشتاق ئىزلىرى بولدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاشلاندۇق ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىدىن تۆتتىن بىر مىل كېلىدىغان بىرسىنىڭ تەگلىك قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تەخمىنەن 16.5 كۋادرات ئىنگلىز چىسى، ئېگىزلىكى ئۈچ ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. جەنۇب تەرەپتە تەدرىجىي ئۆرلەيدىغان پەلەمپەينى كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، تېگىنىڭ كەڭلىكى سەككىز ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. يەنە بىرسى بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى تۆتتىن بىر مىل كېلەتتى. كېيىنكىسى سەل كىچىكرەك، بۇزۇلۇشىمۇ ئالدىنقىسىدىن ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭ تەگلىكى 8.8 كۋادرات ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئەڭ ئاستىدىكى ئېگىزلىكى

تۇمتۇت ئوت ئاپىتىدىن ئۆتكەنلىكىدىن گۇمانلانغىلى بولمايدۇ. يەنە زور مىقداردىكى ئالامەتلەر تاشلىنىپ كەتكەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بۇ خارابە ۋە ئەتراپىتىكى يەر يۈزىدە ئوخشاش بولغان بەزى فىزىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىبادەتخانا ئىچىدىكى توپا ۋە كېسەك قاتلىمىدىكى نۇرغۇنلىغان تۇرۇبىسىمان قالدۇقلارغا كەلسەك، بۇلار دەرەخ بولۇپ، بۇ مەزكۇر خارابىنىڭ خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە تېرىلغۇ يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى، ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ يەر يۈزىدىكى تاملارنى ئۆرۈۋېتىپ، كېرەك بولىدىغان ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خارابە رايونىدىكى يەرلەر تاشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، شامالنىڭ ئۇپرىتىشى بۇ يەردە خېلى بىرمەھەل داۋام قىلغان بولۇپ، ئالتە ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى ئۈستىدە چوڭ ساپال پارچىلىرى تاشلىنىپ ياتقان كىچىك سۇپىلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ چوڭ ساپال پارچىلىرى سۇپىلارنى قوغداپ قالغان، ئۇلار سۇپىلارنىڭ «گېئولوگىيىلىك شاھىت» لىرىدىن بولۇپ، بۇ مۇنار پەشتاقلىرى ئارىسىدا قەدكۆتۇرۇشىگە سەۋەب بولغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شامال ئۇپرىتىش ۋە كۆچمە قۇملار يەر يۈزى دائىرىسىنى چوڭقۇر ئويۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## [ساپال پارچىلىرى ۋە ئادەم سۆڭەكلىرى]

ناھايىتى روشەنكى، شامالنىڭ ئۇپرىتىش كۈچى تەسىرىدىن، خارابە ئۈستىدە بايقىغان ساپال پارچىلىرى (مەن ‹سېيەلىك› تىن تېرىۋالغان ۋە ‹ئاقتېرەك› كە قايتىش سەپىرىمدە تېرىۋالغان ساپال پارچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بەلكىم پەقەتلا ئوخشاشمىغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇشى، بۇلاردىن خېلى زور بىر قىسمى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مېنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىم پۇتكۇل «سېيەلىك» ۋە «ئاقتېرەك» خارابىسىدىن ئەكېلىپ بەرگەن يارماق پۇللار ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى پۇللار ۋە سۇڭ سۇلالىسىگە تەۋە مىس پۇللار بولۇپ، بۇ پەرىزىم بەزى جايلاردا كۆپلەپ ئۇچرايدىغان يېشىل ۋە كۆك رەڭدىكى ساپال پارچىلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى.

تاشلاندۇق ئىبادەتخانا ئەتراپىدىكى ساپال پارچىلىرى ئارىسىدا يەنە

خ . ۋ . بايلېي [ ئەنگلىيە]

# «خوتەن تېكىستلىرى» توغرىسىدا

## گائۇستانا — ساكلارنىڭ خوتەندىكى خانلىقى

1. ھازىر خوتەن دەپ ئاتالغان رايوندىكى بۇ بەگلىك تارىختا ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن. مىلادىيە 3 ـ ئەسىر ئەتراپىدا يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان قارۇشتىچە ھۆججەتلەردە khotana دەپ يېزىلغان. سەل كېيىنكى دەۋردە يېزىلغان براخمىچە ھۆججەتلەردە Hvatana دەپ يېزىلغان. تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ Hvamna ۋە Hvam دەپمۇ ئېلىنغان. ئەڭ كېيىنكى يەرلىك تېكىستلەردە بولسا Hvamksira (خوتەن زېمىنى) دېيىلگەن. بۇ نام «t» تاۋۇشى ئۆز-گــەرمىگەن ۋە دەسلەپكى يېڭى پارسچىدا كۆپ ئۇچرىغان چاغلاردىلا غەربكە تونۇلغان. يەرلىك كىشىلەر بۇددىزىم سانسكرىت تىلىدىن پەخىر-لەنگەن ھالدا، ھەر خىل سۆپەتلەر بىلەن ئۇنى Gaustana دەپمۇ ياز-

【 ئىلاۋە】 «خوتەن تېكىستلىرى» ئەنگلىيە ئايال پادىشاھ ئىنىس-تىتۇتىنىڭ ئالىي ئەزاسى ۋە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى سانسكرىت تىلى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور خ.ۋ.بايلېي تەرىپىدىن توپلىنىپ رەتلەنگەن بەش توملۇق ئەسەر. ئۇنىڭدىكى تېكىستلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى خوتەننىڭ بۇددىزىم مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە شۇ جايدا ياشىغۇچى خەلق-لەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھۆججەتلەردىن ئىبارەت.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ بۇ رايونغا بولغان تەتقىقاتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار دەسلەپتە بۇددىستلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باكتېرىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھازىرقى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، مارالبېشى، كۇچا ۋە كرورانلارغىچە كېڭەيگەن

ئۈچ ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان تەگلىكىنىڭ ئۈستى تەرىپى تامامەن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىدى.

[كەڭ تارقالغان مۇنار پەشتاقلىرى]

مېنىڭ «ئاقتېرەك» تىكى ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈشتىن ئېرىشكەن-لىرىم پەقەت ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى نەتىجىلىرىم بولۇپلا قالماس-تىن، يەنە مېنىڭ تەپەككۇرۇمغىمۇ ئىلھام بولدى. بۇ كەڭ كەتكەن جەمجىت مۇنار پەشتاقلىرى ئاستىدا، بەلكىم يەنە بەزى خارابىلەر ساقلىنىپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن. شامالنىڭ ئۇپرىتىش كۈچى بۇ يەرنىڭ ئاساسىي يەر قىياپىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، كۆچمە قۇملار ۋە سېرىق توپىلار شەرقتىن غەربكە قاراپ 12 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى بىر لىنىيىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ جەزمەن مېنىڭ يول باشلىغۇ-چىلىرىم بىلىدىغان نەرسىلەردىن كۆپرەك نەرسىلەرنى ئۆز قوينىدا ئەل-لەيلەپ ياتقان بولسا كېرەك. مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ئۇزلۇكسىز داۋاملاش-قان دەۋرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئارتۇقچە. ئەمما، ئۇپرىتىش رولىنىڭ تەسىرى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئۇ بەل-كىم يىراق مەزگىللەردىكى كىشىلەر قالدۇرغان، تېخىمۇ قەدىمىي بولغان ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلارنى ئاشكارىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ تۇپراقتا ئىلگىرى سۇغىرىش ۋە قۇملىشىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ قانچە قېتىملاپ سادىر بولغانلىقىنى ياكى قايسى زامانلاردىكى يېڭى بىر نۆۋەت-لىك سۇغىرىلغان مۇنبەت تۇپراقنىڭ ھازىر توپا ئۈچۈپ يۈرگەن بۇ ئوچۇق - ئاشكارا يادىكارلىقلارنى قايتا كۆمۈۋېتىشىنى بولسا ھېچكىم بىلىشكە قادىر ئەمەس.

گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 – يىل 10 – ئايدا نەشر قىلغان ئاۋرېل ستەيىننىڭ «خوتەن بوستانلىقىغا قايتا كەلگەندە» ناملىق كىتابىدىن

داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى

3. خوتەن توغرىسىدىكى مەنبەلەر يازما ھۆججەت ۋە ئارخېئولو-گىيىلىك قېزىلمىلاردىن ئىبارەت. بۇ مەركىزىي رايوننىڭ ئاسىيا تارى-خىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئەھمىيىتى گېرمانىيا، رۇسىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان، فرانسىيە، جۇڭگو، ياپونىيا ۋە شۋېتسارىيىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئەۋەتىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن 1936 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە ئائىت زور مىقداردىكى يەرلىك ماتېرىياللار يىغىلدى. بۇ ماتېرىياللار بېيجىڭ، فورت ئارتۇر، دېھلى، پارىژ، بېرلىن، لېنىنگراد، ستوك-ھولم ۋە لوندون قاتارلىق شەھەرلەردە ساقلانماقتا.

خوتەنگە ئائىت مەنبەلەر تىبەت، خەنزۇ ۋە ھىندىچە بۇددا كىتاب-لىرىدا ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى كروران (kroraina) دىن چىققان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر، مازارتاغ ۋە نىيەدىن چىققان تىبەتچە تېكىستلەردۇر. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى خوتەن بۇددىزمىغا ئائىت تىبەتچە تارىخىي خاتىرىلەر تېخىمۇ مۇھىمدۇر. بۇ تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئەسلىي نۇس-خىسى يىرتىلىپ كەتكەن. بىراق، تىبەتچە تېكىستتە ئىشلىتىلگەن بەزى يەرلىك سۆزلەر ئەسلىي نۇسخىنىڭ ئېھتىمال خوتەنلىكلەرنىڭ تىلىدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خوتەن، قەشقەر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا بەگلىكلىرىگە ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەر ھەرقايسى «سۇلالىلەر تارىخى» ۋە دۇنخۇاڭدىكى ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان ھۆكۈمەت ھۆججەت-لىرىدە ساقلانغان. يېقىندىن تېپىلغان بۇ خەنزۇچە تېكىستلەرنىڭ بىرى-دە Candragarbha — sutra ۋە surya garbha — sutra ناملىق بۇددا تېكىستلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان خو-تەننىڭ ئىلاھىي ھامىيسى توغرىسىدىكى بۇددا ئىدىيىلىرى ئۆز ئىپادى-سىنى تاپقان.

4. خوتەننىڭ تاشقى مۇناسىۋەت تارىخى كىشىنى قايىمۇقتۇرىدۇ. بەزى ھۆججەتلەردە قوشنا بەگلىكلەر بىلەن، جۈملىدىن قەشقەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلار خاتىرىگە ئېلىنغان. بىراق، خوتەنگە تەسىر كۆرسى-

غان. 9 ـ ئەسىردە جۇڭگونىڭ شاجۇدىكى سەلتەنىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە Yuttina دەپ يازغان. 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە تىبەتلەر بۇ زېمىننى Li ، ئۇنىڭ پايتەختىنى — Hu — then, Hu — den, Hu — ten ۋە yvu — then دەپ ئاتىغان.

2 . 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماركوپولو بۇ بەگلىك توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. يەرلىك تېكىستلەردىن بىز بۇ رايوننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن kapaysa (كاپايسا — پاختا) ، kumba (كۇمبا — زىغىر) ، kamba (كامبا — كەندىر) ، ganam (گانام — بۇغداي) ، gura (گۇرا — ئۈزۈم) ، mau (ماۋ — ئۈزۈم ھارىقى) ۋە باشقىلارنى ئۇچرىتىمىز.

---

ھىندستان مەدەنىيىتىنى بايقىدى. توپلانغان بۇ ھۆججەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەدىمكى خوتەندە يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە ھىندستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساكلار ياكى ھىندى سكىتايلىرى تىلىنىڭ بىر دىئالېكتىدا يېزىلغانىدى.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ 1 ـ تومى 1946 ـ يىل، 2 ـ تومى 1954 ـ يىل، 3 ـ تومى 1956 ـ يىل، 4 ـ تومى 1961 ـ يىل، 5 ـ تومى 1978 ـ يىل نەشردىن چىققان. پروفېسسور بايلېي يەنە 1978 ـ يىل «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى»نى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئۇنىڭ 1934 ـ يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

«خوتەن تېكىستلىرى» نىڭ 4 ـ تومى پروفېسسور ھېدىن يىغقان ھۆججەتلەردىن رەتلەنگەن بولۇپ، بۇ توم باشقا توملاردىكى بۇددا تېكىستلىرىدىن پەرقلىق بولغان، مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ئەدەبىي پارچىلار، سودا ـ سېتىق ھۆججەتلىرى ۋە ھەربىي پەرمانلاردىن تەركىب تاپقان.پروفېسسور بايلېي بۇ تېكىستلەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە ترانسكرىپسىيىلىرىگە بولغان قىسقىچە باھالىرىنى قوشۇپ بۇ تومنى تۈزۈپ چىققان.بايلېي ئەپەندى «خوتەن تېكىستلىرى» نىڭ 4 ـ تومىدا قەدىمكى خوتەننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن، تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

ئارىسىدىكى ئاخىرقى ئۇرۇش باشلاندى. 1009 - يىلى خوتەننىڭ مۇ-سۇلمان ھۆكۈمرانى سۇلۇك سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇددا دىنىدىكى خوتەن بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

5. خوتەن تىلىدا يەتتە خىل ئوخشاشمىغان ئېلېمېنتنىڭ ئىزىنى بايقاش مۇمكىن. ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنت ئىران تىلى بولۇپ، خوتەندە بۇ تىلنىڭ ساپ گۇرۇپپىسى قوللىنىلغانلىقى پاكىت. بۇ تىلغا شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەر خوتەنچە (Hvatana—a) دەپ نام بەر-گەن. غەيرىي ئىران تىلىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ يەنە بىرى تېخى ئىرانچە ئىكەنلىكى بېكىتىلمىگەن كىشى ئىسىملىرى ۋە يەرناملىرىدا كۆرۈلى-دۇ. مەسىلەن: Phana (پانا)، Khaukula (خاۋكۇلا)، Buttaka (بۇتتاكا)، Vimgula (ۋىمگۇلا) دېگەن ناملار. سىرتتىن كىرگەن ئېلېمېنتلارنىڭ بىر قىسمى گرېكچە، كۆپىنچىسى ھىندىچە بولۇپ، ماۋزۇلاردا بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلەر ۋە كىشى ئىسىملىرى ئۇچراي-دۇ. بۇ خىل غەيرىي ئېلېمېنتلار تىبەتچە ناملار ھەم كۆپلىگەن تۈركچە سۆزلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. arsali (ئەرسەلى)، ttamguysi (تامگۇيسى) دېگەندەك ئىسىملار بەزى چاغلاردا تۈرك بولمىغان كىشى-لەرگىمۇ ئىشلىتىلگەن.

بەگلىك بېشى يۇقىرى ئىمتىيازلىق پادىشاھ بولۇپ، 661 - نومۇرلۇق قارۇشتىچە ھۆججەتتە Maharaya, rayatiraya (ئۇلۇغ پادى-شاھ، شاھىنشاھ) دېگەن ھىندىچە ئاتالغۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن Azes (ئازېس) ۋە Indaravarma (ئىندراۋارما) نىڭ ئوغلى Aspavarma (ئاسپاۋارما) نىڭ تەڭگىلىرىدە گېنېرال مەنىسىدىكى Hinajha (ھىنايھا) سۆزى ئۇچرايدۇ. ھۆججەتلەردە يەنە dheva (دېۋا - ئىلاھ) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. دېۋا سۆزى خوتەنچە ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدا jasta (جاستا) شەكلىدە ئېلىنغان.

خوتەن خانى ۋىسادارما (Visa Dharma) شانۇشەۋكەتلىك ئىلاھ، خوتەننىڭ شاھىنشاھى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلەنگەن. تىبەت خانلىرى ئۈچۈن ئېتىقادا خوتەن خانى «خوتەننىڭ خۇداسى» ئىدى. شاھنىڭ خانىشى rrina (رىنا) دەپ، شاھزادە ۋە مەلىكىلەر rraspura

تىدىغان بىرلەمچى ئامىل سىرتتىن كېلىدىغان ئۈچ خەۋپ يەنى كۆچ-مەن چارۋىچىلار، مەسىلەن: هون، تۈرك، سۇپىيا (supiya) ۋە خېيناخوجا (Heina — khoca)، جۇڭگونىڭ كۈچلۈك قوشۇنى ۋە تىبەت بولغان. بىر بۆددا تېكىستىدىكى خوتەنچە شېئىردا خېيناخوجا، هون، خەنزۇلار ۋە سۇپىيالارنىڭ خوتەن زېمىنىنى ۋەيران قىلغانلىقىغا بولغان قاتتىق ئېچىنىش ئىپادىلەنگەن.

ئىچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن مەلۇم بولىدۇ. قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەن بەگلىكىدە 3300 ئائىلە يەنى 19 مىڭ 300 نوپۇس بارلىقى، ئۇلاردىن 2400 كىشى لەشكەر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. خوتەن بىر مەزگىل قەشقەرنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قايتا مۇستەقىل بولغان. شۇندىن كېيىن تاكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانغا قەدەر قوشنا بەگلىكلەر بىلەن تىركىشىپ ئۆزىنى ساقلاپ كەلگەن.

شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار 5 - ئەسىردە خوتەنگە تاجاۋۇز قىلغان. خوتەننىڭ تارىخىي هۆججەتلىرىدە خوتەننىڭ تۈركلەر (Druggu) تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىق ئەهۋالى خاتىرىلەن-گەن. ئېفتالىت (Heftal) لار 502 - يىلدىن 550 - يىلغىچە خوتەنگە هۆكۈمرانلىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسى خوتەننى تۆت هىراۋۇل مەهكە-مىسىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ تارىم رايونى-دىكى تەسىرى باشلاندى. 659 - يىل تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ هۇجۇمىنى چېكىندۇردى. 714 - يىلدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باشلى-غان تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەت ئارىسىدىكى توقۇنۇش 790 - يىلى خوتەندىكى تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى تىبەتلەر ئىگىلىدى. تىبەتلەر خەنزۇلارنى خوتەندىن 140 يىلغا يېقىن ئايرىۋەتتى. 860 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تۈركلىرى تىبەتلەرگە زەربە بېرىشكە باشلىدى. 938 - يىل خوتەن خانى لى شېڭتيەن جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. 966 - يىل ئۇنىڭ ئوغلى خانلىق تەختىگە چىقتى. 971 - يىلى خوتەن بىلەن قەشقەر

تارىخىي خاتىرىلەردە بىجايا ساڭراما تەرىپىدىن سىپلىنغان گۈزاتتا ئىبا-دەتخانىسى قەيت قىلىنغان. گۇسامدا نامىلىق تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان سامانىيانا ئىبادەتخانىسىدا يېزىلغان jataka—stava نامىلىق شېئىرنىڭ شۇ يەردە خوتەنچىگە تەرجىمە قىلىنغانلىقى تىبەت ۋە خەنزۇچە مەنبە-لەردىن مەلۇم بولىدۇ.

گرېكلارمۇ خوتەندە ئاز ـ تولا ئىز قالدۇرغان. بىز بەزى ئۆلچەم بىرلىكلىرىدە گرېكچە ئامىللارنى بايقايمىز. دورىلارنىڭ گرېكچە مىقدار سۆزى orarijp (قاداق) دەسلەپكى قارۇشتىچە تېكىستلەردە Satera، Sadera، تىبەتچىدە sran، خوتەن تېكىستلىرىدە دەسلەپ satira، كېيىن sera شەكلىدە ئۇچرايدۇ. پارسچىدا ister, sater دەپ يېزىلغان گرېكچە دراخۇن قارۇشتىچە دراخما ۋە trakhma، خوتەندە drammaja ۋە drammaa شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

رىمچە دىنار (denarius) خوتەنگە بۇددا تېكىستلىرى ئارقىلىق dinara شەكلىدە يېتىپ كەلگەن ھەم سانسكرىتچە hiranya (تەڭگە ئالتۇن) دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلىشتا ئىشلىتىلگەن. ئاگنىدا بىز «تىنار» شەكلىنى بايقايمىز. ھىندىلار سانسكرىتچە «dinara» دەپ يازغان. خوتەنلىكلەرنىڭ يەرلىك كالېندارى بولغان ئايلارنىڭ ناملىرى ھازىرغا قەدەر مۇستەقىل ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن. ئەڭ دەسلەپ قارۇشتىچە ھۆججەتلەردە، كېيىن تۈركلەردە 12 ھايۋان نامىنى ئايلانما بىرلىك قىلغان يىل ھېسابلاش ھادىسىسىنى بايقايمىز.

خوتەندە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. ھالبۇكى، بىز خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتەشپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا چوقۇنغانلىقىنى كۆرىمىز، قەشقەرلىكلەر ئاتەشپەرەسلىككە چوقۇنغان. جۇڭگولۇقلار Hien سۆزى ئارقىلىق قەدىمكى پېرسىيىدىكى زوروئاستىرلارنىڭ ئاخۇرامازداغا بولغان چوقۇنۇشىنى ئىپادىلىگەن. 677 ـ يىلى ساسانىلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ مۇساپىر ئوغلى پېروز جۇڭگونىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغان. خو-تەندىن تېپىلغان تېكىستلەر خوتەنچە ياكى تىبەتچە بولسۇن، بۇددا دىنىغا ئائىتتۇر. بۇرۇنقى ئىرانلىقلارنىڭ ئېتىقادىغا ئائىت ئاز ـ تولا

(راسپۇرا) ۋە rraysdutar (رايسدۇتار) دەپ ئاتالغان. ۋىسادارمانىڭ يىلنامى شۇنا (Ksuna) بولۇپ، بىز ئىككى خىل ئەھۋالدىكى شۇنا 36 ـ يىلى دېگەن ئىككى يىلنامىنى ئۇچرىتىمىز.

خوتەن خانلىرىنىڭ فامىلىسى ۋىسا (Visa) بولۇپ، ئۇ Vi نىڭ سۇپەت شەكلى. بۇ نام ھەر خىل يەرلىك ھۆججەتلەردە Vijatta, Vijita, Vasam, Visa دېگەن شەكىللەردە، قارۇشتىچە يازمىلاردا Vijida ، تىبەتچە مەنبەلەردە Byiza, Bzah, Biza, Bi—dza—ya ، خەنزۇچىدا 尉迟 دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىندىچە ئىككى سۆز Vijita ۋە Vijaya (غەلىبە) غا بېرىپ تۇتىشىدۇ.

خوتەن تىلىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ تىبەتچە تەرجىمىسىدە خان ۋە خانىشلارنىڭ ئۆزۈندىن ئۆزۈن شاھانە سۈپەتلىرى ئۇچرايدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردىن بىز يەنە قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى ئەھۋاللارنى بىلىشىمىز مۇمكىن. Bi—dza—ya Dza—ya نىڭ بىر ئايالى جۇڭگولۇق مەلىكە Punesvar بولغان. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى پادىشاھ Hdon—hdros جۇڭگولۇق مەلىكە Sorgra نى ئەمرىگە ئالغان. Bi—dzayaNanda نىڭ يالغۇز قىزى نام خانىغا ياتلىق بولغان. Bi—dza—ya Sangrama نىڭ قېرىندىشىنىڭ ئايالى تۈرك ئايال بولغان. بىجايا بالانىڭ ئايالى Su—boka يەكەنگە يېقىن بولغان Bcu—gun—pan (قاغىلىق) شاھىنىڭ قىزى ئىدى. Bi—dza—yaSimha نىڭ ئايالى قەشقەرلىك كەنچەكلەردىن ئىدى.

خوتەن شاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى ماھاسامماتا ۋە ئاسوكا-لاردىن ئىزدەيدۇ.

7. ھۆججەتلەردىن ھەر خىل كىشى ئىسىملىرى نامايان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ datta بىلەن ئاياغلاشقانلىرى ھىندىچە ئىسىم-لار، باشقىلىرى يەرلىك ۋە ئىرانچە بولمىغان ئىسىملاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، شانىدا، سىرپۇكى، ماداسا، Hvrrividt ۋەھاكازالار.

خوتەن تارىخىي ھۆججەتلىرىدە يەرلىك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن بىللە نۇرغۇن مۇقەددەس يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. ئەينى دەۋر تېكىستلە-رىدە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەشھۇر ناملار كۆزگە چېلىقىدۇ.

ساقلىنىپ قالغان. كۇچا، ئاگنىلاردىمۇ بۇ تېكىستنىڭ ھىندىچە ۋە يەرلىك تىللاردىكى ئالاھىدە ئىزاھلار قوشۇمچە قىلىنغان نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىغا ئېرىشتۇق.

خوتەن تىلىدىكى بۇددىزمغا ئائىت تولۇق ۋە تولۇقسىز ئەدەبىي تەرجىمىلەر ناھايىتى مول. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، بىراق دىنىي تېرمىنلار خوتەنچىدە ئەركىن قىسىملار سۈپىتىدە سانسكرىتچىدىن ئەمەس، غەربىي شىمالىي پراكرىتتىن ئېلىنغان. كروراندىمۇ شۇنداق يېزىلغان.

خوتەن ھەققىدىكى تارىخىي مەنبەلەردىن بىز خوتەندە Mahasanghika مەزھىپىدە 16 ۋىخار بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار پراكرىتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز غەربىي شىمالىي ھىندىستان پراكرىت يازما ھۆججەتلىرىدىن مەزكۇر مەزھەپنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقايمىز. خۇددى شۇنىڭدەك كابۇلنىڭ 30 مىل غەربىدىكى ۋارداكتىن چىققان لوڭقا ۋە Mathura تۇۋرۈكنىڭ شىر شەكىللىك بېشىدا ئۇنىڭ نامى ئۇچرايدۇ. Sarvastivada مەزھىپى خوتەنگە كېيىنرەك كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇددا سانسكرىتچىسىنى قوللانغانلىقى مەلۇم.

ئوخشاش تارىخىي مەنبەلەردىن بىز خوتەندە سەھنە ئويۇنلىرىنىڭ ئوينالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ درامىلار no—le دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ خوتەنچە nalai نىڭ تىبەتچە ئېيتىلىشى ئىدى. بۇ سۆز پراكرىتتا «ناداگا» ، كونا ھىندىچە «ناتاكا» دېگەن شەكىللەردە قوللىنىلغان. سانسكرىتچە ۋە قەدىمكى پراكرىتچە بۇددا درامىلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە ئەڭ دەسلەپكى ھىندىستان درامىلىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىن تېپىلدى. بۇ دراما پارچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خوتەنچە ئەمەس. ئاگنىدىن تېپىلغان تولۇقسىز تېكىستلەر بىسلىپ چىقتى. باشقا تېخى ئېلان قىلىنمىغان تېكىستلەر كۇچادىن تېپىلغان.

خوتەن بۇددىستلىرى مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقىتىدا تەرجىمە بىلەن ھەپىلەشكەن بولۇپ، ئىجادىي ئەسەرلەر ئۇچۇن ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئاجرىتالىغانلىقى مەلۇم. بىز مۇشۇ ناھايىتى يېتەرسىز ماتېرىياللىرىمىز

ئاملىلار بۇ بۇددا كىتابلىرىغا سىڭىپ كىرگەن. يەرلىك ھۆججەتلەردە مانى دىنى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات تېپىلمايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەننىڭ 961 ـ يىل جۇڭگو ئوردىسىغا مانى دىنى ئۇستازلىرىنى ئەۋەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. گەردىزىنىڭ تەخمىنەن 1050 ـ يىلغا ئائىت ئەسىرىدە دېيىلىشىچە، خوتەننىڭ ئۆزىدە ئىككى خىرستىئان چېركاۋى بولغان. خوتەن تېكىستلىرىنىڭ بىرىدە Kirastana نامى ئۇچرايدۇ.

ئىرانچە «ئاخۇرامازدا» دېگەن نام يەككە ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بولۇشتىن قېلىپ، تەدرىجىي ھالدا urmaysde شەكلىدە «قۇياش» مەنىسىدە قوللىنىلىشقا باشلىغان. ئۇ «سەگلەخ» تىكى پامىر دىئالېكتىدا ئورموزد، «ئىشكەشم» دە رېمۇز شەكلىدە ساقلانغان.

«چوقۇنماق» سۆزى gyays,gyaysna,gyasta تۇمشۇقتا jezda دەپ قوللىنىلغان بولۇپ، «ئاۋېستا» دا «ياز» ۋە كونا پارسچىدا «ياد» دېيىلگەن. «ئالۋاستى» دىۋۋا (dyuva) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ كونا پارسچىدا دەيۋا، «ئاۋېستا» دا daeva دېيىلگەن. بۇ كونا ئىبارە يېڭى بۇددىستىك ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشتە قىسمەن قوللىنىلغان. بۇددا دىنىدىكى تەقدىر ئىلاھى شىرى (Sri) خوتەندە Ssandramata (ساندراماتا) دېيىلگەن.

خوتەنگە دائىر تارىخىي خاتىرىلەر ۋە شۇ دەۋرگە ئائىت يەرلىك ھۆججەتلەر پۈتۈلگەن چاغدا، خوتەندە بۇددىزم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. بۇددىستلار خوتەندە مول ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. «ستاۋاجاتاكا» غا يېزىلغان كىرىش سۆزدىن بىز خوتەندىكى بۇددا مۆخلىسلىرىنىڭ سانسكرىتچە قوللىنالايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بۇددىست Vedyasla بۇددانىڭ قۇدرىتىگە ئائىت «Jatakastava» ناملىق بىر شېئىر يازغان. خوتەننىڭ ئۇلۇغ شاھى VisaSura بۇ شېئىرنى خوتەنچىگە تەرجىمە قىلىشنى بۇيرۇغان. خوتەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى پراكرىتتىن مەشھۇر ئەسەر «دارماپادا» غا ئائىت بىر قارۇشتىچە ھۆججەت پارچىسى تېپىلدى. مارالبېشى تۇمشۇقتا قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان بىر Karma—vacana تېكىستى

گەن. ئۇ نامدار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، جۇڭگودا بەگ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

بۇددىزم ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلار ئىچىدە دانىشمەن بىلەن نادان توغرىسىدىكى چۆچەكلەر توپلىمى بار. بۇ چۆچەكلەر 5 ـ ئەسىردە خەنزۇچە خاتىرىگە ئېلىنغان. سەككىز جۇڭگولۇق بۇددىست راھىب بىر بۇددا يىغىلىشى ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ خوتەننى زىيارەت قىلغان. دىندار زاتلار بۇ يىغىلىشتا سۇترالارنى يادلىغان. ھەرقايسىسى ئۆز قابىلىيىتى بويىچە ئۆزىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى كىتاب «ۋىنايا» نى شەرھلىگەن. زىيارەتچىلەر ئۇنى ئاڭلىغان ۋە قايتىش يولىدا تۇرپاندا توختاپ خوتەندە ئاڭلىغانلىرى بويىچە «ئاۋاداناس» ناملىق بىر كىتابنى تۈزگەن.

خوتەندە بىز ساكلارنىڭ نۇرغۇنلىغان قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تىلى ھىندىستاندىكى ساكلارنىڭ تىلى ۋە كۇسەنچىگە يېقىن مۇناسىۋەتلىك تىل ئىكەنلىكى مەلۇم. خوتەندە ۋە ھىندىستاندىكى ساكلاردا hara (سوۋغا) سۆزىنى بايقايمىز. بۇ سۆز ئارقىلىق بىز تۇمشۇقتىن تېپىلغان پارچىلاردىكى ئۇلارغا زىچ مۇناسىۋەتلىك تىلنى سېلىشتۇرالايمىز. ئۇنىڭدا «بەرمەك» سۆزى ror بولۇپ، خوتەن ۋە ھىندىستاندىكى ساكلاردا ha بولۇپ قالغان. خوتەن ۋە تۇمشۇقتىكى بۇ ئىككى ساك دىئالېكتى ئارىسىدىكى باشقا پەرقلەر، ئۇلارنىڭ يۇكسەك ئورتاقلىقى بىلەن بىللە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردە ساكلار قەشقەردىن غەرب تەرەپكە قاراپ تارالغان، دېيىلگەن. بىز شۇنى جەزملەشتۈرىمىزكى، مىلادىيەدىن ئىلگەرىكى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بىر ساك قەبىلىسى خوتەنگە، يەنە بىرى تۇمشۇققا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىغا ئايلانغان.

*يۇقىرىقىلار پروفېسسور بايلېينىڭ خوتەن ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئۇ «خوتەن تېكستلىرى» نىڭ 5 ـ تومىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بۇ تېكىستلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى توغرىسىدا*

ئىچىدە يەنە بەزى چوڭ كىتابلارنىڭ پەقەت بىرنەچچە بېتى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، دىنىدىن خالىي يەرلىك ئەدەبىياتنىڭ ئاز ـ تولا ئىزلىرىنى بايقايمىز. تۆۋەندىكىسى باھار كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن شېئىر (ئەسلىي ترانسكرىپسىيە قىسقارتىلدى). تەرجىمىسى:

*باھار كەلدى، جاھان ئىسسىدى، دەل ـ دەرەخلەر رەڭگارەڭ چېچەكلەرگە تولدى. يۇگىمەچلەر ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۇلار مەيىن شامالدا يەلپۈنمەكتە. ئورمانلىقتىن كەلگەن شامال شۇنچە ئىللىق، نېلۇپەر كۆللىرى، بۇلاقلار، كۆلچەكلەر، تۆپىلىكلەر گۈللەپ ياشنىدى. قۇشلار ئەڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. سۇ فونتانلار ئەتراپىدىكى يېشىل قىرغاقلارغا تېشىپ چىقىشقا باشلىدى. كۆللەر تۇتۇلۇشقا باشلىدى، جان ـ جانىۋارلار ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى.*

شاندانىڭ قىزى ــ شاجۇدا تۇرغۇچى بۈيۈك مەلىكە ئۆز شېئىرىدا خوتەندىكى دادىسى ۋە تۇغقانلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك بەزى لىرىك شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تەرجىمىسى:

*سۆيگۈنى نامايىش قىلىدىغان چاغدا گۈللەر ئۆسىدۇ. مەن بۇ كۆركەم ھەم خۇش پۇراق ئەنبەرگۈلگە موھتاجمەن. ئەگەر بۇ ئەنبەرگۈل قوللىرىمدا سولىسا مەندە يەنە سېنى ئەسلىتىپ تۇرغۇچى ئەنبەرگۈل قالمايدۇ.*

خوتەن بۇددىزم تەتقىقاتىنىڭ بىر مەركىزى ئىدى. جۇڭگولۇق بۇددىست ۋە ماركىز Ku—King—sang—VTsu ــ ناملىق ئەسىرىدە دىيانىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش مەقسىتىدە خوتەنگە كەلگەن. خوتەنلىك كىشىلەرنىڭمۇ ئىچكىرىگە بولغان تېخىمۇ زور قىزىقىش ئىچىدە پائالىيەت قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. دېۋاپرايىنا (Devaprajna)، گىتامىترا (Gitamitra)، شىكشاناندا (Siksananda)، موكشالا (Moksala) ۋە سىلادارما (Siladharma) لار خوتەنلىك بولۇپ، ئۇلار بۇددا تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ۋىسائىراسانگا (Visa Irasanga) 7 ـ ئەسىردىكى خوتەنلىك داڭلىق بۇددىزم رەسسامى. ئۇنىڭ رەسىملىرىدىن مائىترى بۇدساتۋا ئاۋالوك سۇرا ۋە باشقىلار جۇڭگو ئىمپېرىيە مۇزېيىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ بىر پارچە رەسىمى Devaraja نىڭ رەسىمى بوگونكى كونگىچە يېتىپ كەل-

ف.ۋ توماس [ئەنگلىيە]

# ئۇدۇن رايونىغا ئائىت تۈبۈتچە ۋەسىقىلەر

ئــۇدۇن (Khotan) توغرىسىدا، ۋەسىقىلەردە Vu—ten ياكى بىرئاز ئۆزگەرگەن شەكىلدە Vu—den دەپ ئېلىنغان بولۇپ، مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ دۆلەتنىڭ خەلقلىرى ‹Li› دەپ ئاتالغان. ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بىز ئۇنى:

1. ئۇدۇن رايونى ۋە شەھەر ـ بازارلار: ئا: ئىككى دەريا ۋادىسى؛ ب: دىنىي رايون ۋە كوچىلار؛ س: بۇتخانا ياكى ئىبادەتخانىلار؛ د: ئۇدۇن چېگرالىرى؛ ې: ئۇدۇن شاھلىرى؛ ف: ئا ماكاس (Amacas)، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى (Po—Nangrje)، سانغۇن (Dmag—pon)؛

2. مازارتاغ (Shing—shan)؛

3. گيۇمو (Gyu—mo)، ئۇدۇندىكى گيۇمو (Ho—tong Gyu—mo)؛

4. يەر ئىسمى ئاخىرىغا rtse قوشۇمچىسى قوشۇلغان جايلار؛

5. ئۇدۇن رايونىغا تەۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغان باشقا جايلار؛

6. ئۇدۇن بىلەن قوشنا ياكى ئالاقىسى بولغان دۆلەت ۋە يەرلەر؛

7. ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىسمى؛

8. ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تىلى قاتارلىق تېمىلارغا تەقسىم قىلدۇق.

## 1. ئۇدۇن رايونى ۋە شەھەر ـ بازارلار

**ئا**: ئىككى دەريا — يۇقىرىقى دەريا (شەرقىي دەريا Yurung kash) ۋە تۆۋەنكى دەريا (غەربىي دەريا Karakash) توغرىسىدا

توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇ ئىران تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدۇ. يوقالغان كونا پارچە سۆزلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قايتا تېپىلغان كونا ئىرانچەسۆزلەر «ئاۋېستا» ۋە «رىگاۋېدا» تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان قورالدۇر. ئىككىنچىدىن، بۇددىزم تەتقىقاتچىلىرى ھىندىستان سىرتىدىكى ھىندى مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئاجايىپ كەڭ ھەم مول بۇددىزم ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە ئىگە بولالايدۇ. قەدىمىيرەك بۇددىزم تېكىستلىرى خوتەن پروزىلىرى ۋە شېئىرلىرىدا قايتا بايان قىلىنغان. ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيات تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىشتە مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خوتەن يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى ھېلىھەم كەڭ ھەم چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ۋەھالەنكى، بۇ يادىكارلىقلار توغرىسىدا بىز تېخى ئەمدىلا بىرقەدەر كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىن يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلىشىدە گەپ يوق.

كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان ئىنگلىزچە «خوتەن تېكىستلىرى» نىڭ 4 ـ تومىدىن

دىلمۇرات مەھمۇت تەرجىمىسى

(3) مازارتاغ 0096: بۇ پارچە قەغەز پۈتۈك بولۇپ، شەكلى ئۆلچەمسىز. ئەڭ ئېگىز يېرى 15 سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 14 سانتىمېتىر. رەڭگى ئۆڭگەن. خېتى باسما شەكىلدە بولۇپ، ئوڭ يۈزىدە 12 قۇر، تەتۈر يۈزىدە 11 قۇر خەت بار.

① ... ھانگويا (Hang—gu—ya) دىكى ئۆدۈنلۈق ۋۇندې (Vun—de).

② ... چول (Shul)، ۋگرومپا (Vgrom—pa) قەبىلىلىرى.

③ ... لونيا (Lon—ya) دىنىي رايوندىكى ئۆدۈنلۈق بونيونداغ (Bo—nyon—dag). دې (De) دىنىي رايوندىكى ...

④ ... گلانمىستاگرتون (Glan—myi—stag—rton)، چارلىغۇچى ئەمەلدار. تىس (Ts) دىنىي رايوندىكى ...

⑤ ... بارمورو (bar—mo—ro) دىنىي رايوندىكى ئۆدۈنلۈق سارچۇڭ (Sar—zhong).

⑥ ... ئۆدۈنلۈق ھونى (Hone)، چېرنو (shirno) دىنىي رايوندىكى ئۆدۈنلۈق كوچې (ko—she)...

⑦ ... گچومبا (gcom—pa) قەبىلىسى، (ra—shangs—Gsas) راچاڭگىساس.

⑧ ... بىيرو (Byiro) دىنىي رايوندىكى ئۆدۈنلۈق بۇنيون (Bu—nyon)...

⑨ ... موچا (mo—zha) دىكى ئۆدۈنلۈق گوداغ (Gu—dag)...

⑩ ... ۋگرومپا (Vgrom—pa) قەبىلىسىدىكى ...

⑪ هو ئو (Ho—o) دىنىي رايوندىكى ...

⑫ ... پېھرونيو (Phro—nyo) دىنىي رايوندىكى ...

⑬ گيارکياڭ (G—yar—skyang) قەبىلىسى ...

⑭ ۋىدېسا (Wi—de—sa). پھۇنبۇدو (Phun—bu—do) دىنىي رايوندىكى ...

⑮ ... پانرونيا (Pan—ro—nya) دىنىي رايوندىكى ئۆدۈنلۈق مېگسۇر (Meg—sur) ...

⑯ ... رىزور (ri—zur)، ۋگرومپا (Vgrom—pa) قەبىلىسى ...

⑰ ... چوچانيا (sho—zho—nya) دىنىي رايوندىكى ئۆدۈنلۈق

(1) مازار تاغ 0048: تارشا پۈتۈك. 5 . 22×5 . 2 سانتىمېتىر بولۇپ، ئازراق قېيىپ كەتكەن، مۇكەممەل. ئوڭ تەرىپىدە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. ئوڭ ـ تەتۈر يۈزلىرىدە ئۈچ قۇردىن خەت بولۇپ، 3 ـ قۇرى تەتۈر يېزىلغان.

① غەربىي دەرياغا يەتكۈزۈلىدىغان (دۆلەتلىك) قوشۇن 12 ئۇدۇنلۇقنىڭ باشلىقى سماد (Smad)قا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. چىرونيا (shi—ro—nya) دىنى رايونى.

② شەرقىي دەريا (يورۇڭقاش)غا يەتكۈزۈلىدىغان قوشۇن يەتتە ئۇدۇنلۇقنىڭ باشلىقى بوندارما (Bun—dar—ma)غا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. هاسگونيا (Has—go—nya) دىنى رايونىدىن چىقىرىلدى.

③ ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىغا يەتكۈزۈلىدىغان قوشۇن توققۇز ئۇدۇنلۇقنىڭ باشلىقى بارمارونيا (Bar—ma—ro—nya)لىق چىردى (Shir—de)غا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

④ ئالتە شەهەر (mkhar—pa—dru مېهارپادرو)نىڭ باشلىقى (ياكى خوجىسى) ئۇدۇنلۇق كومچېداد (khom—she—dad)قا يوللاندى. باجونيا (Ba—zho—nya) شەهەر رايونىدىن چىقىرىلدى.

⑤ ئۇدۇنلۇق گۇجو (Gu—jo) زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇدۇنلۇق سامىربا (Sam—rba) زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

ب: دىنىي رايون ۋە كوچا رايونى

(2) مازارتاغ 0074: تارشا پۈتۈك. 5 . 19×3 سانتىمېتىر بولۇپ، سول تەرىپى ئۈچۈپ كەتكەن. ئوڭ تەرىپىدە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. ئوڭ يۈزىدە تۆت قۇر خەت بار، خەتلىرى ئېنىق ۋە تەرتىپلىك بولۇپ، باسما شەكلىدە يېزىلغان. تەتۈر يۈزىدە ئۈچ قۇر خەت بولۇپ، تەتۈر يۈزى تېكىست.

ۋونال (Vo—nal)، ئۇدۇنلۇق لەشكەر. تشارۋېتشامنيا (tshar—vdzamnya) دىنىي رايونىدىكى ئۇدۇنلۇق گىچوگ (Gi—chog)قا قاراشلىق. جيالىسكرى [Rgya—legs—khri] (خەنزۇ؟) بەش برې [bre] ئارپا تاپشۇرىدۇ. ھەمدە ئۇدۇنلۇق لەشكەر گيۇمو (Sgo—mo)، كاتوچىنيا (ka—tozhi—nya) دىنىي رايونىدىكى ئۇدۇنلۇق چان (shan) ... ، ... كۋاتسا (kva—tshe) قاتارلىقلار ئىككى برې [bre] دىن ئارپا تاپشۇرىدۇ.

③ ... دىروتىر (Dro—tir) دېگەن رايوندىكى ئۇدۇنلۇق پھوسگرا (Phu—sgra) ...

④ ... بوزان (Bo—zan) قەبىلىسىدىن رىلوساگمىي (Rlo—sag—myi) ...

⑤ ... دروگۇچۇر (Dru—gu—cor) دا، چاڭ (Shang) قەبىلىسىدىن ۋاجا (Vazha) ...

⑥ ... قەبىلىسىدىكى ئۇدۇنلۇق يې يې(Yeye) ... ، ... نوسگونيا(nos—go—nya) دېگەن رايوندىكى ئۇدۇنلۇق چۇمۇ(Chu—mu) ... ؛ بارمورونيا(Bar—mo—ro—nya) دېگەن رايوندىكى ئۇدۇنلۇق بيې دې(Byi—de) ؛ ... دېگەن رايوندىكى ...

⑦ ... پېرومار (Peru—mar) دا، ۋبىروم (Vbrom) قەبىلىسىدىن چوزېلھا (Co—ze—lha) ... ؛ دروتىر (Dro—tir) دېگەن رايوندىكى ئۇدۇنلۇق كوجۇ (Ku—zhu) ... بىينوم(Byi—nom) كوچا رايوندىن... ؛ لاسرونيا (Las—ro—nya) دېگەن رايوندىن ئۇدۇنلۇق سەڭگې (Seng—ge) ؛ ... دىكى ئۇدۇنلۇق ... ؛ ... دارچى (Dar—ci) دېگەن رايوندىكى ... ؛ ... ھاسرونيا (Has—ro—nya) دېگەن رايوندىكى ئۇدۇنلۇق بىيى (Byi) ... ؛ ... دېگەن رايوندىكى ئۇدۇنلۇق چىنىر (Shi—nir)...

**(6) مازارتاغ 0492:** پارچە قەغەز پۈتۈك بولۇپ، رەڭگى ئۆڭگەن. 9×9 سانتىمېتىر. يازما شەكلىدە سەككىز قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان.

«... كوچا رايوندىكى ... لارونيا (La—ro—nya) دېگەن رايوندىكى ئۇدۇنلۇق پھۇدې (Phu—de) ؛ لھاگ (lhag) ... قەبىلىسىدىن سۇتۇلھالود (Su—tu—lhalod) ؛ نونيا (No—nya) كوچا رايوندىكى ئۇدۇنلۇق ... ؛ بياڭ سلوڭ ستۇدپا (Byang—slangs—stud—pa) قەبىلىسىدىن ... ؛ سومونو (So—mo—no) دېگەن رايوندىن سكۇ (Sku)... ؛ ... لونونيا (Lo—no—nya) دىكى ئۇدۇنلۇق ساڭگا (Sang—ga) ، ... دروتىر (Dro—tir) دېگەن رايوندىكى ۋې (Wi) ...

**(7) مازارتاغ 0074:** پارچە قەغەز پۈتۈك بولۇپ، سول تەرەپنىڭ كۆپ قىسمى كەمتۈك. يازما شەكلىدە سەككىز قۇر خەت يېزىلغان بولۇپ، خەتلىرى ئېنىق.

① ... قەبىلىسىدىكى مياڭ كھوۋپنان (Myang—hku—vpnan) ...

چامپولا (Cam—po—la) . سۇدۇر (Sudur) دىنىي رايونىدىكى ...
⑱ ... چارلىغۇچى ئەمەلدار. ھاسلونيا (Has—lo—nya) دىنىي رايونىدىكى ...
⑲ ... ۋىجىند بيارسارلىھامتساھو (Vdzind—byar—sar—lhamtsho) قەبىلىسى ...
⑳ مېچالى (Me—zhali) دىنىي رايونىدىكى ...
㉑ ... دىنىي رايونىدىكى ئۇدۇنلۇق كوۋاگ ...
㉒ ... قەبىلىسى... گېيەرلوكھېۋې (g—yer—lo—khve) ...

(4) مازارتاغ 0095: قەغەز پۈتۈك بولۇپ، 28.5×8 سانتىمېتىر. كۆپىنچە جايلىرى باسما شەكىلدە يېزىلغان. ئوڭ - تەتۈر يۈزىدە بەش قۇردىن خەت بولۇپ، مەزمۇنى ئوخشمايدۇ.

① گېيىرتسې (gyi—rtse) ... دە، ئىككى تۇبۇتلۇك ۋە ئىككى ئۇدۇنلۇق.

② ستاگرتسې (Stag—rtse) دىكى گېرسكو گېسۋچۇر (Khri—skugs—vjor)، ئۈچ تۇبۇتلۇك، گرومپا (Grom—pa) قەبىلىسىنىڭ خوجەسى تسېسكوڭ (Tshes—kong)، مياڭرۇ (Myangro) قەبىلىسىدىن لونان مېيسچوڭ (Lo—nan—Myes—chung)، رىتسالموپاگ (Rrsal—mo—pag) قەبىلىسىدىكى سىناچۇر ستاگباڭ (Snya—shur—stag—bzang).

③ بىيىماۋدۇرد گېرتسې (Bye—ma—vdord—gyi—ruse) دە، ئىككى تۇبۇتلۇك، بىر ئۇدۇنلۇق، ياڭ رىتساڭ (Yang—rtsang) قەبىلىسىدىن پىخورمېيىركتوڭ (Phur—myi—Rke—tung)، ۋۇتسوپاگ (Vo—tso—pag) قەبىلىسىدىن سروستېكرو (sro—sti—kro)، چامنيا (jam—nya) دىنىي رايونىدىن ئۇدۇنلۇق گېۋۇۋدو (Gevu—vdo).

④ ئۇدۇن گيۇمو (Gyu—mo) دا، ئىككى تۇبۇتلۇك، بىر ئۇدۇنلۇق يەنە پھودكار (Phod—kar) قەبىلىسىدىن ...

(5) مازارتاغ 0031: بۇ پارچە قەغەز پۈتۈك بولۇپ، ياسىلىشى ئۆزگىچە. ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ كەڭ يېرى 21×16 سانتىمېتىر. خېتى باسما شەكىلدە يېزىلغان. 16 قۇر خەت بار، خەتلىرى كەمتۈك.

① ... ھابان (Ha—ban) دىنىي رايونىدىن ...
② ... قەبىلىسىدىن، روسانگس (ru—sangs) ئۇدۇنلۇق ...

خەت يېزىلغان.

«هانگنىيا روىيو (Han—ge—nya—ro—yo) دىنىي رايونىدىن ئۇدۇن-لۇق هې (Hi)»

(12) مازارتاغ 0018: تارشا پۈتۈك. 15×15 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇنىڭ تەرىپىدە بىر تۆشۈك بار. ئۇنىڭ ۋە تەتۈر يۈزىدە بىر قۇردىن باسما شەكىلدىكى خەت بار، خەتلىرى سۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، بەزى جايلىرى ئېنىق ئەمەس.

«ۋېدىنرونيا (Vden—ro—nya) دىنىي رايونىدىن ئۇدۇنلۇق دزازدود (Ddzadz—dod). ئۇدۇنلۇق رىزوتسېلدان (Ri—zo—Tse—ldan). ۋېدىن-رونيا (Vden—ro—nya) دىنىي رايونى ...

(13) مازارتاغ 0050: قەغەز پۈتۈك بولۇپ، 14×15 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ تەرىپى يىرتىلىپ كەتكەن، رەڭگى ئۆڭگەن. ئارقا تەرىپىدە باسما شەكىلدە توققۇز قۇر خەت بار. قوپال، جانسىز بولۇپ، بەزى يەرلىرى جىجىغۇيېتىلگەن.

«مايمۇن يىلى قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ دەسلىپىدە، ... خان بىلەن هەربىي ئەمەلدار بلون موتچو بزاڭپو (blon—Mtsho—bzang—po) ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقى هۆججەت ... ياڭ رتساڭ (Yang—rtsang) قەبىلىسىدىكى ... چۇمبا (zhum—ba) دىنىي رايونىدىكى ئۇدۇنلۇق مارسون (Mar—som) غا 11 دانە ... ۋە بىر قىلىچ تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ نەرسىلەرنى سادىقلىق بىلەن قەدىرلەپ مازارتاغ (SHin—shan) دىكى ... گە بېرىدۇ. ئەگەر بەلگىلەنگەن مۇددەتتە يەتكۈزۈلمىسە، ئۇنداقتا ئىككى ... بىرىنى ئالماشتۇرىمىز ... ئۇنىڭ بارلىقى بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ ياكى ئۆيدىكى بارلىق مۈلۈكلەر ئېگىلىنىدۇ. ئەرز قىلىشقا بولمايدۇ. بارلىق كېپىل بولغۇچىلارمۇ بىردەك قەرزدارلار قاتارىدا خاتىرىلىنىدۇ. گۇۋاهچى ماڭكار (Mang—khar) قەبىلىسىدىن سبىراد (sbrad) ...

(14) مازارتاغ 0030: تارشا پۈتۈك بولۇپ، 11.5×2.5 سانتىمېتىر، سول تەرەپ ئۈچۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بولۇپ، باسمىچە ئىككى قۇر خەت بار.

«... سىپې (spe) دىكى ئۇدۇنلۇق ... ماچۇ (Ma—zho) كوچا رايونىدىكى ئۇدۇنلۇق ...»

مىيى (Myi) قەبىلىسىدىكى گېچىۋگېتس (Gcecu—gtshes) ... تھورگىيال (Thu—rgyal).

② تاگو (Ta—gu) ... ئۇدۇنلۇق گوداگ (gu—dag).

③ ... پھاگسنا ...؛ گوستو (Go—sto) دىنىي رايوندىكى ...؛ ... رايو (ra—yo) دىكى ئۇدۇنلۇق ۋىنسا (Wi—ne—sa)؛ ... يونيا (Yo—nya) دىكى ئۇدۇنلۇق كنولې (Kno—le)؛ ... كوچا رايوندىكى ...

**(8) مازارتاغ 0513:** پارچە قەغەز پۈتۈك بولۇپ، سول تەرىپىنىڭ ئايىغى ساقلىنىپ قالغان. 7×4 سانتىمېتىر. ئېھتىمال، 6 ـ پۈتۈك (مازار تاغ 0492) بىلەن ئوخشىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئالتە قۇر خەت بار.

«... رو(Ro)دىنىي رايونى ...؛ مى(myi)قەبىلىسىدىن؛ ... بازىرىدىن ...؛ ئۇدۇنلۇق بۇدېساڭ(Bu—de—sang) ...؛ گاستو(Gas—sto)دىنىي رايوندىكى ...؛

**(9) مازارتاغ 0503:** پارچە قەغەز پۈتۈك بولۇپ، قەغىزىنىڭ شەكلى ئۆلچەمسىز. 7×7 سانتىمېتىر. 6 ـ ، 8 ـ پۈتۈكلەر (0513 ۋە 0492 پۈتۈكلەر)گە ئوخشاپ كېتىدۇ. باسما شەكىلدە ئالتە قۇر خەت يېزىلغان.

① ... زۋالرو (Zval—ro) دىنىي رايوندىكى ...؛ ... دىن ئۇدۇنلۇق ساڭگى (Sang—ge) ... يولۋاستەك لەشكەر ۋپھان چوڭ (Vphan—chong)؛ باروگ (Ba—rog) دىنىي رايوندىن ...؛ ... قەبىلىسىدىكى گلانسوم بۇلود (Glan—som—Bu—lod).

② لامكونيا (Lam—konya)، ئۇدۇنلۇق گۇدې (Gude).

**(10) مازارتاغ 0054:** پارچە قەغەز پۈتۈك. ئۆلچىمى 21.5×6.5 سانتىمېتىر، باسما خەت شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئىككى قۇرلا خەت بار. 1 ـ قۇرنىڭ يېرىمىلا ساقلانغان.

«... ۋامنا (Wamna) دىنىي رايونى گدېپودې (gde—pu—de). ... مېنكونيا (Men—ko—ya) دىنىي رايوندىن ئۇدۇنلۇق دې دې (Dede). ۋاتىكو (Va—ti—ko) ... دىنىي رايوندىن ئۇدۇنلۇق چىن دې (shin—de)؛ بۇن بودونيا(Bun—bo—do—nya)دىنىي رايوندىن ئۇدۇنلۇق...»

**(11) مازارتاغ 0010:** تارشا پۈتۈك. 5.12×5.2 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ تەرەپ ئۈچۈپ كەتكەن. باسما شەكىلدە بىر قۇر

تۆت تەرەپلىك بولۇپ، بىر تەرىپى تۈزلەنگەن. بىر ئاز قوۋزاقمۇ بار، 1×2×27 سانتىمېتىر، باسما خەت شەكلىدە ئىككى قۇر خەت بار. خەتلىرى تەرتىپسىز بولۇپ، كىرىشىپ كەتكەن. بەزى ھەرپلەرنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ. (A) يۈزىدە تۆت ئويۇقچە ئىز ۋە ئالتە قۇر سىزىقچە بار.

«جەمئىي توققۇز دانە مىس پۇل خەجلەپ ياللىغان ئەر مالاي توشقان يىلى ئۇدۇن قورغىنىغا كەلگەن. لىخارتسا (Lha—rtse) ... چارلاش سىزىقىغا كەلگەندە ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بەش ـ ئالتە ئادەم توختامغا ئاساسەن ۋەزىپە ئۆتىگەن.»

ي: ئۇدۇن پادىشاھلىرى

(20) مازارتاغ 0092: قەغەز پۈتۈك بولۇپ، 10.5×5.27 سانتىمېتىر، رەڭگى ئۆڭگەن. ئوڭ ـ تەتۈر يۈزلىرىدە باسما شەكلىدە يېزىلغان سەككىز قۇر خەت بار. خەتلىرى رەتلىك، قەغىزى سۈپەتلىك بولۇپ، كىرلىشىپ كەتكەن. ئوڭ يۈزىدە بىر قىسىم يېزىقلار غۇۋا. ئوڭ يۈزىدىكى 8 ـ قۇردىن باشلاپ تېكىست ئاخىرىدىكى ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىنىڭ خەت ئىزى ئوخشىمايدۇ. ئوڭ يۈزىدىكى 7 ـ ، 8 ـ قۇر ئارىلىقىدىكى بوش ئورۇندا نەملىشىشتىن پەيدا بولغان بەلگىلەر بولۇپ، ئوڭ يۈزىنىڭ سول تەرەپتىكى بوش ئورۇندا ئاز مىقداردا زاپاس يەر قالدۇرۇلغان. ئوڭ يۈزىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ قۇر ئارىلىقىدا ئىمزا خەتلىرى بار.

«بىز ئاكا ـ ئۇكىلار كېھدي بجەر (Khri—bzher)، ۋپھان بجەر (Vphan—bzher)، رگيال بجەر (Rgyal—bzher) لەر ئۇدۇن پادىشاھى ۋترانسد پو (Vtran—ced—po) غا مەلۇم قىلىمىز. بىز ئاكىمىزنىڭ (پادىشاھنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن)، ۋەزىر ئالىيلىرىنىڭ تېنىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدۇق. ھېلگى (Hel—Ge) ۋە ناگ (Nag) دېگەن يەردە يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق دېلوسى ھەققىدە مدوبجەر (Mdo—bzher) ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى تېخىچە يەتكۈزۈپ بېرەلمىدۇق. مەن بۇ يەردىكى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بىر بۇلاڭچىنىڭ ستاگسون (三虎 ، ئۈچ يولۋاس، Stag—sun) دېگەن يەرگە كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئەسلىدە ئۆزلىرىگە ئولپان ئۈچۈن تەييارلىغان بۇيۇملار ناگ (Nag) دا بىرمۇ قالدۇرۇلماي كۆيدۈرۈلۈپتۇ.

س: بۇتخانا ياكى ئىبادەتخانا

(15) مازارتاغ 0012: تارشا پۇتۇك بولۇپ، 2×1×21.5 سانتىمېتىر، بىر يۈزىدە نۇرغۇن ئويغان سىزىقچىلار ۋە ئىزلار بار. خەت باسما نۇسخىدا يېزىلغان.

«تشارماۋجۇ (Tshar—ma—vjo) بۇتخانىسىدىكى ئۇدۇنلۇق گوسدې (Gos—de)، چىردې (Shie—de) ۋەگومتىر (Vgom—tir) بۇتخانىسىدىكى ئۇدۇنلۇق ھىربود (Hi—bod)».

(16) مازارتاغ 0070: تارشا پۇتۇك بولۇپ، ئوڭ تەرەپ بېشىدىكى خەت يوق قىسمى كەمتۈك. 5.2×12 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. باسما شەكىلدە بىر قۇرلا خەت يېزىلغان. خېتى ئېنىق.

«گۇجاندو (Gu—zhan—do) بۇتخانىسىدىكى ئۇدۇنلۇق سارىڭگوك (Sar—rngong)».

(17) مازارتاغ 0090: تارشا پۇتۇك بولۇپ، 2×8.5 سانتىمېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان. باسما شەكىلدە بىر قۇرلا خەت يېزىلغان. خەت كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئوچۇق.

«برونيو (Bro—nyo) بۇتخانىسىدىكى ئۇدۇنلۇق كۇچشى (Ku—chi—shi)»

(18) مازارتاغ (A) 0023: تارشا پۇتۇك. 2×11.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. باسما شەكىلدە ئىككى قۇر خەت يېزىلغان. ئارقا يۈزىدىكى بىر قۇر خەت چوڭ ھەم جانسىز بولۇپ، مەشىق خېتى بولۇشى مۇمكىن.

«سومانيا (So—ma—nya)، بىددې (Bd—de) بۇتخانىسىدىكى چودا (Zho—da)».

قوشۇمچە: (18) مازارتاغ (B) 0045: تارشا پۇتۇك بولۇپ، 2×8 سانتىمېتىر. باسما شەكىلدە، خەتلىرى ئوچۇق.

«كېۋۇۋگانتشې (kevu—vgan—tche) بۇتخانىسىدىكى خەنزۇ سامدۇ (Sam—du)».

د: ئۇدۇندىكى قەلئە ـ قورغانلار

(19) مازارتاغ 0022: تارشا پۇتۇك. شەكلى ئۆلچەمسىز.

(23) مازارتاغ 0088 iv, a: تارشا پۇتۇك بولۇپ، 8×1 سانتىمېتىر، مۇكەممەل، دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت بار.
«ۋامچا (Vam—cha) شىردىتشان (shir—de—thsan) ۋامچا پادىشاھقا بېرىلگەن نام). شىردى — پادىشاھنىڭ ئىسمى، tshan ھۆرمەت نامى.»
(24) مازارتاغ 0021 i: تارشا پۇتۇك بولۇپ، 1×85 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. توققۇز يەردە يېرىقچە بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازمىچە شەكىلدە بىر قۇر خەت يېزىلغان.
«ۋامچا (Vam—cha) سىبىرتساباداد (Si—biv—Tsa—bdod).»
(25) مازارتاغ 0011: تارشا پۇتۇك بولۇپ، 3×21 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازمىچە شەكىلدە ئالدى تەرەپكە ئۈچ قۇر، كەينىگە ئىككى قۇر خەت يېزىلغان. خېتى قالايمىقان.
«چارلىغۇچى (Yul—gzigs) ستوڭ بجەر (stong—bzher) گە بېرىلگەن مەكتۇپ: ... (دائىم كۆرۈلىدىغان بايانلاردىن كېيىن) ... مەن ئارقىلىق ۋاماچا (vama—cha) غا يەتكۈزۈلىدىغان ئۇدۇن يېمەكلىكلىرى تېخى يېتىپ بارالمىدى. ۋۇنى (Vo—ni) دىن خەن ئارپىسىدىن بەش برې ئەۋەتىپ بەرسىڭىز ...»
(26) مازارتاغ 0017 iv, a: تارشا پۇتۇك بولۇپ، 17×1.5 سانتىمېتىر، ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازمىچە شەكىلدە ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىگە ئىككى قۇردىن خەت يېزىلغان. خېتى ئوچۇق بولۇپ، ئوڭ يۈزىنىڭ گىرۋىكىدە بىر سىزىقچە بار.
«... يەتكۈزۈلمىدى، يېقىندا رتسى رجا (rtse—rje) ئۇدۇن پادىشاھى لىرىدزى (Li—ridze) يۆتكەپ ئەكېلىپ بېرىدىغان ماللار ۋە بارلىق ماي مەھسۇلاتلىرى دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىلسۇن. سەل ئۆتكەندىن كېيىن كھارتساڭ (khar—tshang) ياغاچچىلىرى كھارتساڭدىن ئەكېلىپ بېرىدىغان سوۋغاتلار مۇتەييار بولىدۇ. ۋاماچاگ (Va—ma—cag) ئۇچۇن ستاگسومىرجى (Stag—sum—rje) بىر دانە بايراملىق سوۋغات ۋە بىر دانە پالتا قالدۇرۇپ قويىدى.»

قارىغاندا ئىچكى قىسمىدىن ۋە ناگدىن مېۋە ــ چېۋىلەرنى قايتا يىغىشمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. نەرسە ــ كېرەكلەر بۇلانغان يەر ساكتى (sagti) دىنىي رايونى تەۋەسىدە... بىلەن... بىرلىكتە... غا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مدولو (Mdo—lo) رايونى...، بازاردىكى يەرلىك ئەمەلدار سلوگپون (Slong—pon) بۇ يەرگە كېلىپ بولدى. تەنبىھ بەرگەندىن كېيىنمۇ... ئېھتىمال ئۇ قايىل بولماسلىقى مۇمكىن. شۇ تاپتا ئۇ يول ئۈستىدە ياللاپ ئېلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئارىلىق يىراق بولغاچقا خەت كەلمىدى. مەن بۇ يەردە ئىنتايىن بىئارام بولۇۋاتىمەن. سىلەرنىڭ بۇ ئىشنى ماڭا تېزرەك ئۇقتۇرۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. گەرچە مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېچىكىپ بولسىمۇ يەتكۈزۈلۈشىنى خالايمەن. بۇلاڭچىلارنىڭ شېرىكلىرىنى تېزلىكتە بىر تەرەپ قىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەندە يەنە ئارقىغا سۈرمەسلىكنى تەلەپ قىلىمەن. مېھىر ــ شەپقەتلىرىڭگە تەلمۈرۈپ، يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئالىيلىرى ۋە پەرزەنتلىرىڭگە يەنە بىر قېتىم تېۋىنىمەن. (تامغا) گېدىن بادھولود (Gden—pho—lod).»

**(21) مازارتاغ iv, a 0121 :** يوغىنە پۇتۇك بولۇپ، 16 ــ نومۇرلۇق ئالدى ــ كەينىگە خەت يېزىلغان ۋەسىقە. ئۆلچىمى 10×27.5 سانتىمېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان. باسما شەكىلدە يېزىلغان تۆت قۇر خەت بار.

«ئات يىلىنىڭ قىش پەسلىگە توغرىلاپ، (blon klo— shgra) قاتارلىقلار shel—than دا يىغىندا جاكارلانغان مەكتۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ياڭرىتساڭ (Yang—rtsang) قەبىلىسىدىكى مېيوڭ لھامتھوڭ (Myanglha—mthong) ئۇدۇن پادىشاھى لېرجى (Li—rji) نىڭ لەشكىرى ئۇدۇنلۇق باتناگ (Bat—nag) دىن ئۆسۈم ئالدۇ. بۇ يىل قىش پەسلى تۇنجى ئېيىنىڭ 23 ــ كۈنى ئىككى توپ يىپەكنى تاپشۇرۇشى كېرەك... ئۆسۈمنىڭ...»

**(22) مازارتاغ iv, a 0042 :** تارشا پۇتۇك بولۇپ، 1×75 سانتىمېتىر. پارچە، ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازمىچە شەكىلدە يېزىلغان. ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىدە بىر قۇردىن خەت بار.

«... ئۇدۇن پادىشاھى لېرجى (Li—rji) غا ...»

ف: ئاماكاس (پادىشاھلارنىڭ نامى)، ئىچكى ۋەزىر ۋە سانغۇن

كېسەللىكىڭىز كىشىنى ئەندىشىگە سالمايدىغاندۇ؟
سىز لەشكەر بولۇپ كىرگەندە بىزمۇ كىرگەن، لېكىن ۋەزىپىمىز ئوخشمايتتى. ئۇرۇشقىمۇ قاتنىشىپ باقمىغان. مەن نەچچە يىل ساقلىدىم. ياشنىپ قالغان ئانامنى ... بىز لەشكەرلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ (مەھبۇبىڭىز-نىڭمۇ) بىز بىلەن بىللە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇڭا ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمىز. مۇشۇ دەمدە ... ئانام ھېلىلا كەلدى ... يەنە راساگىرجا (ra—sang—rja) ۋە بورپا (pur—pa) قاتارلىقلار ... : ... كېرەكلىك بولغان ... بىز ھېچقانداق دورا ئەۋەتەلمىدۇق. بىزدىن ئۈمىدسىزلەن-مەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمىز. سالامەتلىكىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى تى-لەپ تىلاۋەت قىلىمىز.»
«ۋېيھان گېزىتگە يەتكۈزۈلگەي، ۋېيھان رىبانىڭ مەلۇماتى:»
«ۋېيھان گېزىتگە يەتكۈزۈلگەي، ۋېيھان رىبا بىلەن نيابىرتسان قورۇقداپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.»
«راساگىرجا قاتارلىق جايلاردىن كۆرستىلگەن پۇقرالار، ئۇدۇندا تۇرۇشلۇق سانغۇن دېۋاگىنىڭ ئىمزاسى — بىر يۇرۇش ھۆججەت.»
**(31) مازارتاغ 0062 ii, b :** يۆگىمە پۈتۈك بولۇپ، ئۇ-دۇلدىن ئېچىلىدىغان 46 ـ ۋاراق. 1×75 سانتىمېتىر. مۇكەممەل. چاسا شەكىلدە. يېزىقى قارا رەڭلىك يازما شەكىلدە. ئالدى يۈزىدە بەش قۇر خەت، كەينى يۈزىدە تۆت قۇر خەت ۋە گىرۋىكىدە يېرىم قۇر خەت بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازما نۇسخىدا يېزىلغان. خەت ئىزى ۋە ئۇسلۇبى ئالدى ـ كەينىنىڭ ئوخشاش ئەمەس.
«ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ناگرجاپوبتشان تۆرە (Nang—rje—po Btshan—tore) باشقىلارنىڭ ئايالى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرىدىغان بىر مەجنۇن ئادەم بولۇپ، ئۇ باشقىلار بىلەن خۇسۇسىي ئالاقىدە بولۇپ، قاپاقتا شاراب ئىچىپ بىر كىچىك بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. بۇ بالا توققۇز ياشتا ئىدى. ئۇ يەنە شاراب ئىچكەندىن كېيىن زوۋانسىز بولۇۋالدى. ئۇ يەرلىكتى-كى بارلىق ئاياللارنى دېگۈدەك ئاياغ ئاستى قىلغان. يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىمىغان. ئۇنى ئىلاھىي تاغقا يالاپ ئاپىرىشقا تېگىشلىك.»
«جوچوكھرى رىجەۋپانگس (jo—cho—khri—vpangs) ئالىيلىرىغا تېگىدۇ. مەلۇم بازاردىن يوللاندى».
«مېكھارسلەب (Mkhar—slebs) دىن ئالىيلىرى ۋانمىدىز (Van—

(27) مازارتاغ iv, c 0021: تارشا پۈتۈك بولۇپ، 14×2 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. ئۇنىڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازمىچە شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭ يۈزىدە بىر قۇر، تەتۈر يۈزىدە ئىككى قۇر خەت بار.

«گلومى پەنجوڭ (Glu—myi—vpan—chung، ناخشچى) ۋاماجاـ سىگدو (Va—ma—cha—seg—do) غا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۇزۇق ـ تۈلۈكلەر ...»

(28) مازارتاغ 0483: پارچە يۆگىمە پۈتۈك بولۇپ، 27×4 سانتىمېتىر، دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا بىر قۇر، بىراخما يېزىقىدا بىر قۇر خەت يېزىلغان. ئۇدۇن يېزىقى ياكى ساك يېزىقىدىكى مەزمۇنى:

gara vi ce Ysainaguttre ttye ra sta hauramnai

تۈبۈتچە تەرجىمىسى: «يوڭۋاما جاس (Yong—va—ma—chas) ئىلاھىي تاغ (shin—shan مازار تاغ) دىكى رىتسىرجا (rtse—rje) دىن يولىيورۇق سورايدۇ:»

(29) مازارتاغ iv, a 005: تارشا پۈتۈك بولۇپ، 10×1×1 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. ئۇنىڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆ-شۈك بار. ئارقا يۈزىدە سىزىقچىلار بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت يېزىلغان.

«سنابو (Sna—bo) دىكى ئۇدۇنلۇق ۋىنداد (Vin—dad) ئارپا چىقىم قىلىپ (ياكى ئۆزى چىقىرىپ)، ۋاماجال هازوگرى (va—ma—ca—zung—gre) غا تاپشۇرۇپ بەردى.»

(30) مازارتاغ 0515: يۆگىمە قولىيازما بولۇپ، ئەسلىدە ئۇزۇن بىر خەت قاپچۇقىغا سېلىنغان. هازىرقى تۈبۈتلەرنىڭ خەت ـ چەكلىرى شەكلىدە بولۇپ، 9×5. 28 سانتىمېتىر، دائىم ئىشلىتە-لىدىغان تېز يازما نۇسخىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ يۈزىدە يەتتە قۇر، كەينىدە بىر قۇر خەت بار. خېتى قالايمىقان، ئاساسىي قىسمى تۇتۇق. يەنە كۆپ ئۇچرايدىغان تېز يازما شەكلىدە بىر قۇر خەت قوشۇلغان. «شۇنـ-داق» (ياكى «كېلىشى مۇمكىن») دېگەن كېپىللىك مەنىسىدە.

ۋپېهان رىيا (Vphan—rya) بىلەن نيابرتسان (Nya—brtsan) دىن ۋپېهان گىزىگ (Vphan—gzigs) گە مەلۇم بولغايكى: سىز جاۋاب بېرىڭ،

قىشلىق كىيىملىرىمنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. بىرنى قايتۇرۇپ بەردى. يەنە بىرنى ئېخچە قايتۇرمىدى. ئاشلىق پارشا رىسما (Par—sha—ris—ma) قاتارلىقلار بۇرۇنلا ئەۋەتىپ بېرىلگەن.»

**(35) مازارتاغ iii, c 0034:** تارشا پۈتۈك بولۇپ، 17×2.5 سانتىمېتىر، مۇكەممەل بولۇپ، سول تەرىپى كېسىۋېتىلگەن. ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازما شەكىلدە ئوڭ يۈزىگە ئۈچ قۇر، ئارقا يۈزىگە ئىككى قۇر خەت يېزىلغان. ئارقا يۈزىدىكى خەتلەر تۇتۇقراق.

«توشقان يىلى ياز ئېيىنىڭ 22 – كۈنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، سپېستاڭ (Spe—stang) بىلەن مدوبرتسان (Mdo—brtsang) ئۇدۇندىن ئىلاھىي تاغقا ئەۋەتىلدى. بۇ لەشكەرلەر ئالاقىنى ئېلىپ ئالتىنچى كۈنى يولغا چىقىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزسە ياكى يوقىتىۋەتسە ۋە ياكى ئۆزى بىۋاستە يەتكۈزۈپ بەرمىسە، قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.»

**(36) مازارتاغ iii, a 0016:** تارشا پۈتۈك بولۇپ، 23×5×1.5 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازما شەكىلدە ئوڭ يۈزىدە ئىككى قۇر، گىرۋىكىدە بىر قۇر، ئارقا يۈزىدە ئىككى قۇر خەت بار بولۇپ، خەتلىرى تۇتۇق.

«يىراقتىكى ئۇدۇن گيۇمو (Ho—tong—Gyu—mo) دە تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ، گىلگرىڭ (Gling—ring) دىكى لەشكەرلەرنىڭ شىكايىتى: بىز بىر تشوگچۇن (چارلىغۇچى ئەمەلدار) ۋە بىر مۇئاۋىن ئەمەلدار (Vogpon)، ھەر قايسىمىزنىڭ بىردىن ئىلتىماسىمىز بار، ئوزۇق – تۈلۈك ۋە باشقا تەمىناتلار تۈگەپ قالدى. تېزدىن ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەگەر تۈرك ئايىمىقىدا ئادەم بولمىسا، بۇ دەستەكنى (خەتنى) ئىلاھىي تاغقا يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

**(37) مازارتاغ iii, c 0025:** تارشا پۈتۈك بولۇپ، تۆت تەرەپلىك شەكىلدە. قىيسىيىپ ئەگرى بولۇپ قالغان. 19.5×1×1 سانتىمېتىر، دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما شەكىلدە ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىدە بىر قۇردىن خەت بار.

«پاربان (Par—ban) ۋە درۇگۇۋجور (Dru—gu—Vjor) يەنى تۈركلەر ئايىمىقىدىن ھەدىيە قىلىنغان لەشكەر، يوقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ خەت

mdzes ) غا مەلۇم بولغانىكى: (ئادەتتىكى باياناتلاردىن كېيىن) بۇ نامنى يېزىشىم، بۇيرۇق چۈشۈرۈشلىرىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، مەن ئالىيلىرى ۋە پۇقرالىرىنىڭ شاد ـ خۇرام بولۇشلىرىنى، كېسەللىك ئالۋاستىلىرىدىن خالىي بولۇشلىرىنى تىلەيمەن. ئۇدۇنغا مۇناسىۋەتلىك يەرلىك ئەھۋاللارنى لەشكەرلەردىن ئاڭلىغايلا.

## 2. ئىلاھىي تاغ (مازارتاغ 麻扎山)

**(32) مازارتاغ H. 2:** تارشا پۈتۈك بولۇپ، 2×12.5 سانتىمېتىر، ئوڭ تەرىپى ئۈچۈپ كەتكەن. خەتلىرى تۇتۇق. سول تەرىپىدە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار.

«ياغاچ ـ تاش خېتى يەتكۈزۈپ بېرىلدى ... قىلىنىشقا باشلىدى: ئىلاھىي تاغ (ياكى تەمىنات تېغى) نىڭ ئارپا ئاشلىقلىرى ... ئىككى يۈز ئۇلاغلىق يوك ۋە تۆت (14 بولۇشى مۇمكىن) بىرى بولۇپ، ئۇدۇنلۇق بۇۋدوگ (Bu—vdug) دىن ئىلاھىي تاغقا ئەۋەتىلدى. تارشا پۈتۈك قوللىرىغا تەگكەندىن كېيىن ئۇنى بۇۋدوگقا تاپشۇرۇپ بەرگەيلا.»

**(33) مازارتاغ ii, c 0040:** تارشا پۈتۈك بولۇپ، 2.5×23سانتىمېتىر، مۇكەممەل. سول تەرىپىدە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىدە ئىككى قۇردىن خەت بار، سەل تۇتۇق.

«ئۇدۇننىڭ نوپۇسىنى بىرتۇتاش تەكشۈرۈش ئورنىدىن يېزىلدى: ئىلاھىي تاغدىكى باش ئەمەلدارغا ئەۋەتىلىدىغان خەت ئاللىقاچان يولغا سېلىندى. بىر كۈندە بەش قېتىم (بەش سائەت ياكى بەش ئىسمىنا) بۇ خەت ئىنتايىن جىددىي ۋە مۇھىم. چوقۇم ۋاقتىدا يەتكۈزۈلسۇن. ئەگەر خەت ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىسە ياكى يول ئۈستىدە بىرەر مەسىلە چىقسا، خەتنى يەتكۈزگۈچى كىشى قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. ئۇدۇندىن يوللاندى، خەت يېزىلغان ۋاقىت ...»

**(34) مازارتاغ iii, a 001:** تارشا پۈتۈك بولۇپ، 2×15 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىگە ئىككى قۇردىن خەت يېزىلغان. خەتلىرى تۇتۇق.

«ئىككى ئۇدۇنلۇق ۋېدزاس بىلەن شىردى ئۇدۇنغا ئەۋەتىلگەندە، مېنىڭ

(42) مازارتاغ 0065 iii, a: يۆگىمە پۈتۈك بولۇپ، ئۇ-دۇلدىن ئېچىلىدىغان 13 - نومۇرلۇق پۈتۈك. 12×5 .27 سانتىمې-تىر، پارچە. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازما نۇسخىدا سەككىز قۇر خەت بار بولۇپ، خەتلىرى چوڭ.

«ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئىلاھىي تاغدىكى قوماندانىنىڭ ئايالى كىھرىمالود (Khri—ma—lod) قا يوللاندى: (ئاخىرىدىكى بىر بۆلەك ئېنىق ئەمەس، تەخمىنەن ئۇلاغ ... بىر ئات ھەققىدە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن) كلوگىزىگس (Klu—gzigs) نىڭ شىكايەتنامىسى: ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى جانابلىرىغا ئىلاھلار ۋە بەخت ھەمدەم بولغاي. ئۆزلىرى بۇ يەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ نامە ئەۋەتىپتىلا. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى جانابلى-رى، ئىلاھىي تاغدىكى ئاشلىق ماجىراسى (؟) ھەل بولدى. تىنچلاندى. بۇ ئىنتايىن شەرەپلىك بىر ئىش بولدى. ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز قۇللىرىغا ئىجازەت بولسا، ئۆزلىرىگە سوۋغا ئېلىپ بارسام. بۇ سوۋغاتلارنىڭ بىرىمىنى مەن تەييار-لىدىم.»

(43) مازارتاغ 0097 i, b: يۆگىمە پۈتۈك بولۇپ، ئۇدۇل-دىن ئۈستىگە ئېچىلىدىغان نۇسخىنىڭ 36 - نومۇرلۇقى. 5×5 .20 سانتىمېتىر، ئوڭ تەرىپى كەمتۈك. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئۈچ قۇر خەت بار.

«ئات يىلى باھارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئىلاھىي تاغ قورغان ۋە لەشكەرلەر بارگاھىدىكى خادىملارنىڭ نوپۇسلۇق ئاش- ئوزۇقىدىن 140 ئۇلاغ ئارپا ئەۋەتىل-دى. ئاشلىق توشۇغۇچى ۋاجاگيۇبىرتسان (Va—zhag—yu—brtsan، تۇيغۇنلاردىن بولغان ئاشلىق توشۇغۇچى) — مازارتاغنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلە-گۈچى ئەمەلدار دبىراد چاسلەپ (dbrfd—chas—slebs).

(44) مازار تاغقا ئائىت 0501: نومۇرلۇق يۆگىمە پۈتۈك. كەمتۈك بولۇپ، شەكلى كەم ئۇچرايدۇ. ئۆلچىمى 11×6 سانتىمې-تىر، كۆپ ئۇچرايدىغان تېز يازمىدا يېزىلغان ئالتە قۇر خەت بار. خەتلىرى ناھايىتى ئېنىق.

«ئات يىلى ئەتىيازدا ... (؟) ئىلاھىي تاغ بازىرىغا 30 نەپەر ئەر يولغا سېلىندى ... ئاشلىق توشۇغۇچى گيۇبىرتسان (Gyu—brtsan) يۈزەن؟ (玉赞) ئىلاھىي تاغقا سەككىز قېتىم ئەۋەتىلدى — ... بۇ پەرمانغا مۇناسىۋەت-لىك ... ئۇدۇن (vu—tun)غا قايتىش سەپىرىدىكى كۈن سانى ... ئاشلىق

ئىلاھىي تاغقا يەتكۈزۈلدۇ. ئېھتىياتچان بولۇش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك. كىچە ـ كۈندۈز دېمەستىن ئىنتايىن تېزلىكتە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك. ۋاقتى ئۆتكۈزۈۋېتىلسە قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.»

(38) مازارتاغ a ,iv 005: تارشا پۈتۈك بولۇپ، 2×5.18سانتىمېتىر، مۇكەممەل. ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئوڭ يۈزىدە ئىككى قۇر، ئارقا يۈزىدە ئۈچ قۇر خەت بار بولۇپ، خەتلىرى تۇتۇق.

«مەن قاتارلىق چاكارلىرى، رېدزېسا (Rdze—sa) قاتارلىقلار ــ دۆلەتنىڭ تىڭچىسى سۈپىتىدە ئىلاھىي تاغقا ئەۋەتىلگەن ئىدى. جوگوسگام (—Zhugs ngam) ئېگىزلىكىدىن كەلگىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. كېيىدىغان كىيىملىرىمىز قالمىدى. يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىز ئون ئايلىق ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداپ بولدۇق. قايتىشىمىزغا تېگىشلىك بولۇپ قالدى.»

(39) مازارتاغ a ,iv 007: تارشا پۈتۈك بولۇپ، 20×1.5 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يازما شەكلىدە ئوڭ يۈزىدە بىر قۇر، ئارقا يۈزىدە بىر قۇر خەت بار.

«بىزگە تولۇق ياكى ئاز مىقداردا ئاشلىق تارقىتىپ بېرىلىشىنى ئۆتۈنىمىز. بۇ ئالاقە لەشكەرلەر ئارقىلىق ساڭلاڭسى (cang—lang—tse) دىن ئىلاھىي تاغقا تېزلىكتە يوللاندى.»

(40) مازارتاغ a ,iv 0025: تارشا پۈتۈك بولۇپ، 2×17 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. ئوڭ تەرىپىدە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئوڭ يۈزىدە ئىككى قۇر، تەتۈر يۈزىدە ئىككى قۇر خەت بار.

«بلونمتشودزاڭ (Blon—Mtsho—dzang) رىدكېھرومورما (—Rid khrom—rma) غا ئادەم ئەۋەتمەكچى. ئەگەر جاۋاب ئەۋەتىلسە ياكى بارالماي قالسا، ياكى كېيىنرەك بارسا، بۇ خەت تەگكەندىن كېيىن دەرھال ئىلاھىي تاغقا مەلۇم قىلىنسۇن.»

(41) مازارتاغ c ,iv 0039: تارشا پۈتۈك بولۇپ، 5.2×8 سانتىمېتىر، مۇكەممەل. سول تەرەپتە بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك بار. تېز يازما شەكلىدە ئىككى قۇر خەت بار.

«مازارتاغ (ئىلاھىي تاغ) بازىرى كىچىك قورغىنىدىكى لەشكەرلەر يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تارشا پۈتۈكلەر ... (ياكى ياغاچ دەستەكلەر).

ساھىل (shing—shan) ياكى (Gling—rings) ۋە ئىلاھىي تاغ مازارتاغ (Mazar—tagh) نىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ بىز-نىڭ ئاقسۇ (Ak—su) غا تەۋە بولۇشتەك مۇناسىۋەت-Gyu—mo لىك دەلىللەردىن ۋاز كېچىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ جاينىڭ خەنزۇ-چە ئاتىلىشىمۇ ku—mo بولۇپ(«ئاسىيا كىندىكى» ناملىق كىتابنىڭ 835-بېتىگە قاراڭ)، ئۇ بەلكىم ئۇدۇن بىلەن قاغىلىق (karghalik) ئوتتۇ-رىسىدىكى گۇما (Guma) بوستانلىقى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئۈچ خىل ئېھتىماللىق بار: ① چەرچەن (Cer—cen) نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ جاي ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەر تەرىپىدىن تسۇمو (Tsu—mo) ياكى (Chu—mo) دەپ ئاتالغان. («سېلىندىيا»نىڭ 297 - بېتىگە قاراڭ).② قەدىمىي يۇمى (Yu—mi) بەگلىكى ياكى چۇمى (Chu—mi) بەگلىكىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئالدىنقى خەننامىدە دېگەن ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. Ning—mo Kyu—mo، Han—mo خەنزۇلار ئۇنىڭ ئورنىنى كېرىيە (Keriya) بىلەن چىرا (Chira) نىڭ ئوتتۇرىسىدا دەپ قارايدۇ (ئاۋرېل ستەيىن يازغان «قەدىمىي خوتەن»نىڭ 467 - بېتىگە قاراڭ) غان بولۇپ، مىلادىيە 152 - يىلى ئۇدۇنغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ③ چەرچەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كيۇمو (Kiu—mo) بولۇپ، خەنزۇلار ئۇنىڭ ئورنىنى چەرچەن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان دەپ قارايدۇ (Rhins, la Haute Asie, iii, Grenard, Dutreuil, de 146 - بەت ۋە شاۋەن يازغان «ئومۇمىي مەلۇمات»نىڭ ئىككىنچى جىلد vi (905)، 536 - بەتتىكى 4 - ئىزاھات، 566 - بەتكە قاراڭ).

ۋەسىقىدىكى ئىككى تۇرلۇك مەزمۇن روشەن ھالدا ئۈچىنچى خىل ئىمكانىيەتكە مايىل بولۇپ، 36 - نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ 202 - ، 203 - بەتلىرىدە ئۇدۇن گيۇمو (Ho—tong Gyu—mo) نى تۇركلەر (Drugucor) ئايمىقىنىڭ يىراق جايى بولۇپ، ئورنى ئۇدۇنغا تەۋە، تۇبۇتلەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ دەپ روشەن كۆرسىتىل-گەن. 37 - نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ 203 - ، 204 - بەتلىرىدە بولسا، تۇركلەر ئايمىقى (Dru—gu vjor) ناھايىتى يېقىنلا (yan—chad) جايدا بولۇپ، بۇ جاينىڭ خەت - ئالاقە يوللانمىلىرى ئۇدۇننىڭ باشقۇ-رۇش دائىرىسىدە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن؛ بۇ تۇركلەر ئايمىقىنىڭ ئىچىدىكى يۆتكەشنىڭ ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلمىدىغانلىقىنى روشەن ئىپا-

تــوشــۇغــۇچى گــيۇبىرتــسان ۋە مەســئۇل بــولغــان يــىگىتلــەر ... جازالانمايدۇ ...» .

(45) مازارتاغ 0062 iii, a : يۆگىمە پۈتۈك. ئۆلچىمى 29×16 سانتىمېتىر، ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان نۇسخا، ۋەسىقە توپلى-مىنىڭ 12 - نومۇرلۇق يېرى. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا رەتلىك ۋە ئېنىق سەككىز قۇر خەت يېزىلغان.

«ئۇدۇنلۇق بۇگود (Bu—god) نىڭ ئىلاھىي تاغدىكى ئۇدۇن ئەمەلدارىغا يوللىغان ئىلتىجانامىسى: ئېشەكلىك يىغۇۋېلىشقا چىققان ئىدىم، (ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا) ساڭ (Sang ياكى موساڭ بولۇپ، هازىرقى پىچان تەۋەسىدە بولۇشى مۇمكىن) دېگەن يەردىكى يىغۇۋېلىش سەپىرىمدە، ساڭدىكى يولباشچى راهىبلار (ban—de)غا بېرىلىدىغان بارلىق ئارپىلارنى يىغىۋالدىم. ئۇدۇنغا كەلگەندىن كېيىن، قورۇقتا بىرئاز ئارام ئېلىۋالدىم - دە، ئىككى ئېشەكلىك يۈكنى ئۈچ ئېشەككە ئارتتىم. ئىلاھىي تاغدىكى قورۇققا يېتىپ كەلگىنىمدە، بۇ جايدىكى ئارپىلار ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك تولۇق يىغىلىپ بولۇنماپتۇ، ئاندىن قالسا ئۇ يەردە ماڭا يىغىلغان سوۋغاتلار باركەن. هالا شۇ كەمگىچە، ئۇلار تېخى سىزنىڭ سادىق چاكىرىڭىزنى هاقارەتلەپ «بىزگە نىسبەتەن، نەچچە جۈپ ئېشەك بىر برې (bre)؟» دەپ مــەسخىرە قىلىشتى. مۇبادا مەن يېقىندا بىر قاتتىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاللىكىملەرنىڭ ئۆيىدىن ئەمدىلا يىغىۋېلىنغان ئارپىلارنى يۆتكەشكە توغرا كەلسە، بۇيرۇقنى ئۆيمۇئۆي يەتكۈزمەستىن، ئىــلاهــىي تاغقــا بــىۋاســىتە يەتــكۈزۈلــۈشنى ئــۈمىد قىلىمــەن، ئــۇ هــالــدا مەن ئــۆزۈمنــى پەخىرلــىك هېــس قىلاتتىم.»

## 3. گيۇمو (Gyu—mo)، ئۇدۇندىكى گيۇمو (Ho—tong Gyu—mo)

ئاللىقاچان مۇزاكىرە قىلىنغان ۋەسىقىلەردىن Ho—tong Gyu—mo ياكى باشقىچە يېزىلىشى Vo—tong sgomo بولغان جاي نامىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار «ئاسىيا كىندىكى» (ئاپتورى: ئاۋرېل ستەيىن) نىڭ 170—174 - بەت ۋە 203 - بەتلىرىدە يولۇقىدىغان بولۇپ، يۇقىرىقى ۋەسىقىلەرنىڭ خاتىمىسىدىن مەلۇمكى، خۇددى بىز كۆرگە-نىمىزگە ئوخشاش، بۇ يەرنىڭ ئورنى تۇبۇتلەر زېمىنىدىكى ئوتلاق

تەرجىمە قىلىشقا بولارمۇ؟ بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىسىم بىلەن قارۇشتى يېزىقىدىكى Khema—khotamna نىڭ يەنە ئوخشاپ كېتىدىـ غانلىقىنى كۆرىمىز.

(46) مازارتاغ 0078 ii, a : تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىـ ىمى 2.5×22.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۇنىڭ تەرەپتىن تۆشۈكلەر ئېچىلغان بولۇپ، دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازمىدا ئىككى قۇر خەت بار، خەت ئېنىق ئەمەس، بەزى جايلىرى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن.

«ئىككى نەپەر تۇبۇتلۇك ۋە ئىككى نەپەر ئۇدۇنلۇق ئۇدۇننىڭ گيۇمو (Ho—tong Gyu—mo)دا، كېسەل كارىۋتى —thag—bar Rtses byih .»

«زىردىز (S—rtst) دا ... كېستوپ (skyi—stop) قەبىلىسىدىكى دكلۇزاڭ (dngul klu—bzang) قازا قىلدى ...»

(47) مازارتاغ 0053 C, i : تارشا پۈتۈك، ئۆلچىمى 2×15.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۇنىڭ تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىلغان. دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېز يازما بىلەن ئالدى — كەينىگە بىر قۇردىن خەت پۈتۈلگەن.

«ئۇدۇندىكى گيۇموغا تەمىنلىنىدۇ. ۋاجا (Va—za، كەنت) دا لەشـ كەر تۇرۇۋاتقانلىقتىن، ھەتتا مەلۇم مىقداردىكى چىقىمغا (ئېگىز تاغدىكى كېسەلـ لىكلەر ئۈچۈن؟) كىرەكلىك rizug (خىراجەت) قالمىدى.»

(48) H.4 : بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 11×2 سانتىمېـ تىر، مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن تۆشۈك تېشىلگەن، كۆپ قوللىنىلىدىغان تېز يازمىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن. خەت ئىزى تولىمۇ قوپال.

«ئۇدۇننىڭ گيۇمو (Ho—tong Gyu—mo)غا باردىم.»

(49) مازارتاغ 006 b, i : تارشا پۈتۈك، ئۆلچىمى 1×17 سانتىمېتىر، پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستى قىرغىقى كېسىۋېتىلگەن، كۆپ قوللىنىلىدىغان تېز يازمىدا ئالدى تەرەپكە بىر قۇر، ئارقىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«تەمىنلىنىدىغان ئاشلىقلار تېخى يولغا سېلىنمىدى. ناھايىتى ... ھازىر ئاللىقاچان ئاز بىر قىسمى ئۇدۇننىڭ گيۇمو (Ho—tong Sgo—mo) غا

دىلەيدۇ. بىلىشكە بولىدۇكى، Vo—tong Gyu—mo ئىككى لەشكە-
رىي - مۇلكىي ئورگان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئالماشتۇرۇش پونكىتى-
دىن ئىبارەت بولۇپ، بىر تەرىپى تۇركلەر ئايىمىقى، يەنى تۆۋەندىكى
ۋەسىقە مەزمۇنىدا كۆرسىتىلگەندەك، قەدىمكى پىشامشان دۆلىتىگە
توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر تەرىپى ئۇدۇن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ لەشكەر
باشلىقلىرى «ئىلاھىي تاغ» يەنى «مازار تاغ» دا تۇرىدۇ. ئالاقە كەلگەن
يەنە بىر قوشنا تەرەپ تۇبۇتلەرنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، مۇنداق
بىر خۇلاسىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ: Par—ban دېگەن سۆز
قارۇشتى يېزىقىدىكى Parvata دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ نىيا
(Niya) — چادوتا (Cadota) نىڭ جەنۇبىي تاغ ئارىسىدىكى بىر
كىچىك بازار يەنى تۇبۇتنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئۇدۇنغا كىرىشتىكى
كۆڭۈلدىكىدەك جايدىن ئىبارەت. ئالاقە توشۇغۇچىلار جەزمەن چارقى-
لىق (Charklik) بىلەن ئۇدۇننىڭ گيۇمو (Votong Gyu—mo)
ۋە پاربان (Par—ban) دىن ئۆتىدىغان ئوخشىمىغان ئىككى لىنىيە
بويىچە كېلىپ - كېتىپ يۈرگەن. Vo—tong Gyu—mo غا ئالاقىدار
باشقا ۋەسىقىلەردە گەرچە جۇغراپىيىلىك ئورۇنلارغا نىسبەتەن ئېنىق
ھۆكۈم قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى يۇقىرىقى خۇلاسى-
دىن گۇمانلانمايدۇ.

سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە Vo—tang بەزىدە چۈشۈپ قېلىپ
ياكى يېزىش جەريانىدا بەزىدە Odon—kaskar قىلىپ يېزىلغان بولۇپ،
كېيىنكىسى «تۇبۇت پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» دە قەشقەر (Kashgar)
دەپ ئېلىنغان (فرانكى يازغان «تۇبۇتتىكى قەدىمىي ئىزلار» نىڭ ئىككىنچى
جىلد 87 - بېتىگە قاراڭ). ئەگەر يېقىن كېلىدىغان بىرەر موڭغۇلچە
سۆز مۇشۇ ۋەسىقىلەرنىڭ دەۋرىدە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئىشلە-
تىلگەن بولسا (پېللىئوتنىڭ «ئومۇمىي مەلۇمات» ئىككىنچى جىلد،
1929 - ، 250 - بېتىگە قاراڭ)، ئۇنداقتا Vo—tong سۆزى موڭغۇل
تىلىدىكى odon (مەنىسى بازار) سۆزىگە باراۋەر بولىدۇ، ياكى ستەيىن
«قەدىمىي خوتەن» نىڭ 153 - ، 155 - بەتلىرىدە تەھلىل قىلغىنىغا
ئوخشاش خوتەندىكى «Khotan» ، «Hṣiung—nu yutun» دېگەندەك
نۇرغۇن ئىسىملار ئىچىدىكى بىرەر ئىسىمنىڭ باشقىچە يېزىلىشى بولۇپ
چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇنى ئۇدۇندىكى Gyu—mo دەپ

كەتكىنى يوق. ئەمەلىيەت ئالدىنقى بىر خىل نامىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇل-غان «دىنىي رايون» نىڭ ئۇدۇن رايونىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپتىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ، كېيىنكى ئاتالغۇلار بولسا رايون سىرتىدىكى لەش-كىرىي ئىستىھكاملارنى كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋەسىقىلەر تارشا پۈتۈكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ياكى يەر ناملىرىنى ئادىيلا خاتىرىلەپ قويغان، ياكى بولمىسا nas (ئارپا)، gro (بۇغداي)، so (لەشكەر) دېگەندەك ئوخشاش تۈردىكى ئالاقىدار بۇ-يۇملار (bigyaqs) نىڭ ناملىرى خاتىرىلەنگەن، يەنە كېلىپ سىزىق سىزىش ياكى ئويۇش ئارقىلىق ئادەم سانى ۋە ئالاقىدار سان ـ سىپىرلار ئېنىق خاتىرىلەنگەن. شۇڭلاشقا، بۇ خىل تارشا پۈتۈكلەر پەقەت ساق-لاش ياكى مەلۇم جايلارغا ئەۋەتىشنى مەقسەت قىلغان يېزىق ئالاقىلەر بولۇپ، ئۇلارغا يەر ناملىرى ياكى تەۋەلىكتىكى ئادەم ئىسىملىرى ۋە باشقىلار خاتىرىلەنگەن. ئادەتتە، ۋەسىقىلەرنىڭ قايسى يېرىدە ئويۇلغان يەر بولسا، بۇ بىر قېتىملىق خاتىرىلەش ئۈچۈن كېسىۋېتىلگەن ياغاچ-نىڭ ئورنى بولۇپ، ئۇلارنى باغلاش ئۈچۈن ئوڭ تەرىپىدىن (بەزىلىرى-نىڭ سول تەرىپىدىن) بىر تۆشۈكچە ئېچىپ قويۇلغان.

**(50) مازارتاغ 0527:** تارشا پۈتۈك، ئۆلچىمى 12×2 سانتىمېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدىن بىر تۆشۈك تېشىلگەن. بىر قىسمى كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، كۆپ قوللىنىلىدىغان تېز يازمىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، 12 قۇر ئۇزۇن سىزىق ياكى ئويۇلغان ئىز بار. «Bye—ma—vdor—gyi—rtse»

[باشقا بىر نەچچە مۇكەممەل ساقلانغان ,a ; 006 a, ii, 0073(0?) iv, (تىرنالغان ئىزلار)؛ C,ii 0051 (تىرنالغان ئىزلار) قاتارلىق ۋەسىقىلەر بىلەن ئوخشاشلىقى ئىگە.]

**(51) مازارتاغ 0038 a, iv:** تارشا پۈتۈك، ئۆلچ-ىمى 1.5×1 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۈستى-دىكى كونا خېتى ئۆچۈرۈلۈپ، يېڭى خەت يېزىلغان. كۆپ ئۇچرايدى-غان تېز يازمىدا ئالدى تەرەپكە ئىككى قۇر، كەينىگە بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، ئوڭ تەرىپىگە تۆشۈك تېشىلگەن.

«Bye—ma—vdor—gyi—rtse» «لوناگمونىنى ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىندى.»

ئەۋەتىلدى.»

## 4. يەر نامىنىڭ ئارقىسىغا RTSE قوشۇمچىسى قوشۇلىدىغان جايلار

RTSE «تاغ چوققىسى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تاغلىق يەرلەرگە نىسبەتەن ئالغاندا، بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى مۇۋاپىق يەر نامى ھېسابلىنىدۇ. تۈبۈتلەر يېرىدە بۇنداق ئىسىملار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ لوپنۇر رايونىدا klurtse, Snang—rtse, Gyung—brung—rtse دېگەندەك ئىسىملار تەكرار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى يەر نامىدىكى rtse سۆزى بىزنىڭچە چېگرا قورغانلىرىدىكى ئەڭ ئېگىز جاينى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇنداق سۆزنىڭ تەبىئىي نەرسىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى ئەھۋالدا باشقىچە ئىزاھلاش مۇمكىن. كۆپ قىسىم rtse خېتى قوشۇلۇپ كەلگەن جايلار تۈبۈت لەشكەرلىرى، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان تۈبۈتلەر ئىشغالىيىتىدىكى جايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇداپىئە ياكى كونترول قىلىنىۋاتقان يەرلەردىن ئىبارەت. Pyu—rtse سۆزىگە كەلسەك، ۋەسىقىلەردىكى بايانلاردىن قارىغاندا بۇ ئەمەلىيەتتە ئىمارەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى يەر ناملىرىدا Stag—sras—dgyesgyi—rtse (كۆلگەك يولۋاس بالىسى؟ زىياپەت؟) Vphrul—gyi—me—lOng—kun—snang—rtse سېھىرلىك ئەينەك» دېگەندەك ئەمەلىي ئاتىلىشلار بولۇپ، بۇ خىل تۈبۈت مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان يەر ناملىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارنىڭ يېڭى قۇرۇلغان لەشكەرگاھلارغا نىسبەتەن بىر خىل زوق پەيدا قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالاھىدە بەرگەن ناملار دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەر ناملىرى تەبىئىيكى ھەممىسى تۈبۈت يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، يەنە كېلىپ ھەمىشە مۇناسىپ قەدىمي خارابە ئىزلىرى بىلەن ئۇدۇل كەلمەي قالىدۇ.

بىز يەنە يەر ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇش شەكلىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. يۇقىرىدا بىز تۈرلۈك تۇرالغۇلارنىڭ tshars ، «دىنىي رايون» ياكى يەر نامىنىڭ ئاخىرىغا rtse كېلىدىغان جايلارغا تەۋە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان ئىدۇق. بۇ ئىككى خىل شەكىل ھەرگىز ئايرىلىشىپ

ئالدى ـ كەينىگە ئىككى قۇردىن خەت يېزىلغان.

«Vphrul—gyi—me—long تەرەپكە تېزدىن يەتكۈزۈلسۇن: بۇ زېرەك تاغلىق ئالاقچىلارنى قاچالا بولمىسۇن ئەۋەتىش كېرەك، قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ. (ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە؟) (ئەگەر؟) بىرىنچى تۇركۇمدىكىلەر (مىقدارىغا يەتمەي تۇرۇپ) ئاخىرلىشىپ قالسا، باشقا خادىملارنى بىۋاستە ئەۋەتىڭلار ...»

(57) مازارتاغ 0015 C, i: تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5 .10×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، يېرىلىپ كەتكەن. كۆپ قوللىنىلىدىغان تېز يازمىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«يورۇق چوققا (Me—long—rtse)غا ئەۋەتىلدى:

مەخپىي (ساقلانغان ماللار ياكى ئاز بولمىغان؟)

(58) مازارتاغ 0016: بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5 .13×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن بولۇپ، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئالدى ـ كەينىگە بىر قۇردىن خەت پۈتۈلگەن. ئالدى تەرەپتە توققۇز قاتار، ئارقىسىدا بىر قاتار تىزىلغان سىزىقچىلار بار.

«قوش يورۇق چوققا (Mngay—ris—byun—gyi—rtse): ھېساباتقا كىرگۈزۈلگەن ئارپىدىن تۆت بىرې (bre) تاپشۇرۇۋالدۇق.»

(59) مازارتاغ 0058 a, ii: تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 10×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. سول تەرىپى تەكشى ئەمەس، ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، كۆپ قوللىنىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئۈچۈن ئادەمسىمان چوققا (Mon—rtse)غا ئەۋەتىلسۇن.»

(60) مازارتاغ 0615: تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5 .23×2 سانتىمېتىر بولۇپ، ئاساسەن تاماملانغان. ئوڭ تەرەپكە تۆشۈك تېشىلگەن. دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ئۇ يەردىكى قوشۇنلارنى قايتا كۆپەيتىش قارار قىلىندى. بۇ يەردىكى ھىماتچى قوشۇن ئالىقاچان ئەۋەتىلدى ... زې قاراۋۇلخانىسى (—Tshevu

(52) مازارتاغ 0066 a, ii : تاختاي پۇتۇك، ئۆلچىمى 11×1.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تېز يازمىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، ئالتە قۇر سىزىق ياكى تىرنالغان سىزىقچىلار بار. ئالدىدا ئۇچرىغان jang—lang—rtse دېگەن سۆز بەلكىم بۇ ئىسمىنىڭ باشقىچە يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن.

(53) مازارتاغ 006 a, vi : تارشا پۇتۇك، ئۆلچىمى 2×7 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تېز يازمىدا ئالدى تەرەپكە ئىككى قۇر، كەينىگە بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«چېگرادىكى Dbyuld—cung—tseغا بولغان بېقىش (ئېهتىمال چېگرا دۆلىتى بولۇشى مۇمكىن).»

(54) مازارتاغ 001 a,v : تارشا پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 8×3 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپى كەمتۈكلىشىپ قالغان. ئوچۇق تېز يازمىدا ئالدى ـ كەينى ھەر ئىككى تەرەپكە ئۈچ قۇردىن خەت پۈتۈلگەن.

«كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈمكى... Dbyild—cung—rtse بازىرىغا كەلگەندە ... لەشكەرلەرگە تەمىنات تارقاتتى ...»

بۇنىڭدىن قارىغاندا، Dbyild—cung—rtse دېگەن يەر ئىككى ئۆلكىنىڭ چېگراسى ئوتتۇرىسىدىكى بىرەر سودا بازىرى ياكى ئارقا سەپ لاۋازىمات ئورنى بولۇشى مۇمكىن.

(55) مازارتاغ 0020 i, : تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچە-مى 5.9×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل (؟)، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن. تېز يازما نۇسخىدا ئالدى ـ كەينىگە ئىككى قۇردىن خەت پۈتۈلگەن.

«Yphrul—gyi—me—long—kun—suang—rtse، لوگان (Glu—gang—)دىن بىر ئارتىم ئۇن تاپشۇرۇۋالدىم (khal—yaha)، توت بىرې (bre)، بىرئازدىن كېيىن يەنە يېرىم برې بار بولىدۇ.»

(56) مازارتاغ 0011 c, i : تارشا پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 5.15×2.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، كۆپ قوللىنىلىدىغان تېز يازمىدا

(62) مازارتاغ 0020 a, v: ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان يازما پۈتۈك بولۇپ، ۋەسىقىلەر توپلىمىنىڭ 29 — نومۇرلۇقى. يىرتىلىپ كەتكەن. ئۆلچىمى 20 × 5 . 13 سانتىمېتىر بولۇپ، دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق يازما شەكلىدە ئالتە قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«... گەن خەت. مەن دۇريا (Dur—ya) دىكى مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ... دىكى بوز يەرگە خىزمەتكە باردۇق. بۇنداق ناچار يەردە خىزمەت قىلىش تولىمۇ جاپالىقكەن. ئاللىقاچان پەرمان ئەۋەتىلدى، ئىلگىرىلەش بولسا ... بىزمۇ ئاشۇ سەدەپ قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ قۇرۇلۇش قىلىۋاتقانلار خىزمىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايمىز ... بىر تۆگە ئۆتنە بېرىشكىزنى ئۆتۈنىمەن ... شەپقەت قولىڭىزنى سۇنۇپ ئۆتنە بەرگەيسىز ...»

(63) مازارتاغ 0574: بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 2×22.5 سانتىمېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن بولۇپ، تېز يازما شەكلىدە ئالدى ـ كەينىگە ئىككى قۇردىن خەت پۈتۈلگەن، خەتلىرى خېلى تەكشى.

«قوشۇندىن چۈشۈپ قالغان قۇل لوس (lo—ci) ھازىر ئاللىقاچان سېڭكاتسى (Seng—katse)غا يېتىپ كەلدى، بىر خالتا ئۇزۇۋلۇقمۇ بېرىلمىدى. يازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېيىدىكى ئۇزۇۋلۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۈچ برې (bre) ئارپا ۋە ئۈچ برې ئۈن تېخى ئەۋەتىلمىدى.»

(64) مازارتاغ 0583: بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5 . 13×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن بولۇپ، ئوچۇق يازما شەكلىدە ئالدى تەرەپكە ئىككى قۇر، ئارقىسىغا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن. خەت شەكلى خېلى تەكشى، ئارقىسىدىكى خەتلەرنىڭ نۇسخىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، خەت شەكلى يۇمىلاق كەلگەن.

«بىزگە ئۇزۇۋلۇق ئاتا قىلغۇچى تسا (Tsa) ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ياز پەسلى ئاخىرقى ئېيىنىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتە بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا تەقدىم ئېتىلدى. گۇڭ بېگ گۇڭلس (Gung—beg—Gung—legs) قا تەقدىم قىلىندى ...»

(65) مازارتاغ 0517: بۇ يازما پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5 . 25×10 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىن 3 ~ 9 قۇر ۋە سول تەرەپتىن 3 ~ 6 قۇر يىرتىلىپ كەتكەن. ئوچۇق خەت نۇسخىسىدا

cag ) دىكى بىر قىسىم لەشكەرلەر سام قاراۋۇلخانىسى (Bsam—Cha) غا يۆتكىلە- دۇ. يېڭى سەدەپ چوققىسى (Pevu—rtse) دىكى ...»

**(61) مازارتاغ 0015 a, v :** يازما پۈتۈك، ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان بولۇپ، ۋەسىقە توپلىمىنىڭ 27 ـ نومۇرلۇقى. ئۆلچىمى 15×25 سانتىمېتىر بولۇپ، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما شەكلىدە ئالدى تەرەپكە 21 قۇر، كەينىگە ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«كېھرى بجەر (Khri—bzer) ۋە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى تازاڭ (Lhabzang) لار زاڭام (Zhugs—ngam) ئېگىزلىكىدىكى لەشكىرىي قوماندان- لىق ئورنىدىكى مەزگىلدە، گويا ئىلاھلار زاھىر بولغاندەك، ماڭا نامە ئەۋەتىپ ھال سورىشى كېرەك ئىدى. مەن خۇشال بولۇش ـ بولماسلىقىمدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم. ئۇدۇن (Hu—tan) رايونىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا ... سادىق چاكارلىرى ئۆزلىرىدىن ئامانلىق سوراشقا ئامال- سىزمەن ... پەرمان شۇنداق ... ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى تازاڭ بىلەن لەشكەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولدى. نۆۋەتتە، مەن يازدا سەدەپ قاراۋۇلخانىسى (Pevu —rtse) قورۇلۇشىغا ئەۋەتىلگەندىن تارتىپ كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس. ئائىلىمىز- دىكى چاكار رانزالىب (gurib0Tran—slebs) نىڭ ئىپادىسى تولىمۇ ناچارمىش، يەنە كېلىپ باھانە تېپىپ ئوت قويۇپ ... ئورنۇمغا كېلىدىغان لەشكەر ئاللىقاچان كېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىرغىچە ئەۋەتىلمىدى. ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى قەبىلىدىن كەلگەن بىر كىشى بولۇپ، نېگرام (Nya—gram) لىق پانبورد (Vphan—brod) ئاللىقاچان كېتىپ بولدى ... رانزالىبنىڭ ۋاكالەتچىسى ئېگىزلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانىكەن ... مۇشۇنداق

بۇ لەشكەر جازاغا ئۇچرايتتى ... مېنىڭ كېسىلىم يېڭىلا ياخشىلانغان بولغانلىقتىن، بۇ لەشكەرنى قايتۇرۇپ كەلدىم ... گەرچە مېنىڭ ئۆزۈمگە نىسبەتەن ھېچقانداق تەلىپىم بولمىسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىم. يەنە كېلىپ ئەگەر مېنىڭ شەمشەر ئېسىپ كىرىشىم قوبۇل قىلىنىشىنىڭ بەلگىسى قىلىنسا، مەندە بىرەر سوۋغات بولمى- غانلىقتىن، ھازىرغىچە بېرىپ ـ كېلىشكە ئامالىم بولمىدى ... بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىپ، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق مېنى قوللىغايسىز. سىزگە بەخت، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە، چارلامچى كلۇمتوڭ (Klu—mtong) مەن تەرەپكە كەلگۇدەك بولسا، مەن ئۇچۇن ئالاھىدە ... قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن ...»

«ۋنجۋا (Vj—va) دىن تۇركۇم يولۋاس قاراۋۇلخانىسى (stag—vdus 聚虎峰)غىچە بولغان تاغلىق قوغداش ئەترىتىنىڭ تىزىملىكى تەمىنلەپ بېرىلسۇن. بىر پارچە تىزىملىك ئالىقاچان تۇركۇم يولۋاس قاراۋۇلخانىسىنىڭ تەپتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.»

(69) مازارتاغ 0589: بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 14×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن. دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن، خېتى ئېنىق. ئالدى - كەينىدە ئوخشاشلا بىر نەچچە گۇرۇپپا تىرنالغان ئىزلار بار.

«تۇركۇم يولۋاس قاراۋۇلخانىسى (stag—vdus—dgye—kyi—rtse).»

(70) مازارتاغ 002: بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 12×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن، ئالدى - كەينىدە ئالتە قۇردىن تىرنالغان سىزىقچە بار.

«تۇركۇم يولۋاس قاراۋۇلخانىسى (stag—vdus—dges—gi—rtse): ئارپا.»

(71) مازارتاغ 0012: بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 11×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە ئىككى قۇر، كەينىگە بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، ئوڭ يۈزىدە ئىككى قۇر خەت، كەينى يۈزىدە بىر ھەرپ بار.

«تۇركۇم يولۋاس قاراۋۇلخانىسى (stag—vdus—dges—gi—rtse) ئارپا، ئۇن.»

(72) مازارتاغ، i 0018: بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 14×2 سانتىمېتىر بولۇپ، يېنىك زەخمىگە ئۇچرىغان. سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپتە ئىككى قۇر خەت، كەينىدە ئالتە قۇر تىرنالغان سىزىقچە بار.

«يولۋاسچاق قاراۋۇلخانىسى (stag—sras—dges—gyi—rtse, 虎子峰).»

توققۇز قۇر خەت پۈتۈلگەن، خېتى چاسە شەكىلدە، ئۇيما بەت.

«ماخاراجا ( 大王 ، پادىشاھىمىز) ستاگمۇيىن (Stag—muyen)غا مەلۇم بولغاي: مېستخاب (Myes—tshab) تەلەپ قىلىدۇكى، لەشكەرلەردىن سوراش ئارقىلىق، كەمىنىڭىز ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تولىمۇ بىئارام بولدۇم. ئەيىبلەشلەرگە دۇچار بولۇشۇمدىن ئەندىشە قىلدىم. مەن تېخى مائاشىمنى تاپشۇرۇۋالمىدىم ... مەن كەلگەن تەقدىردىمۇ ھېچقانداق ياردەم بېرەلمىگۈدەكمەن. كېسەل ئەھۋالىڭىز بىر ۋاقىتتىن كېيىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ ... تۆگە لوككىسى ۋە چوڭ بىر باغلام شال ... ئانچە ئەقىللىق بولمىغان بىر ئادەم ... مېسكول (Myes—kol) نىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمەن. كېسەل ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ساقايغاندا دىدارلىشىشنى تىلەيمەن ... ياشانغان ئاتامنىڭ سالامەتلىكى ئۇدا ياخشى ئەمەس (غەم قايغۇدىن؟) ، سىز دەرھال بەزى پىكىرلىرىڭىزنى بېرىشنى خالامسىز؟ سالامەتلىك ...»

«لىھالود (Lhalod) نىڭ نەۋرىسى ( ؟ 孙儿) Seng—gav—tse غا يوللىغان مۇراجىئەتنامىسى: سىز ئەگەر سادىق چاكىرىڭىزنى ... قىلمىسىڭىز، ئۇ ھالدا بەكمۇ ئوبدان بولاتتى ... دىن سىرت، ئۆزى ...؟ دوستانە قوللىشىڭىز ...»

(66) مازارتاغ 004: بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5 . 11×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپكە تۆشۈك تېشىلگەن. ئارقىسىدا ئۈچ قۇر تىرنالغان سىزىقچە ۋە دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما شەكىلدە ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

(67) مازارتاغ 003 a, i: بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 17×1 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ تەرىپى ۋە تۆۋىنى يېرىلىپ كەتكەن (يوقالغان جايلىرى يوق؟) . دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇچۇق تېز يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، خېتى ئۇچۇق.

«تۆت نەپەر تۇبۇتلۇق بىر كىچىك ئەترەت بولۇپ شىرنىلىك چوققىسى قاراۋۇلخانىسى (Snang—dang—vphnul—gyi—rtse 美约峰)دا ...»

(68) مازارتاغ 0043 a, ii: بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5 . 20×1×1 سانتىمېتىر بولۇپ، بىر تەرىپى كېسىۋېتىلگەن. دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا 1+1 قۇر خەت پۈتۈلگەن، بىر تەرىپىدە 19 قۇر تىرنالغان سىزىق بار.

(78) مازارتاغ 0010 : بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 10×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە بىر قۇر، كەينىگە ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ياتار يولۋاس چوققىسى (stag—skugs) ئالتە برې (bre) ئارپا تاپشۇرۇۋالدۇق، ئەۋەتىش ۋاقتىغا رىئايە قىلىنمىغان.»

(79) مازارتاغ i، 0026 : بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 11×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرىپى ئۇچلۇق، ئوڭ تەرەپكە تۆشۈك تېشىلگەن. دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ياتار يولۋاس چوققىسى (stag—skugs) دىكى لەشكەرلەر.»

(80) مازارتاغ ii, C، 0019 : بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 12×2 سانتىمېتىر بولۇپ، سول تەرىپى پارچىلىنىپ كەتكەن. ئوڭ تەرىپىگە تۆشۈك تېشىلگەن. دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى ـ كەينىگە ئىككى قۇردىن خەت پۈتۈلگەن.

«يۇقىرىدا ... ياتار يولۋاس چوققىسى (stag—skugs, 卧虎峰) دالاسىغىچە، بەش ... pevu تۆت. بىر تەرىپى ئۇدا تۆت گەزگىچە. تۆۋەندە ... ئالتە مىڭ، تۆت ... نىڭ ... ئىككى مىڭ.»

## 5. ئۇدۇن رايونىغا تەۋە يەرلەر

(81) مازارتاغ iv, 001 a : تارشا پۈتۈك بولۇپ، ئۆلچىمى 12×2 سانتىمېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، ئارقا تەرىپىدە نۇرغۇن ئويۇلغان سىزىقچىلار بار. دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى ـ كەينىگە بىر قۇردىن خەت پۈتۈلگەن.

«قۇشلار ئورمانلىقى (Bya—mangs—tshal, 聚鸟林) — بىر پادا ئات ...»

(82) مازارتاغ ii, 0042 C : تارشا پۈتۈك بولۇپ، ئۆلچىمى 13.5×2 سانتىمېتىر، سول يۇقىرى تەرىپى سەل زەخىملەنگەن بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز

(73) مازارتاغ 0025 i, b : بۇ تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 12×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە ئىككى قۇر، كەينىگە بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، پوچېركىسى ئوخشاشمايدۇ. تۆت قۇر ئويۇلغان سىزىقچە بار.

«يـولـۋاس چوققىسى ( 虎峰 )دىكى كرسكۇسجور (—Khriskugs vjor )غا: ئىككى برې (bre) ئۇن ئېشىپ قالدى.»

(74) مازارتاغ 0032 b, ii : بۇ تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 13.5×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرىپىدىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، ئارقا تەرەپتە ئالتە قۇر ئويۇلغان سىزىقچە بار.

«كهرى سكۇگس (khri—skugs) يولۋاس چوققىسى قاراۋۇلخانىسىدا.»

(75) مازارتاغ 0031 b, ii : بۇ تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 13×2.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن بولۇپ، خېتى ئوچۇق.

«كرسكۇس (khru—skugs) نىڭ ئۇدۇنلۇق بىر لەشكىرى جازاغا ئۇچرىدى (ئۆلتۈرۈلدى).»

(76) مازارتاغ 005 : بۇ تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 11×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن، ئالدى تەرەپكە ئۈچ قۇر ئويۇلغان سىزىقچە چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىدە ئىككى قۇر (؟)»

«ياتار يولۋاس چوققىسى (stag—skugs—bye—ri—rtse, 卧虎峰).»

(77) مازارتاغ 0038 iii, a : بۇ تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 11.5×1.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، بىر قىسمى كىرلىشىپ كەتكەن. ئالدى تەرەپتە تۆت قۇر، ئارقىسىدا 1+4 قۇر ئويۇلغان سىزىقچە بار.

«ياتار يولۋاس چوققىسى (stag—skugs—bye—ri—rtse) غا: ئارپا»

كھرى سكوگس ۋىجور (Khri—skugs—vjor) بۇمگۇس (—vbum rngugs) دا.

(87) مازارتاغ 0042: بۇ تارشا پۇتۇكنىڭ ئۇلچىمى 18×2 سانتىمېتىر بولۇپ، سول تەرىپى زەخىملەنگەن. ئوڭ تەرىپىدىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە ئىككى قۇر، كەينىگە ئۈچ قۇر خەت پۈتۈلگەن، خېتى تۇتۇق، بىر قىسمى ئۆچۈپ كەتكەن.

«Bya—rig—skugs تەرەپتە، بۇساڭ (vbu—shang) لىق سلۇنگس (slungs)، بىر نەپەر ئۇيغۇر (Hor) ... دۈشمەن ئەڭ ئاۋۋال گنيوس سناڭ رتسان (Gnyos—snang—rtsan) نى ھۇجۇم بىلەن بىتچىت قىلدى، بىر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىق يۈز بەردى، ... دەرھال يولغا چىقىش كېرەك. يىراق ئىلاھىي تاغدىكى لەشكەرلەر ... ئىلاھىي تاغقا توپلاندى ... گنيوس سناڭ رتسان ئايرىلدى ... بىلەن ... نىڭ ئوتتۇرىسىدا ...»

(88) مازارتاغ 0024 c, ii: بۇ تارشا پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 12×5.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدىغا بىر قۇر، كەينىگە بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن بولۇپ، خېتى قالايمىقان.

«بۇساڭ (Vbu—Shang Pa) لىقلارنىڭ.»

«بۇساڭ (vbu—shang).»

(89) مازارتاغ 003 a, ii: بۇ تارشا پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 13×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ئىككى توبۇتلۇق ئادەم مجاگماگو (Mjag—ma—gu) غا يېتىپ كەلدى.»

(90) مازارتاغ 0575: بۇ تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 14×2 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ تەرىپى زەخىملەنگەن. دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«سپاڭ رجېرگوڭ كوڭ (Spang—rje—rgong—kong) ... ئەۋەتىلدى. ۋونى (Vo—ni) ياكى ...»

(91) مازارتاغ 0012 a, i: بۇ تارشا پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى

يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپتە ئىككى قۇر، كەينىدە بىر قۇر خەت بار.
«چاتـقالـلـىق (Bya—tshang—smug—po, 藏木林) دىكى پـاجاسـا (Dgrabi—shag, 爬扎萨) تېغىدا، ئۈچ نەپەر نگامرۇپاگ (لەشكەر، Ngam—ru—pag) بىر كىچىك ئەترەت يولدىن ئېزىپ قالغان دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىۋاتقان لەشكەرلەرگە دوكلات قىلىندى.»
(83) مازارتاغ 0098 b, i : بۇ يازما پۇتۇكتە مۇنداق ئىبارىلەر بار: «... ئەۋەتىلىپ Byi—glang ... بازىرىدا يەنە ئاز بىر قىسىم باج قالدى ...»
بۇ يەردە باشقا ۋەسىقىلەر يوق بولۇپ، ستەيىننىڭ خەرىتىسىدە كېرىيە (keriya) دەرياسى Blangan دېگەن يەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. Blangan نىڭ Byi—glgn بولۇشى ئېهتىمالىغا تولىمۇ يېقىن.
(84) مازارتاغ 0034 : تارشا پۇتۇك بولۇپ، ئۆلچىمى 5 . 20×2 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپى سەل زەخىملەنگەن بولۇپ، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپتە ئىككى قۇر، كەينىدە بىر قۇر خەت بار.
«Vbrog—cig—yan—cag—tsa دىكى لەشكەرلەر ئەۋەتىلسۇن. بۇ خەت ... تاپشۇرۇۋېلىنغان چاغدا ... ئۇن توققۇزىنچى ...، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي دەرھال ئۇلاغى تاغقا ئەۋەتىلسۇن.»
(85) مازارتاغ 0043 a, iii : بۇ تارشا پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 14×2.5 سانتىمېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۇنىڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپتە ئىككى قۇر، كەينىدە بىر قۇر خەت بار.
«ئەتراپلىق قوماندانلىق قىلىش نەتىجىسىدە، بومدوگ (Vbum—rdogs) دىكى ئۇدۇنلۇق پۇگود (Pu—god)؛ خوسى (Ho—si) گيۇمو (Gyu—mo) دا. شىرگوسوكۇن (Shir—vdo—Mgo—shu—cun) تاجىك (Itag—bz—hi) دا.»
(86) مازارتاغ 0031 b, i : بۇ تاختاي پۇتۇكنىڭ ئۆلچىمى 13×2 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

ئۈنىڭدا بىر پھودكار (phod—kar) بەلگىسى بار ئىكەن. بىز ئۇنىڭ قاراقچى ياكى ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىدۇق. بۇ ئادەم ... تولىمۇ دېۋەڭ ئىكەن. بىزگە ياردەملىشىپ ئۇنى خۇپىيانە سوراق قىلىپ باقسىڭىز. ئەۋەتىلگەن ئادەم (ياكى زوراۋار بولغان ئادەم) تۆت نەپەر لەشكەر قېرىنداشىمىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىقى ...»

[ب. بىر قۇر ئوخشاشمايدىغان ۋەسىقە]:

«ئۇدۇنلۇق راھىب (vu—ten bande روزاڭلىڭ (Ro—zhang— legs) نىڭ ئۆزىنى سۇمپاگساس لىبىس (Sum—pa—Gsas— slebs) دەپ ئاتىغان بىر نەپەر ئەر تۇغقىنى دىۋانبېگىگە سوراق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.»

(94) مازارتاغ 0036 c, iv: بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 2×12 سانتىمېتىر بولۇپ، سول تەرىپى كۆپۈپ كەتكەن. مۇكەممەل ساقلانغان، ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە ئىككى قۇر، ئارقىسىغا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ئۈچ نەپەر نامروپاگ (Ngam—rupag، لەشكەر) بىر روننرگۇ (ron—nrgu)نى ئېلىپ، پاربان (Par—ban) رايونىدىكى سو (sho، نىيا) دەرياسى قىرغىقىغا كەلدى.»

(95) مازارتاغ 0523: بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 2.5×7.5 سانتىمېتىر بولۇپ، سول تەرىپى كەمتۈك. دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا ئۈچ قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىڭلار ... نىڭ بۇ تەرىپى ... يېڭى پاربان (Par—ban) ۋە ... بىرىنچى كىچىك ئەترەت ...»

(96) مازارتاغ 0497: بۇ يازما پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5.18×9 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ ۋە ئاستى تەرىپى كەمتۈك. دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا ئالتە قۇر خەت پۈتۈلگەن. خەت ئۈستىخىنى چوڭ بولۇپ، ئۆلچەمسىز.

«... بىلەن كيۇڭبجەر (Kyung—bzher)نىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى كلىرۇ بجەر (kliru—bzher)گە يازغان مۇراجىئەتنامىسى: (ئادەتتىكى ئەھۋال سوراشتىن كېيىن) بىز يەنە ... پاربان (Par—ban) ۋە جېگسىن (Jeg— shin) دىكى جىلغىلاردىن يىراقلاشتۇق ...»

24.5 – 25×2 – 2.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، چاسا ئوچۇق خەت نۇسخىسىدا ئالدى – كەينىگە ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

كىھرى بىتسان لىھامتوڭ (Khri—btsan—Lha—mtong) غا يوللانغان مۇراجىئەتنامە: مۇبارەك تەنلىرىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىدىن خۇشاللىق ئىلكىدە خەۋەر تاپتىم. ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ مېنىڭ ئۇزۇق – تۈلكىم ۋە ... نى ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىلا. ۋونى (Vo—ni) دىمۇ ئېزىپ قالمىغايلا. مەن يېقىندا پەرمانغا بىنائەن لەشكەر بولدۇم (بۇ بەلكىم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇشى مۇمكىن؟)، كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلغايلا. ئۇزۇقلۇققا كەلسەك، مەن سىلىدىن كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىلتىپات قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن ...»

«سالامەتلىكلىرىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمەن. ئۇنداقتا مەنمۇ خۇشال بولاتتىم.»

(92) مازارتاغ 0052: تارشا پۈتۈك، ئۆلچىمى 32×1.5×1.5 سانتىمېتىر بولۇپ، بىر قىسمى ئېگىلىپ كەتكەن، لېكىن چۈرىسىنىڭ بەزى جايلىرى تەكشى. كۆپ قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما خەت نۇسخىدا 1+1+1+1 قۇر خەت پۈتۈلگەن. خەتلىرى تۇتۇق، بەزى جايلىرىنى تونۇماق تەس.

«رىدزىلېگس (Rdzi—legs) نىڭ بىتشان بجەر (Btsan—bzher)، ۋبھان بجەر (vphan—bzher)، لېگس (legs) ۋە باشقىلارغا يوللىغان نامىسى:

مەن جىگسىن (jeg—shin) نىڭ يولىدا كېتىپ بارىمەن ...» (قالغان جايلىرى زىيادە بۇزۇلغان بولۇپ، تەرجىمە قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى)

(93) مازارتاغ 0063 a, iii: بۇ ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان 12 – نومۇرلۇق يازما پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 27×7 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، دائىم قوللىنىلىدىغان تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە بەش قۇر خەت پۈتۈلگەن. خېتى كىچىك، بىر قىسمى تۇتۇق. ئارقىسىغا پۈتۈلگەن ئۈچ قۇر خەتنىڭ پوچېركىسى بىر خىل ئەمەس.

[ئا تەرەپ 1 – ، 2 – قۇر]: «ئالتە قورۇقتىن ستاگبجىن (stag—bzhen) ئالىيلىرىغا مۇراجىئەتنامە: بىز پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز. يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى كېچىدە كياڭرو (skyang—ro) دىن ئۈچ تاغار ۋە 11 باغلام نەرسە كەلدى. بىز ئەۋەتكەن ئالاقىدىكى پەرمانغا ئاساسەن، خەۋەرچى ناگى (Nag) تۈزلەڭلىكتە بىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئىدى.

گەن، پەقەت خەتنىڭ ئىزىلا ساقلىنىپ قالغان.

«ستىشېۋۇ (stshevu) بىلەن رىكېدچاد (Rked—cad) دا، كېپىللىك بەرگۈچى (؟) ... نىڭ يالالاش ھەققىنى تۆلەپ ... بېقىش ۋە تۆت چوڭ ...»

(99) مازارتاغ 0022 b, i : بۇ تاختاي پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 1.5×12 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، سول تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، ئالدى تەرەپتە بىرنەچچە قۇر ئويۇلغان سىزىقچىلار بار. دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا ئالدى ـ كەينىگە ئىككى قۇردىن خەت پۈتۈلگەن بولۇپ، ئالدى تەرەپتىكى ئىككىنچى قۇر بىلەن ئارقىسىدىكى خەتنىڭ پوچېركىسى ئوخشاشمايدۇ.

«بسامچا (Bsam—cha) دىكى مدوگچود (Mdo—gchod)غا ئەۋەتىلدى: تۆلەپ بېرىلسۇن. سانى ستاتىستىكا قىلىنغاندىن كېيىن ھېسابلىنىدۇ. مىگالۋپھان روگىس (Mngal—vphan—rogs) قەبىلىسىدىكى راگ ۋپھان روگىس (rag—bphan—rogs) ئىككى برې (bre) لىق ئۈن بىلەن تەمىنلەنسۇن.»

(100) مازارتاغ 1i, i ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 5.13×2 سانتىمېتىر بولۇپ، سول يۇقىرى تەرىپى كەمتۈك. دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە بىر قۇر (تۆۋەنرەك قىسمىغا)، كەينىگە بىر قۇر (يۇقىرىراق قىسمىغا) خەت پۈتۈلگەن.

«كىپلو (Khp—lho)غا ئەۋەتىلدى، ئوردا ئەمەلدارىنىڭ مۇلازىمىدىن ... تۆت نەپەر تۇبۇتلۇك ناڭخۇا (Snang—hu—va) بازىرىدا ... كىچىك ئەترەت ... بارسېسى (bar—tse—s—i) ... دا كۆزدىن كەچۈرىدۇ ...»

(101) مازارتاغ 002 i, b : بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 1.5×39 سانتىمېتىر بولۇپ، ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان، چاسە ئوچۇق خەت نۇسخىسىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«لاڭكىرىتسا (Rlang—khri—tsa)، ... ستاگۇگانس (Stag—gugangs) نىڭ بوغالتىرى ...»

(102) مازارتاغ 0461 : بۇ يازما پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 7×10 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ تەرىپى كەمتۈك. دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق چاسا خەت نۇسخىسىدا تۆت قۇر خەت پۈتۈلگەن.

(97) مازارتاغ 001 b, ii : ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان يازما پۇتۇك. ۋەسىقىلەر توپلىمىنىڭ 43 - نومۇرلۇقى بولۇپ، ئۆلچىمى 28×13 سانتىمېتىر، ئېغىر زەخىمگە ئۇچرىغان. رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا 12 قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«گساسلېبس (Gsas—slebs) نىڭ دىۋانبېگى ۋپهان بجەر (vphan—bzher) گە ئەۋەتكەن مۇراجىئەتنامىسى: (ئادەتتىكى ئەھۋال سوراشتىن كېيىن) يول ئۈستىدە ئالاقىڭىزنى ئۈشتۈمتۈت تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ئىمكانقەدەر ئەستايىدىل (ئالاقىدار ئورۇنلارغا) ئەۋەتىپ بېرىمەن ... ئازلا بىر قىسمى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ... ئەۋەتىش ... مەزگىلىدە، سوۋغاتلار ئارىسىدىن نەشىنى قالدۇرۇپ ... مەن ئىنتايىن خىجىل ھەم جازالىنىشقا تېگىشلىكمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، ئەگەر ... مېنى جازالىمىغان بولسىڭىز. مەن ... كەل ... مىدىم ... ئومۇمەن ئېيتقاندا ... نى ئەۋەتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن. مۇشۇ سوۋغاتلارنى ئەۋەتىش پۇرسىتىدە، سىزدىن مېنى جازالىماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. مەن بىر لەشكەر بولغاچقا، پۇمار (Pzhu—mar) لەشكەرلەر گازارمىسىغا يەنە بارىمەن. تىزىملىكتىكى ئۈچ نەپەر ئۇدۇنلۇقنىڭ بىرى ئاللىقاچان ئاغرىپ يېتىپ قالدى، يەنە بىرى ھورۇن نېمىكەن، ئۈچىنچىسى ئاشلىقنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى، ئاللىقاچان ۋونداگ (vo—ni—dag) قا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاشلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا تولىمۇ نامرات. چۈنكى ئۇ ئادەتتىكى بىر چاكاردىن ئىبارەت. بەلكىم ... ئالدامچىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئالدامچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەن ئېھتىيات قىلمىسام بولمايدۇ. ئۇدۇنلۇق ئېلىپ كېتەلەيدىغان نەرسىلەرنى مەن ئەڭ ئاۋۋال ئەۋەتتىم ... بىر ئازدىن كېيىن، بۇلار بىر پارچە مەخپىي نامە بىلەن بىرلىكتە دىۋانبېگىنىڭ قولىغا تېگىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. بۇنداق ئەھۋالدا سىز يەنە ھوشيارلىقنى ساقلىيالارسىزمۇ؟ ئۇنتۇپ قالمىغىنىمنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، مەن ئۈچ خىل دورا ۋە بىر پارچە مەخپىي نامە ئەۋەتتىم. يەنە سوۋغات ئۈچۈن ئىككى دانە پىيالە (ja—tor, 茶盏) ئەۋەتتىم، قوبۇل قىلغايسىز. مەن پەقەت جازالانماسلىقنىلا ئۆتۈنىمەن.»

(98) مازارتاغ 0532 : بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 16.5×1×5 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇڭ تەرىپى يېرىلىپ كەتكەن، دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق تېز يازما نۇسخىدا تۆت قۇر خەت پۈتۈل-

(107) **مازارتاغ 007:** بۇ تاختا پۈتۈك بولۇپ، ئېگىلىپ كەتكەن، ئۆلچىمى 9×15 سانتىمېتىر، يېنىك دەرىجىدە بۇزۇلغان. ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن. ئالدى تەرەپتە بەش قۇر، كەينىدە ئۈچ قۇر سىزىلغان ئىز بار. «زىۋۇچاگ (Tshevu—chag).»

(108) **مازارتاغ 0033 iii, c:** بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 9×1.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«زىۋۇچاگ (Tshevu—chag) دىكى لەشكەرلەر.»

(109) **مازارتاغ 0027 c, iii:** بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئۆلچىمى 25.5×1 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ - سول ۋە يان تەرىپى كەمتۈك. بەلگە چاپلاش جەريانىدا D تەرەپ يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئالتە قۇر ئويۇلغان سىزىقچە بار، C تەرەپتىمۇ ئوخشاشلا بىر گۇرۇپپا ئويۇلغان سىزىقچىلار بار. دائىم قوللىنىلىدىغان ئوچۇق يازما نۇسخىدا A تەرەپتە ئىككى قۇر، B تەرەپتە بىر قۇر، C تەرەپتە براخما يېزىقىنىڭ ۋارىيانتى ئىكەنلىكى روشەن بولغان بىر قۇر كەم ئۇچرايدىغان يېزىق پۈتۈلگەن.

(110) **مازارتاغ 052:** قەغەز پۈتۈك بولۇپ، ئەسلىي نۇسخىسى ھازىرقى زامان تۇبۇتچە خەت ئالاقىلىرىغا ئوخشاش، ئۇزۇن بىر ۋاراق قەغەزگە قاتلاپ سېلىنغان بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئوچۇق يازما نۇسخىدا ئالدى - ئارقىسىغا ئالتە قۇردىن خەت پۈتۈلگەن. خېتى ئىنتايىن تۇتۇق (ئىزى ئەڭ ئېنىق بولمىغىنى — باشقا بىر ئوخشمايدىغان ۋەسىقە).

«ئات يىلى باھارنىڭ تۇنجى ئېيىنىڭ بېشىدا لەشكەرلەر تەكشۈرۈلۈپ، ۋبۇجاڭ (Vbu—zhang) دىكى يولبارى (Yol—ba—ri) دا تاماق ئەتكەن سۇداد (Su—dad) دېيىلىدىغان ئۇدۇنلۇق كۆپ قېتىم ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلغانلىقتىن، بۇ قېتىم ئۇنى ئۇدۇن قوشۇنىدا قەتلىئام قىلىش قارار قىلىنغان ئىدى. گەرچە ئۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاغلىقا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن 4500 تەڭگە (dong—tse) تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزماقچى بولدى، بىرىنچى ئۆلۈشى دەرھال

بۇ خەت ستاگا (Sta—ga) دىكى بىر دىۋانبېگىگە يېزىلغان بولۇپ، ئەھۋال سوراش ۋە تىلەك تىلەش مەزمۇنلىرى بار.

(103) مازارتاغ 0017 b, ii : تارشا پۈتۈك بولۇپ، ئېگىلىپ كەتكەن. ئۆلچىمى 16×2 سانتىمېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان. ئوڭ تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن. ئۇچۇق تېز يازما نۇسخىدا ئالدى ـ كەينىگە بىر قۇردىن خەت پۈتۈلگەن. خەتلىرى چاسا بولۇپ، كىرلىشىپ كەتكەن.

«ستاگۇ (Sta—gu) ئۇدۇنلۇق شىرداد (shir—dad)نىڭ ئېگىزلىك كېسىلى بار ...».

(104) مازارتاغ 0065 c,ii : ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان يازما پۈتۈك. ۋەسىقىلەر توپلىمىنىڭ 52 ـ نومۇرلۇقى. ئۆلچىمى 14×7 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوڭ تەرىپى كەمتۈك. ئۇچۇق يازما نۇسخىدا تۆت قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«سەمەرقەند (萨玛尔汗 sna—nam)لىك تاھو (Ta—ho)، جابھېر (Zha bher)لار تاغلىق كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ. چۇ (Tshu) دا ... ساڭلاڭ رتسې (Snang—lung—rtse) دا كۇنبومايېكس (—khyung—po—myes skyes) تاغلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ... لىڭسكىدكاد (—Ling—sked chad)دا گىماسمەنلود (Gie—ma Sman—lod) تاغلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. بوگ (vbog)دا ... تۇركلەر ئايمىقىدا (Dru—gu—vjor) پوسىپلىس (po—si—o ph—yi—slebs) تاغلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.».

(105) مازارتاغ 7604 : بۇ تارشا پۈتۈك بولۇپ، ئۆلچىمى 12×1.5 . 5 سانتىمېتىر. مۇكەممەل ساقلانغان، ئۇچۇق يازما نۇسخىدا ئالدى تەرەپكە بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن، ئارقىسىدا ئۆچۈرۈلگەن ئىزلار بار.

«ئۇدۇنلۇق تاھا (Ta—ha) ... بەش برې (bre).».

(106) مازارتاغ 0524 : تارشا پۈتۈك. ئۆلچىمى 16×0.75 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. سول تەرىپى كەمتۈك بولۇپ، چاسا ئۇچۇق نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن. خەتلىرى ئۈچ كاتەككە بۆلۈنگەن، ئارقىسىدا ئويۇلغان ئىزلار بار.

«تاھا (Ta—ha)\ گيۇمو (Gyu—mo)، ئىككى كىچىك ئەترەت \ پاربان (par—ban).»

لۇقا ئالدى.

(114) مازارتاغ 0041 c, ii : تارشا پۈتۈك بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۆلچىمى 17×3 سانتىمېتىر، ئوچۇق يازما نۇسخىدا ئالدى - كەينىگە ئۈچ قۇردىن خەت پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۆچۈرۈلگەن ۋە ناھايىتى تۇتۇق.

«لەشكەر ستاگبىرتسان (Stag—brtsan) ۋە مدوبىرتسان (Mdo—brtsan)، شۇنداقلا باشقا خادىملارغا بېرىلگەن مۇراجىئەتنامە ... (ئادەتتىكى ھال سوراشتىن كېيىن) گلىنھرىڭس (Glinh—rungs) تىكى ئۇدۇنلۇقا بېرىلىدىغان لىق بىر برې (bre) ئارپا ئەۋەتىلىدىمۇ - يوق؟ ستاگبىرتسان (Stag—brtsan) قەبىلىسىدىكى مانجۇستاگ (Man—zhu—Stag) قا بېرىلىدىغان ئارپىلار يولغا سېلىنىۋاتىدۇ.»

(115) مازارتاغ، 006 : تارشا پۈتۈك بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۆلچىمى 11×2 سانتىمېتىر، سول تەرەپتىن بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك تېشىلگەن. ئادەتتىكى ئوچۇق يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«گلىڭرىڭسسمۇگپوتشال (Gling—rungs—smug—po—tshal)»

(116) مازارتاغ، 0151 : تارشا پۈتۈك بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۆلچىمى 15×1 سانتىمېتىر، ئوچۇق يازما نۇسخىدا بىر قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«گلىك رىڭس (Gling—rungs) تىن گشېن ۋىپھان لىگس (gshen—vphan—legs) غا كەتتى.» (Gshen ئادەم ياكى ئەمەل - مەنسەپ نامى).

(117) مازارتاغ iii, a 0013 : تارشا پۈتۈك بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۆلچىمى 21×3 سانتىمېتىر، ئوڭ تەرەپتىن بىر ئۆتۈشمە تۆشۈك تېشىلگەن. ئوچۇق يازما نۇسخىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«ئىككى تۇبۇتلۇك گلىك رىڭس سماگ پوتشال (Gling—rungs—smug—po—tshal) دا، ئىككى ئۇدۇنلۇق يەنى بزاڭۋور (Bzang—Vor Lang) قەبىلىسىنىڭ چارلىغۇچىسى مىيەنجىخۇ (Mnyan—ji—hu) ۋە لاگمىيى (Dbyild Chas—myi) قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەترەت باشلىقى دبىلد چاسلېگ (—legs).»

(؟) ... ئەگەر ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھىيلىگەرلىك قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇ ھالدا بىر تەڭگە ئۇچۇن ئىككى تەڭگە تۆلەم جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسى ھەتتا سەپەرلىكلىرىگىچە تارتىۋېلىنىدۇ. ئۇلارنى قامچىلاپ تاغقا ھەيدىلىدۇ. بۇ كېلىشىمگە ئەترەت باشلىقى ۋە ئىككىيلەن ... باشقىلارمۇ بىللە قول قويغان.»

**(111) مازارتاغ، 00131:** قەغەز پۈتۈك بولۇپ، پارچىلىنىپ كەتكەن. ئۇدۇلدىن ئېچىلمىدىغان ۋەسىقىنىڭ 21 ـ نومۇرلۇقى. ئۆلچىمى 15×6 سانتىمېتىر، ئۇچۇق يازما نۇسخىدا بەش قۇر خەت پۈتۈلگەن، ناھايىتى ئېنىق.

«... ئەڭ ئاخىرقى 20 ـ كۈنى ... بارگاھتىكى بارلىق لەشكەرلەر يىغىلىپ ... قىش ئېيىدا ... ستاگكىلۇ بجېر (Stag—klu—bzher) بىلەن مېتسوبزاڭ (Mtsho—bzang)لار لەشكەر يىغىش ۋەزىپىسىنى ئالىقاچان ئورۇنداپ بولدى ... بىرىنچى ئەترەت بىلەن تۆتىنچى ئەترەتلەر تۆگىلىك مەخپىي رازۋېدكىچى قوشۇن بولۇپ، لەشكەرلەر بۇيرۇقىنىڭ ... سوبجان ئالىقاچان ئىلاھىي تاغقا كەتتى. تۆگىلىك قىسىم ... ۋبچاڭ (Vbu—shang)، يولبا (Yol—ba) تاغلىرىدا.»

## 6. ئۇدۇن بىلەن قوشنا ياكى ئالاقىسى بولغان يەر ۋە دۆلەتلەر

**(112)** «تۇبۇت يىلنامىسى» نىڭ 223 ـ ، 224 ـ قۇرلىرى؛ 66 ـ يىل (كالا يىلى) = مىلادىيە 737 ـ يىل. خاتىرىلىنىشىچە، سكيېسبزاڭ دوڭتساپ (Skyes—bzang—Ldong—tsfb) لەشكەر باشلاپ برۇجا (Bru—zha) دۆلىتىگە بارغان بولۇپ، قىش پەسلىدە بتسامپو (Btsan—po) بىراگمار (Brag—mar) دىكى خان سارىيىدا تۇرۇۋاتقاندا برۇجا شاھى تەسلىم بولۇپ بەيئەت قىلغان.

**(113)** «تۇبۇت يىلنامىسى» نىڭ 230 ـ ، 231 ـ قۇرلىرى، 69 ـ يىل (ئەجدەر يىلى) = مىلادىيە 740 ـ يىل. يازدا بتسامپو (Btsan—po) مىتسارىبۇسنا (Mtshar—bu—sna) دىكى نگاڭمولىڭ (Ngang—mo—gling) خان سارىيىدا تۇرۇۋاتقاندا، مەلىكە قەھرىمالود (Khri—ma—lod) بىلەن برۇجا (Bru—zha) شاھىنى خوتۇن-

## 7. ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىسىملىرى

ۋەسىقىدە ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۇبۇتلۇكلەر ياكى تۇبۇت بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگراسىغا يېقىن جايلاردا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان تۇبۇتلەر ئىسمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملار بولۇپ، بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى مازارتاغ (Mazar—tagh) دىكى تۇبۇتلەر قاراۋۇلخانىسى ياكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىن چىققان.

تۇبۇتلەر بىلەن ئۇدۇنلۇقلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالاقىسىنىڭ سەۋەبىدىن، مۇشۇنداق تۇبۇتچە ئىسىملار پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ ئىسىملارنىڭ پەرقى ئىككى يەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئۇدۇنلۇقلارغا خاس بولغان لى (Li, «ئۇدۇن» ياكى ئۇدۇنلۇق») خەت بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللەت خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندىكى ئىسىملار ئاشۇ ئىشەنچلىك ئۇسۇلدا پەرقلەندۈرۈلگەن ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىسمىدۇر (كۆپ قىسمى قىسقارتىلدى — ئۇ، ت):

| | | |
|---|---|---|
| Bat—nag (a, iv, 00212) | 巴纳 | باتناگ |
| Bu(cu)—de (0513) | 布德 | بۇدې |
| Bu—god (a, iii, 0062) | 布葛 | بۇگۇد |
| Bu—buyog—dag (b,i 0038) | 布诺达 | بۇيۇگداگ |
| Bun—dar—ma (b,I 0048) | 斑达麻 | بۇندارما |
| Bun—nye—dag (Domoko 0168) | 布列达 | بۇنيىداگ |
| Bu—nyon (a, ii, 0096) | 布龙 | بۇنيون |
| Cam—po—la (b, ii, 0096) | 昌巴拉 | كامپولا |
| Cevu—vdo (b, I, 0065) | 则多 | سېۋۇدو |
| Chu (a, i, 0031) | 楚 | چۇ |
| Chu—(Bu)—de (0513) | 楚 | چۇبۇد |
| De—de (b, ii, 0054) | 迪德 | دېدې |
| Dzada—dod (c, ii, 0018) | 札多 | زادزدود |
| Gi—chog (a, iv, 0074) | 吉觉 | گىچوگ |
| Ku—zhu (a, i, 0031 | 库苏 | كۇجۇ |
| Mar—son (0050) | 麻孙 | مارسون |
| Sab—dad (c, I, 0050) | 萨达 | سابداد |

(118) مازارتاغ 0104 i, b, : ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان قەغەز پۈتۈك بولۇپ، ۋەسىقىلەر توپلىمىنىڭ 39 - نومۇرلۇقى. ئۇنىڭ تەرىپى ۋە تۆۋەنكى قىسمى كەمتۈك. ئۆلچىمى 5 .25×15 سانتىمېتىر، ئۇچۇق يازما ئۇسخىدا 12 قۇر خەت پۈتۈلگەن.

«قاغاپان دېۋان (Kha—ga—pan)غا يوللاندى، رمانروگس (Rmagn—rogs)نىڭ مۇراجىئەتنامىسى — (ئادەتتىكى هال سوراشتىن كېيىن) ئۆتكەن يىلى مەن غەيۋەتخورلارنىڭ تۆهمىتى بىلەن ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىپ شېۋو (she—bo)غا كەتكەن ئىدىم. كېيىن ... مېنىڭ نەۋرە قىزىم دۇنياغا كۆز ئاچتى. گنياگ (Gnyag) دىمۇ ... نەۋرە قىزىمنىڭ مەۋلۇت كۈنى هەمدە ... نىڭ سوۋغىتى ... خانىم بىلەن چاكارلار ئائىلە ئىشلىرىدا ماجىرالىشىپ قالغانلىقتىن، تاۋارنىڭ پۇلى كېچىكىپ قالدى، يەنە كېلىپ ... بىر ئات تېپىلىپ كېتىپ ... ئەر كىشى چۈشۈپ كەتتى ... مەن بۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتتىم. باها ئۆسكەندىن كېيىن ... باها يەنە ... يارماق ئۆستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەرنىڭ خوتۇنى ئۇستۇمدىن ئەرز قىلىپ، مېنى ... ئۈچ دانە (Srang) تەڭگىدىن ئايرىۋەتتى. كېيىن ... مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئەرز قىلدى ... بىر ئاجىز ئاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە بىر مىنىدىغان ئات بار بولدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە پۇل تۆلىدىم. ئالدىنقى يىلى ... رگيال بجېر (Rgyal—bzher)لىق چاكار مېنۇ (Menu)لۇق نگا گىزگس (Nga—gzigs) بىلەن ياللاش ھەققىنى يەتتە پۇل (Zo) دېيىشىپ بولغان، قاغا (Kha—ga) ۋە چۇ (Chu) دا ئىمزالىشىپ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ... دمۇما (Dmu—ma)دا ساقلىماقچى بولغان. باھاسى يەتتە پۇلدىن 14 پۇلغا ئۆستۈرۈلدى ... پىچەتلەندى ...».

(119) مازارتاغ 0028 c, : ئۇدۇلدىن ئېچىلىدىغان قەغەز پۈتۈك بولۇپ، ئۆلچىمى 5 .9×10 سانتىمېتىر، ئۇچۇق يازما ئۇسخىدا ئالدى - ئارقىسىغا يەتتە قۇردىن خەت پۈتۈلگەن. ئارقىسىدىكى خەتنىڭ پوچېركىسى ئوخشىمايدۇ، ئالدى تەرەپىنىڭ خېتى ئۇچۇق ئەمەس.

«..............» (بۇ ئايرىم ۋەسىقە زىيادە پارچىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، گەرچە نۇرغۇن سۆز يىلتىزى تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمىدى. بۇ خەت بىزۇرۇ (Bzu—ru) دەيدىغان بىر كىشىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ شۇلىگ (Shu—lig قەشقەر، Kashgar)دىن ئۇدۇن (Vu—te) غا بارغان.

(Saka—khotani) تىلى 8 ـ ئەسىرلەرگىچە خېلىلا راۋاج تاپقان. بۇ خىل تىللار تېخىمۇ قەدىمكى چاغلاردا يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە راھىبلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھەمدە قەدىمكى ھىندى پراكىت (Prakrht) تىلىنىڭ ئورنىنى ئالغان.

تەبىئىيكى، خەنزۇ تىلىمۇ ئۇدۇندا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە «مازارتاغ» ۋە باشقا جايلاردا خەنزۇلارنىڭ مەخسۇس ئىبادەتخانىلىرى بولغان («قەدىمىي خوتەن» 521 ـ بەت، «غەربىي تۈركلەر تارىخى» 201 ـ بەت، «دەندان ئۆيلۈكتىن قېزىۋېلىنغان ماتېرىياللار»). ئەمما خەنزۇ تىلىنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن، يەرلىك ئىسىملار بەك ئاز تىلغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ۋەھالەنكى، خېلى ئىلگىرىكى زامانلار — ھەتتاكى ئۇدۇن توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ قانچىلىك راست بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەسلەپكى يىللاردىن باشلاپلا خەنزۇچە يېزىقنىڭ سىڭىپ كىرىشى مەۋجۇت بولغان بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى بەزى سۆزلەر كىشىگە خەنزۇ تىلىدىكى بەزى مەنالارنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن Mt—Gosrngga نىڭ ئىسمىنىڭ ئىككى خىل خەنزۇچە شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرى Vgebu—to—shan، يەنە بىرى Gau—to—shan دىن خېلىلا ئىلگىرىكى زامانغا تەۋە. يەنە كېلىپ، پولۇ (Poplu) دېگەن ئىسىم خەنزۇ يېزىقىدىكى برۇ (Bru) دېگەن سۆزنىڭ ۋەكىلەن سۆزى بولۇشى مۇمكىن.

F.W.Tomas, Tibetan literary texts and خەنزۇچىسى Documents concerning Chinese Turkestan, H, London, 1951, pp. 167 — 266 دىن تەرجىمە قىلىنغان. ماۋزۇسى خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئىشلىگۈچى تەرىپىدىن قويۇلغان. خەنزۇچە «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىل 3 ـ سانىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتكېرەم ئىسمايىل

يۇقىرىقىدەك نۇرغۇنلىغان ئۇدۇن ئىسىم ـ فامىلىلىرى ئارىسىدا بىرەرمۇ سىرتقى تىللارنىڭ قوشۇلماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ بىز توخرى (Tokhari) تىلى، ئۇدۇن تىلى، ساك تىلى (Saka)، ئىران تىللىرى دەپ ئاتىغان تىللارنىڭ قوشۇلغان بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، بىز كەم دېگەندە ملادىيە 500 ـ يىللار ئەتراپىدا بەلكىم بازارلىشىش باشلانغان مەزگىللەردە ئۇدۇن رايونىدا ھىندىستاننىڭ پراكىت تىلى (Pra—krht) ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ كەڭ ئىشلىتىلگەنلىكى («ئاسىيا قورۇقلوقى» 2 ـ جىلد 271 ـ بەت) توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگىمىز.

## 8. ئۇدۇندىكى تىللار

1825 ـ يىل يېزىلغان «ئاسىيا قورۇقلوقى» 2 ـ جىلد 153 ـ ، 257 ـ بەتلىرىدىكى بايانلاردىن، بىز يەرلىك ئۇدۇن تىلىنىڭ بىر خىل «تۇبۇت ـ براخما» تۇرىگە تەۋە يەككە بوغۇملۇق تىل ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇلاسىگە كېلىمىز. بۇ خۇلاسە ئۇدۇن (Li—yul) غا مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەردە بايقىغان بەلگىلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلار ساقلىنىپ قالغان تۇبۇتچە «دەنجور» دىكى تۆت پارچە ۋەسىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋرېل ستەيىننىڭ «مازار تاغ» دىن ئېرىشكەن ملادىيە 8 ـ ئەسىرگە تەۋە ۋەسىقىلىرى بىزگە بۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ro بوغۇمى بىرلىكتە كەلگەن Bar—ma—ro—nya, Byi—ro—nya, Vden—ro—nya, shi—ronya غا ئوخشايدىغان سۆزلەرگە كەلسەك، بۇلار تۇبۇتنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى يەر نامىلىرى ئارىسىدىكى ro بوغۇمى (Vgrong—r, Myang—ro) غا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، قەبىلىلەرنىڭ نامىنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدىغان، تۈرلىنىدىغان سۆز شەكلىگە ئوخشايدۇ.

زور مىقداردىكى غەيرىي ئىران (پارس؟) تىللىرىنىڭ ھازىرقى زاماندا ئىشلىتىلىشى قەدىمكى ئۇدۇندا يەرلىك تىللارنىڭ يەنىلا ناھايىتى راۋاج تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئالاقىدار ۋەسىقىلەر تېپىلغان ھەقىقىي ئۇدۇن رايونى («مازارتاغ» ۋە باشقا جايلار) دا ئۇدۇن ساك

ئۆز ئىچىگە ئالغان① ئىكەن».

خوتەندىكى مەسچىتلەر ھەققىدە پېرتسوۋ مۇنداق خاتىرىلىگەن: «خوتەندە چوڭ مەسچىتتىن بەشى بار. ‹ھەزرەت سۇلتان مازىرى› بولسا قەلەندەرلەرنىڭ يىغىلىش سورۇنى بولۇپ، ئەڭ قەدىمىي، تاملىرى گۈللۈك خىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ‹چالمىي مەسچىت› نگە 5000 نامازخان سىغىدۇ. ‹چارسۇ مەسچىت› مۇ ئوخشاشلا ناھايىتى چوڭ مەسچىت. بۇلاردىن قالسا ‹ھېيتگاھ مەسچىتى› بىلەن ‹ئالتۇن مەسچىت› چوڭ②. بۇنىڭ ئىچىدىكى ‹چارسۇ مەسچىتى› خوتەن شەھىرىنىڭ چاھارسۇسىغا جايلاشقان. ھېيتگاھ بولسا ‹مۇراسىم مەيدانى› دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇسۇلمانلار يىغىلىپ كاتتا دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغان مەسچىتتۇر».

پېرتسوۋ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى خوتەندىكى ئىسلامىيەت ھەققىدە توختالغاندا: «گرېنپارد ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن خوتەندىكى مەسچىتلەر ھەققىدە مۇنداق خۇلاسىلىغان: خوتەن شەھىرىدە 44 مەسچىت بار. پەقەت مەركىزىي مەسچىت (ھېيتگاھ بولسا كېرەك) نىڭ قۇلايلىقلىقىنى دېمىسە باشقىسىنىڭ ئالاھىدە خاتىرىلىگۈچىلىكى يوقكەن. خۇراپاتلىق يەنى شۇ خىلدىكى ئەۋلىيالار مازىرىغا چوقۇنۇش بەك ئېغىركەن. خوتەن شەھىرىدە تولىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى مازار بار ئىكەن، بىرى خوتەن شەھىرىدىكى ‹ھەزرەت سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ مازىرى›، يەنە بىرى خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ‹مۇھەممەد جالالىددىن مازىرى› بولۇپ، بۇ ئادەتتە ‹ئالتۇن مازار› دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئەۋلىيا بۇ جايغا دەپنە قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇ تۇغۇلغاندا ئاسماندىن چۈشكەن، ئالتۇندا ياسالغان بۆشۈكنى تەۋرەتكەن دېگەن رىۋايەتكە ئاساسەن ‹ئالتۇن مازار› دەپ ئاتالغانىكەن. خوتەندە ئاشۇنداق مازارلار كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغلىنىدىغىنى چىرادىكى ‹ئىمامى جەپپەرى تەيران مازىرى› بولۇپ، ‹ئىسنا ئەشەئەرىيىيە› (يەنى 12 ئىمام مەزھىپى) گە تەۋە مازاردۇر. بۇ يەردە ھەزرىتى ئەلى ئىسلام ئاچقانمىش. بۇ مازارلارنىڭ ئىگىلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىياسى دېيىش تولىمۇ غەلىتىلىك يەنى بۇ مازارلارنىڭ ئىگىلىرى ئىسلامىيەتتىن ئىلا-

ساگۇچى تورو [ياپونىيە]

# شېھىدانە* خوتەن

يەكەن تەرەپلەردە بۇددا مۇرىتلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا شېھىت بول- غانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە شېھىتلەرنىڭ مازىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، يەكەننىڭ شەرقىدىكى گۇما، پىيال- ما دېگەن جايلاردا كۆپرەك. بولۇپمۇ خوتەن تەۋەسىدە شېھىتلەرگە ئائىت ئەپسانىلەر تېخىمۇ كۆپ، شۇڭا خوتەننىڭ «شېھىدانە خوتەن» دېگەن نامى بار. بۇ ماقالەمدە مەن شېھىتلەر مازىرى ھەققىدىكى بايانلارنىلا سۆزلەيمەن:

فورسېت ئەپەندى خوتەندىكى ئىسلامىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، مۇنداق خاتىرىلىگەن: «بۇغراخان دەۋرىدە خوتەن- نى مۇسۇلمانلار ‹چىن›، يەنى ‹ماچىن›، دەپ ئاتىغانىكەن. چىننىڭ پايتەختى (ئاستانىسى) ‹چىن شەھىرى›، دەپ ئاتالغانىكەن. ھازىر خوتەن شەھىرى يەرلىك خوتەن خەلقىنىڭ تىلىدا ‹ئىلچى›، ياكى ‹ئىل- سا›، دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. قەشقەردىكى ئىسلام كۈچلىرى- نىڭ تۇنجى ھۆكۈمرانى سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە خوتەن رايونىنىڭ نامى ‹چىن›، ئىكەن. ماچىن بولسا ‹ماھاچىنى›، نىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، بۇددا ئېلىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھىمى شۇكى، رىۋا- يەتلەردىكى ‹چىن شەھىرى›، بۇددا دىنى دەۋرىدىكى خوتەن بەگلىكى دېگەن مەنىدىكەن. خوتەن بەگلىكىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىلچى، قارا- قاش، يورۇڭقاش، چىرا، كېرىيە، نەيا (نىيا) قاتارلىق ئالتە شەھەرنى

* ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە تۇرۇۋاتقان خوتەن قاتارلىق ئالتە شەھەرنى كىشىلەر شېھىدانە خوتەن، پىريانە يەكەن، ئېزىزانە قەشقەر، غازىيانە ئاقسۇ، ۋەلىيانە كوچا، غېرىبانە تۇرپان، سوپىيانە قۇمۇل دەپمۇ ئاتىشاتتى (تۈزگۈچىدىن).

سەتكەن — ت) بار. مازارنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئورمانلىقتەك قىلىپ تىكلەنگەن خادا - ياغاچلار خەلقنىڭ ھەزرىتى ئەلەمگە بولغان ماتەم - قايغۇسى ۋە ئۇنى ناھايىتى ئۇلۇغلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىشى ئىكەن. ناھايىتى قەدىمدە ھەزرىتى ئەلەمنى دىنسىزلار دارغا ئاسقانىكەن. ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن «يوتقان» كەنتىدىكى خېلىلا نۇرغۇن جاي «بورۇزان» (بوروز — «ئېسىپ ئۆلتۈرۈش» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن شېھىتلەر مازىرى بارلىقى مەلۇم.

خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى لوپ (لوپنۇر ئەمەس) كەنتىدىن ئۆتۈپ چىرىغا بارسىڭىز، چىرا كەنتىگە يېقىن بۇ جايدا بىر قەدىمىي مازار بار بولۇپ، دائىم دېگۈدەك كارامەت كۆرسىتىلىپ تۇرغاچقا، يەرلىك خەلقلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىشىدىكەن. بۇ يەر خوتەن رايونىدىكى تۆت چوڭ مازارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن⑦. بۇ يەردىكى مەشھۇر مازارنىڭ ئىگىسى بولمىش ئەۋلىيانىڭ نامىنى شې بىن ئەپەندى دوكلاتىغا كىرگۈزگەن.

پېرتسوۋ: «كېرىيىگە بارغۇچە قارا قىرلەنگەر (ئەينى چاغدا دوموكو بوستانلىقى ھازىرقى دامىكۇنىڭ ئورنىغا ئۇدۇل كېلىدۇ) گە يېقىن جايدا ‹سۇلتان مازىرى›، كېرىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 100 ۋېرستا (تەخمىنەن 107km ) كېلىدىغان قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ‹ھەزرىتى ئىمامى غۇلام شاھ مازىرى› بار، تاۋاپچىلار ئىبادەت قىلىدىغان مەسچىتىمۇ بار» دەپ خاتىرىلىگەن⑧.

چىرىنىڭ شەرقىدىكى كېرىيە ھەققىدە شې بىن ئەپەندى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «كېرىيىدە قەدىمىي مازارلار نۇرغۇنكەن. بۇلاردىن نامى مەشھۇرلىرى چىرا كەنتى، نۇر، بۇغاز لەڭگەر، نىيا كەنتىدە ئىكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە مۇسۇلمانلار بۇددا مۇرىتلىرى بىلەن يەر تالىشىپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر ئاشۇ جايلارغا دەپنە قىلىنغانىكەن. كېيىنكىلەر ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى ئەسلەپ، ئۇلارغا قەبرە ياساپ، ئىبادەتخانا ساپتۇ، ئۇلارنى تاۋاپ قىلىپتۇ. ئەمما بۇ ۋەقە مۇسۇلمانلارنىڭ كىتابلىرىغا خاتىرىلەنمىگەچكە، بۇ رىۋايەتنى ئىسپاتلاش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. بۇ كېرىيىدە ئېرىشكەن رىۋايەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى

گىرىكى دىنلار، بولۇپمۇ بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قىياس قىلىنىدۇ.» ③ دەپ يازغان.

خوتەن شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، شەرق تەرەپتىكى يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن غەرب تەرەپتىكى قاراقاش دەرياسى ۋادىسى ئەتراپىدىكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ ھەممە يېرىدە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس ئورۇنلىرى ۋە مازارلىرى نۇرغۇن. مەسىلەن، خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەخمىنەن بەش مىل كېلىدىغان يەردىكى «ناغراخانا» ئەتراپىدا ئۇچ نەپەر غازىنىڭ مازىرى بار. ئاۋرېل ستەيىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا: ئۇچ نەپەر غازى تۆت ئىمامنىڭ شېھىت بولغان يېرىنى ئىزدەپ قەبرىسىنى تاپالماپتۇ. ئۇلار قەبرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغاندا، زېمىن يېرىلىپ ئۇلارنى قوينىغا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىسى «ھاشا مازىرى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇستىگە گۇمبەز ياسىلىپتۇ. خوتەن رايونىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ مازارنى تاۋاپگاھ قىلىشىپتۇ④. يەنە قاراقاش دەرياسى بويىدا بۇددىست چوقتىرەشىد ۋە نوقتىرەشىدنىڭ قوۋمى بىلەن جەڭ قىلىش ئۇچۇن، باغداد (ھازىرقى ئىراق پايتەختى) تىن كەلگەن خوجا باغداد ئاكا ـ ئۇكىلار شېھىت بولغاندا دەپنە قىلىنغان مازار بار. مازار يېنىدىكى خادا بىلەن توغ ـ ئەلەم، مۇڭگۇزلەر دۆۋىلىنىۋېتىلگەن جايغا شەيتان كۆمۈلۈكمىش ⑤. «يوتقان» قەدىمىي خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى «كوسا» دېگەن جايدا «ئىمام مۇسا قاسىمنىڭ مازىرى» بار بولۇپ، تاۋاپچىسى ناھايىتى كۆپ مازاركەن. يەنە تۆت ئىمامنىڭ لەشكەرلىرى نامىغا ئاتالغان «قوۋمى شېھىدان» («قوۋمغا كۆمۈلگەن شېھىتلەر» مەنىسىدە) مازىرى بار ئىكەن ⑥.

خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كەنتتە نۇزاي كازىم (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن نەۋرىلىرىدىن بىرى) نىڭ جەڭدە يېڭىلگەن لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنغان مەشھۇر مازار بار. «لەشكىرى مازار» نىڭ شىمالىدىكى دۆڭلۈكتە ئۇلار شېھىت بولغان قورغاننىڭ خارابىسى بار.

«يوتقان» كەنتىگە يېقىن جايدا «ھەزرىتى ئەلەم مازىرى» (ئاپتور بۇ يەردە ئېنىقكى «ھەزرىتى ئەللامە مازىرى» يەنى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى دەپنە قىلىنغان «ئەللامە كەنتى» دىكى مازارنى كۆر-

لاشقان نىيا بوستانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمىي نىيا خارابىسى بار. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولمىش نىيا ئىسلام تارىخىدىمۇ نەزەردىن ساقىت بولمىغان. يېقىنقى زاماندىكى نىيا ھەققىدە فورسىيتنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا: نەيا (نىيا) نىڭ نوپۇسى 500 تۈتۈن بولۇپ، قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقانىكەن. شەرقىي پاسىلى «مەزاربىبى ئىنجىلە» دېگەن يەرگىچە ئىكەن. بۇ جاي ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئىمامى جەپپەرى سادىق» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ جاي خوتەن رايونىنىڭ تېررىتورىيىسى بولۇپ، يەئقۇب بەگ تېررىتورىيىسىنىڭ پاسىلى دەپ قارىلىدىكەن.

نىيا بوستانلىقىنىڭ شىمالىغا 100 ۋېرستا (107km) كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ئىمامى جەپپەرى سادىق مازىرى» بار ئىكەن. ھەر يىلى قىشتا نۇرغۇنلىغان تاۋاپچىلار بۇ يەرگە جەم بولىدىكەن. مازارغا نىيا دەرياسىنى بويلاپ ئوڭ قىرغاق بىلەن مېڭىپ يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. مازارغا يېقىن يەردىكى «مۇقى كۆلى» ئەتراپىدا بىر كاتتا مەسچىت بار ئىكەن. مەسچىتنىڭ 5000 تۇياق ۋەخپە قويى بار بولۇپ، تاۋاپچىلارغا تەييارلاقلىقكەن. بۇ مازارغا كاشغەر ھەتتا ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىمۇ تاۋاپقا كېلىدىكەن. مەسچىتنىڭ ئىمامى مۇھەممەد ئىسلامىمۇ قەندىھارلىقكەن⑫. يەنە «ئىمامى جەپپەرى سادىق مازىرى» دىن شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭسا، بىر كۈنلۈك مۇساپە بار يەردە «جامالىددىن باغدادى مازىرى»⑬ بار ئىكەن. نىيا دەرياسى بويىدا «شتالە پادىشاھى مازىرى» بار بولۇپ، خادىملارغا ئېسىلغان، چىگىلگەن تۇغ - ئەلەملەر كۆزنى ئالا - چەكمەن قىلىۋېتىدىكەن.

## پايدىلانمىلار:

① لورد دوگلاس: «فورسىيتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1873 - يىل يەكەنگە بارغان ئەلچىلەرنىڭ دوكلاتى»، 1873 - يىل، كالكۇتتا، ئىنگلىزچە نەشرى، 32 - بەت.

② پېرتسوۋ: «قەشقەرىيە ۋە قاراقورۇم (كۇئېنلۇن)غا سەپەر»، 1949 - يىل، موسكۋا، رۇسچە نەشرى، 93 - بەت.

بىلدۈرىدۇ ھەم بۇ جايغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بۇددا مۇرىتلىرى بىلەن جەڭ قىلغان مۇسۇلمان جەڭچىلەردىن غازاتتا شىھىت بولغانلار-نىڭ مازىرى دەپ ھېكايە قىلىنىۋاتىدۇ.

كېرىيە بازىرىدا ئۈچ چوڭ مەسچىت بار ئىكەن. ئەڭ چوڭى «ھېيتگاھ» بولۇپ، ھېيتگاھقا تەۋە بىر مەدرىسە بار ئىكەن⑨.

شې بىن 1917 - يىلى كېرىيىدىن ئۆتۈپ، كېرىيىنىڭ شەرقىدى-كى قەدىمكى «جۇمى شەھىرى خارابىسى» نى بېسىپ ئۆتۈپ، «قارا كۇمۇش» كە كېلىپ «بۇغراقۇم» دېگەن قەدىمىي مازارغا كەلگەن. ئۇ: «يەرلىك خەلقلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، مۇسۇلمانلار دەسلەپتە تارىم ئـويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرگەندە موڭغۇللار (ئەمەلىيەتتە بۇددىستلار) بىلەن جەڭ قىلىپ مۇشۇ يەردە شېھىت بولغاچقا، مۇسۇل-مانلار بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىكەن. قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئىبادەت قىلغۇچىلار نۇرغۇنكەن. مازارغا قارايدىغان ئاخۇندىنمۇ بىرمۇن-چىسى بار ئىكەن»⑩، دەپ خاتىرىلىگەن. شې بىن «قارا كۇمۇش» كەنتىدىن ئۆتۈپ «ئويتوغراق» قا يېتىپ كەلگەن. شې بىن بۇ يەردىن قۇملۇق بەلۋېغىنىڭ شەرقىگە كىرىپ، مۇشەققەتلىك يوللار بىلەن مىڭ تەسلىكتە «يېسىيۇلغۇن» غا كەلگەندىن كېيىن، «بۇغاز لەڭگەر» گە بارغان. يەنە شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، «كەڭسېرىغ» ئارقىلىق نىيىغا يېتىپ كەلـگەن. «قارا كۇمـۇش» ستەيـنىنـىڭ 1907 - يىلى سىزغان «چىنى تۈركىستان خەرىتىسى» دىن قارىغاندا، كېرىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «قارا كۇ-مۇش ئوغۇل» دېگەن جايغا توغرا كېلىدۇ. قارىغاندا شې بىن بۇ جايدىن ئانچە يىراقلىشىپ ماڭمىغان.

«ئويتوغراق» بوستانلىقى ماچىنلىقلارنىڭ تۇرار جايى بولۇپ، بۇ يەردە ھەزرىتى ئەلىنىڭ غۇلامى «قەمبەر پادىشاھىمنىڭ مازىرى» بار ئىكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: «بىر تۈمەن ئەرەب بېسىپ كېلىپ بۇ يەرنى ئىگىلەپتۇ. ئەمـما ئـۇلاردىن ئـاران 41 كـىشى تـىرىك قاپـتۇ⑪». بۇ يەردە شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئۇلۇغلايدىغان ئىمامى ئەلىنىڭ رىۋايىتى نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ.

كېرىيىنىڭ شەرقىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جاي-

تاچىبانازىچىيو [ياپونىيە]

# ئۆتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيە

## خوتەندىكى كەچمىشلەر

تاغ ئارىسىدا بىرەر ئاي ئايلانغاندىن كېيىن، مەن شىنجاڭدىكى يەنە بىر چوڭراق شەھەرگە — تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ بويىغا جايلاشقان خوتەنگە قاراپ يول ئالدىم. بۇ دەل 5 - ئايدىكى باش ياز مەزگىلى بولۇپ، قۇملۇقتا ئاسانلا بورانغا يولۇقىدىغان مەزگىل ئىدى. تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇم دانچىلىرى ناھايىتى ئۇششاق بولۇپ، بوران چىقىدىغان بولسا، ئەتراپتىكى بوستانلىقلاردا

【 ئىلاۋە】 تاچىبانازىچىيو (1890 ~ 1968) ياپونىيە ناگويالىق ئېكسپېدىتسىيىچى. 1908 - يىل 6 - ئايدا ئوتانى كوزىي تەشكىللىگەن 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە قاتنىشىپ ئىچكى موڭغۇلىيە ئارقىلىق تۇرپان، چەرچەن، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرگەن. 1910 - يىل لوندوندىن يولغا چىقىپ چاررۇسىيە ئارقىلىق تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كۇچاغا بارغاندىن كېيىن يەنە خوتەن، يەكەن، چەرچەنگە كەلگەن. ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەم 1911 - يىل 1 - ئايدا چاقىلىق، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1912 - يىل 1 - ئايدا دۇنخۇاڭغا يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيىسى»، «يىڭى غەربىي ئەللەر خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرلىرى بار.

ئۇ بۇ خاتىرىسىنى 1911 - يىل خوتەنگە كېلىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئارقىلىق تىبەت ئېگىزلىكىگە ئۆتۈپ تەكشۈرۈشكە ئاتلىنىش ئالدىدا كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن يازغان.

③ رېھنىس: «تۈركىستان، تىبەتنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ۋە جەمئىيىتى» ، 1898 ـ يىل، فرانسۇزچە نەشرى، 240 ـ بەت.

④ ئاۋرېل. ستەيىن: «قەدىمكى خوتەن» ، لوندون نەشرى، 229 ـ بەت.

⑤ «1906 ــ 1908 ـ يىل غەربتىن شەرقىقە ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ، خېلسىنكى نەشرى، 90 ـ بەت.

⑥ ستەيىننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى 267 ـ ، 268 ـ بەتلەر (ھازىر بۇ جايىنى خەلقلەر «قوۋمى شېھىدان» ، «شېھىت قوۋم» دېگەن مەنىدە ئاتايدۇ ــ ت).

⑦ شې بىن: «شىنجاڭدىكى سەپىرىمدىن خاتىرىلەر» ، 1923 ـ يىل شاڭخەي جوڭخۇا نەشرىياتى، 243 ـ بەت.

⑧ ، ⑨ پېرتسوۋنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى 100 ـ ، 101 ـ بەتلەر.

⑩ پېرژېۋالسكى: «چاقتىن ئۇدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىگىچە ــ تىبەتنىڭ شىمالى ۋە لوپنۇردىن تارىم ۋادىسىغا ئىلگىرىلەش لىنىيىسىنى تەكشۈرۈش» ، 1888 ـ يىل سائىنت ـ پېتېربۇرگ، رۇسچە نەشرى.

⑪ پېرتسوۋنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى 154 ــ 158 ـ بەتلەر.

⑫ رېھنىسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى 80 ـ بەت.

⑬ ستەيىننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى 444 ـ بەت.

ساگۇچى تورۇنىڭ «شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابى ــ ھېيسىي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7 ـ يىلى (1995 ـ يىل) يوشىكاۋا كوبونكان نەشرىياتىنىڭ ياپونچە نەشرى، 114 ــ 119 ـ بەتلىرىدىن

**ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى**

دۇ. تومۇز ئىسسىقتىمۇ يەنىلا قەھرىتان قىشتا كىيىپ يۈرگەن باش كىيىمنى كىيىپ يۈرىۋېرىدۇ، ھەرگىزمۇ پاخالدا توقۇلغان قالپاقلارنى كىيىپ شامالدىمايدۇ. مەنمۇ بىرنەچچە خىل باش كىيىم سېتىۋالدىم. گەرچە ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى ۋاقتىنچە بولمىسىمۇ، مەن يەنە پىلە غوزىسى ۋە خام يىپەكمۇ سېتىۋالدىم.

بازاردىكى يىپەك سودىسىنىڭ تولىمۇ ئاۋاتلىقىدىن بۇ يەرنى ئەل-مىساقتىن باشلاپ پىلە قۇرتى باقىدىغان جاي ئوخشايدۇ دەپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، «بۈيۈك تاڭ ئەلچىسىنىڭ غەربكە ساياھىتى» دە خـاتىرىلىنىشىچە، بۇ يۇرتتا ئەسلى پىلە قۇرتى بېقىلمايدىكەن، خوتەننىڭ پادىشاھى ئىچكىرى رايوندىن بىر مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان، مەلىكە ئىچكىرىدىن پىلە قۇرتى ئالغاچ كېلىپ ئوردا ئىچىدە باققان، كېيىن كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان، شۇنىڭ بىلەن خوتەن ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى بىردىنبىر پىلىچىلىك يۇرتى بولۇپ قالغان ئىكەن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خوتەن پىلىچىلىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ياۋروپا رىۋايەتلىرىدە پىلىچىلىك يىراق بىر سىرلىق يۇرتتىن ئىران ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن دېيىلىدۇ. بەزىلەر بۇ سىرلىق يۇرتنى خوتەن دەپ قارايدىغان بولۇپ، شۇنىڭدىن تەخمىنەن 550 يـىل كېيىنكى ساسانىلار دەۋرىدە، ئىككى نەپەر جاھانكەزدى دەرۋىش تۇنجى قېتىم پىلە غوزىسىنى ۋېزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە ئېلىپ كەلگەن. يەنە بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى بۇروكپىئاس تىلغا ئالغان «سې-رىس» دېگەن يۇرتنى دەل خوتەن دەپ قارايدۇ. بۇلار گەرچە رىۋايەتتەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ئاز- تولا ئەمەلىيەتنىڭ يوشۇ-رۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

باشقا بوستانلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خوتەننىڭ كىلىماتى بىرقەدەر ئىللىق بولۇپ، يازدا يەنىلا ئىنتايىن ئىسسىق بولىدىكەن. تەكلىماكان چۆللۈكى ئىچىدىكى بىر چوڭ بوستانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن خوتەندە دەل ـ دەرەخلەر قويۇق، مېۋە ـ چېۋىلەر مول بولىدى-كەن. بولۇپمۇ ئۈزۈم خىللىرى كۆپ بولۇپ، قۇرۇق ئۈزۈم بۇ يەرنىڭ مۇھىم يەرلىك مەھسۇلاتى ئىكەن. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە بۇ يەردىن ئالىي سۈپەتلىك شاپتۇل، نەشپۈت، قوغۇن ـ تاۋۇز چىقىدىكەن.

خۇددى گۇلدۇرماما گۇلدۇرلىگەندەك دەھشەتلىك ئاۋازلارنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. خوتەندە بۇنداق گۇلدۇرلەشلەرگە قوشۇلۇپ بىردىنلا كۈندۈز كېچىگە ئايلىنىپ قالاتتى- دە، كىشىلەرنىڭ يۈرىكى قورقۇنچتىن مۇجۇلاتتى. مەن خوتەندىكى ۋاقتىمدا بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ قېتىم يۈز بەردى. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ مەركىزى يەنىلا قۇملۇق بولۇپ، شەھەردە ئەسلا يۈز بەرمىگەنلىكتىن، مەنمۇ پەقەت قۇم - بوراننىڭ سىلاش - سىيپاشلىرىنىلا سەزگەن بولدۇم.

خوتەن خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە «ئۇدۇن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، «بۈيۈك تاڭ ئەلچىسىنىڭ غەربكە ساياھىتى» دىكى «كېھۇستانا دۆلىتى» (مەنىسى «زېمىننىڭ كۆكسى» — «يەر ئەمچىكى» دېگەنلىك بولىدۇ) دەل ئاشۇ خوتەن ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا خوتەننى بىر قەدىمي يۇرت دېيىشكە بولىدۇ. ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە بۇنىڭغا ئائىت خاتىرىلەرنىڭ بولغانلىقىدىنلا بۇ يۇرتنىڭ ئەلمىساقتىن كىشىلەرگە تونۇشلۇق جاي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. يەرلىكلەر ئەزەلدىن گىلەم توقۇش بىلەن نام چىقارغان. گىلەملىرى گۈللىرى، رەڭگى ۋە لايىھىلەش جەھەتتىن پەۋقۇلئاددە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ بىر كۆرۈشكە ئەرزىيتتى. باشقا مەھسۇلاتلىرىدىن قاشتاش، كېپەك ئالتۇن، ئىپار، خام مەشۇت داڭلىق ئىدى. توقۇلمىلار ۋە مېۋە - چېۋىلەر ھەقىقەتەن مول بولۇپ، ھەپتىدە بىر كۈن قىزىيدىغان بازارغا ئەتراپتىكى ئاھالىلەر چۇمۇلىدەك توپلىشىپ، بازارنى تەسەۋۋۇرىمىزدىن بەكرەك قىزىتىۋېتەتتى. بۇ كۈندە ھەر خىل تىجارەتچىلەر ئۇچۇقچىلىققا ماللىرىنى تىزىپ قويۇپ، بازارنى ئاجايىپ ئاۋاتلاشتۇراتتى. پاكار ئۆيلەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان كوچىلار تولىمۇ مەينەت ھەم قالايمىقان بولۇپ، ئادەم بەرداشلىق بەرمەك قىيىن ئىدى. مەن خوتەندە تۇرغاندا، بىر قېتىم بازارغا بېرىپ قاراپ باقتىم. ئۇ كۈنى باش ياز كۈنلىرى بولغانلىقتىن، ھەممە يەردە كۆزگە تاشلىنىدىغىنى يازلىق كىيىم- كېچەكلەر ئىدى. بولۇپمۇ ياپونىيە ۋە ياۋروپالاردا ئەسلا كۆرگىلى نېسىپ بولمايدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى باش كىيىملەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئادەتتە، يەرلىك كىشىلەر مەيلى قىش - ياز بولسۇن، ئەزەلدىن باش كىيىمنى يىل بويى ئېلىۋەتمەي-

پېتى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. يېقىن ئەتراپتىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي يېزىقتىكى كىتابلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇرپاندىن بايقالغان بۇيۇملار بىلەن خوتەندىن بايقالغان بۇيۇملار بىر ـ بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەن بۇ يەردە ئايلىنىش جەريانىدا زور مىقداردىكى ئىبادەتخانا ۋە قەدىمىي شەھەر ئىزلىرىنى بايقىدىم. لېكىن، بۇ يەردىكى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ئەنگلىيىلىك دوكتۇر ستەيىن تەرىپىدىن بايقالغان بولغانلىقتىن، مېنى پەقەت ستەيىن تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرگە ئېرىشتى دېسە مۇۋاپىق بولار.

ئۇنىڭدىن سىرت، مەن خوتەندە ئايلىنىش جەريانىدا، شۇ يەرلىك ئاز ـ پاز مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلار بىلىدىغان خوتەنگە ئائىت رىۋايەتلەرنى توپلىدىم. بۇ مېنىڭ تەتقىقاتىمغا ماتېرىيال توپلاش بولۇپلا قالماستىن، يەنە تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشىمگىمۇ پايدىسى بولدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇەنزاڭ خاتىرىلىگەن رىۋايەتلەرمۇ بار:

«قەدىمكى زاماندا خوتەن ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، پادىشاھنىڭ لەشكىرىي كۈچى ئاجىز كېلىپ، بارلىق ئەل ـ ئاۋامنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالى قالمىغاندا، پادىشاھ ئۆز تەۋەلىكىدە سان ـ ساناقسىز چاشقانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، ئۇلاردىن ياردەم سوراپتۇ. ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان چاشقان شاھى لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ، كېچىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەن تەرەپنىڭ ئات جابدۇقلىرى، قوراللىرى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى چىشلەپ ـ قىرقىپ پۇتۇنلەي بۇزۇپ تاشلاپتۇ. نەتىجىدە دۈشمەن ئامالسىز چېكىنىپ، خوتەن ئامان قاپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ چاشقانلارغا بىر ئىبادەتخانا بىنا قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزاق زامانغىچە بېقىپتۇ». مانا بۇ «بۈيۈك تاڭ ئەلچىسىنىڭ غەربكە ساياھىتى» دە خاتىرىلەنگەن ھېكايىنىڭ ۋارىيانتى. ئەمەلىيەتتە بۇ، شۇەنزاڭ بۇ يەرگە كەلگەندە خەلقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بىر رىۋايەت ئىدى. دەل مۇشۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ نۇرغۇن بولۇشى سەۋەبىدىن، كىشىلەر خوتەننىڭ گۈزەل ئۆتمۈشىنى بىلىشكە قىزىققان.

شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى «مېۋە ـ چېچەكلەر مول» دېگەن ئىبارىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ يەرنىڭ قەدىمدىن باشلاپلا مېۋە ـ چېچەك ماكانى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ يەردە 719 ـ يىلدىن باشلاپلا قەغەزچىلىك ئىنتايىن روناق تاپقان بولۇپ، نۇرغۇن قېزىلمىلاردىنمۇ بۇلارنى بىلىش ناھايىتى ئاسان.

## بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاندىن بىۋاستە تارقىلىشى

خوتەننىڭ قەدىمدىن باشلاپ ئاجايىپ روناق تېپىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇنىڭ يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى بولۇپ، يازدا قار ـ مۇزلار ئېرىگەن چاغدا غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسىدىكى ئېگىزلىكى 3000 ~ 6000 مېتىر كېلىدىغان ئېگىز قارلىق چوققىلار بۇ يەرنى سۇ ۋە سېغىز تۇپىلار بىلەن تەمىنلەپ، مول ئوزۇقلۇقى بىلەن كىشىلەرنى رازى قىلىدۇ. بۇ ئىككى دەريا ئېقىمى خوتەندىن ئۆتۈپ يىراق جايلارغا ئاقىدۇ ـ دە، ئەڭ ئاخىرىدا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك ئېقىنلار بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچىسى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە بىر ـ بىرلەپ يوقاپ كېتىدۇ. بۇ دەريا ئېقىنلىرى قىش كۈنلىرى قۇپقۇرۇق بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپمۇ مېڭىۋەرگىلى بولىدۇ، ئەمما ياز كېلىشى بىلەنلا سۈيى ئۇلغىيىپ، ئادەم ۋە ئاتلارنى قوشۇپ ئېقىتىپ كېتەلەيدۇ. خوتەن زېمىنى بۇ ئىككى دەريادىن ئوزۇقلىنىپ تولىمۇ مۇنبەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز چوققىلار ۋە شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مۇداپىئە لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرگەچكە، بۇ يەر مەيلى ئىلگىرى ياكى ھازىر بولسۇن، باشقا بوستانلىقلارغا قارىغاندا، زور دەرىجىدە روناق تاپقان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەر ـ بازارلار ئىچىدە خوتەن ھىندىستانغا ئەڭ يېقىن بولۇپ، ھىندىستاندىن تارقالغان بۇددا دىنى بۇ يەرگە ئۆز

يەرلىك خەلقلەر ناخشىغا ئۇستا، ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەن. ھەتتا قەدىمدىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى باشقا ئىقتىداردىن كۆپ تەرەققىي قىلغانىكەن. مەسىلەن، دۇتار ـ تەمبۇر، نەي، داپ چالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەر ئەمەسكەن، بۇ سازلارغا تەڭكەش بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ئىچىدە ساقاللىق ئەزىمەتلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋرىشىم قوللىرى، يېنىك ئۇسسۇللىرى ناھايىتى قىزىقارلىقكەن. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى مەينەت، يىرتىق، تولىمۇ ئاددىي. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل شەكلى ھەر خىل بولۇپ، بىر خىلى جىنچىراغ ئۇسسۇلى ئىكەن. ئۇسسۇلچىلار جىنچىراغنى بېشىغا قويۇپ ئوت يېقىپ قويىدىكەن. ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتمەي، يېغىنى چاچرىتىۋەتمەي پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. بۇنداق ئۇسسۇل زىياپەت ئەھلىنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ قويغاچقا، ھەممەيلەن خۇشاللىقىدىن ماختاپ كېتىشتى.

ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق بولسىمۇ، خوتەنلىكلەردەك ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق، قىزغىن خەلق ئانچە كۆپ ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ يەر خۇدا بەرگەن زېمىنكەن. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى تولىمۇ مۇنبەت بولسىمۇ، خەلقى بەك ھورۇن، يالقاۋكەن. توۋلاپ ـ سەكرەشكە جېنىنى بېرىدىغان، ئالغا باساي دېمەيدىغان خەقكەن. يېڭىچە تىجارەت، يەر ئېچىش دېگەندەك ئىشلارنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن. «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دەپلا يۈرىدىكەن. شۇڭا، ھازىر ئۇلار ئۆتمۈشتىكى گۈللەنگەن كەيپىياتنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھورۇنلۇقىدىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر قەدىمىي ئاسارئەتىقە تېپىۋالسام، كاللەك ئالتۇن ئۇچراپ قالسا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىراق، تېرىككەك قەشقەرلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خوتەنلىكلەر سادda، سەمىمىي كېلىدىكەن. ئۇلاردىن پايدىلىنىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار تولىمۇ ئىشلىتىلىشلىك خەلقكەن.

خوتەننىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئېنىق تەكشۈرگەن ماتېرىيال بولمىغاچقا، بىرنېمە دېمەك تەسكەن. تەخمىنەن 220 ～ 230 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. 1885 ـ يىلى رۇسىيىلىك گېنېرال پېرژېۋالىسكى خوتەندىن ئۆتكەندە 300 مىڭ نوپۇسى بار بولۇشى مۇمكىن دەپ

مەن يۇك ـ تاق ئەترىتىمنىڭ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ يولدىن كېلىشىنى كۈن ـ كۈنلەپ كۈتمەكتە ئىدىم. بۇنىڭدىن كۆپ قىسمى «تېرەكداۋان» دىن ئۆتۈپ كېلىدىغان رۇسىيىلىك سودىگەرلەر ياكى بولمىسا قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈپ كېلىدىغان ھىندىستانلىق سودىگەرلەر ئىدى. شۇڭلاشقا، ياپونىيىلىك سودىگەرلەر بۇ يوللاردىن ئۆتۈپ، بوستانلىقتىكى شەھەرلەرگە نىسبەتەن سودا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارماقچى بولسا، تەسەۋۋۇردىكىدەك قىيىنغا توختىمايتتى. ئەلۋەتتە، بەزى مەدەنىي دۆلەتلەردىكى سەپەر قىيىنچىلىقىنى بۇ يەرگە ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممىلا يېرىنى قۇملۇق دېگىلى بولمايتتى. ئادەتتىكى سەپەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەك چوڭ قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ يوق ئىدى.

مېنىڭ چوڭ يۇك ـ تاق ئەترىتىم 40 نەچچە كۈندە ئاندىن خوتەنگە يېتىپ كېلەلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمنى قايتا ئۆزگەرتىپ تىبەتكە يولغا چىقىش تەييارلىقىنى باشلىۋەتتىم.

## خوتەنلىكلەرنىڭ جىنچىراغ ئۇسسۇلى*

خوتەندە توختىغان مەزگىلدە، مەن خەنزۇ ئەمەلدارلار، ياۋروپالىقلار، يەرلىك بايلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىياپەتلىرىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ تۇردۇم. تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يولغا چىقىش ئالدىدىكى بىر كۈنى كەچتە كاتتا خوشلىشىش زىياپىتى ئۆتكۈزدۈم. زىياپەتنى بىر باينىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، 50 ~ 60 مېھمان چاقىردىم. ئېسىمدە قېلىشىچە 70 ~ 80 يېن خەجلىدىم. 70 ~ 80 يېننى ياپونىيىدە خەجلىسەم ئاران بىر قېتىملا غورىگىل زىياپەت ئۆتكۈزگىلى بولاتتى. تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان بۇ جايدا بولسا، ئالىي باھاغا ئېرىشتىم. ئاڭلىسام مېھمانلىرىم ناھايىتى رازى بوپتۇ.

---

* خوتەنلىكلەرنىڭ «جىنچىراغ ئۇسسۇلى» دېگەن بۇ ماۋزۇ ئاستىدىكى تېكىستنى ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمە قىلدى.

خۇددى ئايالالارنىڭ كۆكسىدەك كۆتۈرۈلۈپ يوغىناشقا باشلاپتۇ. شاھزادە بۇنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ھېلىقى ئەمچەككە تايىنىپ تۇرۇپ، غوتۇلدىتىپ ئېمىشكە باشلاپتۇ». «كېھۇستانا» دېگەن رىۋايەت مۇشۇنىڭدىن تارقالغان دېگەن گەپلەر بار.

ئۇنداقتا، «كېھۇستانا» دۆلىتى قانداق بەرپا بولغان؟ ھىندىستاندا بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايۇ ئىسىملىك بىر داڭلىق پادىشاھ بولغان ئىكەن. ئۇ مەلۇم بىر ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش يۈزىسىدىن، بىر چوڭ ئەمەلدارنى شەرقىي شىمالدىكى بىر ئادەمسىز جاڭگاللىققا سۈرگۈن قىلغانىكەن. «كېھۇستانا دۆلىتى» شۇنىڭدىن باشلانغان بولۇپ، پادىشاھ ئايۇنىڭ ئوغلى كىرانا ئۆگەي ئانىسىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپ ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى تاكسىلا (Taxila) دۆلىتىگە قوغلىنىپ ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۆگەي ئانىسى زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېتىدۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ كور بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بىخەستەلىكىدىن بولدى دەپ قاراپ، ئەتراپىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ ياكى قارلىق تاغلارغا سۈرگۈن قىلىدۇ. سۈرگۈن قىلىنغان بۇ كىشىلەر چارۋىچىلارغا ئايلىنىپ قاراقۇرۇم تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتۈپ «خوتەن» دېگەن جايغا ئورۇنلىشىدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كىرانا پادىشاھ بۇ يەردە باشقا دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئىختىيارىي سەرگەردان بولغان، ئىلاھ ۋېسلىۋانانا ئۇنى بۇ يەرگە پادىشاھ بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، خوتەنلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى ھىندىستاندىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاندىن تارقىلىپ كىرگەنلىكىگە ئائىت قېزىلمىلار ئاللىقاچان بايقالغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ھىندىستاننىڭ كەشمىر ۋە تىبەتكە ئالاقىدار رىۋايەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا، خوتەننىڭ بۇددا دىنى ئەڭ بۇرۇن كىرگەن رايون ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

خوتەن بەگلىكىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا خوتەندە يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋەسىقىلەر بولمىغانلىقتىن، ئېنىق بىرنېمە دېمەك

مۆلچەرلىگەنىكەن. لېكىن، يەنە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خوتەنـ
گە كەلگەن رۇسىيىلىك گېنىرال بوچاروۋ 160 مىڭ نوپۇسى بولۇشى
مۇمكىن دېگەن. دوكتور سۋېن ھېدىن 1896 ـ يىل 524 مىڭ
نــوپۇسى بار دەپ قارىغان. قارىغاندا ھېچقايسىسى توغرا ئەمەستەك
قىلىدۇ. يېقىندا دوكتور ستەيىن خوتەندە تەخمىنەن 27 مىڭ 500
تۈتۈن بار، بىر تۈتۈننى سەككىز نوپۇس دەپ ھېسابلىغاندا 220 مىڭ
نوپۇس بار بولغان بولىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەن. مېنىڭچە ستەيىننىڭ
قارىشى ئەمەلىيەتكە يېقىنراق. ئېتنوگرافىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
خوتەنلىكلەر تۈركىي خەلقلەر تەركىبىدىكى ھىندى ۋە تىبەت قان سىستېمىسىدىكىلەر سىڭگەن ئارىلاشما ئىرققا تەۋە بولۇپ، موڭغۇل قان
سىستېمىسىغا تەۋە ئەمەسلىكى ئېنىق.

## خوتەندە بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىشى

تىبەتكە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا، بۇ قەدىمىي شەھەر
خوتەن توغرىسىدا بىرئاز توختىلىشىمغا توغرا كەلدى. بىز يۇقىرىدا
خوتەننىڭ قەدىمدە «كېھۇستانا» يەنى «زېمىننىڭ كۆكسى (يەر ئەمچىكى)» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلگەن ئىدۇق. بۇنداق ئاتىلىشنىڭ سەۋەبىمۇ دەل بىر رىۋايەتتىن كەلگەن:

«ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى كېھۇستانانىڭ پادىشاھى بارغانسېرى
قېرىپ كېتىپتۇ، لېكىن پەرزەنتى بولمىغانلىقتىن تولىمۇ پەرىشان
ئىكەن. شۇڭا ھەممىشە ۋاسراۋانا (Vas,ravana) دەپ ئاتىلىدىغان بىر
ئىبادەتخانىغا بېرىپ ساداقەتمەنلىك بىلەن تاۋاپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى
بۇ ئىبادەتخانىدىكى بىر مالائىكىنىڭ پېشانىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ
بىر بالا تۇغۇلۇپتۇ. پادىشاھ قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا بالىنى
ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. لېكىن، غەلىتە يېرى، بۇ بالا بىر يۇتۇممۇ
سۈت ئىچمەيدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن، پادىشاھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بارلىق ئەل قايغۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىبادەتخانىغا قايتىپ
بېرىپ يەنە تاۋاپ قىپتۇ ـ دە، مالائىكىلەردىن بالىنى چوڭ قىلىشنىڭ
چارىسىنى تىلەپتۇ. بىرئازدىن كېيىن، ۋاسراۋانانىڭ ئالدىدىكى يەر

ھارۋىلارنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ قولىدىكى گۈللەرنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تاشلايدىكەن. بۇنداق ئاجايىپ سورۇننى تەڭداشسىز دېيىشكە بولىدۇ» . مۇشۇنداق تەسىرات خاتىرىسىدىن ئەينى چاغدا بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ نەقەدەر روناق تاپقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان زېمىنلار ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، غەربىي قىسمىدىكى ھازىرقى شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چىن - خەن دەۋرىدىكى 36 بەگلىك ئىچىدە خوتەن زور تەسىرگە ئىگە چوڭ بەگلىك ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 120 - يىلى يەنى خەنۋۇدى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن بەگلىكلەر جىڭجۈ، بەنچاۋ، بەنيوڭ قاتارلىق ياساۋۇل - سانغۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە يەنە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. 7 - ، 9 - ئەسىرلەردە يەنە تاڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولغان. تاڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، قارىمىقىدا شەرقتە ئەنشىدىن غەربتە كۇچاغىچە تۇتۇق مەھكىمىلىرىنى قاراۋۇل قىلغان. كېيىن تىبەتلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى كۈچىيىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر تىبەتلەرگە تەۋە بولغان. 8 - ئەسىردە ئەرەبلەردىن سانغۇن قۇتەيبە لەشكەر باشلاپ، پامىردىن ئۆتۈپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ چاغدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، كۈچى ئاجىز خوتەنلىكلەر ئەرەبلەر بىلەن بوشاشماستىن 25 يىل دىنىي جەڭ قىلغان. لېكىن، زەپەر يەنىلا ئىسلام قوشۇنىغا مەنسۇپ بولغان - دە، خوتەنلىكلەرنىڭ تۇمەنلىگەن چوڭ - كىچىك ئىبادەتخانىلىرى ۋەيران قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن جەسۇر پالۋانلىرى بۇ جەڭدە قازا قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى تا ھازىرغىچە يەكەن، خوتەنگە يېقىن جايلاردا ساقلىنىپ قالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن 966 - يىل قەشقەر بەگلىكىدىن بۇغراخاننىڭ تەسىر دائىرىسى كۈچىيىپ، زور ئىسلام قوشۇنىنى باشلاپ پامىردىن

قىينىراق، ئەمما خوتەن (ئەينى چاغدا ئۇدۇن دەپ ئاتالغان)، ئەڭ بۇرۇن جۇڭگو تارىخىنىڭ مىلادىيەدىن 120 يىل ئىلگىرىكى خەن ۋۇدى دەۋرىدىكى خاتىرىلەردە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. خاتىرىلەردە: «شۇ چاغدىكى خوتەننىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 300 كىشى بولۇپ، لەشكىرىي كۈچى 2400 كىشى، قاشتاش چىقىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنى مىلادىيە 73 ـ يىلى خوتەن داڭلىق سانغۇن بەنچاۋ تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. مىلادىيە 152 ـ يىلى ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، خەن پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، 5 ـ ئەسىردە (400 ـ يىل) جۇڭگونىڭ مەركىزىي خاندانلىقى زاۋال تېپىپ، يەرلىك هۆكۈمرانلار پالەچ هالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، پاترىئارخال هاكىمىيىتىنىلا ساقلاپ قالغان. خوتەننىڭ بۇ مەزگىلدىكى ماتېرىياللىرىنى پەقەت دارماپاترانىڭ ساياهەت خاتىرىسىدىنلا تېپىش مۇمكىن. دارماپاترا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۈسەن ئارقىلىق نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار هېسابىغا بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ساياهەت خاتىرىسىدىن مۇنۇلارنى كۆرۈشكە بولىدۇ:

«ئۇدۇندىكىلەرنىڭ هەممىسى بىزنىڭ بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ئىكەن. بۇ يەردە نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار بولۇپ، راهىبلارنىڭ كۆپلىكىدىن ساننى بىلگىلى بولمايدىكەن. بىز بۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتۇق. بۇ يەردىكى ئاهالىلەر باشقا بوستانلىقلاردىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىكەن، هەممە ئۆيلەردە كىچىك تىپتىكى ستوپە (بۇددا مۇنارى) لەر بار ئىكەن، تۇرالغۇسى بەكمۇ چېچىلاڭغۇ ئىكەن. بۇ شەهەرگە يىراقتىن قارىغاندا گويا كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن. بىز تۇرۇۋاتقان چوڭ ئىبادەتخانىدا 3000 نەپەر راهىب بار ئىكەن. ئۇدۇننىڭ چوڭ نەزىر ـ تىلاۋەت ئىشلىرى هەر يىلى ئەتىيازدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن، 14 چوڭ ئىبادەتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇددا هەيكەللىرى توققۇز چوڭ رەڭلىك هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، شەهەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ چاغدا پادىشاھ تاجىنى ئېلىۋېتىپ، يالاڭ ئاياغ هالدا كوچىغا كۆيدۈرۈپ، قولىدا گۈل كۆتۈرۈپ شەهەر سىرتىغىچە كېلىپ رەڭلىك هارۋىلارنى قارشى ئالىدىكەن. ئەتىۋارلىق توقال ـ خانىشلار سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، رەڭلىك

نەچچە ئاي ئىچىدىلا خانىۋەيران قىلىپ، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قانخورلۇقتا تولۇقلاپ بولمىغۇدەك زور ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تۈركىيىدىن كەلگەن غازىلىخان ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى تۇرپانغا كېلىپ دىن تارقاتقان ھەمدە ئۇ يەردىن ئۆزىنىڭ توققۇز ئوغلىنى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ دىن تارقىتىشقا ئەۋەتكەن. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بەشىنچى ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان قەشقەردە تۇرغان، توققۇزىنچى ئوغلى خوتەنگە كەلگەن. مۇھەممەد سۇلتاننىڭ توققۇز ئوغۇل ئىچىدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، كېيىن ئۇ ئۆزىنى «باخاپار» (ئەۋلىيا) دەپ ئاتاپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان ھەمدە مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ خەلىپىسى بولغان. ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا «خەلىپە» دەپ ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى شۇ كىشىنىڭ ئەۋلادىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، خوتەن شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىشىش نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، دىنىي ئۆرۈش سادىر بولغان ئەڭ ئاخىرقى جايدۇر. شۇڭلاشقا مەيلى قەدىمىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى بولسۇن ياكى بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولۇش ـ يوقىلىش جەھەتتىكى تەتقىقاتلار بولسۇن، ھەممىسىدە خوتەننىڭ تارىخىي ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

## ستوپە (بۇددا مۇنارى)لەرنىڭ پەيدا بولۇشى

بۇددىزمنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى ياكى قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقاتلاردا بولمىسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۈچ مۇھىم جاي بار. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى خوتەن، ئىككىنچىسى تۇرپان بولۇپ، ئۈچىنچىسى كۇچادىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا يېقىن، ھىندىستاندىن كىرگەن بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، خوتەندە

ئۆتۈپ سەمەرقەندنى بېسىۋالغان ھەمدە پۇقرالىرىنى ئەسىر ئالغان. زەپەر قوچقان بۇغراخان ئەسىرلىرىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشتۇرغان، مانا بۇلار «تۇڭگانلار» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ تەسىرى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خانلىقىنى بەرپا قىلىپ، كاسپىي دېڭىزىغىچە كېڭەيگەن. لېكىن، ئىچكى قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن موڭغۇللارنىڭ قاراقىتان قەبىلىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قاراقىتانلار يەنىلا يەنە سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىسى چىڭگىزـ خان تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، خوتەن يەنىلا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمـ رانلىقىغا تەۋە بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە خوتەننىڭ سودا ـ ئالماشتۇرۇـ شىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، كارۋانلار ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيەـ گە توسالغۇسىز بېرىپ ـ كەلگەن. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە تـۇغلۇق تۆمۈر دەيدىغان بىرسى بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى بىراقلا يۇتۇۋېـ لىپ، پايتەختنى ئاقسۇدىن قەشقەرگە يۆتكىگەن ھەمدە ئەڭ ئاخىرى سەمەرقەندنى يۇتۇۋالغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، تۆمۈرلەر باش كۆتۈـ رۈپ ھەممە زېمىنغا ئىگە بولغان. تۆمۈرلەر 1398 ـ يىل ھىنـ ـدىستانغا ئىچكىرىلەپ قوشۇن تارتىپ كىرىپ، گانگى دەرياسىدىن ئۆتۈپ بەش كۈن قىرغىنچىلىق قىلغان. كوچىلار جەسەتلەرگە تولۇپ، قـان دەريا بولۇپ ئاققان. بۇ قانلىق تارىخ ھىندىستاندىكى نۇرغۇن كىـشىلەرگە ئايان. بۇ چاغدىكى ھىندىستان ئاللىقاچان تەلتۆكۈس پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قالايمىقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن تۆمۈرلەرنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى بولغان بابۇر شاھ ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن. بابۇرنىڭ نەۋرىسى كىشىلەرـ گە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر ئىمپېراتور ئەكبەر ئىدى.

ئـوتتۇرا ئاسىيادا چېپىپ يۈرۈپ، تارىختا سەلتەنەت قۇرغان مەشھۇر كىشىلەر چىڭگىزخان ۋە پادىشاھ تۆمۈر بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە قىلغان ئىشلىرى ئوخشاشمايتتى. يەنى چىڭگىزخان مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرگەن بولسا، تۆمۈر ئەلەمدە داغ چىقارغان. كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك سەلتەنەتىنى

ستوپەنىڭ ئۇستى تەرىپى تەتۇر ئېسىپ قويۇلغان چوڭ قوڭغۇراققا ئوخشايدىغان بولۇپ، يۇمىلاق سۇ قاپارتمىسىغا تەقلىد قىلىنغان. بۇنىڭغا قارىغان ئادەم ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. مەن ھىندىستاندىكى (ھازىر پاكىستان تەۋەسىدە) پىشاۋۇر (يەنى قەدىمكى گاندارا دۆلىتى) شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىبادەتخانىدا كۆرگەن ستوپەلەر ماگاردا پادىشاھلىقىدا كۆرگەنلىرىمدىن ئېگىز، يەنە كېلىپ ئۇلى بۇرجەكلىك قىلىپ ياسالغان ئىدى. ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ستوپەلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ستوپەلەر شەكىل ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى جەھەتتىن بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان بولۇپ، بەزىلىرى چاسا شەكىللىك، بەزىلىرى ئالتە ياكى سەككىز بۇرجەكلىك ئىدى. بەزىلىرىگە تەكچە چىقىرىلىپ مەبۇد ۋە بۇدساتۋالار ئويۇلغان، يەنە بەزىلىرى بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بۆلىكىگە نۇرغۇن بۇددا ھەيكەللىرى ئويۇلغان. دېمەك، ستوپەلەرنىڭ ئەھمىيىتى گەرچە يوقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شەكىل جەھەتتىن زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان.

بــۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغان خوتەننىڭ ئەتراپىدىكى بۇددا مۇنارلىرىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئەمما، ھىندىستانغا بىرقەدەر يىراق بولغان تۇرپان جۇڭگو بۇددىستلىرىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان، كۇچا بولسا ئىككى جاينىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

مــېنىڭچە، قەدىمىي گۈزەل سەنئەت ۋە مېمارچىلىقنى تەتقىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەرقانداق بىر ياپونىيىلىكنىڭ جەزمەن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ، غەربىي يۇرت دەۋرىدىكى گۈزەل سەنئەت، مېمارچىلىق ۋە باشقا شەيئىلەرگە نىسبەتەن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. مەن ئەسلىدە بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن تامامەن كەسىپ ئەھلى ئەمەس ئىدىم، لېكىن مەندەك كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەم شۇنداق تەسىراتقا كەلگەن يەردە، ئەگەر مۇتەخەسسىسلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا قەدىمىي گۈزەل سەنئەت تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولاتتى، دەپ ئويلايمەن.

ھىندى مەدەنىيىتى بولغان بىلەن، يەنىلا بىر قىسىم گرېك، رىم مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، يەنە كېلىپ مەلۇم ئۆزگىرىش ياسىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگۈزۈلگەن.

قەدىمىي ھىندىستاندا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى مەركىزىي نۇقتىسى بار، بىرى ئافغانىستان چېگراسىغا جايلاشقان ھازىرقى پېشاۋۇرغا يېقىن گاندارا پادىشاھلىقى، يەنە بىرى غەربىي تەرەپكە جايلاشقان ماگاردا پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت. ھىندىستان مەدەنىيىتى (بولۇپمۇ گۈزەل سەنئىتى) نىڭ قەدىمىي گرېك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى ئىسكەندەرنىڭ ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ، ھىندى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى «ئارتىك» دېگەن جايغا بارگاھ قۇرۇپ، پۈتۈن ھىندىستانغا تەھدىت سېلىشقا باشلىغان چاغلاردىن باشلانغان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئۇچرىغىنى گاندارا پادىشاھلىقى بولغان ئىدى. قەدىمىي گرېكلار سەنئىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇددا ھەيكەللىرىنى ئويۇش جەھەتتىن تېخىمۇ نەپىسلەشىشكە ئىنتىلگىنى يەنىلا گاندارا پادىشاھلىقى بولۇپ، بۇ بۇددا ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى شەكىسىزكى بۇددىزمنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن ئىدى. ئەمما، بۇ ئەمەلىيەتتە تايىنىپ تۇرۇپ، گاندارا مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بايقاش يەنىلا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىدۇر.

تۆۋەندە ستوپەنى مىسال قىلىپ سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىمىز: ستوپە ئەسلى بۇددىستلارنىڭ جەسەت كۈلى قويۇلىدىغان مۇنارى بولۇپ، كېيىن دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇددىستلار ۋە ئارخاتلارنىڭ يادىكارلىقلىرىنى، يەنە بەزىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇ زىننەتلەرنى ساقلايدىغان جاي قىلىنغان. بەزىدە ھەتتا بىرەر ئىز قالدۇرۇش سەۋەبىدىنمۇ ياساپ قويۇلغان. ئىچكى قۇرۇلمىسى بولسا: خىشلار ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىلىپ، ئارىسىغا لاي قىستۇرۇپ مۇستەھكەملەنگەن، يۈزىگە تاش كاھىش چاپلىنىپ ئۈستىدىن سېغىز لاي سۇۋالغان. شۇڭا، پۈتۈن مۇنار گەۋدىسى ئاجايىپ مۇستەھكەم بولغان.

بۇلارنىڭ تارىخىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇن پەسىللەردە بىر تامچە يامغۇر، ئازغىنە قارمۇ يېغىپ قويمايدۇ، شۇڭا تۇپرىقى ئىنتايىن قۇرغاق. قۇملۇقتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت قەبرىگاھىدا نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قەدد-ىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرى پېچەتتى بۇزۇلمىغان ھالدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ، نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلغان ۋەسى-قىلەر گويا نەچچە ئون يىل ئىلگىرىلا يېزىپ قالدۇرۇلغاندەك ناھايىتى ئوچۇق ھەم جانلىق ساقلىنىپ قالغان. شۇنداقلا داۋاملىق يېڭى باي-قاشلار كۆرۈلۈپ تۇرماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆل-يېغىننىڭ ئاز بولۇشى بىر خىل ئۆزگەر-مەس ئەمەلىيەت، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش يەنىلا مېتېئورولو-گىيە تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىگە باغلىق ئىش. بۇ خىل ئەھۋاللار ئوتتۇرا ئاسىيا (تەكلىماكان قۇملۇقى) رايونىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىسىر، ئىران قاتارلىق يەرلەردىكى قۇملۇقلاردىمۇ شۇنداق. مىسىردىكى قۇملۇقلاردىن قېزىۋېلىنغان نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ھازىرغىچە قاھىرە ۋە لوندون-دىكى مۇزېيلاردا مۇكەممەل ساقلىنىپ تۇرغانلىرى تېخى بار. دېمەك، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ھازىرغىچە ئېنىق ھەم مۇكەممەل ساقلىنىشىدا ھۆل-يېغىن ئاز بولىدىغان قۇملۇقلارنىڭ تۆھپىسى زور، شۇڭا بىز قۇملۇقلارغىمۇ تەشەككۈر ئېيتىشىمىز كې-رەك. بۇ كۆزىتىشىمگە ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇملۇق ھەقىقەتەنمۇ مەدەنىيەتنىڭ قەبرىگاھىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر مۇتە-خەسسىسلەر بېرىپ تۆرلۈك تەرەپلەردىن ئىزدىنىدىغان بولسا، جەزمەن تەتقىقاتنىڭ ئەڭ ياخشى ماتېرىيالىغا ئىگە بولالايدۇ.

## تىبەت ئېگىزلىكىگە بېرىش پىلانىم

خوتەندىن كېرىيىگە بارىدىغان شىغىللىق يول ئۈستىدە «قاراقىر» (ھازىرقى قاراقىر يېزىسى — ت) دەيدىغان بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەتتە-سەككىز يۈز ئائىلە ياشايدىغان بىر چوڭ بوستانلىق ئىدى.

## مەدەنىيەتنىڭ قەبرىگاھى — قۇملۇق

بۇددىزم تارقىلىپ كىرگەن مەزگىللەردە بوستانلىقتىكى نۇرغۇن جايلار، بولۇپمۇ خوتەن قاتارلىق جايلاردا مىسلىسىز دەرىجىدىكى مەدەنىيەت سەلتەنەتلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. لېكىن، ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەنلا دىنىي ئۇرۇشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، بۇددىزمنى چەتكە قېقىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى ـ دە، نۇرغۇنلىغان بۇددا ئىمارەتلىرى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شۇ سەۋەبتىن بىز كۆرۈۋاتقان مەدەنىيەت سەلتەنەتلىرى قۇمغا كۆمۈلۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ چاغلاردا خوتەن ئالىلقاچان جۇڭگو تارىخىدا پەيدا بولغان بولۇپ، خەن ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئۆتكەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسىدىكى تاڭ تەيزۇڭ قاتارلىقلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى شىمال ۋە غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۇرپان رايونىدا ناھىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن يارغول قەدىمىي شەھىرى، كروران قاتارلىق جايلار، يەنى بۈگۈنكى تۇرپان، لوپنۇر قۇملۇقى قاتارلىقلار تارىختا گاھ ھونلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسا، گاھ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىغا تەۋە بولدى. ئومۇمەن، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە بەزىدە ھونلارغا كۆز ـ قۇلاق بولسا، بەزىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىپ، ھونلار بىلەن جۇڭگو سۇلالىلىرى ئوتتۇرىسىدا گاھ ئوڭغا بوي ئەگسە، گاھ سولغا تېۋىنىپ كەلدى. جۇڭگوغا تەۋە بولغاندا جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرى بولدى، يامۇللار قۇرۇلدى، يامۇلدا يايىلار بولدى، يامۇللار ھاكىمىيەت ئارقىلىق خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىكەن، مۇقەررەر ھالدا شەھەر ـ سېپىللار ۋۇجۇدقا كەلدى.

تۆرلۈك تۈزۈملەر ئورنىتىلغان بولغانلىقتىن، بەزى ئىچكىرى جايلاردىنمۇ تېپىلمايدىغان ماتېرىياللار بۇ جايلاردىن قېزىپ چىقىلدى. بولۇپمۇ تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدە تۇرپاندا ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇ جايلاردىن نۇرغۇنلىغان «كەييۈەن»، «يىفېڭ»، «تيەنباۋ» يىلنامىلىرى بىلەن ساقلانغان قەدىمىي ۋەسىقىلەر قېزىپ چىقىلدى. مەن

ناھايىتى ئاز يولۇقاتتى. يەنە كېلىپ ئەتراپىنى 4500 ~ 7000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوققىلار ئوراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ سەپەر ھەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمايتتى. مەن كېرىيىنى بازا قىلىپ ئاشلىق يۆتكەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نورغۇن تۆگە، ئات، ئېشەك، قوتازلارنى سېتىۋالدىم ياكى ئىجارىگە ئالدىم. تۈز يولدا بىر كۈنلۈك يولنى 7 ~ 8 كۈندە بېسىشقا، كۆپ قېتىم تەكرارلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ مەن ئۈچۈن راستىنلا بىر زور ھەرىكەت بولدى. ياللىۋالغان ئادەملەر 70 ~ 80 گە يەتتى. پەقەت ئاتنىلا ھېسابلىغاندا 20 گە يەتكەن ئىدى. ئاشلىقنىڭ مىقدارىمۇ ئېشىپ باردى. 30 كۈنلۈكچى (ئىشلەمچى) ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن كېتىدىغان ماددىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك. مېنىڭ بۇنداق غايەت زور چىقىم بىلەن تىبەتكە سەپەر قىلىشىم تاشقى جەھەتتىن تومۇزدىن قېچىپ سالقىنداش بولسا، ماھىيەتتە كۆڭلۈمدە سان بار ئىدى يەنى ـــ ئەگەر تەلىيىم كەلسە، تىبەت ئېگىزلىكىدىكى ئادەمسىز رايوننى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈپ، گەنسۇ تەرەپتىن چىقىپ كېتىش ئىدى. بۇ پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسى ۋە قىزىقىشىمنى چىقىش قىلغان بولۇپ، دۇنيا خەرىتىسىنىڭ بوش قالغان يېرىگە مەندەك بىر ياپونلۇقنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇشنى ئويلايتتىم. بۇ تەگىردىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ كەلمەيتتى. لېكىن بۇ پىلانىم ئاخىر كۆڭۈلسىز ھالدا مەغلۇپ بولدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مەن يەنىلا باشقا پۇرسەتلەرنى ئىزدىدىم.

## تىبەتكە سەپەر

مەن خوتەندىن يولغا چىققان كۈنى بۇ يەردە تونۇشقان بىر قىسىم ئىلىم ئەھلى ۋە پۇلدارلاردىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى مۇلازىم ـ دېدەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتلىق ۋە پىيادە ھالدا مېنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مەن بۇگۈندىن باشلاپ بىرمەھەل چىقىشىپ ئۆتكەن ۋە تونۇشلۇق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقى ۋە تاغ ـ دەريالىرى بىلەن خوشلىشىپ تىبەتكە يول ئالغان ئىدىم.

بۇ بوستانلىق ئەتراپىدىكى كىچىك بوستانلىقلارغا ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. يولىمۇ هارۋا يولى بولۇپ، قاتنىشى ئەپلىك ئىدى. ئەگەر ھەربىي يۈرۈش بولسا ئىككى كۈندىلا كېرىيىگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. كېرىيىنىڭ تارىخى خوتەندەك ئۇزۇن ئەمەس. ئەمما، ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى Pein دېگەن جاي بىلەن تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى «پىم» كېرىيىنى كۆرسىتىدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئۇ ئىلگىرىكى كۆلىمىدىن كۆپ كىچىكلەپ كەتكەن بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلارنى باشقۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە خوتەن ناھىيىسىنى تەسىس قىلىپ (ئەسلىي ئەسەردە شۇنداق — ت)، يامۇل قۇرغان.

كېرىيىدە كېرىيە دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېقىن بولۇپ، تىبەت ئېگىزلىكىدىن ئېقىپ كېلىدۇ، كۈئېنلۇن تاغ تىزمىسىدىكى نۇرغۇنلىغان تېگىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئېرىقلارنىڭ سۈيىنى سۈمۈرۈپ، ئالتۇن تاغ تىزمىسىنىڭ قارلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ئۇدۇل تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ غايىب بولىدۇ. دوكتور سۋېن ھېدىن ئىلگىرى بۇ ئېقىننىڭ ئاخىرىنى تاپماقچى بولۇپ، دەريانى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا بارغاندا دەريانىڭ ئايىغى يوقاپ كەتكەن. ئۇ بۇ ھەقىقەتنى دۇنياغا ئېلان قىلغان. كېيىن دوكتور ستەيىنمۇ سۋېن ھېدىننىڭ خەرىتىسىگە ئاساسەن دەريانى بويلاپ ئاخىرغىچە بېرىپ، ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئەگەر كېرىيە دەرياسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلساق، قۇملۇقتىكى نۇرغۇنلىغان دەريا ئىزلىرىنىڭ ۋە بۇ دەريانىڭ ئىلگىرى تەكلىماكاننى بېسىپ ئۆتۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

كېرىيە دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن، بىز تىبەت ئېگىزلىكىگە بېرىش جەريانىدا كېرەكلىك بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈردۇق. تىبەت رايونى ئالدىنقى تىبەت ۋە كېيىنكى تىبەت دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئارىلىقتىكى ئادەمسىز بوشلۇق ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيتتى. نۇرغۇن جايلاردا ئادەم ئىزى

بولسا، بەزىدە ئاتنىڭ قورسىقىغا يامىشاتتى. بۇ هالدا بىرئاز قورقۇپمۇ قالدۇق. لېكىن هەرهالدا خەتەردىن ئامان قالدۇق. تومۇز ئىسسىق يېقىنلىشىپ، سۇنىڭ يەنە كۆپىيىش ئېهتىمالى بولغانلىقتىن، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا قېيىقلار قويۇلغان ئىدى. دەريانىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر ئارالچاق بولۇپ، دەريا ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ قىرغاققا ئۇرۇلاتتى. شۇڭا، قېيىق ئىككى تەرەپكە قويۇلغانلىقتىن، چوڭ يۈك ـ تاقلارنى يۆتكەش قۇلايسىز ئىدى. دەريا سۇيى هەممىشە تېشىپ كېتىپ ئەتراپتىكى دېهقانلارنىڭ يېرىنى تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقتىن، زىيان ناهايىتى ئېغىر بولاتتى. مەن تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ساياهىتىمنى تۈگىتىپ هىندىستانغا، ئاندىن لوندونغا بېرىش سەپىرىمدە مىسىر، نىل دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئۇ چاغدا ئەنگلىيىلىكلەر مىسىر، نىل دەريالىرىغا ئىنچىكە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىۋېتىپتىكەن. ئۇلار دەريانى توسۇپ سېلىنغان نۇرغۇن توسمىلارنى كۆرۈپ، مىسىرلىقلارغا ئاپىرىن ئېيتىپتىكەن. مەن يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆتكەچ ئاشۇ ئىشلارنى خىيال قىلدىم. ئەگەر بۇ يەردىكىلەر ئازراقلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ دەريانى تىزگىنلىيەلىسە، خوتەننىڭ تەرەققىياتىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈش مۇمكىن ئىكەن.

ياپونىيىلىك داگۇ گۇاڭرۇي قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشر قىلغان خەنزۇچە «يىپەك يولىدىكى ئېكسپېدىتسىيە» ناملىق كىتابنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيە» سەرلەۋهسى ئاستىدىكى خوتەنگە ئالاقىدار مەزمۇنلاردىن

داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى

شەھەردىن چىقىپ بىرئاز شەرققە مېڭىپ، يېقىندىلا ئېقىپ تۇر-
غان يورۇڭقاش دەرياسىغا دۇچ كەلدۇق. 6 ـ ئەسىردىكى جۇڭگولۇق
ساياھەتچىلەر بۇ دەريانى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان بولۇپ، دارماپاترا
ۋە شۇەنزاڭدىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك راھىبلاردىن يىجىڭ ئۆز
خاتىرىسىدە: «خوتەن شەھىرىنىڭ 18 كىلومېتىر جەنۇبىدا ۋە توققۇز
كىلومېتىر شىمالىدا ئىككى ئېقىن بولۇپ، خوتەنلىكلەر بۇ ئىككى
ئېقىندىن قاشتاش قازىدۇ» دەپ يازغان. بۇ روشەنكى بۈگۈنكى كۈندى-
كى يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىنى كۆرسىتەتتى. يەنە كېلىپ بۇ
ئۇدۇننىڭ خەنزۇچە نامىغا كېلىدىغان « 玉 » بىلەن يورۇڭقاش دەريا-
سىنىڭ نامىدىكى « 玉 » خېتىنىڭ خەن دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن
ئېخىمۇ ئىلگىرىرەك چاغلاردا ئوخشاشلا قاشتاشنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى-
دىكى « 玉 » خېتى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. «كۆئېنلۈندىن
چىقار قاشتاش» دېگەن ئىبارىدىمۇ دەل مۇشۇ جايلار نەزەردە تۇتۇلغان
بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يورۇڭقاش» بىلەن «قاراقاش»
تىكى «قاش» ئاتالغۇسىمۇ تۈرك تىلىدا «قاشتاش» مەنىسىنى بېرىدى-
غان بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ ئىككى دەريادىن قاشتاش چىقىدىغانلىقى
مەلۇم ئىدى. دوكتور ستەيننىڭ ئېيتىشىچە: «يورۇڭقاش دەرياسى-
دىن ئاق قاشتاش، قاراقاش دەرياسىدىن قارا قاشتاش چىقىدىكەن،
ئادەتتە يازنىڭ كەلكۈن ئېقىنى دەريا قىنىدىكى شېغىللارنى چايقىسا،
قىشتا سۇ توختىغاندا كىشىلەر كۆرۈنۈپ قالغان دەريا قىنىنى بويلاپ
قاشتاش كولايدىكەن ياكى تېرىۋالىدىكەن. بۇ قاشتاش جۇڭگونىڭ
ئىچكى قىسمىغا ھەتتا ياۋروپاغا سېتىلىدىكەن». شۇڭلاشقا خو-
تەن قەدىمدىن باشلاپلا قاشتاش بىلەن نام چىقارغان.

مەن خوتەندە ئىككى ئايغا يېقىن تۇرۇش جەريانىدا بەزى ئىبادەتخانا
ۋە قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى قازدىم. بەزىدە بۇ دەريا بويىغا كېلىپ
سالقىنىدىم. لېكىن، ھازىر بۇ دەريادىن ئۆتۈپ تىبەتكە قاراپ يولغا
چىققان چېغىمدا بىر خىل قىيالماسلىق ھېسسىياتى مېنى ئىلكىگە
ئېلىۋالدى.

مەن لوپ قۇملۇقىدىن چىقىپ، ئالتۇن تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالى
بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن چېغىمدا تېخى باش ياز ئىدى. سۇ بەزىدە تېيىز

مۇ بار ئىدى. بۇ دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن قۇيما پۇللارنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە پۇل نامى، كەينىگە قارۇشتى يېزىقىدا ھىندى يەرلىك تىلى بېسىلغانىكەن. بۇ ھىندى يەرلىك تىلى مىلادىيە 2 ~ 3 - ئەسىرلەردە تېخىمۇ شەرققە جايلاشقان پىشامشان بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ، خوتەن بىلەن بۇ بەگلىك تەبىئىي ھالدا قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىكەن. مەسىلەن، پىشامشان بەگلىكىدىكى ئەندەرەدىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەتتە (رەت نومۇرى 661) خوتەن پادىشاھى ۋايجىراسىمخا تىلغا ئېلىنغان. «خوتەن خانى، شاھىنشاھ» دەپ ئاتالغان بۇ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر مىلادىيە 3 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى ھىندىچە بولۇپ، بۇ خوتەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى پادىشاھىنىڭ ھىندى كۆچمەنلىرى رايونىدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ بوستانلىقنىڭ قەدىمكى نامىمۇ ھىندىچە «كېھۇستانا» (يەر ئەمچىكى دېگەن مەنىدە) بولۇپ، بۇمۇ ھىندىلارنىڭ بۇ كىچىك بەگلىكنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ④. كۇشانلار مىلادىيە 2 - ئەسىردە خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانمۇ - يوق، دېگەن مەسىلىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن يەكۈن يوق. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بەگلىكى مىلادىيە 356 - يىلى ساسانىيلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بوستانلىق مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن. مىلادىيە 265 - يىلىدىن باشلاپ، خوتەن قوشنىسى پىشامشان بەگلىكىگە ئوخشاشلا غەربىي جىن سۇلالىسى (265 ~ 317 - يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بوستانلىق (جۇڭگو بۇ يەردىن قىممەتلىك قاشتاشقا ئېرىشكەن) نىڭ سىياسىي تەقدىرى تەكرار - تەكرار جۇڭگونىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن⑤.

خوتەن پەيدا بولغاندىن باشلاپلا جۇڭگولۇقلار بار ئىدى، نېمىشقا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى تارىخىي ئەسەرلەردە يىراق غەربتىكى بۇ كىچىك بەگلىكنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغانلىقىنى كىشىلەر چۈشىنىدۇ⑥. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرلەردىكى تارىخنامىلەردە خوتەن بىرقەدەر كىچىك بىر بوستانلىق دەپ تەسۋىرلەنگەن، ئەمما خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى (مىلادىيە 1 ~ 2 - ئەسىرلەر) دىكى

كىلىمكېيت [گېرمانىيە]

# قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى*

شۇبھىسىزكى، شىنجاڭ ئىسلاملىشىشتىن ئاۋۋال، خوتەن بوستانلىقى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇددا دىنى مەدەنىيىتى مەركىزى ئىدى①. ئىراندىكى سكىفلارنىڭ تەكلىماكان بويلىرىدىكى بوستانلىقلارغا قاچانلاردا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى بىزگە نامەلۇم. ئېھتىمال، ئۇلار مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك خوتەندە ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. سكىفلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆچمەن ئىران قەبىلىلىرى بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان.

خەنزۇچە ۋە تۈبۈتچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ھىندىستانلىقلار بىلەن جۇڭگولۇقلار بىر كېلىشىمگە ئاساسەن ئالدى بىلەن خوتەندە ئولتۇراقلاشقان②. پادىشاھ ئاشۇكانىڭ ھىندى كۆچمەنلىرى رايونى بىلەن دىن تارقىتىش خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە، خوتەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە بىنا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغان تارىخىي ماتېرىياللار (تۈبۈتچە «خوتەن بەگلىكى ھەققىدە» بىلەن جۇڭگولۇق تاۋاپچى خۇيتساڭنىڭ بايانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە يەنى دەل مىڭ يىل كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خوتەننىڭ بىنا بولۇشى راستىنى ئېيتقاندا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئىش③.

ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ئارقىلىق مۇنۇلار ئىسپاتلاندى: مىلادىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىرلىرىدە خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ھىندىلاردىن باشقا جۇڭگولۇقلار-

* بۇ تېكىست مۇشۇ سەرلەۋھە ئاستىدىكى كىتابنىڭ 279 ~ 293 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

تىلى ۋە بۇددا دىنىنىڭ سانسكرىت تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىز بۇ يەرنى يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا كۆپ تىللىق بوستانلىق دەپ قارايمىز. ئۇ يەردىكى كىشىلەر خەنزۇ تىلىدىمۇ، قەندەھار تىلىدىمۇ سۆزلەيتتى. ناۋادا خوتەن شەرققە ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى بىلىملىرىنى تارقاتتى دېسەك، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ بوستانلىققا كېلىشتىكى مەقسىتى بۇددا ئەسەرلىرىگە ئېرىشىش. مەسىلەن، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر قىسىم بۇددا راھىبلىرى خوتەندە بۇددا دىنى ھېكايىلىرىنى يىغىپ ـ رەتلەپ تۇرپانغا ئاپىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ قېتىمقى يىغىلغان ۋە رەتلەنگەن بۇددا ھېكايىلىرىدە داڭلىق بۇددا ھېكايىلىرى توپلىمى «ئاقىل بىلەن ئەخمەق ھەققىدىكى نوم» مەيدانغا كەلگەن ھەمدە تۈبۈت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان⑨. جۇڭگولۇق راھىب خۇيتساڭنىڭ بايانىدىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە خوتەندە يۈزدىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى، 5000 ئەتراپىدا راھىب بارلىقىنى، بۇ راھىبلارنىڭ ئارىسىدا چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىمىز⑩.

مىلادىيە 3 ~ 4 ـ ئەسىرلەردە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ھىندىستان يەرلىك تىلى (قەندەھار تىلى) پادشاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزىدىغان مەمۇرىي تىل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى خوتەن تىلى ئېغىز تىلى بولۇپ تارقىلىپ كېلىۋاتاتتى. مىلادىيە 4 ~ 6 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ يېزىق تىلىغا ئايلانغان. بۇ تىل ـ يېزىق بىلەن بىر تۈركۈم بۇددا ئەسەرلىرى يېزىلغان. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق» ۋە ھەر خىل ئۇخشىمىغان نۇسخىلاردىكى «زامباستۇ پۈتۈكلىرى»، بۇ شۇ يەردىكى بىر بۇددا دىنى دەرسلىكى ئىدى⑪.

مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا بۇ تىلدىن يېڭى بىر خىل خوتەن تىلى بارلىققا كەلگەن. خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ~ 10 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يېڭى خوتەن تىلىدا يېزىلغان. خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەرجىمە ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئەمما خوتەن ـ ساك تىلىدا يېزىلغان شۇ يەرنىڭ بۇددا ئەسەرلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ۋەسىقىلىرىمۇ

ئەسەرلەر بۇ بەگلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىزگە مەلۇم، مىلادىيە 58 ~ 79 - يىللىرى خوتەندىكى بىر سانغۇن ئىسيان كۆتۈرۈپ يەكەنگە قارشى چىققان ھەمدە ئۆزىنى خوتەن خانى دەپ جاكارلىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكىسى دۇمۇ ( 都末 ) خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە يەكەننى مەغلۇپ قىلىپ، تاكى قەشقەرگىچە كېڭەيگەن 13 كىچىك بەگلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خانلىقنى قۇرۇپ چىققان. شۇنداق قىلىپ خوتەن بىلەن پىشامشان «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى كونترول قىلغان. گەرچە جۇڭگولۇقلار مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى 25 يىلىدا تەسىر كۈچىنى پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىغا كېڭەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى ئانچە مۇقىم بولمىغان.

جۇڭگولۇق دارماپاترا مىلادىيە 400 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە خوتەننى زىيارەت قىلغاندا، بۇ يەردە گۈللەنگەن بىر بەگلىكنى كۆرگەن⑦. دىنىي تۇرمۇش ئۈستىدە توختىلىپ ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«بۇ بەگلىك باي - پاراۋان، پۇقرالىرى شاد - خۇرام، بۇددا قائىدىلىرىگە ئىخلاسمەن ئىكەن. راھىبلار نەچچە تۈمەندىن ئاشىدىكەن، كۆپىنچىسى بېرىلىپ ئۆگىنىدىكەن، ئوپچە تاماقلىنىدىكەن. قوشنا بەگلىك خەلقلىرى ئارىلاش ئولتۇرىدىكەن، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىچىك مۇنار بار بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى جاڭچە كېلىدىكەن. راھىبلارنىڭ ئۆيلىرى چاسا شەكىلدە سېلىنغان بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن راھىبلارمۇ مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن ...»⑧.

دارماپاترانىڭ بايانىدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، شەرقتىن غەربكە بارىدىغان تاۋاپچىلار ۋە راھىبلار ياكى قارشى يۆنىلىشنى بويلاپ ھىندىستاندىن ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدىن جۇڭگوغا بارغۇچىلار خوتەندىكى بۇددا دىنىدىكى دىنداشلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ بوستانلىقتىكى كىشىلەر يولۇچى تاۋاپچىلارنى ئويلايدىكەن، قارىغاندا بۇ يەردىكىلەردە دىنداشلار بىر ئائىلىلىكلەردۇر دەيدىغان بىر خىل ھېسسىيات يېتىلگەن.

دارماپاترا دەۋرىدە ھىندى يەرلىك تىلى شۇ يەردىكى خوتەن ساك

پادىشاھىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىغا قىلغان ياردىمى پەقەت خوتەن- دىكى ھەرقايسى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باش- قۇرغانلىقىدىلا ئىپادىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قېتىملىق كاتتا ھېيت - بايراملاردا پادىشاھ دىنىي قائىدىلەرگە بويسۇنىدىغانلىقىنى سىمۋول خاراكتېرلىك ئىپادىلەپ تۇرغان. دارماپاتراننىڭ تەنتەنىلىك چوقۇنۇش مۇراسىمى توغرىسىدىكى بايانىدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، پادى- شاھ نۇرغۇن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇرىدىكى بۇتنىڭ ئالدىغا يالاڭۋاش بېرىپ، بۇتنىڭ ئايىغىغا باش قويغان، ئاندىن گۈل تۇتۇپ ۋە كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇتقا ئېھتىرام بىلدۈرگەن⑮.

خوتەن كۆپلىگەن يات مىللەتلەرنىڭ ئىستېلاسى ۋە ھۆكۈمرانلى- قىغا ئۇچرىغان. مەسىلەن، مىلادىيە 502 ~ 556 - يىللىرى ئېفتا- لىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ 565 ~ 631 - يىللىرى غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەمما، پادىشاھ باشتىن - ئاخىر يەرلىك خانلىق ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ قوغدىغۇچىلىق ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. خۇيچا- ساڭ مىلادىيە 7 - ئەسىردە دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە بۇ بوستانلىقنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئۇ يەردە بىرنەچچە ئاي تۇرغان. ئەينى ۋاقىت- تا ئۇ يەر نامى چىققان مەدەنىيەت مەركىزى ۋە دىنىي مەركەز ئىدى⑯.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلار مىلادىيە 640 - يىلى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن خوتەن ۋە تارىم ئويمانلىقى- دىكى باشقا جايلارغا قارىتا تەسىرىنى بارغانسېرى زورايتقان. تاڭ سۇلا- لىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە مىلادىيە 7 ~ 8 - ئەسىرلەردىكى خوتەننىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. لېكىن، 759 - يىلدىن باشلاپ، تۇبۇتلەر جۇڭگودىن شىنجاڭغا بارىدى- غان ئەنشى (مەركىزى كۇچا) ۋە بەشبالىق (مەركىزى بەشبالىق) قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنى بېسىۋالغان. مىلادىيە 865 - يىلى ئەتراپىدا، ئۇيغۇر خانى بۇگۇ تېگىن تۇبۇتلەرنى ھازىرقى شىنجاڭ- نىڭ شىمالىدىن قوغلاپ چىقارغان.

9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۇبۇتلەر شىنجاڭدىن قوغ- لاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلگە ئاشقان. مىلادىيە 912 - يىلدىن ئىلگىرى

بار، مەسىلەن، تىبابەتچىلىك ئەسەرلىرى⑫. بۇددا دىنىدىن باشقا، دىنىي ئەسەرلەر جەھەتتە ھىندىستان پادىشاھى راما ھەققىدىكى ئۇيدۇرما ھېكايىلەر بار. ناۋادا بۇ خوتەن بىلەن ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستاننىڭ بېرىش ـ كېلىشى بارلىقىغا ئىسپات بولالىسا، ئۇ ھالدا تۇركىي ـ خوتەن تىلى بىلەن خەنزۇ ـ خوتەن تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىق سېلىشتۇرۇلغان ئەسەرلەر خوتەننىڭ تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت ئىككى بوستانلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ⑬.

خوتەن تىل ـ يېزىقى خوتەن ـ ساك خانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىشلىتىدىغان تىل بولۇپ قالغان، چۈنكى بۇ ھاكىمىيەت ئۆزىنى دىنىي جەھەتتە مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتى بار دەپ ھېسابلايتتى ھەمدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ئالاھىدە قوللايتتى. بەگلىك تەقدىرىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىنى پەرەز قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن خوتەندە ھاكىمىيەت تۇتقان پادىشاھلار بىر خىل نىسپىي مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىشقا ماھىر ئىدىكى، چەت ئەلنىڭ كۈچلۈك دىنىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن بەگلىك تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى.

تەبىئىيكى، بۇ بوستانلىقتا ئۆز تەسىرىنى ئۇزلۇكسىز زورايتىۋاتقىنى جۇڭگو ئىدى. شۇڭا، تۆۋەندىكى پاكىتلار كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەيدۇ: جۇڭگودىكى دۇنخۇاڭدا خوتەن پادىشاھىنىڭ بىر پارچە رەسىمى ساقلانغان. دارماپاترامۇ خوتەن پادىشاھىنى تەسىرلىك قىلىپ «بۇددا ھىماتچىسى» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزىنى 3000 راھىبى بار كۆماتى ئىبادەتخانىسىغا بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ تاۋاپچىغا ئۇ يەرنىڭ تەرتىپلىكلىكى ۋە تىنچلىقى چوڭقۇر تەسىر قىلغان. پادىشاھنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«ئاشخانىغا كىرگىنىمدە، ھەممە نەرسە شۇنچە ھەيۋەتلىك، رەتلىك ئىكەن، ئىككىنچى رەتتە ئولتۇردۇم. ھەممە جىمجىت، قاچا ـ قۇچىلارنىڭمۇ ئاۋازى چىقمايدىكەن. ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن گەپمۇ قىلىشماي تاماق يېيىشىدىكەن، ئەمما قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشىدىكەن. ھالاكى ئۇلار بىر ـ بىرىگە لا يەيدىكەن.»⑭

كۆپ ساندىكى خوتەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر دۇنخۇاڭدىكى نوم ساقلانغان غاردىن تېپىلغان، ئەمما بىر قىسىم ۋەسىيەتنامە ۋە كىتابلا-رنىڭ پارچىلىرى خوتەن ۋە ئۇنىڭغا يىراقراق ئەتراپتىكى رايونلاردىكى بىرقانچە قەدىمكى ئىبادەتخانا ۋە مۇقەددەس جايلاردىن تېپىلغان. ئەڭ ئــاساسلىق تېپىلغان جايلار: يوتقان، بالاۋاستى، دەندان ئۆيلۈك، دامىكۇ، خادىلىق، مازارتاغ ۋە قاتتىق قۇر قاتارلىقلار.

قەدىمكى خوتەننىڭ ئەڭ مۇھىم مېمارچىلىق تۈرلىرىدىن ئالدى بىلەن بۇددا مۇنارى تىلغا ئېلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شەكلى ئاددىي، ئۆل تەگلىكىگە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بىرنەچچە يېرىم شار شەكىللىك كــۆركەم ئابىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. راۋاقتىن مۇشۇنداق بىر بۇددا مۇنارى قېزىۋېلىندى. ئۇ يەردىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئۆل تەگلىكى ئۈستىـ-دە يېرىم شار شەكىللىك تورۇسنىڭ يۇمىلاق تۈۋرۈكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسىدە پەشتاق بار بولۇپ، ئەڭ ئۈستۈنـ-كى قەۋەتتىكىسى سۇپىغا تۇتىشىدۇ، سۇپىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق تۈۋ-رۈكنى چۆرىدەپ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئايلانمىدۇر. خوتەن رەسىملىرىدىن بەزى بۇددا مۇنارلىرىنىڭ تولىمۇ ئېگىزلىكىنى، ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن كۆركەم بېزەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇددا مۇنارىدىن باشقا، بۇت قويۇلغان بەزى بۇتخانىلار تېپىلدى. بۇ بۇتخانىلارنىڭ ئىچىدە بۇت، بۇددساتۋا ۋە تەڭرىلەرنىڭ ھەيكەللىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىبادەتخانا، ياتاق، قەلئە، سېپىل (قورغان) قاتارلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ⑲. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، خوتەندە تاش غار ئىبادەتخانىلىرى ۋە گەمە شەكىللىك تۇرالغۇلار يوق. بۇ ئېھتىمال بىر جەھەتتىن شۇ يەرنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن مۇنداق سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن: خوتەننىڭ ماھايانا مەزھىپىدىكى بۇددا دىنى «يىپەك يولى» نىڭ غەربىي لىنىيىسىدىكى بۇددا دىنى مەركەزلىرىگە قارىغاندا ئۆرپ ـ ئادەتكە تېخىمۇ يۇزلەنگەن، ئۇ مەركەزلەردە تېپىك تەركىدۇنيا-لىق تۇيسىنى ئالغان تاش ئۆڭكۈرلەرنى ئۈستى ئوچۇق ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاشلا ھەممە جايدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

خوتــەندىكى ئەڭ داڭــلىق رەســىملەرنىڭ كۆپىنچــىسى مىلا-دىــــيە 6 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىق

يېزىلغان تۇبۇتچە يىلنامە «خوتەن بەگلىكى ھەققىدە» دە مىلادىيە 8 ـ ~ 9 ـ ئەسىرلەردىكى بۇ بوستانلىقنىڭ ئەھۋالى چۈشەندۇرۇلگەن. تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلگەن، بۇ چاغدا جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە دائىم دېگۈدەك خوتەن تىلغا ئېلىنىپ تۇرغان. بۇ ۋەسىقىلەر ئىسپاتلايدۇكى، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە بۇ بوستانلىق بىرقەدەر گۈللەنگەن مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن. تەبىئىيكى، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئىزنا قالدۇرمىغان.

مىلادىيە 982 ـ يىلى خوتەننىڭ قاراخانىيلار خانى بۇغراخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ھىندىستان ئامىللىرى يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا تەسىرىنى كۆرسەتتى. دىنىي تۇرمۇشتا بۇ نۇقتا دىنىنىڭ مەخپىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئىپادىلەندى. بۇ دىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ شەھۋانىيلىق تەركىبلىرىنى ۋە كىشىلەرنى قۇترىتىدىغان ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇمۇ تىبەت بۇددا دىنىنى شەكىللەندۇرگەن ئاساسلىق ئامىللاردۇر. ئەدەبىيات جەھەتتە، خوتەن تىلى بىلەن يېزىلغان شېئىرلاردا بۇ ئاخىرقى دەۋرلەردىكى مەزمۇنلارنىمۇ روشەن سېزىۋالغىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، قەدىمىي شەكىلدىكى بۇددا دىنى بۇ مەزگىلدە يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەسەرنىڭ نامى «بۇددانىڭ يارالمىشىغا مەدھىيە» دۇر. بۇ كىتابنى تەرجىمە ئەسەر دېگەندىن كۆرە ئايرىم ـ ئايرىم يېزىلغان 51 پارچە يارالمىش ئەپسانىسىدىن تۈزۈلگەن دېگەن تۈزۈك⑰. زور كۆلەمدىكى تەرجىمە ئەسەرلەردىن باشقا، خوتەن تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بار. بۇ ئەسەرلەر خوتەن بۇددا دىنىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ. خوتەن بۇددا دىنى ساپ دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ياراتقاندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەسىقىلەرنىمۇ ياراتقان⑱.

قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە ھەربىي ئۇستۇنلۇككە ئېرىش-
كەندە ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇشۇپ، تىبەت تاغلىرىغا قېچىپ كەتكەن.
شۇنىڭدىن كېيىن، بىز تىبەتنىڭ تارىخىي ئەسىرى «ساكا شەجەرىسى»
دىنمۇ خوتەندىن كەلگەن تەرجىمان، راھىب ۋە رەسساملارنىڭمۇ بارلى-
قىنى بىلىمىز. ئۇلار مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ
قارلىق تاغ دۆلىتىدە خىزمەت قىلغان. مىلادىيە 1200 - يىلىدىن
ئىلگىرى يەنە «خوتەن ئۇسلۇبى» دىكى سەنئەت بۇيۇملىرى يارىتىلغان.
شــۇنىڭدىن كېيىن، يەنىلا بۇ خىل خوتەن سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى
سېزىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلالايمىز.

ھازىر خوتەن بوستانلىقىغا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى
بېسىلدى. ئەمما، بىرنەچچە مۇزېيدا ئىسلام دەۋرىدىن ئىلگىرىكى مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانماقتا. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئا-
ساسلىقى ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردىن، مەسىلەن يوتقان، بالاۋاستى،
دەندان ئۆيلۈك ۋە راۋاق قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. بۇ جايلاردا
ھازىرمۇ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى
كــۆرگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ قىياپىتى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان
راۋاق بۇددا مۇنارى «يىپەك يولى» جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ شەرقىي
بۆلىكىدىكى بۇددا مېمارچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ. خوتەننىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان خەت ئويۇلغان
نۇرغۇنلىغان تارشا پۈتۈكلەر ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مۇزېيىدىمۇ ساقلان-
ماقتا.

كىلىمكېيت: «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى.

ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى

## پايدىلانمىلار:

① خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە گروۋېنىڭ «خوتەندىكى ئارخېئو-
لوگىيىلىك بايقاشلار»؛ بايلېينىڭ «قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ خوتەندىكى ساك
مەدەنىيىتى»؛ ئېمرىكنىڭ «خوتەنگە ئالاقىدار تۇنبۇتچە ۋەسىقىلەر» ناملىق ئەسەر-

بالاۋاستى بىلەن دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان. بالاۋاستىدا بىر پارچە بۇددا رەسىمى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە ئالەمنىڭ مەنبەسى نەزەرىيىسى ۋە نىجاتكارنىڭ بەلگىسى خىلمۇخىل سىزىلغان. مەسىلەن، ئىككى باشلىق ۋاجرانىڭ بەزى جايلىرى مەخپىي مەزھەپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شۈبھىسىزكى، مەخپىي مەزھەپكە مەنسۇپ نەرسىلەر بۈيۈك ئىلاھ ماھاكالانىڭ ئۈچ باشلىق ئىلاھى دەپ قارالسا كېرەك. ئۇنىڭ زەكىرى قايىم بولغان، ئوتتۇرىدىكى بېشىنىڭ چوققىسىدا ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى بار، ئىككى قولىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇياش بىلەن ئاينى ئېلىۋالغان. بۇ يەردىكى گەۋدىلىك مەزمۇن مۇھەببەتلىشىشتىن باشقا، كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان نەرسىلەر ئىدى.

ئەمما، دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغىنى بىرقەدەر چىرايلىق ئوبرازلار. مەسىلەن، خۇداغا قىلىنغان ۋەدىنى ئاقلاش بېغىشلىمىسى ئۈستىگە «يىپەك مەلىكە» سىزىلغان، بۇ مەلىكە يىپەككە بولغان مونوپوللۇقنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئۇ پىلە قۇرتىنى چېچىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ پىلىنى ئوغرىلىقچە خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بوستانلىقتا پىلىچىلىك كەسپى يولغا قويۇلغان. رەسىمدە بىر قول رەسىمدىكى چاچ بېزىكىنى كۆرسىتىپ تۇرغان، چاچ بېزىكى ئىچىگە ئاشۇ قىممەتلىك نەرسە يوشۇرۇنغان. رەسىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە بىر ئىلاھ ئولتۇرغان، بۇ توقۇمىچىلىق ئىلاھى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىلاھ ئوبرازى يەنە بىر ۋەدە ئاقلاش بېغىشلىمىسىدىمۇ بار بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش سىمۋوللۇق مەزمۇن سىزىلغان. كىشىلەر ئىلگىرى بۇنى «ئىران بۇدساتۋاسى» دەپ ئاتاشقانىدى، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. باشقا ۋەدە ئاقلاش بېغىشلىمىلىرىدىمۇ يەرلىكتە تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەدەبىي مەزمۇنىنى قىياس قىلىش تەس. بۇ رەسىملەر خوتەننىڭ ئۆزىگە خاس سەنئەت ئۇسلۇبىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

خوتەن مەدەنىيىتى مىلادىيە 1000 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە خارابلاشقان ھەمدە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما خوتەن قوشنىسى بولمىش تىبەت ئېگىزلىكىگە سەل قارىغىلى بولمايدىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. مىلادىيە 8 ~ 9 - ئەسىرلەردە خوتەن راھىبلىرى ئىسلامىيەت

نۇشرۋان يائۇشۇپ [چارروسىيە]

# خوتەنگە سەپەر

1

13 ـ سىنتەبىر. قۇياش چىقىپ ئادەم بويى ئۆرلىگەنىدى. شامال، بوران يوق، ھاۋا ئوچۇق ۋە چىرايلىق ئىدى. (يەنىلا) ياز ھاۋاسى. ھازىر كۆز يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بىرئازمۇ بىلىنمەيدۇ. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ياپيېشىل پېتىچە تۇرۇۋاتىدۇ. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا شالاڭ ئورمان، ئورمان ئارىسىدا كۆكىرىپ تۇرغان شاللىق. مانا ھازىر ئىككىنچى قېتىملىق ئورۇم ۋاقتى كەلدى. بۇلتۇر كۆزدە تېرىلغان بۇغدايلارنى ئورىۋالغاندىن كېيىن ئورنىغا تېرىلغان شال پىشىپ قالدى.

---

【ئىلاۋە】 نۇشرۋان يائۇشۇپ (1880 — 1917) چارروسىيە دەۋرىدە ئورنبۇرگدا نەشر قىلىنىدىغان «ۋاقىت گېزىتى» بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىغا ئەۋەتكەن تاتار مۇخبىرى. يائۇشۇپ 1914 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1917 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئالتە شەھەردە تارىخىي ماتېرىيال يىغىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى يېزىپ يۇقىرىقى گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ ئېلان قىلدۇرغان. بۇ خەۋەر ۋە مۇلاھىزىلەر ئىچىدە، ئۇ خوتەندە تۇرغان بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا يېزىپ، ئېلان قىلدۇرغان خەۋەرلەر خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ئەينى چاغدىكى خوتەننىڭ ئىگىلىقا ئىنتىلىش، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە دائىر بۇ خەۋەرلەر ھەم مۇلاھىزىلەر ھېلىمۇ ناھايىتى زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، نەشرگە تەييارلاندى.

لىرىگە قاراڭ.

② ئېمرىك: «ئىراننىڭ مۇستەملىكىلىرى»، 263 ــ بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 265 ــ بەت.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 265 ــ ۋە كېيىنكى بەتلەر.

⑤ خوتەننىڭ تارىخى ھەققىدە گرۇپنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 29 ــ بېتىگە؛ ئېمرىكنىڭ «ئىراننىڭ مۇستەملىكىلىرى» نىڭ 266 ــ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥ رىگبىر: «بۇددا دۆلىتىدىكى بىر پارچە ئارخىپ»، 16 ــ بەت.

⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 16 ــ ۋە كېيىنكى بەتلەر.

⑧ تايرىيىك: «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا»، 289 ــ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر.

⑨ بايلېي: «خوتەنساكنىڭ ھاياتى»، 202 ــ بەت.

⑩ ئېمرىك: «خوتەن تېكىستلىرىدىن ساۋات»، 14 ــ، 32 ــ، 42 ــ بەتلەر.

⑪ يۇقىرىقى ئەسەر، 45 ــ بەت.

⑫ يۇقىرىقى ئەسەر، 51 ــ بەت.

⑬ رىگبىرنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 18 ــ بەت.

⑭ رىگبىرنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 18 ــ ۋە كېيىنكى بەتلەر.

⑮ بايلېينىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 18 ــ ۋە كېيىنكى بەتلەر.

⑯ ئېمرىك: «باستۇنامىگە مەدھىيە»، 229 ــ بەت.

⑰ يۇقىرىقى ئەسەر، 49 ــ بەت.

⑱ گرۇپ: «ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش»، 43 ــ بەت.

⑲ خوتەننىڭ رەسساملىقى ھەققىدە بۇساگرى يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رەسساملىقى» نىڭ 53 ــ بېتىدىن باشلاپ كۆرۈڭ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ كىتابىدىن ھەرقاچان كۆرۈۋالغىلى بولغاندەك، ئۇ بايان قىلغان مەزمۇنلارنى تارىخىي ئەمەلىيەت دېگەندىن كۆرە، سەنئەت تارىخى ھەققىدىكى تۇيغۇ دېگەن تۈزۈك. رەسساملىق ھەققىدە ۋىلليامسىنىڭ «خوتەن رەسساملىقىدىكى سىيما تەسۋىرى» نىڭ 109 ــ — 154 ــ بەتلىرىگە قاراڭ.

(بىر ئالما)، زاۋا دېگەن يېزىلاردىن ئۆتۈپ 23 ـ سېنتەبىر خوتەنگە يېتىپ كەلدىم.

يەكەن بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقى 350 چاقىرىم چامىسىدا بولۇپ، بۇ ئارىدىكى خەلق دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. خوتۇن قىزلىرى ماشۇقتىن يىپ ئىشلەپ بۆز توقۇيدۇ. تۇرمۇش ۋە مەئىشەتلىرى دېگۈدەك بەك ناچار. ئۆيلىرىدە پەقەت بىر چايگۈن (چۆگۈن) ۋە ئۈچ ـ تۆت دانە ياغاچ ئاياغ، بىر قازان بولىدىكەن. تاھارەت ئۈچۈنمۇ، غۇسۇل ئۈچۈنمۇ، چاي ئىچىش ئۈچۈنمۇ شۇ بىر چايگۈننى ئىشلىتىدىكەن.

بۇ ئەتراپنىڭ شىمالى چېكى يوق «سىن جاڭ سىلىڭ» (يېڭى چىن) چۆلىگە تۇتىشىدىكەن. يول پۈتۈنلەي يۇمشاق قۇم بولۇپ، ئازراق شامال چىقسا، قۇم بوران بولۇپ كۆتۈرۈلىدىكەن. سەپەرگە چىققاندا بوراندا ئادىشىپ قېلىپ، مەزكۇر چۆل ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئۆمرى شۇ يەردە تۈگەيدىغانلار كۆپ بولارمىش.

جەنۇب تەرىپىدىكى تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار بولمىسا، بۇ يەرلەردە ئادەم ۋە ھاۋادىن ئەسەر قالماس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىمۇ دېگۈدەك سۇغا باغلىق. سۇ قەيەردە بولسا ھايات ۋە ئاۋاتلىق شۇ يەردىدۇر.

شەھەرلەر بىنا قىلىنىپتۇ، يېزىلار تەشكىللىنىشىپتۇ. بۇلارنىڭ چوڭ ياكى كىچىكلىرىمۇ سۇ ئۈچۈن ئاۋارە. چۈنكى، ئۇيغۇر يۇرتىدا ياز بويى يامغۇر ياغمايدۇ، زىرائەت، ئۆت ـ چۆپ، دەرەخ ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە سۇ ئەتىۋارلىق، دېھقانچىلىق ۋاقىتلىرىدا سۇ ئۈچۈن سوقۇشۇش ۋە ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

ئالتە شەھەر خەلقى ئەخلاق ۋە ئادەت نۇقتىسىنەزىرىدىن پۈتۈنلەي بىر تۇستە كۆرۈنىدۇ. تۇرمۇش، مەئىشەت ھەمدە تىل ـ شېۋە جەھەتتىن باشقا يەرلەرگە قارىغاندا بىرئاز باشقىچە سېزىلىدۇ. بەكرەك شەرققە كەتكەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ساپ ۋە سۆزگە باي كېلىدىكەن. قۇم دېڭىزى ئىچىگە سولىنىپ قالغان، باشقىلار بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغان خوتەن ۋادىسى بۇ نۇقتىدا خېلى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇرۇندىن

ھاياتلىق ئۇچۇن كىرەكلىك ئۇسۇملۇكلەرنى، گۇزەل مەنزىرىلەر-نى تاماشا قىلىپ مېڭىۋاتسام، ئارقامدىن ئەھمەد سابىت ئەپەندى يېتىپ كېلىپ:

— قارىسىلا، يەكەننىڭ يەرلىرىدەك مۇنداق ياخشى يەر پەرغانىدى-مۇ يوق. يىل چۆرگىلىسە، ئىككى - ئۈچ مەرتەم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، — دېدى. مەن:

— ھەقىقەتەنمۇ ياخشى يەرلەركەن، يېرى شۇ قەدەر مۇنبەت ۋە مەھسۇلاتلىق بولغاچقا، خەلقلىرىمۇ باي بولۇشى كېرەك ئىدى. نېمە سەۋەبدىن يەكەن خەلقى ۋەيرانە؟ — دېدىم. ئەھمەد سابىت ئەپەندى:

— بۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىدىن، يالقاۋلىقىدىن بولغان، — دېدى. ئىككىمىز بىرمۇنچە مۇڭدىشىپ ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزاپ كەتتى.

بىز پوسكام بازىرىغا كېلىپ تاماق بۇيرۇتۇپ قورسىقىمىزنى تويـ-غۇزدۇق. ئاي كۆتۈرۈلگەندە يولغا چىقتۇق. ئاينىڭ تولۇق ۋە يورۇق-لۇقى، يولنىڭ تىنچلىقى، ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقى كۆڭۈلگە ئالاھىـ-دا قتۇر ياشارتىدىغان شادلىق بېرەتتى. شۇنداق چاغدا مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان بىرەرسىمۇ يوق. مەنمۇ ناخشا ئېيتمىدىم. تەبىـ-ئەتنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزمىدىم. ھارۋىكەشمۇ بۇگۇن ناخشا ئېيتمە-دى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ تۇرغاندۇ، ئۇ بىر تەرەپكە قىيسايسىمۇ يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالاتتى. بەك قۇملۇق يەرلەرگە كەلگەندە ئاتنىڭ غىلجىڭلىقى ئازراق ئىچىنى پۇشۇرۇپ قوياتتى. ھايۋان ئەمەسمۇ؟ ئاتنىڭ تىلى يوق، ئۇ بولسىمۇ قىينالمىسا...

بىردەمدىن كېيىن مەن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام پۇتۇنلەي باشقا ئالەم، ھارۋا سارايدا، ئات قوشۇغلۇق پېتى، بىرنەچچەيلەن نامازغا تاھارەت ئېلىشىپ يۇرىدۇ. بىر ياقتىن قىزىپ قۇياش چىقىۋاتىدۇ.

— بۇ قەيەر؟

— قارغالىق.

قارغالىق شەھىرىدىن ئۆتۈپ «ئېقىن چولاق» دېگەن لەڭگەرلەردە بىر كېچە قونۇپ، گۇما شەھىرىگە كەلدىم. چودار، زانگويا، پىيالمە

ھەم كۆن، قەدىرلىك كۆن. بىرىنىڭ قولىدا گىلەم، بىرىنىڭكىدە كىگىز، بىرى بۆك، بىرى تۇماق، بىرى بېشىدا ئاق بۆز كۆتەرگەن... مىڭلىپ يۇرۇپ ساتىدۇ. ھەممە نەرسە ئەرزان. خوتەنگە رۇسىيەدىن گەزمال، تۇمۇر ۋە ھەر تۈرلۈك ماللار كەلتۈرۈلىدۇ. ھىندىستاندىن سەللە ئۈچۈن رەخت، كىمخاب ۋە باشقا تۈرلۈك ماللار كەلتۈرۈلىدۇ.

خوتەندىن رۇسىيەگە، ھىندىستانغا ۋە باشقا شەھەرلەرگە چىقىرىلىپ تۇرىدىغان ماللار يىپەك، بۆز، گىلەم، كىگىز ۋە مېغىزدەك نەرسىلەردىن ئىبارەت بولىدىكەن.

خوتەنگە پۇلنىڭ كىرىشى كۆپ، ئەمما چىقىشى ئاز بولىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ بىر قىسىم خەلقى خېلى باي ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن باراۋەر بۇنىڭدىن كۆپرەك خەلق پېقىرلىق ۋە موھتاجلىقتىن بايلارغا ئىشلەشتىن باشقا ئامالى يوقكەن.

مەئىشەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرسىمۇ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كەلگەندە بۇ تەرەپ خەلقى بەكرەك تۆۋەن تۇرىدىكەن.

(«ۋاقىت گېزىتى» ① نىڭ 1915 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى)

## خوتەندە مەكتەپ ئېچىلىشىنىڭ تارىخى

ئۆتكەن يىلى خوتەنگە ئۆزىنى خوتەنلىكلەرگە دوست دەپ بىلگەن تەرەققىيپەرۋەر ۋە ياخشى ئىلىملىك بىر كىشى كېلىپ، خوتەن ئۈچۈن ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى ئېچىش كېرەك بولۇپ قالغانلىقنى تەشۋىق قىلغان. بىراق، خەلق چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، ئۇ كىشى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ئېچىپ، بىكار يۈرگەن باللارنى قوبۇل قىلىپ ھەقسىز ئوقۇتقان. لېكىن، ھېچبىر ماددىي ياردەم بولمىغان-

① «ۋاقىت گېزىتى» — چاررۇسىيە دەۋرىدە ئورىنبۇرگدا نەشر قىلىنغان گېزىت.

باشلاپ بۇ تەرەپلەردە ساپ تاتارچە سۆزلەر ئىشلىتىلگەن (ئىشتىلگەن، ئاڭلىنىپ تۇرغان) . بۇ يەردە ھازىر تاتارلاردىن بىر كىشىمۇ يوقلۇقىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى «كونا تاتار» ، «بېشكە تاتار» ، «تاتار زېمىنى» ، «تاتار تاشقاما» دېگەندەك يېزا ئىسىملىرى بارلىقىنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشى — بۇ يەردە تاتارچە سۆزلەرنىڭ كۆپ ئۇچرىشى تولىمۇ تەبىئىي ئىش بولۇپ قالىدۇ. بىر زامانلاردا بۇ يەرلەردە تاتارلار ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ۋە ياكى تۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇنداق بولغاچقا بەربىر نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى تاتارچە بولۇشىغا ئەجەبلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى.

خوتەننىڭ «گۈلباغ» دېگەن يېرىدىكى سارايغا چۈشكەنىدىم. سارايىنىڭ ھۇجرىسى بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ دېرىزىلىك ھۇجرا ئىزدىدىم. خوتەندە دېرىزىسى بار ساراي يوقكەن، (دېرىزىسى بار ساراي) تاپالمىدىم.

خوتەن سۈيى تەملىك، ھاۋاسى مۆتىدىل، مەنزىرىسى گۈزەل، يۇرتلىرى يەركەن ۋە ئاقسۇغا قارىغاندا خېلى ياخشى بىر شەھەردۇر. خوتەننىڭ خەلقىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئۇياتلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئىشچان كېلىدۇ. بۇ يەردە ئىشان، دۇئاگوي، گاداي - قەلەندەر دېگەن مەخلۇقلار ئاز.

خوتەننىڭ يېرى مۇنبەت بولسىمۇ، خەلقىنىڭ قولىدا قالىدىغىنى ئازدۇر. بۇلار ئىشچان ۋە ھۈنەرۋەن كېلىدۇ. خوتەننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بەك مەدەنىي خەلقلەرنىڭمۇ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك رەۋىشتە گۈزەلدۇر.

خوتەن شەھىرى يىپەك مەھسۇلاتى — شايى ۋە بەقەسەملىرى، ئوچۇق ۋە مەزمۇت گىلەملىرى، كىگىز ۋە ماتالىرى بىلەن ئۇيغۇر يۇرتىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئەرلەر ۋە خوتۇن - قىزلىرى بىرگە ئىشلەيدۇ. شەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە بازار بولىدۇ. بازاردىمۇ خوتۇن - قىزلار ئەرلەر بىلەن بىرگە مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدۇ. خوتەننىڭ بازىرى بەك قىزىق بولىدۇ.

بازار كۈنى — بىر ھەپتىلىك لازىمەتلىكلەرنى ئېلىۋالىدىغان مۇ-

ـدى. بەزى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. مەكتەپنى بەك ئاددىي ئىش دەپ يۈرگۈچىلەر مەھمۇد بەگنىڭ سۆزىنى ئويۇن ـ كۇلـكىگە، لەتىپىگە ئەپقاچقۇچىلارمۇ چىقىپ قالدى. مەھمۇد بەگ باشقا ۋاقىتلاردا لەتىپىچى، سۆزمەن كىشى بولسىمۇ، بۇ سورۇندىكى جىددىي ھەرىكىتى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. سورۇن ئەھلىنى ئــورتاق پىكىرگە كەلتۇرۇش ئادەتتە مۇمكىن بولمىسىمۇ، مەھمۇد بەگنىڭ ئۇستىلىقى بىلەن پىكىر بىرلىكى ۋۇجۇتقا چىقتى. مەكتەپـنىڭ دەرىجىسى (يىللىقلارغا بۆلۈش)، كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىـنىپ، جامائەت پەۋقۇلئاددە تەسىرلەندى. مۆھتەرەم بەگ ۋە ئۇلۇغ بايلار مەكتەپنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىشتى.

ئىمىن ھاجى، قۇربان ھاجى، روزى ھاجى ھەر يىلى 15 سەر (بىر سەر بىر سوم 50 تىيىنغا تەڭ) بېرىپ تۇرىدىغان بولدى؛ ئامبال ھاجى، سۇپۇرگە ھاجى، توختىھاجى، سابىر ئاخۇن، توختى بەگ، يەھائىددىن بەگ، ئەھمەد ئاخۇن شاڭزۇڭ، ئۆمەر ئىبراھىم ھاجى، مەقسۇد بەگ ئۈچ سەر؛ ئېزىز ھاجى، ئەپرۇز بەگ، خام ئەھمەد بەگ بىر يېرىم سەر بەرمەكچى بولدى. بۇ قېتىم مۇئەللىم ئەپەندىگە ئېيىغا ئون سەر (ئون بەش سوم) بەرمەكچى بولدى.

شۇنداق قىلىپ خوتەندە تەرتىپلىك بىر مەكتەپ ئېچىلىپ، بالىلارنى ئوقۇتۇش يولغا كىرگۈزۈلدى. مەكتەپ ئۈچۈن بىنا سېتىۋېلىـنىپ، مۇئەللىم ئەپەندىگە ۋەزىپىسى بىلەن تاپشۇرۇلدى. مۇنتىزىم ئوقۇتۇش باشلاش كۆز ئالدىمىزدىكى ئىش بولۇپ قالدى.

(«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1915 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1927 ـ سانىدىن ئېلىندى)

3

خــوتەننىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، يېرى مۇنبەت، سۇيىمۇ ئۆزگە يېتەرلىك. شەھەر ئىچىنىڭ 35 مىڭ، يېزىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا

لىقتىن، ماددىي جەھەتتە قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ مەكتەپنى تاقىۋېتىش-كە مەجبۇر بولغان. ئۇ خوتەنگە كەلگەندە ياخشى بىر ئېتى، ھارۋىسى ۋە بىرمۇنچە پۇلى بار كىشى بولۇپ، ئاخىرى ئېتىدىن، ھارۋىسىدىن ۋە پۈتۈن پۇلىدىن ئايرىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئەگەر مەكتەپ ئېچىشقا ياردەم قىلىمەن دېگۈچىلەر بولسا، بۇ يىلمۇ ھەقسىز ئوقۇتىدىغان ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. خەلق يەنە ئېرەن قىلمى-غان. ناھايەت، ئۇ ئاخۇنلار تەرىپىدىن سەدىقە قىلىنغان بىر ئات بىلەن ئاتلىنىپ كەتمەكچى بولغان چاغدا، مىللىي بالىلارنىڭ بەختىگە كاشى-غەردىن مەھمۇد بىن ئىنايىتۇللا ئەپەندى كەلدى.

مەھمۇد بەگ تاش ئاخۇننىڭ شېرىكلىرىدىن بولۇپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن كۆپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان تەرەققىي-پەرۋەر بىر يىگىتتۇر. ئۇ تۈرك ۋە تاتار مەتبۇئاتلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇي-دۇ، خەنزۇ تىلىنى ئانا تىلىدىن ياخشى بىلىدۇ. ئىلگىرى بەگ ئىدى، ھازىر تاش ئاخۇن بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ. مانا شۇ مەھمۇد بەگ ھەزرەتلە-رى كېلىپ، ۋەقەنىڭ باش - ئاخىرىنى بىلدى. ئۇ بۇنداق مۇئەللىمنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشكە ئېھتىياج چۈشۈپ تۇرغان بىر چاغدا، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشنىڭ قاملاشمىغان ئىش بولغانلىقىنى ئېيت-تى. ئۇ: «بىر ئامال قىلىپ مۇئەللىم ئەپەندىنى توختىتىپ قېلىش كېرەك» دېدى.

ئۇ 23 - زۇلھەججىدە خوتەننىڭ ھەممە بەگلىرىنى، سودىگەر ۋە مۆتىۋەرلىرىنى بىر ئۆيگە چاقىرىپ مەكتەپنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت قىلدى. مەجلىس (يىغىلىش) كە خوتەننىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن 40 ~ 50 ئادەم ھازىر بولدى. ئاش يېيىشىپ، چاي ئىچىپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى يۇمشىغاندىن كېيىن («ئاش تاشنى ئېرىتەر» دېگەن تەمسىل بويىچە) ، مەھمۇد بەگ ئۇستىلىق بىلەن سۆز باشلىدى.

ئۇ سورۇن ئەھلىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، تۈرلۈك مىساللار بىلەن ئۇسۇلى جەدىتنىڭ قائىدىسىنى چۈشەندۈردى. مەھمۇد بەگ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى سورۇن ئەھلى بەك ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ئابرۇيلۇق كىشى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مەكتەپ ھەققىدە خېلى كۆپ سۆزلە-

كارانتىن بېسىلمايدۇ. ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىۋاتىدۇ. پاكىزلىق ۋە تازىلىققا رىئايە قىلمىغانلىقتىن، باشقا يۇرتلارغىمۇ تارقىلىۋاتىدۇ. خۇسۇسەن سىفلىس كۆپىيىش.

*

خوتەننىڭ باشقا شەھەرلەردىن بىر ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ دىۋانە ـ قەلەندەرلەرنىڭ ئازلىقى ۋە خەلقىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتىكى ماھارىتىدۇر. بۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىككە بەك ئۇستا بولىدىكەن. ئەگەر بۇلارغا يول كۆرسەتكۈچى، ئىش باشلاپ بەرگۈچى بولسا، نازۇك ۋە نەپىس ئىشلارنى ئىشلىيەلەيدۇ.

(«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1930 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## كېرىيىدە تۇرغان كۈنلىرىمدە...

ئېتىزلار ئاق، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغايغان، ھاۋا سوغۇق، ئەتىگەن، كەچتە قىرو چۈشۈشكە باشلىدى. كۈز كەلگەن پەيتتىمۇ كۈز يامغۇرى ياغمىدى. كۈز بورىنى توختىمىدى. غاز ـ ئۆردەكلەر ئۇچمىدى، سەھرادىكى پىچانلار قۇرۇپ بولدى. ئامبارلار ئاشلىققا تولدى. غازلار سەمرىپ كۆچۈشكە ھازىرلىنىپ بولغان بولسىمۇ ئۇچۇشقىنى كۆرۈنمىدى. كىشىلەرنىڭ بۇخارا ۋە تۈركىستان تەرەپلەردىكىدەك «سۈننەت تويى» قىلىپ، ئۇلاغلىرىنى جابدۇپ، كاناي ـ سۇناي چالغان ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. پەسىل ئۆزگەرگىنىگە قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ھاۋا تەبىئىتى ئانچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئادەملەرمۇ بىر تەرىزدە تۇرۇۋېرىدۇ. ياز، كۈز، ئەتىياز ۋە قىش پەسىللىرىگە قاراپ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. باللار ئوقۇغىلى ئاتلاندى. ئاتا ـ ئانىلار، ئوغۇل ـ قىزلار، ئاتىلار، ھارۋىلار، ئېشەكلەر، تۆگىلەر، مەكتەپ، مەدرىسىلەر ... ئىشقىلىپ ھەممە، خەلپە ـ مۇدەررىسلەر ھەممىسىنى يوقلايدۇ. شۇلار

250 مىڭ نوپۇسى ۋە 660 مىڭ مو يېرى بار. ئىككى مىليون چارەك بۇغداي، تۆت مىليون 276 مىڭ چارەك قوناق، 150 مىڭ چارەك گۈرۈچ، 18 مىڭ پۇت ماشۇق، 200 مىڭ پۇت پىلە — خام يىپەك چىقىدۇ.

بىر ئامبال، 22 بەگ، 20 قازى، 20 مىراب (سۇ بۆلۈپ بەرگۈچى)، 103 يۈزبېشى، 440 ئونبېشى بار.

يۈز ئۆيلۈك رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئۆزبېكلەر ۋە شۇ مىقداردىكى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى يۇقرا بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

*

مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر خارابە ھالىتىدە. ۋەخپىلەر 99 يىللىق ئىجارىگە بېرىلگەن دەپ سېتىلغان. بۇ يەرنىڭ قازى ۋە مۇدەررىسلىرى بەك نادان. مەدرىسىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئوقۇيدىغان تالىپ ئاز، شۇ سەۋەبتىن بەك كۆپ مەدرىسىلەر ئائىلىلىك كىشىلەرگە ئىجارىگە بېرىلگەن. بەزى مەدرىسىلەردە ئائىلىسى ۋە بالا - چاقىسى بىلەن ئوقۇغۇچى شاگىرتلار بىرگە تۇرىدۇ. قايسىبىر مەدرىسىدە ئەرسىز خوتۇنلارمۇ ئىستىقامەت (تۇرۇپ قالماق) قىلىدىكەن.

*

باجگىر توختى ھاجى، گېزىت ئوقۇيدىغان تەرەققىيپەرۋەر بايلار-دىن قۇربان ھاجى ۋە راشىدىن ئاخۇن جانابلىرىنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەت-لىرى بىلەن ئۆتكەن يىلى بۇ يەردە تەرتىپلىك بىر مەكتەپ ئېچىلغانى-كەن. مۇئەللىم ھەقىقىي① ئەپەندىنىڭ تىرىشىپ ئوقۇتۇشى بىلەن ياخشى داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

*

خوتەن ئەتراپىدا ئىككى يىلدىن بېرى ۋابا ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. بۇ يىل ۋابا بەكرەك كۈچىيىپ قالدى. نامازدىن كېيىن ھەر مەسچىتتە بىرلىكتە ئەزان ئوقۇيدۇ. ھەر كۈنى 10 ~ 15 كىشىنى كۆمۈۋاتىدۇ.

لىك مەكتەپ يوقكەن. بالىلىرى ئىلىمدىن، ئەدەپ ۋە ئەخلاقتىن مەھرۇمكەن. تازىلىق ۋە تاھارەتكىمۇ رىئايە قىلمايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ۋابادەك قورقۇنچلۇق كېسەللەر ئۆكسۈمەي تۇرىدىكەن.

ھەركىمنىڭ ئۆز ئادىتى ۋە ئۆزىگە يارىشا قارىشى بولىدۇ. مەن بۇ خەلقنى تازىلىققا رىئايە قىلمايدىكەن دەپ ئەيىبلىسەم، ئۇلار مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ياراتمىدى. بىر يولدىشىم ماڭا: سىز ئەمدى سوپۇن بىلەن يۇيۇنماڭ. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۇنداق قىلىشنى قاتتىق ئەيىب كۆرىدۇ، دېدى. سەۋەبى شۇ ئىكەنكى، بۇ يەردە خوتۇن - قىزلار ۋە بەچچىلەرلا سوپۇن بىلەن يۇيۇنارمىش.

چىرنىنىڭ يوللىرىدا قولىغا تاياق تۇتقان، بېشىغا سەللە ئورىغان جاپاكەش كىشىلەر بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار سودىگەر ئەمەس، ئېشەكچى ياكى تۆگىچىمۇ ئەمەس. باشقا بىر ئىش بىلەنمۇ ماڭمايدۇ. ئۇلار زىيارەتچى دەرۋىشلەردۇر. ئۇلار بېرىشى 15 كۈنلۈك، يېنىشى 15 كۈنلۈك يەرگە «ئىمامى جەپپەرى سادىق» نى زىيارەت قىلىمىز دەپ ماڭىدۇ. ئۇلارغا: «ئۇ ئىمامى جەپپەرى سادىق مازىرى بۇ يەردە يوق، ئۇ بۇ يەرگە كەلمىگەن، يوق نېمىگە مۇشەققەت چېكىپ يۈرۈپسىز» دېسەك، بېشىغا قىيامەت كەلگەندەك كۈننى كۆرسىتىدۇ.

گۇلاخ④، تەماكۇ⑤، قاراقىيا⑥ دېگەن مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ تۆتىنچى كۈنى كېرىيىگە يېتىپ كەلدىم. كېرىيە بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقى 170 چاقىرىم چامىسىدا بولۇپ، بۇ يەرلەر قۇملۇق، قۇمۇشلۇق، ئاندا - ساندا يېكەنلىك ۋە دەرەخلىكلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن باشقا دىققەتنى جەلپ قىلغۇدەك گۈزەل مەنزىرىلەر، بۈيۈك تاغلار، گۈللەر، يىلقىلار كۆرۈنمەيدۇ. دىققەتنى جەلپ قىلغۇدەك نەرسە يول بويىدىكى قەبرىلەردۇر. ھەربىر قەبرىنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن خادىلار ئورنىتىلغان، خادىلارنىڭ ئۇچىغا قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغان. ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسى بولسا، خادىلار تېخىمۇ كۆپ ئورنىتىلىدۇ، لېكىن خادىنىڭ ئۇچىغا قوتاز قۇيرۇقى ئورنىغا ئۆچكە تېرىسى⑦ ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇ تەرەپتە ئەۋلىيالار قەبرىسى بەك كۆپ بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەربىر قەبرىگە 30 ~ 40 تىن ئۆچكە تېرىسى ئېسىپ قويىدىكەن.

بىلەن بىرگە مەن ئۆزۈممۇ يوقلىدىم. ئۆمۈر ئۆتەر، سۇ ئاقار، شامال ئۇچار، لېكىن ئىشلىگەن ئىش كۆزگە كۆرۈنمەس.

توختىا، بولار ئەمدى. ئاخىر 24 - ئۆكتەبىر كېرىيىگە قاراپ ئاتلاندىم. ئاران تەستە لوپ بازىرىغا كەلدىم. لوپ — خوتەنگە قارايدىغان بىر يۇرتنىڭ مەركىزىدۇر. لوپنىڭ يېرى مۇنبەت، هاۋاسى ياخشى، 50 ~ 60 مىڭچە نوپۇسى، تۆت قازى، 7 ~ 8 بېگى بار. خەلقى ئېكىنچىلىك، بۆز ۋە گىلەم توقۇشنى كەسىپ قىلغان.

بىر سارايغا كىرىپ، ئاتتىن چۈشە - چۈشمەستە خوتەندە تونۇشقان ئاغىنىلەردىن بىرسى كېلىپ: «سىزنى هازىر مۇهەممەد بەگ چاقىردى» دەپ ئالدىرىتىپ ئېلىپ ماڭدى. مۇهەممەد بەگ ئەپەندى خەنزۇ مۇپەتتىش شۇن يۇشى دارىنغا مۇۋەققەت تۇڭچى — تىلماچ② بولۇپ كەلگەنىكەن. دارىننى ئۇزۇتۇپ كەلگەن خوتەن بەگلىرى ۋە قارشى ئېلىشقا كەلگەن چىرا، كېرىيە بەگلىرى هەم بىرنەچچە بايلار كىچىكىرەك بىر ئۆيدە سەۋزە بوتقىسى پىشۇرۇپ ئولتۇرۇپتىكەن. سالام بېرىپ ئۆيگە كىردىم. هەممەيلەن ئورنىدىن قوپتى. مەنمۇ هەممىسى بىلەن قائىدە بويىچە كۆرۈشتۈم، تۆردىن ئورۇن كۆرسىتىشتى، ئولتۇردۇم. هېسىپ ئەكەلدى. بەك تەملىك، يېيىشلىك تائامىكەن. مۇهەممەد بەگ ئەپەندى: «بىز مۇشۇنداق بەك ياخشى بىر تائام ياسىدۇق. ئۆزلىرىنى ئېغىز تەگسۇن دېگەنىدۇق» دېدى. بىرەيلەن «مۇهەممەد هاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى 300 مىڭ سوم خىراجەت قىلىپ، بىر دانە جاۋەن ماشىنىسى ئەكەلمەكچى بولدى. بۇ ئىشقا هۆكۈمەتتىن ئىمتىيازمۇ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى.

— بەك ياخشى ئىشكەن. ئاللا مۇۋەپپەقىيەت بەرسۇن، — دېدىم.

سەهەردىلا يولغا چىقتىم. قۇملۇق يولنى بويلاپ 60 چاقىرىم چامىسىدا يول يۈرۈپ، ئەتىسى چىرا بازىرىغا كەلدىم. چىرا كېرىيىگە تەۋە بىر يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ، رۇس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرىدىن باشقا، 2000 ئۆيلۈك خەلق بار. بۇ ئەتراپتا مۇۋەققەت نىكاھ ③ ۋە پاهىشىلىك بەك تەرەققىي قىلغانىكەن، شۇ سەۋەبتىن يۇقۇملۇق كېسەللەر كۆپ تارقىلىدىكەن. مەيلى لوپ ياكى چىرىدا بىرەرمۇ تەرتىپ-

سا، خەنزۇ پوچتىسى رۇسىيىدىن كەلگەن خەتنى ئالمايدۇ. خەنزۇ شەھەرلىرىدە رۇسىيىدىن كەلگەن خەتلەرنى كىرگۈزۈش توغرىسىدا كېـ-لىشىم يوقمۇ؟ مەن بۇ خەقنىڭ كۆپ كىشىلىرىگە، ھەتتا پوچتا مەمۇرلىرىغىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ باقتىم. قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ۋە مەلۇمات ئالالمىدىم. مەن ئۆزۈم مەركىزىي ھۆكۈمەت ماركىسى بىلەن بىرنەچچە پارچە خەت ئەۋەتتىم. ئۇلار تەگدى بولغاي...، بەس، رۇس ماركىسى بىلەن ئەۋەتكەن خەت - گېزىتلەر نېمە سەۋەبتىن بۇ ياققا كەلمەيدۇ؟ بۇ ھەقتە، يەنى گېزىت ئېلىش توغرىسىدا مۇنداق مەسىلە-ھەت بېرىمەن: كاشغەر، غۇلجا، ئۈرۈمچىدەك رۇس پوچتىسى كېلىپ تۇرىدىغان شەھەرلەرگە بارىدىغانلارغا ھاۋالە قىلىپ، شۇ كىتابخانىلار ئارقىلىق ئالتە شەھەرگە گېزىت ۋە رىسالىلەرنى تارقىتىش كېرەك ياكى گېزىت ۋە كىتابخانا ئىدارىلىرى مەزكۇر شەھەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ۋە-كىللىرىنى ئەۋەتىشى كېرەك. ئەگەر راسخوتنى كۆتۈرسە ئاۋامدىن، مۇۋاپىق بولسا شۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدە تۇرغۇچىلەر ئارىسىدىن ئىشەنچ-لىك كىشى تېپىپ قويسا بولىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالغا قارىتا بىر چارە كۆرۈش كېرەك.

جاھاندىن خەۋەردار، ئوچۇق پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلەشسە بەك قىزىق ۋە راھەت بولىدىكەن. تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن سائەت تۆتكە قەدەر ئولتۇردۇق. نەھايەت، مەن ئۆيگە ئۇخلاشقا ياندىم.

ئەتىسى سەھەردىلا يېقىن بىر مەسچىتكە نامازغا باردۇق. بىز بارغاندا مەسچىتتە بىرمۇ كىشى يوق ئىدى. بىرئازدىن كېيىن مەزىن كېلىپ ئەزان توۋلىدى. ئارقىدىن جامائەت يىغىلدى، ناماز ئوقۇدۇق. ناماز تامام بولغاندىن كېيىن، بىر كىشى تۇرۇپ: «قۇرداشلار! مەن ھاجى ئىدىم، خىراجىتىم تۈگىدى، ياردەم قىلساڭلار» دېدى. كىشى-لەرنىڭ كۆپرەكى چىقىپ كەتتى. قالغان ئون نەچچە ئادەم بىر- بىرىگە قاراپ ئولتۇردى. ھېلىقى كىشى تىلەشنى داۋام قىلدى. شۇ ئارىدا ئىمام مېھرابتىن بىر قاپچۇقنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىشقا باشلىدى. «ھاجىگە پۇل بېرىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. پەقەت ئۇ قاپچۇقنى نامازخانلار ئارىسىغا ئەكېلىپ تۆككەندە، كۆردۈمكى، قاپچۇق ئىچىدىن يۇرچاقتەك كىچىك تاشلار تۆكۈلدى. بۇلار نېمە بولغىيتتى ئەمدى؟

خوتەندىن كېرىيىگە قەدەر قاسىم ھاجى ئىسىملىك بىر سودىگەر بىلەن بىللە كەلگەنىدىم. قاسىم ھاجى مېنى ئۆيىگە چۈشۈرۈپ، قونۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ يەردە بىر كىشى ئۇزاق سەپەردىن قايتىپ كەلسە يېقىنلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى كۆرۈشكىلى كېلىدىكەن. شۇ ئادەت بويىچە قاسىم ھاجىنىڭ ئۆيىگە بەك كۆپ كىشى كەلدى. سەمەرقەند ۋە ئەنجاندىكى بازار باھالىرىنى بەك ئىنچىكە سوراشتى. مويسىپىتلار ساقىلىنى سىيپاپ: «ياتقان بۇيرا، يۈرگەن چۆيرە» دې‐دى. بۇ، سەپەرگە چىققان ئادەم ئالتە ئايدا ئەنجانغىچە بېرىپ كەلدى دېگىنىكەن.

كەچكە يېقىن، كېرىيىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ياش بايلىرىدىن تۇر‐سۇن ئاخۇن جانابلىرى مەن ئۇچۇن مەخسۇس ئۆي ھازىرلاپ، مېنى شۇ ئۆيىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. تۇرسۇن ئاخۇن جانابلىرىنىڭ بۇ ئېھتىرامىغا تەشەككۇردە ئاجىزمەن. مېھمانسارايلىرى بەك قاراڭغۇ ھەم قالايمىقان بولىدىكەن. ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدىن قۇلاقلىرىڭ پۈ‐تۈپ كېتىدىكەن.

تۇرسۇن ئاخۇن تاتارچە گېزىتلەرنى بەك سۆيۈپ ئوقۇيدىكەن. تاتار مەتبۇئاتى بىلەن ئوبدان دوست بولۇپ قالغانىكەن. تاتارچە پەننىي ۋە يېڭى چىققان ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇشنىمۇ ھەۋەس ـ ئارزۇ قىلىشى بەك بەلەنكەن. ئورنىبۇرگدىن كىتاب سورىتىپ كاشغەردە بىر كىشىگە 60 سوم پۇل بەرگەن بولسىمۇ، 7 ~ 8 ئاي بوپتۇ نىمە سەۋەبتىندۇر كىتابلار تېخىچە قولىغا كەلمەپتۇ. بۇ يەردىكى مەدرىسە تالىپلىرىمۇ كىتابقا بەك موھتاج ئىكەن.

«گېزىت سېتىۋېلىشقا پۇل تۆلىگەن بولساقمۇ كەلمىدى» دېگەن سۆزلەرنى مۇندىن باشقا شەھەرلەردىمۇ، مەسىلەن، يەكەندىمۇ بىرنەچچە كىشىدىن ئىشتكەنىدىم. ئالتە شەھەر* دە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلمايدىغان‐لار يوق ئەمەس، ئاز بولسىمۇ ئىشقىلىپ بار، پەقەت گېزىتلەرنى قانداق قىلىپ ئەكەلدۈرۈشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بول‐

* ئالتە شەھەر — 1850 ـ يىللاردىن تارتىپ ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان نەشر ئەپكارلىرىدا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ تىلىدا قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇلارنى كۆرسىتەتتى.

سودىگەرلەر يولدا كېرەكلىك نەرسىلەرنى (ئۆز) ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. يولدا نانغا قەدەر ئۆزلىرى پىشۇرۇپ يەيدۇ. يېتىشقا قونال-غۇ، ئىستىراھەت قىلىشقا لەڭگەردەك يەرلەر بولمىغانلىقتىن قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق كۈنلىرى ۋە يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىدىمۇ تالادا قونۇپ ماڭىدۇ. يولدا چۆلنىڭ تۇزلۇق سۇلىرىدىن باشقا ئىچىملىك-لەرمۇ تېپىلمايدۇ. مەنزىللەردە تاماق، سۈت كەبى نېمەتلەر بەلكىم ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەس. پاچاقلىرىمۇ تۇزلۇق سۇدا تىلىنىپ كېتىدۇ.

مۇشۇ ئارىدا كېرىيىدىن ئىككى سودىگەر چېگىدۇسېڭغا سەپەر قىل-دى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، بەلكىم بىرنەچچە يىلدىن بېرى يولغا تەييارلىنىشلىرى كىشىگە شىمالىي قۇتۇپقا ساياھەت قىلغۇچىلار-نى ئەسلىتەتتى. ئۇ سودىگەرلەرنى 50 ~ 60 كىشىنىڭ بىرنەچچە چاقىرىم يەرگىچە ئۇزۇتۇپ بېرىشلىرى، ئايرىلغان چاغدا بەزىلەرنىڭ يىغلاشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇ سەپەرنىڭ نەقەدەر زور بىر ئىش ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. بۇلار سەككىز ئايدا بارىدۇ، سەككىز ئايدا قايتىپ كېلىدۇ. ئىككى ئاي چېگىدۇسېڭدا تۇرۇپ سودا قىلىدۇ. ئېھتىمال بولسا، تولۇق بىر يېرىم يىلدا ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

سودىگەرلەر پۇلدىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ مالنى نەق پۇلغا ئالىدۇ. ئېلىپ كەلگەن ماللىرى چېگىدۇسېڭ-دىكى خەنزۇلارنىڭ يىپەكتىن توقۇلغان خوتۇن- قىزلار كىيىملىكلە-رىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى بۇ يەردە مۇسۇلمان خوتۇن - قىزلىرى بىلەن بىرگە خەنزۇلارمۇ كىيىدۇ.

بۇ تىجارەتنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە سۆزلەپ تۇرغۇچىلارمۇ يوق. سەۋەبى «مېھنەتتىن كېيىن راھەت، سەۋر قىلغانغا مۇراد» دېگەن سۆز بىلەن ماختاپ تۇرۇشىدۇ. يەنە نەق ئېلىپ نەق ساتقانلىقىدىن ھەم ئېلىپ كەلگەن ئېسىل نۇسخىلىق ماللار خەلق ئارىسىدا مەمنۇن ۋە مەقبۇل سانالغانلىقتىن سودا ئىشلىرى بەك كۆيلىنىدۇ. سۇنۇش، يىرتىلىشتەك كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ھەرگىز ئۇچرىمايدۇ.

بۇ تىجارەت ئىلگىرى خەنزۇلار ۋە تۇڭگانلار قولىدا ئىكەن، كې-

بۇ چۇشۇم بولمىغىدى؟ مەسچىتتىكى كىشىلەر تاشلارنى سىقىمىغا ئېلىپ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دەپ بىر ـ بىرىگە بېرىشىپ تۇردى. قولىغا ئالغان تاشنى ئېشىپ قالغان تاشقا قوشمىدى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ خوجا نەسىردىنىنىڭ كۈن سانىنى ھېسابلىغاندا ئىشلەتكەن تاشلىرى ئېسىمگە كەلدى. بۇنىڭدا (تاشتا) بىر ھېكمەت بار دېگەنلەرنى ئويلاپ، تاشنىڭ ھېكمىتىگە كۆز تىكتىم. مەسچىتنىڭ ئىچى ھەرە غوڭۇلدىغاندەك بولۇپ، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» بىر باشتىن يەنە بىر باشقا تەكرارلانغىلى تۇردى. بىرئاز ئولتۇرۇپ باققان بولسامىمۇ، تىزلىرىم ئۇيۇشۇشقا باشلىدى، ئىلاجسىزلىقتىن مەسچىتتىن چىقىپ كەتتىم. مەسچىتتىكىلەر ئايەت ئوقۇپ قىلىشتى. بۇ ئىش ماڭا ئاجايىپ تۇيۇلغاچقا، بىرمۇنچە كىشىلەردىن بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سوراپ باقتىم. بىرسى «خەتمە» دەپ جاۋاب بېرىپ، «ئەشۇ تاشلار توگىگەنگە قەدەر ‹لائىلاھە ئىللەللاھۇ›، ‹سۇبھانىللاھە›، ‹ئەلھەمدۇلىللا›، ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› دەيدۇ، تاشلار قۇياش چىقىپ ئازراق كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن توگەيدۇ» دېدى.

كېرىيەدە 70 ～ 80 ئۆيلۈك رۇس پۇقراسى ۋە 40 ～ 50 ئۆيلۈك ئەنگلىيە پۇقراسى بار، يەرلىك خەلقنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 70 ～ 80 مىڭ ئەتراپىدا چىقىدۇ. يېزا نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. كېرىيە خەلقى يەكەن ۋە خوتەنگە نىسبەتەن باي، ئەمگەكچان كېلىدۇ. كەسپلىرى ئالتۇنچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قىسمەن سودىگەرچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

(«ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1916 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 1963 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## ئۇزۇن سەپەرلىك تىجارەت

كېرىيە مۇسۇلمانلىرى يىراق شەرقتىكى چېگدۇسىڭ⑨ بىلەن سودا قىلىدۇ. چېگدۇسىڭ بىلەن كېرىيىنىڭ ئارىلىقى ئات بىلەن ماڭسا سەككىز ئايلىق يولدۇر. يول بويى پۈتۈنلەي چۆلدىن ئىبارەت.

كى، ئاسانلىق بىلەن پايدا يارانقىلى بولمايدۇ. باش ئاغرىتماي ئاسانلا مال سېتىش مۇمكىن بولسا، دۇنيادا پۇلنىڭ قەدرى بولمايدۇ.

كېرىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىشىغا تەھسىن ئېيتىش بىلەن بىرگە، بەزى جەھەتتىن ئازراق تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك يەرلىرىمۇ بار: بىرىنچىدىن، بۇ كۈنلەردە كېرىيىدە 15 دىن ئارتۇق سودىگەر بار ئىكەن. مانا مۇشۇ سودىگەرلەر ئۆزئارا ئۇيۇشماي، كۆپىنچە بىقارار يولغا چىقىپ، توزۇپ - چېچىلىپ يۈرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن يولغا چىققاندا ھەمراھ ياللاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. يول بەك ئۇزۇن بولغاچقا بۇ ھەمراھ بىرنەچچە يۈز سومغا، ھەممىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا بىرنەچچە مىڭ سوملارغا توختايدىكەن. ئىككىنچىدىن، بىر- بىرىدىن كۈنلىشىپ، مىڭ مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئەكەلگەن ماللىرىنى تېزراق سېتىشقا ئالدىراپ كېتىدۇكى، بۇ ئالدىراڭغۇلۇقتىن كەلگەن زىيان مىڭ سومدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىكەن. چۈنكى، ۋاقتى ئۆتكەن مالنىڭ قەدرى قالمايدۇ، باھانىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن تۈرلۈك قوللاردىن ئېلىنغان، تۈرلۈك قوللاردا سېتىلىدىغان بۇنداق نەرسىنىڭ زىيىنى بار ئىش ئىكەنلىكى تىجارەت ئەھلىگە مەلۇم بولسا كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى ئىشلارنى ئېتىبارغا ئېلىپ 15 كىشى بىرلىشىپ، بىر شىركەت قۇرسا بەك ئوبدان بولاتتى. بىھۇدە خىراجەت ئازىيىپ، پايدا كۆپەيگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ چاغدا 30 كىشىنىڭ ئورنىغا ئۈچ كىشى بارسا بولىدۇ. ماللارمۇ بىر قولدىن ئېلىنىپ، بىر قولدا سېتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەلۋەتتە پايدىدىن خالىي ئەمەستۇر. يەنە شىر- كەت بولسا پۇل كۆپىيىدۇ، پۇل كۆپ بولسا چوڭراق پايدىلىق ئىشلار- نى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەرنىڭ خەلقى قول ئىشىغا ——— يۇڭدىن گىلەم، يىپەكتىن ئەتلەس - شايى ۋە بەقەسەم قاتارلىق نەرسىلەرنى توقۇشقا بەك ئۇستا. يۇڭ يىپ، يىپەك ۋە ماۋۇق كەبى نەرسىلەر بەك ئەرزان، شۇنداق بولغانلىقتىن بۇ نەرسىلەر كۆپىنچە خام پېتى سېتىلىدۇ. تېخنىك، ئۇستىلار ماددىي ياردەمگە موھتاج- لىق سەۋەبىدىن بىكار يېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، ياردەم بەرگۈ- چىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن تەبئىي ھالدا ئىشسىزلىق ۋە بىكارچىلىقتا قالىدۇ، بىكارچىلىقتىن ھۇرۇنلىشىپ كېتىدۇ، ئاخىرى تىلەمچىلىك

يىنچە ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتۇپتۇ. ھازىرمۇ چېچەدۇسىچە-نىڭ ماللىرى، پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتىغا كېرىيە ۋە قۇمۇل ئارقىلىق تارقىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ تىجارەتنىڭ كېرىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قو-لىغا ئۆتۈپ قېلىشىنىڭ تارىخىي مۇنداقكەن:

چېچەدۇسىچەنىڭ 60 كۈنلۈك نېرىسىدا لەنجۇسىڭ دېگەن بىر شە-ھەر بار. تۇڭگانلار شۇ شەھەردىن چاي ۋە ئەپيۇن ئېلىپ، كېرىيە ۋە خوتەن تەرەپلەرگە ئەكېلىپ سېتىپ يۈرگەن. بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى كېرىيىنىڭ نوپۇزلۇق بايلىرىدىن ۋە مۆتىۋەر سودىگەرلىرىدىن قاسىم ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى بۇ سودىنى كۆرۈپ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر مالىينى لەنجۇسىڭغا ئەۋەتكەن. مالاي ئۇ يەردىن بىرئاز چاي ئەكەلگەن. چاي بەك ياخشى سېتىلغان. ئۇ مالاي لەنجۇ-سىڭنىڭ نېرىسىدا چېچەدۇسىڭ دېگەن بىر شەھەر بارلىقىنى ۋە تېگى (ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق) ماتور بىلەن فابرىكىدا توقۇلغان رەختلەرنىڭ شۇ شەھەردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان ـ دە، بەك چوڭ بىر «كەشپىيات» يارىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىلگەنلىرىنى باي-لارغا سۆزلەپ بەرگەن. بايلار شۇنىڭ بىلەن (ھەر قېتىم) نۇرغۇن پۇل تۇتقۇزۇپ، شۇ شەھەرگە كىشى ئەۋەتىپ تۇرغان. مانا بۇ، شۇنىڭدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن كېرىيە ـ چېچەدۇسىڭ تىجارىتى-دۇر.

بۇ كۈنلەردە كېرىيىدىن چېچەدۇسىڭغا بارغۇچىلارنىڭ سانى بەش-لەپ بولغان. قۇمۇلدىن ئونلاپ كىشى بارىدۇ دەيدۇ. بۇ يىل خوتەن-دىنمۇ ئىككى كىشى (بۇنىڭ بىرى بىرنەچچە ئون يىللاردىن بېرى تىبەت يولى بىلەن ھىندىستاندىن مال ئەكېلىپ ساتقۇچى مەشھۇر سودىگەركەن) مېڭىپتۇ.

كېرىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىشلىرى، بۇرۇنقى پەرماندارلى-رىمىزنىڭ تىجارەت دەستۇرى ئەمەس. بەلكى، غەيرەت ۋە باتۇرلۇقىنى ئەسكە سالىدۇ. كېرىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىشلىرى مىڭلاپ تەھسىنگە لايىقتۇر.

ھەر ئىشتا يېڭىلىق، پائالىيەتچانلىق ھەم ئۇنىڭغا يارىشا تولۇق غەيرەت كېرەك. خۇسۇسەن سودا ئىشلىرىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ شۇن-داق پۇل تېپىشى شەرتتۇر. بىز مۇسۇلمانلار شۇنى ئاڭلاپ يەتمىدۇق-

چىسى بولغان ئۇيغۇر يۇرتىدىمۇ تەرتىپلىك مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلىدى. غۇلجا ۋە كاشغەر شەھەرلىرىدە مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسا بايلارنىڭ ھىممەتلىرى سايىسىدە ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى مىللىي مەكتەپلەر داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

بۇلتۇر خوتەندە ۋە بۇ يىل كېرىيىدە يەنە بىردىن مەكتەپ ئېچىلدى. پەقەت يەكەن، ئاقسۇ، كورلا، كۇچا، ئۈچتۇرپان ۋە كونا تۇرپان شەھەرلىرىلا مىللىي مەكتەپ ۋە مىللىي تەربىيىدىن مەھرۇمدۇر. زامان ھارۋىسى ئۇلارنىمۇ تېزدىن ئۆز تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

كېرىيىدە مەكتەپ ئېچىلىشقا سەۋەب بولغان زات مەرھۇم قاسىم ھاجى ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇن جانابلىرىدۇر. تۇرسۇن ئاخۇن گېزىت ئوقۇيدىغان، ئوچۇق پىكىرلىك، كېرىيىنىڭ ئەڭ باي ۋە نوپۇزلۇق بىر كىشىسى بولغانلىقىدىن، «ئوقۇتۇش ۋە مائارىپ تەھسىل قىلىش ھارام» دەپ چىقىرىلغان مەنتىقسىز پەتىۋالارغا قۇلاق سالماستىن (ھىجرىيىنىڭ) 1331 - يىلى 12 - مۇھەررەمدە يېڭى ئۇسۇلدا بىر مەكتەپ ئاچتى ۋە مۇئەللىم تاپالىغانغا قەدەر بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇردى. مەنمۇ ساياھىتىمنىڭ كىچىككىنە يادىكارى بولۇپ قېلىشىنى ئېتىبارغا ئېلىپ بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلدىم.

تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئۈچ ئىنىسى بىلەن بىرگە 12 ~ 13 بالىغا تـەربـىيە بېرىۋاتىمەن. ئىلگىرى 3 ~ 4 يىل ئوقۇپ ھېچ نەرسە بىلمىگەن بالىلار 2 ~ 3 ئاي ئىچىدە تۈركچە ئوقۇشنى ۋە قەلەم تۇتۇپ يېزىشنى ئۆگىنىپ بولدى.

بۇ يەرنىڭ بالىلىرى بەك قابىلىيەتلىك ۋە ئىستېداتلىق بولىدىكەن. ئوغۇل بالىلار بىلەن قىز بالىلارنى زامانىۋى تەربىيە بىلەن ئوقۇتسا ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ ئىستىقبالى تەلەپكە مۇۋاپىق رەۋىشتە بولۇپ چىقىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك، ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ھەربىر شەھەردە يۈزلەپ رۇسىيىلىك ئۆزبېك ۋە سارتلار توپلىشىپ قالغان. بۇلار سودىگەرلەر بولۇپ، ھەممىسى بايلاردۇر. لېكىن، شۇنىسى قىزىقكى، بۇلار ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بىرسىمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىغا قوشۇلمايدۇ.

يولىغا كىرىپ، مىللەت ئۈستىگە ئېغىر بىر يۈك بولىدۇ. ئەگەر، ئاشۇ جانلىق ماشىنىلارنى قوزغىتىپ، ئىشقا سالغۇچىلار بولسا، بۇنىڭدىن كەلگەن پايدا بايلارنىمۇ بېيىتىدۇ، ئىشچىلارنىمۇ ھۇرۇنلۇق، تىلەمچىلىك كەبى ماكۇرۇت ئادەتلەردىن پاكلايدۇ. بۇ يەردە گىلەم ۋە بەقەسەم توقۇشنى بىلمەيدىغان بىرەر ئەر ياكى خوتۇن بولمىسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بەك ئاز، شۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ ھەممىسى موھتاجلىقتا ھەم ئاجىزدۇر. ئەگەر نېسىپ بولۇپ شۇنداق بىر شىركەت تەسىس قىلىنىپ قالسا، بۇ شىركەت تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىرگە ئېلىپ بارسا، شىركەتنىڭ بۇ ئىشى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۈچۈنمۇ بەك پايدىلىق ئىش بولغان بولاتتى. بۇ ئىشنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. تەبىئىيكى، زور رول ئوينايدۇ. بۇ ئىش دىنىي فىقىھ (ئىسلام قانۇنى) نەزىرىدىمۇ ساۋابلىق ئىش.

بۇ ئىش مېنىڭ نەزىرىمدە پۇل قەرز ئېلىپ ھەج قىلغاندىن، كۈنىگە نەچچە يۈز رەكەت نەفلى ناماز ئوقۇغاندىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەلدۇر؛ ئۆيىدە بالا ـ چاقىسىنى ئاچ ۋە يالىڭاچ قويۇپ مەككىگە بارغاندىن، تىجارەت نىيىتى بىلەن ئىچكى شەھەر چېگىدۇسىغا بېرىشتىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇقتۇر. شۇنىڭدەك مازار يېنىغا ئۆي سېلىپ، دۇنياغا نەزەر سالماي، كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان ئوقۇپ تىلاۋەت قىلىپ، ئىبادەت بىلەن ياتقانغا قارىغاندا، بازاردىن يۈك ئېلىپ بىر گىلەم توقۇپ سېتىش مىڭ مەرتىۋە ياخشىراق ۋە ساۋابلىق.

(كېرىيە)

(«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1916 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2011 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## كېرىيىدە مەكتەپ ئېچىلدى

زامان ئۆز ئىشىنى ئوڭشاپ تۇرىدۇ. بەزى غاپىللارنىڭ «تەرتىپ بىلەن ئوقۇتۇش ھارام» دېگىنىگە قارشى ئۇسۇلى جەدىتنى ياقلىغۇچىلار كۆپىيىۋاتىدۇ. كېيىنكى يىللاردا بۇخارا ۋە تۈركىستاننىڭ رىقابەت-

كېرىيىدە 3000 تارتما، خوتەندە 4000 غىچە، گويا ۋە قارغالىق-تىمۇ شۇ مىقداردا يىپەك ئۇرۇقى سېتىلىدىكەن. بۇنىڭدىن چىققان يىپەك مەھسۇلاتى تەخمىنەن 700 ~ 800 مىڭ سەرلىك بولىدىكەن. بۇ يىپەكلەر رۇسىيە ۋە ھىندىستان تەرەپلەرگە چىقىرىلىپ كۆپىنچە خام پېتى سېتىلىدىكەن. ئەگەر ئۆز يېرىدە ئىشلىسە مىليونلارچە پايدا تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

كېرىيە تەۋەلىكىدە ھەر يىلى 400 ~ 500 مىڭ سوماتلىق ئالتۇن چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە باشقا تۈرلۈك مەدەنلەرمۇ بار. لېكىن، تىرىشىپ باقسىمۇ پايدىلىنالمايدىكەن.

بۇ يەر تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق ئۇچۇنمۇ بەك قولايلىقكەن. شۇنداق بولسىمۇ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بەك ناچار. شۇنداق ياخشى ۋە باي يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلغۇدەك كۈنلەرگە دۇچار بولۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىدىندۇر. «مۇسۇلمانچىلىق — پېقىرلىق ۋە دەرۋىشلىكتىن ئىبارەت» مىش!... قاچان ئادەم بولۇركىن بۇ بىچارە-لەر.

(«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1916 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى ئومۇمىي 2024 - سانىدىن ئېلىندى)

8

بۇ يىل بۇ يەردە قىشچە قار، يازچە تامچە يامغۇر ياغمىدى. چىرا يېزىسى پۈتۈنلەي سۇسىز قالدى. چىرىلىقلار 20 ~ 25 چاقىرىم يەردىن ئېشەك بىلەن سۇ توشۇۋاتىدۇ. قىشتا ئېلىپ قويغان مۇزلارنى ئېرىتىپ ئىچىۋاتىدۇ.

لوپ ۋە قاراقاش بازىرىدا ۋابا يۇقۇمى كۈندىن كۈنگە كۆچىيىۋاتىدۇ. «قاراساي» دېگەن بىر يېزىدا جامە مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا كىرگەن كىشىلەردىن 42 كىشى ئۆلگەن. ئۈچ كىشىنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ جامەدىن چىقىپ كەتكەن. خوتەندىمۇ ۋاقىتسىز ئۆل-گەنلەر ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر كۈنى پېشىندىن كېيىن مەسچىتلەردە

ئۆزلىرى مەخسۇس مەكتەپ ئېچىش شەرىپىدىن مەھرۇم بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يولدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي مەكتەپلىرىگىمۇ ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ. تاپقان پۇللىرىنى «قىز ئېلىش» قا سەرپ قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئىستىقباللىرى ياخشى بولمىسا كېرەك.

(كېرىيە)

(«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1916 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2016 ـ سانىدىن ئېلىندى)

7

كۈز ئۆتتى، قىش ئۆتتى. مانا ئەمدى ياز كەلدى. 10 ـ مارتتىن باشلاپ دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى. مانا شۇ چاغدا خوتەن ۋە كېرىيە ئەتراپىدا ئازراقمۇ قار ياكى يامغۇر ياغمىدى. ياغمىدىلا ئەمەس، كۈز ۋاقتى ئۆتۈپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىر تامچە بولسىمۇ قار ياكى يامغۇر كۆرەلمىدۇق. ئەتىياز كۈنلىرى يامغۇرنى كۈتۈشكە يار بەرمىدى. بۇ يىل شۇنداق بولدى. ئەمما باشقا يىللاردا كۈز كۈنلىرىدە يامغۇر، قىش كۈنلىرىدە ئاز بولسىمۇ قار يېغىپ تۇراتتى، دېيىشىدۇ يەرلىكلەر. ماشا شۇنىسى بەك ئاجايىپ تۇيۇلدىكى، بۇ يەردە قار ياكى يامغۇرنى بىرمۇ كىشى سېغىنمايدىكەن. بۇ ھەقتە سۆزلىگۈچىلەرمۇ يوقكەن. چۈنكى، قار ـ يامغۇرنىڭ بۇ يەر ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئەھمىيىتى يوقتەك.

ھازىر بۇ يەرنىڭ بازارلىرىدا قوقەند زاۋۇتلىرىدىن چىققان يىپەك ئۇرۇقى⑪ سېتىلىۋاتىدۇ. بىر تارتما (قۇتا) ئۇرۇقنى ئۈچ سەر (ئالتە سوم) غىچە ئالىدۇ. پىلە قۇرتىنى ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن باقىدىكەن، ئۇلار بۇنداق باقسا بەك ياخشى پايدا تاپقىلى بولىدۇ، خۇدا بەرسە، ئۈچ سەرلىك ئۇرۇقتىن 20 ~ 25 سەرلىك يىپەك بولىدۇ، دېيىشىدۇ. يىپەك چىقىرىدىغان ئىش كېرىيە، خوتەن، گۇما، قاراقاش تەرەپلەردە بەك تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇ يەرنىڭ توقۇمىچىلىقىنى تىرىكچىلىك ۋە مەئىشەتنىڭ ئاساسى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

قى بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى سودىگەرلەرگە مەلۇم. شۇ مىقداردىن ئاشۇرۇۋەتمەي، يېتەرلىك كەلتۈرسە بولمامدۇ؟

خوتەننىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىن تۆت كۈنلۈك يەردىكى كېرىيە شەھىرىدە تۇرىدىغان تەرەققىيپەرۋەر بىر بايدىن يېقىندا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بىز دۇنيانىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بىر پۇچقىقىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئۆمرىمىز غەپلەت ۋە جاھالەت ئىلكىدە ئۆتمەكتە. مۇئەللىملىرىمىز يوق، باللىرىمىز تەربىيە كۆرمەيدۇ. كاشغەردە ئېچىلغان مەكتەپلەردىن مۇئەللىملەر يېتىشىپ چىقار دەپ ئۈمىدلىنىپ تۇرغانىدۇق. بىر يىلدىن بېرى مەكتەپ ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈپ خەلقىمىزگە ئۇسۇلى جەدىتنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈپ، تىرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدىم. ئىچكىرىدىن بىر مۇئەللىم كەلمەكچى بولغان. ئەمدى ئىش باشلايمىز دەپ تۇرغاندا بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن بىر داموللا ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇخارائى شەرىفتە بىر چاغدا ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى ئېچىلغانىدى. لېكىن بۇخارا ئۆلىماسى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان كىشى دىندىن چىقىدۇ، دەپ مەزكۇر مەكتەپنى تاقىۋەتكەن» دەپ خەلقنى تەشۋىشكە چۈشۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپ ئېچىش ئىشى توختاپ قالدى. خەلقىمىز ئاڭسىز، زاماننىڭ ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ. بۇ توغرىدا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشىمۇ يوق. خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان ۋە پىكرىنى نۇرلاندۇرىدىغان نەرسە مەتبۇئات ۋە ئەدەبىياتتۇر، گېزىت ۋە ژۇرناللاردۇر. لېكىن، ئۇ نەرسىلەر بىزدە يوق. ئەگەر كاشغەر ياشلىرى ئىبرەت ئېيتىپ، ئۆز كۈچى بىلەن بىرەر گېزىت (ژۇرنال) چىقارسا، نەتىجىسىز قالماس ئىدى. مىللەتنىڭ پىكرىنى ئېچىش يولىدا بەك چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇر ئىدى.

(«ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي 2027 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## ئۇيغۇرلار ئارىسىدا

رامزاننى غەلىبىلىك تاماملاپ، 18 ـ ئىيۇل دۈشەنبە كۈنى خوتەن

توپلىشىپ ئەزان ئوقۇۋاتىدۇ. ئىشىك بىشىغا ئايەتلەرنى يېزىپ چاپلاپ-تۇ.

باتۇر مۇھەممەت بەگ ئەپەندىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر مەكتەپ ئېچىلغانىدى، لېكىن بەختكە قارشى ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. مەكتەپ تاقىلىپ مۇئەللىمى كەتتى.

ھازىر ئەمدى مەكتەپنى تىلغا ئالغۇچىلارمۇ يوق. شەھەرنىڭ مۇ-تىۋەر، سودىگەرلىرى ھەر كۈنى باغلارغا چىقىپ مەشرەپ ئويناپ كەيىپ ـ ساپا قىلىشىدۇ. قىمار ئويناپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. بالىلىرى-نىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پەقەت قايغۇرمايدۇ. بالىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەشنىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەن دىنىي ۋە مىللىي ۋەزىپە ئىكەنلى-كىنى ئويلىمايدۇ. بۇنداق ئىشلار خاتىرىسىگە كىرىپ چىقمايدۇ.

بۇزۇقچىلىق ۋە پاھىشىۋازلىق كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتى-دۇ. مۇۋەققەت نىكاھ پەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، يۇقۇملۇق ـ ئەجەللىك كېسەللەر تارقىلىۋاتىدۇ. ساقلىقنى ساقلاشقا رىئايە قىلمايدۇ. دوختۇرلارمۇ يوق.

خوتەندە ھەر يىلى رۇسىيىدىن كەلتۈرۈلگەن يۈز مىڭ تارتما يىپەك ئۇرۇقى سېتىلىدۇ. دەسلەپتە بىر تارتمىسى ئۈچ سەر (ئالتە سوم) غىچە سېتىلغان، لېكىن ھازىر بىر سەر ئەتراپىدا سېتىلىدۇ. چۈنكى، يىپەك ئۇرۇقى قورقۇنچلۇق نەرسە، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

پىلە قۇرتى ئۇجمە يوپۇرمىقىنى يەپ تىرىلىپ چىقىدۇ ۋە يوغى-نايدۇ. بىر تارتما (بەش سوملۇق) ئۇرۇقدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 ~ 25 سوم پايدا ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت مۇشۇنداق ئىشلارغا ياردەم بەرسە، يىپەك چىقىرىش ئۇسۇلىنى يېڭىلى-سا، ئۇرۇقنى ئۆز يېرىدە يېتىشتۈرۈپ، يىپەكنى خام پېتى ساتماي، توقۇش فابرىكىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسە، مىليونلاپ پايدا ئېلىشى شۈبھىسىزدۇر.

بۇ يىل بۇ يەردە يىپەك ئۇرۇقى كۆپرەك كەلتۈرۈلگەنلىكتىن بەزىبىر سودىگەرلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ئېشىپ قالغان. بۇنىڭدىن كېيىن سودىگەرلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئىتتىپاقلىق بىلەن ئىش تۇتسا ياخشى بولاتتى. يەنى — ئالتە شەھەرگە قانچىلىك ئۇرۇق كېتىدىغانلى-

مۇ ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈردى.

— بۇنداق پايدىلىق مەكتەپلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۆھتەرەم بايلىرىمىزنىڭ ھىممىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دېدى. ئىمىن ئاخۇن جانابلىرى ئۆزىنىڭ شۇ پىكرىنى باي جانابلىرىغا خېلىدىن بېرى سۆزلەپ، ئاڭلىتىش نىيىتىدە بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە باشقا يەرلەر-دىمۇ ھەر خىل مۇناسىۋەت بىلەن مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ئېھتىياجىنى ئەسكە چۈشۈرۈپ: «ئۆتكەن ئىشقا ئۆكۈنگەندىن پايدا يوق. ئەمدى ئىستىقبال ئۈچۈن، يېڭى يوللارنى ئېچىپ، پالاكەت چوقق‍ىلىرىدىن ئۆتۈپ، كېلەچەك ئۈچۈن ئەپلىك كۆۋرۈك سېلىش كېرەكلىكىنى» ئېيتىپ ئىچۈردى. ئەمەتجان ئەپەندى، (ئابدۇللاجان) ھاجى ئەپەندى-نىڭ بۇ كۈنلەردە (ئۆزى بىلەن) پىكىر ئالماشتۇرۇپ: مەدرىسە سې-لىش بىلەن بىرگە، مەكتەپ سېلىشنىمۇ ئويلاپ تۇرغانلىقىنى سۆزلىد-دى. ئابدۇللاجان ئەپەندى پايدا بىلەن زىياننى ئايرىشنى بىلىدىغان ئەقىل ۋە پاراسەت ساھىبىدۇر. ئەلۋەتتە، مەدرىسە سالىدىغان پۇلنى مىللەتنىڭ ئېھتىياجى كۆپرەك چۈشۈپ تۇرغان مەكتەپكە، مىللىي ۋە مۇنتىزىم مەكتەپكە سەرپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بەدىلىگە شەھەرمۇ مەدرىسىگە نىسبەتەن يول ئاچىدۇ.

(«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1916 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى)

## ئۇيغۇر يۇرتىدا ۋابا

خوتەن ۋىلايىتىدە ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ، قىش ـ ياز تىنىمسىز «ئىشلەپ» تۇرغان ۋابا بۇ كۈنلەردە بەكرەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ كېسەل چىش تارتقاندەك ھەر كۈنى ھەر مەھەللىدىن ئونلاپ، يىگىرمىلەپ كىشىلەرنى ئۆز ئەمرىگە بويسۇندۇ-رۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ نەرسە شۇنداق كۈچلۈككى، مەيلى مۇساپىر بولسۇن، مۇھاجىر بولسۇن ھېچقانداق كىشى بويۇن تولغىيالمايدۇ.

شەھىرىدە ھېيت نامىزى ئوقۇلدى. «ئۆزۈن كۈنلەردە روزا» تۇتۇپ، قارشى ئالغان بۇ مۇبارەك ھېيت چوڭ شادلىق بىلەن يېتىپ كەلدى.

ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەر ئىچى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، يىپپېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كەلگەن خوتۇنلار شەھەرگە باشقىچە زىننەت بېرىپ تۇراتتى.

مىللىي ئادىتىمىز بويىچە بۈگۈن بىزمۇ خوتەندە ئۇيغۇر قۇرداشلىرىمىز بىلەن بىرگە ھېيتلىشىپ يۈردۇق. كاشغەرنىڭ مۆتىۋەر بايلىرىدىن — ئوچۇق پىكىرلىك كىشىلەردىن بولمىش مۆھتەرەم ئىمىن ئاخۇن جانابلىرى بىلەن تونۇش - بىلىشلەرنى زىيارەت قىلىپ يۈرگەندە، زور غەيرەت ساھىبى بولغان ئۇلۇغ بايلىرىمىزدىن ئەمەتجان ھاجىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ھاجى ئۆيىدە يوق ئىكەن. بىزنى ئىسھاقجان ئىسىملىك كۈيئوغلى قارشى ئالدى. شىرەگە تۈرلۈك يېمەكلىكلەر تەييارلانغان مول داستىخاندا چاي ئىچىپ، غىزالانغاندىن كېيىن، ئىمىن ھاجى جانابلىرى ئابدۇللاجان ھاجىنىڭ شەھەرگە بىر مەدرىسە سېلىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزگە كىرىشىپ تەنقىدىي سۆزلەرنى سۆزلەپ: ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا مەدرىسىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن، بەك كۆپ مەدرىسىلەر جالاپلارغا، شورپىچى خوتۇنلارغا، ئەيىنەكچى - ياماقچىلارغا ئىجارىگە بېرىلگەنلىكىنى، 20 ~ 30 يىل ئوقۇپ يېنىپ چىققان پىكىرسىز شاگىرتلارنىڭ - موللىلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشقا، يۇرتنىڭ ھاجىتىگە يارىمىغانلىقى، ئىمام، مۇدەررىس، قازى - مۇپتىلارنىڭ يۇرتقا بىر پۇللۇق پايدىسى بار ئىش قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتى بىلەن بايان قىلدى. نادانلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق سەۋەبىدىن تۇرمۇشى ۋە مەئىشىتى ناچارلىشىپ، سەككىز - توققۇز ياشلىق قىز بالىلارنىڭ ئازغىنە پۇلغا گول بولۇپ ماقۇل بولۇشى، ھىندى ۋە باشقا تائىپىگە بېرىلىپ تۇرۇشى، مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ۋە مىللىي ھوقۇقىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئىشسىزلىق - ھۈنەرسىزلىكتىن كۈچسىز، يارىماس، زەئىپ ۋە بىچارە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بەك تەسىرلىك سۆزلەرنى دېدى. بۇنداق قورقۇنچلۇق ۋە مىللەت نامىغا ئار - نومۇس كەلتۈرىدىغان فەنا ئىشلارنىڭ تومۇرىنى كېسىدىغان پالتا — مەكتەپتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تولۇ-

سۈيى ئىچىۋاتقانلىقىنى قامالاشماپتۇ دەپ، كەتكەن. بۇ خەلق ئۇنى بىلمىگەنلىكتىن ۋابانى «بەلايى ئاسمانى» دەپ قاراۋاتىدۇ. مىڭ پەرەڭ كېلىپ مىڭ تۈرلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەرسىمۇ، ۋابا قۇرتىنى دۇربۇن بىلەن كۆزلىرىگە كۆرسىتىپ بەرسىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بۇ پەن ۋە تەبىئەت ئىلمىدىن بىخەۋەرلىكنىڭ كاساپىتى. خوتەندە ۋابانىڭ غەلىبىسى ۋە ئىستىلاسى غايەت قورقۇنچ ئېلىپ كەلدى. بىر تەرەپتىن چىققان ئوت پۈتۈن شەھەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك بىر كىشىدىن باشلانغان ۋابانىڭ ئوتلۇق يالقۇنى، بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنى يالمىۋالدى. بۇ ئوت گويا جەھەننەمنىڭكىدەك ئىتتىكلەپ كەتتى. بەك جىددىي چارە كۆرۈلمىگەندە خوتەن خەتەرگە مەھكۇم بولىدۇ.

بۇنداق جانغا قورقۇنچ سالىدىغان ۋابانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ھازىردىن باشلاپ ئەڭ كېرەكلىك ئۇسۇللارنى ئۆگىنىپ قويۇشى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى (رۇسىيە ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن ئالدۇرۇپ) تارقىتىش ۋە شۇ رىسالىلەردىكى قائىدىلەرگە ئىشىنىپ ئەمەل قىلىش كېرەك.

كۆزگە كۆرۈنمەي تۇرغان بۇ دۈشمەن پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتىنى «شېھىت قىلىپ» جەننەتكە ئۇزىتارمۇ؟

(«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1916 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى ئومۇمىي 2129 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتلىرى*

خوتەن شەھىرىدە بىرنەچچە يىلدىن بېرى يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە ۋابا كېسىلى ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. خوتەن ئەھلى بۇنى شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك خوتەن

* بۇ ماۋزۇ ئاستىدىكى تېكىست «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇشرۇۋان يائۇشوپ «سەپەر خاتىرلىرى» دىن ئېلىندى — ت.

بۇ كېسەل دەسلەپتە بوياقچى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئىچىدە
تارقالغانىدى. بۇ كۈنلەردە يار كەتكەندەك ھەممە يەرنى باستى. ھۆكۈ-
مەت مەمۇرلىرى ۋە ئەمەلدارلار بۇ ھەقتە بىرەر چارە ياكى تەدبىر
تاپالمىدى. ئۆلگۈچىلەرنىڭ ھېسابىنى ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭىمۇ
«بۇ كېسەل خەلقنى كاردىن چىقاردى» دېسە توغرا بولىدۇ. يەرلىك
مۇسۇلمانلار بۇ ھەقتە: ئۈچ يىل بۇرۇن دۈشەنبە بازاردا خەلقنىڭ
كۆپلۈكىدىن ماڭغىلى بولمايتتى، بۇ يىل ئەمدى بازارغا كىرگەنلەرنى
سانىغىلى بولىدۇ... دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ.

خوتەن ئەتراپىدا ۋابا كىرمىگەن ئۆي يوق دېسە خاتا بولماس.
يۇڭ ۋە يىپەك ئىشلەتكۈچى بايلار ئىشچى ۋە ئۇستا تاپالمايۋاتقانلىقىدىن
زارلىنىدۇ. «ئۇستىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاغرىق - سىلاقتىن ئۆلدى»
دەيدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە، ۋابا يەنە ئۈچ - تۆت يىل تارقىلىدىغان بولسا،
خوتەندە بىرمۇ كىشى قالمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن ئەزان توۋلاپ، ئىشىك بېشىغا دۇئالىقلارنى ئېسىپ، نەزىر -
قۇربانلىق قىلىشلار ئىزدىگەن يېرىگە يەتمىگەن بولسا كېرەك. «ۋابا-
دىن ئۆلگەن كىشى شېھىت بولغان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە ئورۇنسىز-
دۇر. خوتەن ئۆتمۈشتە «شېھىدانە خوتەن» ئىدى، ۋابانى ئۇنچىلىك
ئەركىلىتىش بىھاجەت ئىدى، ئۇنداق ئەركىلىگەن نەرسىگە ئېتىلىپ،
قوڭىغا تېپىدىغان ۋاقىت بولغانىدى. ئەمدى مۆمىنلەرگە ئىمان ئېيت-
قۇچى ئۆلىمالار شۇ دۈشمەنلىك ۋابانى ئارىدىن يوقىتىشنىمۇ مۇمكىن
دەپ بىلىپ جار سېلىشىۋاتىدۇ. شۇلارغا مەلۇم بولسۇنكى، ۋابا بىزلەر-
نىڭ ماددىي دۈشمىنىمىزدۇر. ۋابانى يېڭىپ ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقى-
رىشقا ماددىي قورال بولۇشى كېرەك. دۈشمەنگە باش قويۇپ تۇرغان-
دىن، بويۇن تولغاپ قارشى تۇرۇش مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ۋە ئالىيدۇر.

ۋابا بىلەن سوقۇشقۇچى پالۋان — دوختۇرلار بار. ۋابانى يوقى-
تىش ياكى شەھەردىن قوغلاش ئۈچۈن، رۇس ۋە پەرەڭ مەكتەپلىرىدە
ئوقۇپ چىققان دوختۇرلار لازىم. بۇ ئىش داخان - دەرۋىشلەر، مەجۇن-
چى تېۋىپلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. كاشغەردىكى ئىنگلىز كونسۇلى
تەرەپتىن مەخسۇس خوتەنگە ئەۋەتىلگەن بىر پەرەڭ دوختۇر بۇ يەردىكى
ۋابانى مال گۆشى يېگەنلىكتىن تارقالغان دېگەن ھەم ئىچىۋاتقان كۆل
سۇيىدىمۇ ۋابا قۇرتى بارلىقىنى ئېيتقان. ئېقىن سۈيى بار تۇرۇپ كۆل

تۇردى بەند ئۇرغالى مىكرى بىلەن ھەر بەندە،
بىرى سازەندە بولۇپ، بولدى بىرى داپەندە،
بىرى رەممال، بىرى ئىشان، بولدى بىرى نوسىدە،
بىرى تا ھەق دەئۋا قىلىپ دېدى پۇلۇم بار سەندە،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

كىردى بازارغە ئەرگە خاتۇن ئارالاشىپ،
بىر كۇندە خاتۇننى بەش قويۇپ، ئۇچ ياراشىپ.
بىرى دەللال بولۇپ مىكرى ئەپسۇنلەر قىلدى.
ئېرى پوستەكچى بولۇپ ئەل بىلەن ئورتاقلاشىپ،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

مىللىي ئەدەبىي ھېكايە ۋە شېئىرلارنى بۇ كۇندە بىردىنلا ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، خىيالىي ھېكايىلەرنى كۆپلەپ تېپىشقا بولىدۇ.

بىز، تىل ـ ئەدەبىيات مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە تەڭ ئۆسىدۇ ۋە باراۋەر تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەنىدۇق. بۇ ئىش ئالتە شەھەردىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەگەر ئالتە شەھەر خەلقىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش مىللىي ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە، ئالىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئىگە بولغان بولسىدى، تىللىرى تۈزەلگەن، ئەدەبىياتلىرى كېڭەيگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەقىل، پىكىرلىرىمۇ ئۆسكەن بولاتتى. لېكىن ئۇلار دۇنيادا مۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. مىللىي تىل، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاش يولىدا قىلچىلىك ھەرىكەت قىلماي، سۈكۈتتە تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھاۋا ۋە ئىقلىمىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تىللىرى ۋە بەزى ئەدەبىياتلىرى ئەسىرلەرغا ئۇچرىماي بۇگۈنگە قەدەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارغا تەبىئەت ئاتا قىلغان نېمەتمۇ ـ قانداق؟ بۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ مۇنداق ساق ـ سالامەت قېلىشى مىللىي ھېسسىيات بەرىكىتىدە، مىللەتنىڭ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئەمەس. چۈنكى، بۇلاردا مىللىي ھېسسىياتنىڭ بارلىقىدىن ئاززاقمۇ ئەسەر يوق. بۇنىڭ

موللىلىرىدىن بىرى بىر رىسالىمۇ چىقاردى. كىتاب 30 بەتلىك بولۇپ نەزم بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنى بەزىلەر كۆچۈرۈۋالىدىكەن. كۆچۈ-رۈلگەن نۇسخىلىرىدىن بىرىنى مەنمۇ كۆردۈم. نەزمىنىڭ تىلى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ ئالتە شەھەر تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن خېلى مۇھىمدۇر. بۇ نەزملەردىن بىرمۇنچىسىنى بۇ يەرگە كۆچۈرىمىز:

ئۆلىما قىلدى ناماز، تازا قىرائەت قىلمادى،
ئۆمرا رىشۋەت ئالىپ، ئەدلى ئادالەت قىلمادى.
غېنىلەر پۇلنى يىغىپ، خەير ـ ساخاۋەت قىلمادى،
فەقىرلەر تاپقانىغە شۇكرى ـ قانائەت قىلمادى،
بۇ جامان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداق بولدى.

ئانى ئابدان دېدىلەر، كىم تولا ئىچسە چاغىر،
ئۆزىگە قىلدى پىسەندە، ساتسە يېگىل، ئالسە ئاغىر،
موللا ئاجىزنى خەلق كۆردى تولا ھەقىر،
ئۆلسە باي يۈگۈردىلەر، بارمادىلەر ئۆلسە فەقىر،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

بىرى بولدى قىمارباز، تەقى بىرى جەلەب،
ئۇتدۇرۇپ بار ـ يوقىنى يۇردى يۇندى يالاپ،
بىرى ئوغرى بولۇپ ياتتى ئەلنىڭ فۇلىن ماراپ،
بىرى گاداي بولۇپ تۇردى خەلق قولىغا قاراپ،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

بىرى دۇنيانى جىيىناپ قالدى ئانىڭ ھېرىسى بىلەن،
بىرى پۇل ئۆتكەن بېرىپ ئالدى ئانى جەرمى بىلەن،
بىرى قالدى ھالاكەتتە ئانىڭ قەرزى بىلەن.
بىرى مەرىفەت ئەتتى ئىشى يوق فەرزى بىلەن،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

**مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ*** [قازاقىستان]

# خوتەن — كلاسسىكلار نەزمىسىدە

ئۆتمۈشتە ياشاپ، ئىجاد قىلغان كلاسسىكلار رېئال ھاياتنى — پاك سۆيگۈ ۋە ساداقەت، ئىنزگۈلۈك ۋە ديانەت، ھالاللىق ۋە مەردلىك كەبى ئىنسانغا خاس ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى، ئىلمۇ - ھېكمەت ۋە ھالال مېھنەتنى مەدھىيىلەشتە؛ بۇلارنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى بولغان ۋىجدانسىزلىق ۋە ئاسىيلىق، رىياكارلىق ۋە مەككارلىق، تەييارتاپلىق ۋە ھاياسىزلىققا ئوخشاش ئىللەتلەرنى بىشەپقەت پاش قىلىشتا رەمزى ئوبرازلار — گۈل ۋە بۇلبۇل، مۇزىكا ۋە مەي، ئىدېئال خاقان ياكى شاھزادە، ئىدېئال ئولۇس - دۆلەتلەر ۋاستىسىدىن پايدىلانغانلىقى ئىلىم ئەھلىگە ياخشى مەلۇم. بۇنى بىز ئۆتمۈش لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ بارچە ژانىرلىرىدىن، شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك» ، «ھىبەتۇلھەقايىق» ، «مۇھەببەتنامە» ، «گۈل ۋە نەۋرۇز» كەبى دىداكتىك ۋە ئىشقى — لىرىك داستانلاردىن، شەرقنىڭ كۆپلىگەن بۈيۈك كلاسسىكلىرى ئۇچۇن ئۆز ماھارەتلىرىنى، ئىستېداتلىرىنى نامايىش قىلىش ۋە ئۆز ئىدېئاللىرىنى رويابقا چىقىرىش ھەم تەرغىب قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئالىي ۋاستىسى بولغان «خەمسە» داستانلىرى تېمىسىدىمۇ روشەن كۆرىمىز.

ئۆتمۈش ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىدىن قىسمەن بولسىمۇ خەۋەردار كىشىلەرگە شۇ نەرسىمۇ ياخشى مەلۇمكى، ئەنە شۇنداق رەمزى ئوبرازلار يارىتىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىلىرى جۈملىسىدە «خوتەن شەھىرى» ۋە

* شائىر، ژۇرنالىست مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ 1944 - يىل چۆچەك شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن. كېيىن ئائىلىسى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇ تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق فاكۇلتېتىنى ۋە ژۇرنالىستلىق فاكۇلتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن قازاقىستاندا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەكسىچە مەدرىسە كۆرگەن زاتلار ئۆز تىلىدىن نەپرەتلىنىدۇ. بىلىپ- بىلمەي پارسچە ۋە ئەرەبچە يېزىشقا ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئىشىكى كۆرمىگەن بىر ئوتۇنچى بىلەن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەدرىسە ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئۆتكەن بىر موللا تىلى ياكى مەدرىسە تىلى ئارىسىدا خېلىلا چوڭ پەرقنىڭ بارلىقى سېزىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئازراقمۇ دۇدۇقلىماي ساپ ئانا تىلىدا سۆزلىگەنىنىڭ ئەكسىچە كېيىنكىسى تىلىنى چايناپ پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ «تىل مەجۇنى» ياسايدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى خەلق مەجۇنگە بەك ئامراق. توغرىسى، مانا مۇشۇنداق مەجۇنچىلەر يەرلىك تىلغا شىددەتلىك زەربە بېرىپ تۇرماقتا.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

---

① ھەققىي ئەپەندى — ئىسمائىل ھەققىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسمائىل ھەققىنىڭ كىملىكى ھەققىدە تالاش - تارتىش بار. تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخان ياقۇپ بەگكە ياردەمگە ئەۋەتكەن ئۈچ مەشقاۋۇلنىڭ بىرسى ئىسمائىل ھەققى ئەپەندى ئىدى. ئەھمەد كامال ئاتۇشقا كەلگەندە ئىسمائىل ھەققى خوتەنگە كەلگەن. ئەمما ئەھمەد كامال ئىسمائىل ھەققىنى بىرگە كەلگەن دەپ تىلغا ئالمىغان. يەنە بەزىلەر ئىسمائىل ھەققىنى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىنىسى دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

② تۇڭچى - تىلماچ — تۇڭچى خەنزۇچە 通事 دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، تىلدا پىششىق مەنىسىدە. تىلماچ بولسا ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بۇ يەردە «تەرجىمان» دەپ ئىستېمال قىلىنغان.

③ جەۋەن ماشىنىسى — يىمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى.

④ مۇۋەققەت نىكاھ — ۋاقىتلىق نىكاھ بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يول قويۇلغان بولسىمۇ، كېيىن مەنئى قىلىنغان. ۋاقىتلىق نىكاھ ئەمەلىيەتتە زىنانى ھالاللاشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت.

⑤ گۇلاخ —چىرا ناھىيىسىدىكى گۇلاخما يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ تاماكۇ — چىرا ناھىيىسىدىكى دامكۇ يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ قاراقىيا — كېرىيە ناھىيىسىدىكى قاراقىي يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ ئۆچكە تېرىسى — مازارلاردىكى ئىچىگە سامان تىقىلىپ خادىغا چىگىلگەن تۇلۇمنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ چىڭدۇسىڭ — سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى چېڭدۇ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑩ لەنجۇسىڭ — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجۇ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑪ يىپەك ئۇرۇقى — پىلە ئۇرۇقى.

يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇنداق مىساللارنى ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىدىن ئونلاپ، يۈزلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. خۇسۇسەن، خوتەن ۋە چىن ـ خىتا مۇلكى نەۋائى نەزمىسىدە ئالاھىدە بىر مېھىر ـ مۇھەببەت، زوق ـ شوخ بىلەن كۈيلىنىدۇكى، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل پەرى سۈپەت جانانلارنىڭ، ئەھدىگە ۋاپا مەرد ئوغلانلارنىڭ يۇرتى، پەن ـ مەرىپەت، ئىلمۇ ـ ھېكمەت يۈكسەلگەن قۇتلۇق دىيار، ئىدىئال ئۆلكە سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. بۇنى كىمدۇر كىم بولمىسۇن، شائىرنىڭ «خەزائىنئۇل مەئانى» (چاردىۋان) مەجمۇئەسىگە كىرگەن لىرىك شېئىرىيىتىدىن، بولۇپمۇ مۇتەپەككۇر ئەدىبنىڭ «خەمسە» سىگە كىرگەن ئېپىك داستانلار تۈركۈمىدىن يارقىن كۆرەلەيدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

«خەزائىنئۇل ـــ مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») دىن بىر ـ ئىككى مىسال:

«دېمە يۈزكىم، خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت نافەتى تاتارىدۇر بۇ.
كۆزى ئولتۇرسە، لەئلى خان بەغىشلەر،
ئاجايىپ مۇددىئا ئىزھارىدۇر بۇ».

*

«ئويلەكىم، مانىي ئىشىدىن زايىد ئولدى نەقشى چىن،
ئول بۇتى چىن سۇرەتىدىن بولدى نەقشى مانەۋىي».

ئەمدى ئاساسىي گەپكە ئۆتسەك، ئىلىم ئەھلى ۋە شېئىرخانلارغا خوتەن شەھىرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا نامى مەشھۇر شەھەرلەردىن بىرى بولغانلىقى ياخشى مەلۇم. بۇ جاي بەزى ئەسەرلەردە «ئۇدۇن»، «مەلىكە ئاۋات» دەپمۇ ئاتالغان ۋە ئۆزىنىڭ ئېسىل قاشتېشى، يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك، قەغەز ۋە ئەتىر ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان دەپ تەرىپلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ شەھەر شىنجاڭغا ئىسلام دىنى (10 ـ ئەسىر) كىرگەنگە قەدەر بۇددىزمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

خوش، چىن قايسى جاي؟ خىتاچۇ؟

بۈيۈك ئەللامە مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»

چىن مۇلكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

خوش، خوتەننىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ئەدىب ـ شائىرلار مەدھىيە-سىنىڭ باش ماۋزۇسى بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ ھەتتا ئۇلار ھەققىدە شەرقنىڭ نىزامى گەنجۋى (1141 — 1209)، خۇسراۋ دېھلىۋى (1253 — 1325)، ھاپىز شىرازى (1300 — 1389)، ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) ۋە باشقا بۈيۈك سۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆچەپ كۈيلىشىگە نېمە تەسىر قىلغان ئىدى؟

بىز ئاساسىي گەپكە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، كلاسسىكلىرىمىزدىن بىر ـ ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز.

«سالىنە چىقسا بويى سەرۋىدىن خىراج تىلەر،
خوتەن چىچەكلەرىدىن زۇلفى باج تىلەر.
ئاياغى فاكى ئۇچۇن ئاستانە ياستا نەلى،
گادای ھەممەتىنى كۆر، نە تەختۇ ـ تاج تىلەر». —
(لۇتفىدىن)

«ئەي، گۈل يۈزۈڭگە ھۆرۇ ـ پەرى بەندە يى جانى،
تالتەك بويۇڭ ئازادە، ئېرۇر سەرۋى راۋانى.
خوبلار سانى كۆپ چىنۇ ـ قىتاۋۇ، خوتەن ئىچرە،
يەتمەس ساڭا لېكىن تىلىگەن دۇنيادا سانى». —
(سەككاكىدىن)

ئەمدى ئۆزىنىڭ تالانت — ئىقتىدارىغا ئېقىن بولغان ھالدا:
«تۈرك جىنسىدا پەيغەمبەر بولماقى بولسا راۋا،
بولغاي ئېردىم مەن پەيغەمبەر، شېئىرلىرىم مۆجىزات»، —
دەپ ئۆزىگە ھەقلىق تەمەننا قويغان ھاپىز خارازمى:

«كۆرگەلى كۆزۈم لەبى لەئىلىندە خەتتى ياشىنى،
سەبىز بولسۇن دائىما تېب ئاقتۇرادۇر ياشىنى.
قاشلەرى نەقشىنى يازماق تىلەپ نەققاشى چىن،
يۈزىنە باقتىيۇ كۆردى نەقىل ئىلە نەققاشىنى»، — دەيدۇ.

سۇلالىسى ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك — تاۋغاچ ئىدى.

دېمەك، تا مەھمۇد قەشقەرىدىن ئەلىشىر نەۋائىغىچە ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن بارلىق كلاسسىكلارنىڭ تەرىپ ۋە تەسۋىرىدىكى «چىن» پايتەختى قەشقەر (قەدىمىي مەنبەلەردە ئوردۇ كەنت) شەھىرى بولغان «بارخان»نى؛ «تۆۋەن چىن»، يەنى ھازىرقى ئالتە شەھەر ۋە تۇرپان، قۇمۇللارنى كۆرسىتەر ئىدى.

«بار ئىدى چىن مۇلكىدە بىر نازىنىن،
ئاجىز ئانىڭ نەقشىدە نەققاشى چىن.
ئارازى گۈلزارى خوتەندىن مىسال،
كۆزى بۇ گۈلزار ئارا مۇشكىن غىزال.
سۇرەتى چىن چېھرەسى ئەنۋەر ئاڭا،
مۇشكى خوتەن زۇلفى مۇئەنبەر ئاڭا.
غەمزەى بېباقىغە جانلار ئەسىر،
بەلكى خىتا مۇلكىدە خانلار ئەسىر»، — دەيدۇ نەۋائى «ھەيراتۇل ئەبرار» («ياخشىلارنىڭ ھەيرانلىقى») داستانىدىكى تەسۋىرىدە.

خوش، شائىر نەزمىسىدىكى «نەققاشى چىن» (نەۋائى تىلىدىكى نەققاش — رەسسام، موي قەلەم ھاسىبى، ھەيكەلتىراش مەنىلىرىدە) قايسى چىن نەققاش؟! ... «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە خوتەن، كۇچالاردا بۇددا دىنى رەسىملەشكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا شەرققە تارقالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن» دەپ يازىدۇ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى ئۆزىنىڭ «قىزىل مىڭ ئۆي توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغان مۇئەللىپ ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «قىزىل مىڭ ئۆي سەنئىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى. بۇ مۆجىزە مىلادىيەدىن بۇرۇن 2 - ئەسىردىن باشلاپ پەيدىنپەي ياسىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىكى رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ تۈرى ھەم مەزمۇنى خىلمۇخىل، ئۇنىڭدا بۇددا تەلىماتىدىكى ھېكايىلەر، جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار، تەڭرى ئوبرازلىرى، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئەكس ئەتتۈ-

ئەسىرىدە «تاۋغاچ» دېگەن سۆزگە تۆت ئورۇندا (تۆتىنچىسى ـــ «تات تاۋغاچ») ئىزاھ بېرىپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە، «تاۋغاچ» ـــ ماچىن ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقلىقتا. چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ شەرقتە بولۇپ، «تاۋغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ «خىتا» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، «بارخان» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە. لېكىن، ھازىر «تاۋغاچ» ـــ «ماچىن» دەپ، «خىتا» ـــ «چىن» دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ، دەپ يازىدۇ.

بۇنىڭدىن چىقىپ، بىزنىڭ پىكرىمىزچە، كۆپلىگەن تۈركشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناسلار چۈشەنچىسىدىكىدەك، كلاسسىكلار نەزمىلىرىدىكى «چىن» خەنزۇلار توپلاشقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بولماستىن، بەلكى يەنىلا قەدىمىي ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلاردۇر. ئۇنىڭ پايتەختى يەنىلا ئەزىزانە قەشقەر. ئەمدى «خىتا» بولسا مەھمۇد قەشقەرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، كەڭسۇ (گەنسۇ)، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي ـ شىمال تەۋەلىرىدۇر.

«‹تاۋغاچ› ـــ تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى. ئۇلار ‹تاۋغاچ› يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ، ‹تات تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹تات› ئۇيغۇر دېمەكتۇر. تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر» دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ ئالىم.

مەۋلانە مەھمۇد قەشقەرى: «‹تاۋغاچ› ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە ‹تاۋغاچ ئىدى› دەپ ئاتىلىدۇ... بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ؛ ‹مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان› دېگەن مەنىدە. ‹تاۋغاچ خان› دېيىلىدۇ» («دىۋان» 592 ـ بەت) دەپ يازىدۇ ئالىم «تاۋغاچ» سۆزىگە بەرگەن 3 ـ ئىزاھىدا.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەھمۇد قەشقەرى «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىنى دۆلـەتلىك تارىخى ئۇزۇن مەملىكەت، خانلىق ۋە خاقانلىق تۈزۈمى قەدىمىي، تاجۇ ـ تەخت ۋارىسى، قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ قۇدرەتلىك خاقانى دېگەن مەنىلەردە چۈشەنگەن ۋە شۇنداق ئىشلەتكەن. دەر ھەقىقەت، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن بەرقارار بولغان قاراخانىيلار

لىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياشاپ، ئىجاد قىلغان مىراك نەققاش، بېھزات، مۇھەممەت نەققاش، جالالىدىن قەشقەرى ۋە باشقىلارنىڭ سۈرەت — مىنىما تىمورىلىرىدا بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس. خۇسۇسەن، ھىرات رەسساملىرى مەكتىپىگە رەھنامىلىق قىلغان كامالىدىن بېھزات (1455 — 1537) ئىجادىدا خوتەن تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئىسلاملاشقان ئىستىلىنى كۆرۈش مۇمكىن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ مەشھۇر تارىخچى خاندەمىر ۋە نەۋائى كەبى بۈيۈك ئەدىب ـ مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن ھەقلىق رەۋىشتە «ماني ساني» («ئىككىنچى مانى»)، يەنى ئەپسانىۋى چىن رەسسامى مانىدىن كېيىنكى ئىككىنچى رەسسام دەپ باھالانغان ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى «ئاجىز ئانىڭ نەقشىدە نەققاشى چىن» (ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا ھەتتا چىن رەسسامىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ) دېگىنىدە، يەنىلا ۋېسارا باجىنا ۋە ۋېسارا ئىرساتكاغا ئوخشاش ئۆز دەۋرىدە گۈزەل تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئەدەبىيات مەكتىپىنى ياراتقان خوتەنلىك رەسساملارغا ئىشارە قىلغانلىقى سۆزسىز.

بۇ مۇلاھىزىلەردىن قىسقىچە شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرى، شۇ جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى ۋە خانلىقلىرىدا ياشاپ، ئىجاد قىلغان تارىخچىلار، ئالىملار ۋە ئەدىب ـ شائىرلار چۈشەنچىسىدىكى «چىن»، «چىن نەققاشى»، «خىتا مۇلكى» كەبى ئاتالغۇلار يەنىلا ئۇيغۇرلار رايونى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى ھامىلىرىغا خاس. خۇسۇسەن، ئەلىشىر نەۋائى نەزمىسىدىكى «خاقاني چىن» — خوتەن بەگلىكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى خاقانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى. پەرھاد بولسا، كۆپلىگەن نەۋائىشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناسلار ئىزاھلىغىنىدەك، مەھمۇد قەشقەرى تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا يەنىلا شۇ خوتەن ۋە قاراخانىيا خانلىرىدىن بىرسىگە مەنسۇپ ئىدېئال شاھزادىدۇر. چۈنكى، نەۋائى نەزمىسىدىكى «چىن» ھەر دائىم خوتەن بىلەن يانمۇيان تەرىپلىنىدۇ ۋە تەسۋىرلىنىدۇ.

«پەرھاد ـ شېرىن» دىن:

رۆلگەن» .

دېمەك، مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 6 ـ ئەسىرلەردە ساكيامۇنى تەرىپى-دىن ئوتتۇرا ھىندىستان تەۋەسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇددىزم پەيدىنپەي قەدىمىي ئۇيغۇر ماكانلىرىغا ئۆتۈپ، مەزكۇر رايوندىكى «مىڭ ئۆي» لەرنىڭ بەرپا بولۇشىدا ئاساسىي رول ئوينىدى. شۇ جەرياندا ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئونلىغان ۋە يۈزلىگەن ئىستېداتلىق رەسساملار، نەققاشلار، ھەيكەلتىراشلار ۋە بۇددا نوملىرىنىڭ (قانۇن ئەقىدىلىرى-نىڭ) بۈيۈك تەرجىمان، پەيلاسوپلىرى، ئەلنەغمە ھەم مۇسىقىي ئىل-مىنىڭ ماھىرلىرى، كارىزكارلار، مېمارلار، ئەدىب ۋە شائىرلار مەيدان-غا كەلدى.

بۈگۈنكى كۆنلۈكتە نامى بىزگە مەلۇم بولغان ئۇلۇغ تەرجىمان ۋە مۇتەپەككۇر كومراجىۋا (344 ــ 413)، ئالىم سۇۋائىي سۇما (4 ـ ئەسىر)، شائىرلاردىن خوغۇرسۇ ئالتۇن (478 ــ 567)، ئاپىرىنچور تېگىن (8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەر)، بۈيۈك مۇزىكانتلاردىن سۇجۇپ (6 ـ ئەسىرلەر)، بەگ مانتۇر (6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەر)، رەسساملاردىن ۋېسارا باجىنا (6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەر)، ۋېسارا ئىراساتكا (7 ـ ئەسىر) ۋە باشقىلار ئۆز زامانىسىدا نامى پەقەت ئۇيغۇر يۇرتلىرى-غىلا ئەمەس، شۇنداقلا شەرقتە يۇقىرى چىن، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا-غىچە مەلۇم ۋە مەشھۇر شەخسلەر ئىدى.

«بۇددا دىنى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى خەنزۇ رايونلىرى ۋە چاۋشى-يەن، ياپونىيە قاتارلىق جايلارغا ئەنە شۇ قەدىمىي ئۇدۇن رايونىدىن تارالغاچقا، ئۆز دەۋرىدىكى بۇددا رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇك-سەك پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن ۋېسارا باجىنا ۋەكىللىكىدىكى خوتەن رەسساملىرىنىڭ داڭقى ـ شۆھرىتى لوياڭ ۋە چاڭئەنلەرگىمۇ كەڭ تارالغان. شۇڭا «سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى پادىشاھلىرى، نۇسخا بولۇشقا ئەرزىيدىغان تەڭرى سۈرىتى، نى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز كىشىلىرىنى ئۇدۇن (خوتەن) غا ئەۋەتىشكەن ئىدى» . (ھاجى ئەخمەت «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 11 ـ بەت)

گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان تەۋەلىرىدە شىنجاڭدىكى مىڭ ئۆيلەرگە ئوخشاش بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ جەملەنگەن مەركەز-

قىلىپ فەھىم ئۇل ئەھدىنىڭ رەڭگىنى،
يەنە تەرك ئېتەي سەير ئاھاڭگىنى.
نەۋائى، ۋەتەن بولدى مەنزىل ماڭا،
بۇ مەنزىلدىن ئەمما نىي ھاسىل ماڭا».

دەرھەقىقەت، نەۋائىنىڭ پەرھادى ئەڭ ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، پەۋقۇلئاددە كۈچ ـ قۇدرەت، ئەقىل ـ ئىدراك، ئىلمۇ ـ ھېكمەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە شەخس. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ جەسۇر جەڭچى، يۇرتىنىڭ ئاۋاتچىلىقى ئۈچۈن كۆرەشكۈچى دېھقان ـ باغۋەن، تاغۇ ـ تاشلارنى كېسىپ قانال ـ ئۆستەڭلەرنى چىقارغۇچى ماھىر مۇھەندىس (ئىنژېنېر)، جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرەشكۈچى دانىشمەن. شۇڭلاشقىمۇ:

«جاھاندا قالمىدى ئۇل يەتمىگەن ئىلىم،
بىلىپ تەھقىقىنى كەسىپ ئەتمىگەن ئىلىم.
دېدى: ھەر ئىشكى قىلمىش ئادىمىزاد،
تەفەككۇر بىرلە بىلمىش ئادىمىزاد».

دەپ تەرىپلەيدۇ ئەدىب ئۆز قەھرىمانىنى.

بىز پەرھاد ئوبرازى ئارقىلىق ئەڭ ئاۋۋال كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن پۈتۈن بىر خەلقنى كۆرگەندەك؛ شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىۋى رەسسام ـــ مانى ئوبرازىدىمۇ بىرىنچى نۆۋەتتە يەنىلا «مىڭ ئۆي» كەبى رەڭمۇرەڭ گۈزەل رەسىملەر، خىلمۇخىل نەپىس نەقىشلەر ئانسامبىلىنى بونيات قىلغان تۇغما سەنئەتكار خەلقنىڭ سىيماسىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز.

نەۋائى ئۆزىنىڭ «سەبئىي سەييار» («ھەقىت مەنزەرى بەھرام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) داستانىدا مانى توغرىسىدا شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ـــ شاھ بەھرام بىر كۈنى شىكاردا يۈرۈپ، نامەلۇم بىر سەيياھقا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇنى ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانىغا يېتەلمىگەن دىۋانە سۈپەت بىر كىشى دەپ بىلىپ، شاھانە ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ، كىملىكىنى، نېمە مەقسەتتە يۈرگەنلىكىنى سورايدۇ. بەھرامنىڭ بۇنداق ئالىي ھىممىتىنى كۆرگەن سەيياھ ئۆزىنى مەشھۇر

«بولۇپ چىن ئەھلىدىن ئۇل شەھرى چوبىن،
ئانىڭدىككىم يەنە بىر كىشىۋەرى چىن...
ئىشتتى چۇن جاۋاب ئەيلەپ ساۋالىن،
بۇلار ھەم سوردىلەر ئۇل خەستە ھالىن.
دېدىكىم: بىز گرۇھى تاجىر ئېردۇك،
يەمەن سارى خوتەندىن سايىر ئېردۇك».

يەنە:

«خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
سەۋادى ئۇززە جەننەت جان فىشاندۇر.
گەر ئاندا سەيىر بولسا ئىختىيارىڭ،
خەلايىق جانىبى تۇشسە گوزەرىڭ...
يەنە مانىغەكىم نەققاشى چىندۇر،
ئاڭا كىلكى قەزادىن ئافەرىندۇر».

ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئەڭ ئالىي ئىنسانىي پەزىلەت ھېسابلىغان نەۋائى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوبرازى ـــ پەرھاد تىلىدىن شۇنداق دەيدۇ:

«چۇ بۇ شۇرا بەغە يېتتى نىھايەت،
دېدى ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلاپ بەغايەت:
كى ئەي، بادى سەبا تەڭرى ئۇچۇن كۆپ،
يېتىپ چىنۇ خىتا مۇلكىگە يېر ئۆپ!
دېبان خاقان قاشىدا بۇ ئوغۇلدىن،
كى غۇربەت ئىچرە ئۆلگەن خەستە قۇلدىن».

ئۇلۇغ ئەدىبىنىڭ «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدىكى لىرىك چېكىنىشلەردىن تۆۋەندىكى سەترلەرگە ئېتىبار قىلىڭ:

«كېتۇر ساقى، ئۇل جامى تەقۋىشكىن ـ
كى كۆڭلۈمگە تۇشمىش ھاۋايى ۋەتەن.
تىلەرمېن كېزىپ رەبئى ئەتلالنى،
دېسەم رەنجى غۇربەتدە غى ھالىنى.
مۇغەننىي، چۇ تاپتىم مەقامىمدا كام،
تۇزەت كام ئىلە سېن داغى بىر مەقام.

ئېشتكەننىڭ ھوشى ئۇچقاندى باشتىن».

دېمەك، چىن جانابى ئارغۇن (ئارفا) چېلىپ، غەزەل ئوقۇش ئارقىلىق ئىسكەندەر كەبى جاھانگىرغا نىسبەتەن ئۆز قەدىر- قىممىتىنى مۇناسىپ ئورۇندا تۇتىدۇ ۋە ھەتتا شاھقا تـەمەنـنا نـەزىرىـدە قـارايدۇ. ئۇ ـــ ئەنە شۇنداق گۈزەل، ئاقىل، مەغرۇر ۋە جەسۇر قىز.

يەنە بىر مىسال، نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا رەۋشەنەك، نازمېھر ۋە خىتا كېنىزىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىزنىڭ ئوبرازى بار. بۇلاردىن رەۋشەنەك بىلەن نازمېھر ئىسكەندەرنىڭ قانۇنلۇق سۆيۈملۈك خوتۇنلىرى، ئۈچىنچىسى بولسا، خىتا خاقانى تەرىپىدىن ئىسكەندەرگە سوۋغا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شاھنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بــولالمايدۇ. شۇنىڭلاشقىمۇ دانا ۋە جەسۇر بۇ قىز شاھنىڭ نەزىرىگە چۈشۈشنىڭ پۇرسىتىنى پايلاپ يۈرىدۇ.

... مـانـا، دەھشەتلىك جەڭ مەيدانى، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى «مور» ناملىق ھايۋانلار، دېۋىلەر بىلەن ئۇرۇشماقتا. لېكىن، ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولۇپ بارىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى ھەم ئۇنىڭ ئىلىم - ھېكمەت ئەھيانلىرى پاراكەندىچىلىككە چۈشىدۇ، ھېچكىم بۇ ۋەھشىيلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. خۇددى شۇ ئەسنادا غايىبتىن بىر باھادىر جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كېلىدۇ. زور ھەربىي ماھارەت ۋە جاسارەت بىلەن كـۈرەش قىلىپ، دېۋىلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىبىيەت قازىنىدۇ... بۇ ئەرەنچە كىيىنگەن ئاشۇ خىتا جانانى ئىدى.

تارىختىن مەلۇمكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 356 ـــ 323 - يىللار) ھىندىقۇش تاغلىرى ئارقىلىق ئۆتۈپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 327 - يىل ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر زېمىنىگە ئۆتەلىگەن ئەمەس. ئەمما، نەۋائى ئۆز داستانىدا ئۇنى مەشرىق مەملىكەتلىرىنى بېسىۋېلىش نىيىتىدە شەرققە ئاتلاندۇرىدۇ. لېكىن، شۇ ئارىلىقلاردا قار يېغىپ، قىش چۈشىدۇ. باھارنىڭ كېلىشىنى كۈتكەن ئىسكەندەر چىن كىشىۋەرىدە (مەملىكىتىدە) تۇرۇپ قالىدۇ:

«كى شاھ چىندە ئارام تۇتقاي بۇ قىش،

خىتا رەسسامى مانى دەپ تونۇشتۇرۇپ، بەھرام دېگەن پادىشاھقا بىر سوۋغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بەھرام شاھمۇ ئۆزى-نى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن مانى خۇشال بولۇپ، ئۆزى سىزغان خىتا جانانى دىلارامىنىڭ گۈزەل سۇرىتىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدۇ. بەھرام سۇرەتنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ھوشىدىن كېتىدۇ...

رەسسام مانى ئۆزى سىزغان سۇرەتنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلىنى ئەنە شۇنچىلىك دەرىجىدە لال قالدۇرالايدىغان موي قەلەم ساھىبىدۇر. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەپسانىۋى بۇ رەسسام ھەققىدىمۇ شەرقنىڭ بارچە كلاسسىكلىرى دېگۈدەك ئازدۇر - كۆپتۇر قەلەم سۇ-رۇشكەن.

خوش، ئەپسانىۋى رەسسام مانى سىزغان بەھرام كەبى جاھان شاھلىرىنى ئۆزىگە رام قىلغان چىن گۈزىلى قانداق قىز؟ بۇيۇك خۇسراۋ دېھلەۋىي «ئىسكەندەر ئەينىكى» ناملىق داستانىدا ئۇ گۈزەل-نىڭ ئۆز تىلىدىن شۇنداق تەرىپلەيدۇ:

«گەر ئىقبالۇ دەۋلەت تەخت ئالۇر خاقان،
مېنىڭ مېھرۇ نازىم زەبىت ئېتەر جاھان...
ئۇنىڭ كەمانىغە يۈز بەندە شىكار،
مېنىڭ قاشىمغە ئوۋ خەزارۇ - خەزار.
كەمەندى سەيد ئاتسا بىي خاتا مۇدام،
مېنىڭ قاشىم ئېتەر سەيياد ئۆزىنى رام.
يۈزىدىن گەر بولسا جاھان مۇبارەك،
مۇبارەكراق ئۇندىن ۋۇجۇدۇم ئەندەك.
ئۇنىڭ ئۈزۈكىدە لەئىلىي ئۇممان،
مېنىڭ لەبىم ئېرسە مۆھرى سۇلايمان.
لەبىم شاھ لەبىگە بولغاندا باھەم،
بەختىيار روھىمدىن يارىشسىن ئالەم.
ئارغۇننى چالغۇچى خىتالىق گۈزەل،
ئۇشبۇ سۆزلەر بىلەن توگەتتى غەزەل.
دىلدىن ئارام كېتتى قېرىيۇ، ياشتىن،

[قوشۇمچە 1]

هۇسەيىن كېرىم باھادىر

# «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق كىتابتىكى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار

ئۇيغۇر مىللىتى — قەدىمىي مەدەنىيەت ياراتقان مەدەنىيلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر مىللىتى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، مەنىۋى ھاياتىدىكى بىر خىل خەزىنىدىن ئىبارەت. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل «مۇئەييەن مەدەنىيەت مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىدېئولوگىيىدىكى ئىنكاسى» ①.

ئۇيغۇر فولكلورى ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان مۇھىم ساھە بولۇپ، 19 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ياۋروپادىكى دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مۇزېيلاردىن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە تەكشۈرگۈچىلەر شىنجاڭغا كېلىپ، ئېكسپېدىتسىيە، ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇلاردىن بىر قىسىم ئالىملار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلور ۋە جۈملىدىن مۇزىكا مەدەنىيىتى ماتېرىياللىرىنى توپلاپ مونوگرافىك ② ئىلمىي ئەسەر سۈپىتىدە نەشر قىلدۇرۇشتەك شەرەپلىك ئىلمىي ئىشلارنى ئىشلىگەن. ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ۋە تەكشۈرۈش — تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، تىلى، فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى ساھەلىرى ئېكسپېدىتسىيىنىڭ قوشۇمچە

تەنەئۇم قىلىپ، جام تۇتقاي بۇ قىش.
... بۇ ئىشقا تۇتۇپ تەبىئىي دانىشۋەرىن،
تۇرۇپ قىلدى قىشلاق چىن كىشىۋەرىن.
گاھى ھەمىنەپەس ئېردى خاقان بىلە،
قۇياش ئۆيلەكىم ماھى تابان بىلە».

ئۆز زامانىسىدىكى بارچە ئىلىملەر جۇملىسىدە جۇغراپىيە ئىلمىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان نەۋائى ئىدېئال ئوبرازى ـــ ئىسكەندەرنى چىن مەملىكىتىگە كىرگۈزۈش چىن خاقانىنى تەرىپلەش ئارقىلىق، ئۆتمۈش ئالىپ ـ ئەر ـ توڭا (فېردەۋسىيدە ـــ ئەفراسىياب) ۋە قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ قۇدرەتلىك سىماسىنى ئىسكەندەر بىلەن قىياسلاپ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە پايدىلانغان. «قـۇيـاش ئۆيـلەكـىم ماھـى تابـان بىلە»، ـ دەپ، ئىسكەندەرنى قۇياشقا، ئۇيغۇر خاقانىنى ئايغا ئوخشىتىدۇ. بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە بولغان مۇھەببىتىنىڭ مەۋھۇم ۋە ئاشكارا ئىپادىسىدۇر.

قىسقىچە خۇلاسە قىلىپ شۇنى ئېيتماقچىمىزكى، نەۋائى نەزمىسىدىكى خوتەن، چىن ـــ خىتا، چىن شاھزادىسى، خوتەن خاقانى ۋە مۇشكى، رەسسام مانى ئوخشاش رەمزىي ھەم ھاياتىي ۋاستە ـ ئوبرازلار ئۇلۇغ ئۆتمۈشداش يۇسۇپ خاس ھاجىپ كەبى ئىدېئال خاقان، ئىدېئال مەملىكەت بۇنيات قىلىشتەك ئىزگۇ ـ ئارزۇسىنىڭ مەھسۇلى، مەنبەسى ئىدى.

«ۋەتەن تەركىن بىر نەفىس ئەيلىمە،
يەنە رەنجى غۇربەت ھەۋەس ئەيلىمە»، ـ
دەيدۇ بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر ئەللامە ئەدىب.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

دى پروفېسسور، تارىخ پەنلىرى دوكتورى ئالېكساندىر ناتانوۋىچ بېرنىش-تام (1910 — 1956) «رۇس ۋە سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقى» ناملىق ماقالىسىدا كۆرسەتكەندەك فرانسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ئالىم يۇلىئۇس كلاپروتنىڭ (1783 — 1835) «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ھەم يېزىقى ھەققىدە يازمىلار» دېگەن ئەسىرى 1812 - يىل نەشر قىلىنغان ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى باشلانغان③. بۇ چاررۇسىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تۇنجى باشلىنىشى ۋە مەيدانغا كېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرشۇناسلىق مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتىن تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر رۇس ئالىملىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، ئېتنوگرافىيىسى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىنى چەت ئەللەرگە ھەر تەرەپلىمە تونۇشتۇردى.

فرانسىيىلىك ئالىم ۋە ئېكسپېدىتسون ي. ل. دۇترېئۇئىل 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى ۋە شۇنداقلا مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن بىرى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتى تېخى كىشىلەرگە ئانچە مەلۇم بولمىغان بىر مۇھىم ساھە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1890 - يىلى فرانسىيە ئاممىۋى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ شىنجاڭغا كەلگەن. فرانسىيىلىك ئالىم ۋە شەرقشۇناس ف. گرېناردمۇ مۇشۇ ئەترەتكە قاتناشقان. ئۇلار فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، تاشكەنت، ئوش ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەر، خوتەن، نىيا، كېرىيە ۋە چەرچەنلەرگىچە بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغ ئاتلاپ شىزاڭغا كىرگەن. تاڭبۇدا دېگەن يەردە دۇترېئۇئىل باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. دۇترېئۇئىل ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، گرېنارد ئەترەتكە باشچىلىق قىلىپ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرىگە كەلگەن. ئۇلار خوتەن رايونىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلاردا يول ئۈستىدە مىلادىيە 4 - ، 5 - ئەسىرلەرگە ئائىت قارۇشتى يېزىقىدا-

خىزمىتى بولغان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باي فولكلورى ۋە قىممەتلىك مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۇلارنى مەپتۇن قىلغان. بۇ ساھەدە ئۇلار پارچە ـ پۇرات بولسىمۇ، قىممەتلىك يازما خاتىرىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا، بۇ خىل مەلۇماتلار ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە تولۇق، مۇكەممەل مەنزىرىنى ئەكس ئەت-تۈرۈپ بېرەلمىگەن. بەزى ياۋروپا ئالىملىرى ھەر خىل سەۋەبلەر يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلور ۋە مۇزىكا مەدە-نىيىتى نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەتتە سىستېمىلاشقان ئەسەرلەر يېزىشتىن مەھرۇم بولغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان 40 يىل ۋاقىت ئىچىدە چارروسىيە ئالىملىرىدىن چوقان ۋەلىخانوف (1835 — 1865)، ۋ. ۋ. رادلوف (1837 — 1918)، ن. ف. پېتروۋسكىي (1837 — 1908)، ن. ن. پانتۇسوف (1849 — 1909)، ن. ف. كاتانوف (1862 — 1922) ۋە فرانسىيىلىك ئالىم ي. ل. دۇترېئۇئىل (؟ — 1890)، شۋېت-سىيە ئالىمى سۋېن ھېدىن (1865 — 1952) قاتارلىق شەرقشۇناس ۋە تۈركشۇناس ئالىملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. ھەر تەرەپلىمە يۇقىرى تەييارلىقى بولغان ۋە بىلىم قۇرۇلما دائىرىسى كەڭ بولغان بۇ ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى-نىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىشىغا قوشقان تۆھپىسى باشقا ياۋروپا ئالىملىرىغا قارىغاندا ناھايىتى چوڭ.

ئۇيغۇر فولكلور بايلىقى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىنى چارروسىيە دەۋ-رىدىكى رۇس شەرقشۇناس ئالىملىرىدىن بەزىلىرى مونوگرافىك ئىلمىي ئەسەر سۈپىتىدە يېزىپ نەشر قىلغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئالىملار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ ئۇل-گىلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. بۇنىڭدا رۇس ئالىملىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مىللىتى فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش بەكمۇ مۇھىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق چارروسىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. خۇد-

قالدۇرۇلغان.

دۇترېئۇئىلنىڭ كىتابى فرانسۇز تىلىدا يېزىلىپ نەشر قىلىنغاچقا ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ كېتىشتە كۆپ قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. شۇنداق بولسىمۇ باشقىلارنىڭ فرانسۇزچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ياردىمى ۋە لۇغەتلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە كىتابتىكى مۇھىم خاتىرە ۋە مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ، كەڭ تەتقىقاتچىلارنى بۇ ئەسەردىن خەۋەردار قىلالىغانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلدىم.

دۇترېئۇئىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرلىكىدە» ناملىق كىتابىدىكى مەزمۇنلار بىرقانچە ماۋزۇلار بويىچە بايان قىلىنغان. بۇلار:

1. «چىنى تۈركىستان ئاھالىلىرى»
(«LE TURKESTAN CHINOIS ET SES HABI TANT»)
2. «ئابدۇراخمان خوجا داستانى» 100 مىسرا.
(«LA BALLADE, ABDOURAHMAN»)
3. «بېك قۇلى بېك داستانى» 25 مىسرا.
(«LA BALLADE DE BEK KOULi BEK»)
4. «مەھمۇدخان داستانى» 21 مىسرا.
(«LA BALLADE MAHMOUD KHAN»)
5. «خەلق ئارىسىدىكى چۆچەكلەر» ئالتە چۆچەك.
(«CONTES POULAIRES»)
6. «ئارخېئولوگىيە⑤».
(«ARCHEOLOGIE»)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خەلق داستانىنىڭ شېئىرىي تېكىستلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى، فرانسۇزچە تەرجىمىسى بىلەن بېرىلگەن. كىتابنىڭ يەنە «خەلق ئارىسىدىكى چۆچەكلەر» قىسمىدا ئەينى دەۋردە ئاپتور خوتەن رايونىدا يېزىۋالغان ئالتە ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئاستىغا فرانسۇزچە تەجىمىسى بېرىلگەن. بۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارى-

ىكى قەدىمكى زامان يازما يادىكارلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقان. ئۇلار يەنە ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئارقىلىق خوتەننىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇنداقلا يەنە كۇئېنلۇن تېغىنى ھەمدە تەڭرى كۆلى، مىكوڭگې دەرياسى ھەمدە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنبە-لىرىنىمۇ تەكشۈرگەن④.

دۇترېئۇئىل 1890 ـ يىلى خوتەن رايونىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىدا «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئېگىز-لىكىدە»

(J.L. DUTREUIL DE RHINS:
(«MISSION SCIENTIFOUE DANS LA HAUE ASIE»)
ناملىق كىتابنى يازغان. ف. گرېنارد دۇترېئۇئىلنىڭ بۇ كىتابنى 1890 ـ يىلدىن 1895 ـ يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىتتا تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلىغان. شۇنىڭ بىلەن دۇترېئۇئىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆ-مىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىدە» دېگەن كىتابى 1898 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژ شەھرىدە فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىنغان. دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كىتاب فرانسىيىدە نەشر قىلىنغاذ-دىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئېلىمىز تەۋەسىدە تارقالغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس. دۇترېئۇئىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىدە» ناملىق كىتابىنى ماڭا ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا شتاتىنىڭ بلۇمىڭتون شەھىرىدە تۇرۇشلۇق فولكلورىست نىسىن لايت (Nathan light) ئەپەندى 1994 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدا پوچتا ئارقىلىق رۇس شەرقشۇناسى، ئېتنوگراف، تارىخچى ۋە مۇزىكىشۇناس ئالىم ن. ن. پانتۇسوف تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1890 ـ يىلى سانكت ـ پېتېر-بۇرگتا نەشر قىلىنغان «تارانچىنسكايا پىسنى» («تارانچى ناخشىلى-رى») ناملىق كىتاب بىلەن بىرلىكتە ئەۋەتكەنىدى. ماڭا ئەۋەتىلگەن بۇ ئىككى كىتاب دۇبلىكات (فوتوكوپىيە) نۇسخىسىدىن ئىبارەت.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ي. ل. دۇترېئۇئىل ئەينى ۋاقىتتا خوتەن رايونىدا تۆت ئاي تۇرۇپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى، ئارخېئو-لوگىيە ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى توغرىسىدا مەلۇماتلار يېزىلىپ

رېئۇئېلىنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» نام-
لىق كىتابىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قىممەتلىك
بايانىدىن بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن:

«خەلق ناخشىسى دەپ ئاتىلىدىغان بەزى ناخشىلارنى كۆپ ساندى-
كى كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. ئەمما ئىككى تۈركىستاندا بۇ ناھايىتى
ئومۇملاشقان. مەن ئىگىلىگەن بەزى ناخشىلارنى چىنى تۈركىستاننىڭ
ھەممە شەھەرلىرىدە يەنى خوتەندىن تارتىپ تۇرپان، ئىلىغىچە ھەممە
يەردە ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بۇ، ‹تارانچى ناخشىلىرى›، توپلىمىدىكى بىر
قاتار ناخشىلارنى نېمە ئۈچۈن قايتا ئىزدەپ تاپقانلىقىمنىڭ سەۋەبىدۇر.
بۇ ناخشا توپلىمى 1890 - يىلى پېتېربۇرگتا نەشر قىلىنغان. ئاپتورى
پانتۇسوف ئەپەندى. خوتەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ناخشىلىرىنىڭ
بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر يېڭى غەزەل - ناخشىلار
ئاقسۇ ياكى ئىلىدىن تارقىلىپ بارغان، تارانچىلارنى شۇ ناخشىلارنىڭ
ئىجادچىسى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ سازەندىلىرىنىڭ ئاتىقى (داڭقى)
قەشقەر سازەندىلىرىنىڭ داڭقىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ... بەزى كەسپىي سا-
زەندىلەر ئۈچ ياكى تۆت كىشى بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، تەكلىپ
قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ناخشا ئېيتىدۇ ياكى مازار سەي-
لىسىدە كۆپچىلىك ئالدىدا ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلى-
رى پەقەت ناخشىغا تەڭكەش (جور) قىلىش ئۈچۈنلا ياسالغان. قەش-
قەر، يەكەن، خوتەننىڭ سازەندىلىرى مۇزىكا تالانتى بىلەن داڭلىق.
ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ناخشىسىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى بىزگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا ناھايىتى ئېگىز ياكى كۈچلۈك. شەك - شۈبھىسىزكى،
ئۇلارنىڭ سەنئىتى سەمەرقەند ۋە قوقەندتىكى سارتلار سەنئىتىدىن يۇقى-
رى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا سەمەرقەند، قوقەندتىكى ناخشىلارنىڭ مېلو-
دىيىسى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇسسۇل ئۈچۈنلا ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ
ئىچىدىكى بەزىلىرى بىر خىل غەلىتە شەكىللەر ئارقىلىق كىشىگە
قەدىمكى فرانسىيىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاز
بىر قىسمى بىرلا خىل ئاھاڭدا ياكى زېرىكىشلىك. كۆپ قىسمى شوخ،
جانلىق بولۇپ، ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان قايغۇ - ھەسرەت،
خىيالىي تۇيغۇ قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ناخشىلار قاتارىغا كى-

خىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ چەت ئەللىك تەرىپى-
دىن تۇنجى قېتىم فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىتابتا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت مەلۇمات-
لار خاتىرىلەنگەن. بۇ مەلۇماتلار 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى
ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئىلمىي خاتىرىدىن
ئىبارەت. بۇ خاتىرە ياكى مەلۇماتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا
مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپلا قالماستىن، بەلكى
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند، قوقەند رايونىدىكى ئۆزبېك (ئاپتور
سارت دېگەن) مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا
مەدەنىيىتى سېلىشتۇرۇلغان. ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارنىڭ
مۇزىكا مەدەنىيىتىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن.
ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنى دۇترېئۇئىل ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان.
بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى قەشقەر پروفېسسىئونال سازەندىلىرىنىڭ داڭ-
قى ھەممە يەرنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى يازغان.

دۇترېئۇئىل كىتابىدا «سارغايدى ئويۇنى» ئويناۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ
سىزما رەسىمىنى بېرىش بىلەن يەنە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا
ئاساسلىقى خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كەلگەن توققۇز
خىل چالغۇ — راۋاب، ھەشتار، ساتار، تەنبۇر، سۇناي، دۇتار،
ساپايى، نەغمە دېپى، قالۇن قاتارلىق ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلى-
رىنىڭ سىزما رەسىمىنى بەرگەن. بۇلار ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئاغزاكى كلاسسىك مۇزىكىسى — ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ تەرەققىيات
تارىخى، ئىجراچىلىقى، تارقىلىشى ۋە فولكلورغا مەنسۇپ بولغان خەلق
ناخشا ـ مۇزىكا ئىشلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن
مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە شۇنداقلا ئەينى
دەۋردىكى خوتەن رايونىنىڭ كلاسسىك پروفېسسىئونال مۇزىكا ـ مۇقام
ۋە خەلق ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ
قىممەتلىك مەنبە ۋە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

مۇزىكا ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، دۇت-

سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ھەم ئىلمىي ژۇرنال)، ئالمۇتا، 1949 ــ يىل ماي سانى 20 ــ بەت.

④ ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىن: «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ساياھىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ــ يىل نەشرى 333 ــ بەت.

⑤ دۇترېئۇئىلنىڭ ئىسمى يېزىلغان كىتابىغا قارالسۇن.

⑥ سەمەرقەند ۋە قوقەندىكى سارتلار ـــ ئۆزبېكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا «سارت» ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ھازىرقى ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىدىكى يەرلىك خەلققە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن بېرىلگەن نام.

⑦ دۇترېئۇئىلنىڭ ⑤ ئىزاھاتتا ئىسمى يېزىلغان كىتابىغا قارالسۇن.

⑧ كىچىك بۇخارالىقلار قەشقەر رايونىنى ئاساس قىلغان ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر «سانى بۇخارا كاشغەر» (قەشقەر ئىككىنچى بۇخارا) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە ماختالغان. چوقان ۋەلىخانوف ئۆز ئەسىرىدە يازغان كىچىك بۇخارا» لىقلار يۇقىرىقى ئىسىمـ ـدىن كەلگەنلىكى شۈبھىسىز.

⑨ («چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى») ئالمۇتا، 1958 ــ يىل نەشرى، 498 ـــ 499 ــ بەتلەر.

«شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2004 ــ يىل 1 ــ سانىدىن ئېلىندى.

رىدۇ... ⑦» .

يۇقىرىقى خاتىرىدىن يەنە دۇترېئۇئىلنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ن. ن. پانتۇسوف يازغان «تارانچىنىسكايا پېسنى» (تارانچى ناخشىلىرى) نى ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق ئۆزى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ئاڭلىغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۇترېئۇئىلنىڭ يۇقىرىقى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قىممەتلىك خاتىرىسى رۇسىيىلىك مەشھۇر قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف مىلادىيە 1858 ـ ، 1859 ـ يىللىرى ئارىسىدا قەشقەرگە بېرىپ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز ئەسىرىدە يازغان: «مۇزىكا جەھەتتە كىچىك بۇخارالىقلار⑧ (قەشقەرنى ئاساس قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ـــ ھ. كېرىم) پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر»⑨ دەپ، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭلىق ھەم ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىدەك يۇقىرى سەۋىيىسىگە ناھايىتى يۇقىرى ھەم ئەمەلىي، ئىلمىي ھالدا بەرگەن باھاسىنىڭ يەنە بىر قېتىم پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىدىن ئىبارەت. ماقالىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار دۇترېئۇئىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق ئەسىرىنى دەسلەپكى مۇلاھىزە قىلغاندا شەكىللەنگەن. بۇ ئەسەرنى تولۇق تەتقىق قىلىش تېخى بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم بىر ئىلمىي خىزمەتتىن ئىبارەت.

---

① ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 2 ـ توم 610 ـ بەت.

② مونوگرافىيە گرېكچىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، بىر ماۋزۇ، بىر مەسىلىگە بېغىشلانغان ئىلمىي ئەسەر. مونوگرافىك ـــ مونوگرافىيىگە ئائىت، مونوگرافىيىدىن ئىبارەت بولغان دېگەن مەنىدە.

③ ئا. ن. بېرنشتامنىڭ «رۇس ھەم سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقى» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. «قازاق ئېلى» (ئۇيغۇرچە ئايدا بىر قېتىم چىقىدىغان

لىپ بىرىپ، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مەشھۇر مۇزېيلىرىنى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنى كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە بېيىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان تارىم ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەمۇنىلىرى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تونۇلۇپ، تارىم قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. مانا مۇشۇنداق قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان خوتەن بوستانلىقى غەرب سەيياھلىرىنى، تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى «خوتەنگە كەلمىسە، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سىرلىقلىقىنى، گۈزەل مەنزىرىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان تەرىپىگە ماس ھالدا ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتتى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن ھازىرغا قەدەر خوتەن رايونىغا كەلگەن تۈرلۈك تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. 1820 ـ يىل ئەڭ دەسلەپتە فرانسىيىلىك ئالىم ئا. پ. رېمۇسات (A · P · Remusat) «خوتەن شەھىرى تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ غەربتە (ياۋروپادا) خوتەن قىزغىنلىقىنى قوزغىغان.

2. 1824 ـ يىل ئەنگلىيىلىك سودىگەر ماركلوفت (Morcloft) كەشمىردىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كەلگەن. لېكىن ئۇنىڭ خوتەندە تەكشۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بىراق ئۇنىڭ بىر پارچە شىنجاڭنى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىدا: «خوتەن» شەھەرنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى دەپ يازغان. دوكلاتتا يەنە باشقا شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى، ھاۋا ئىقلىمى، دەريا ئېقىنى، كان بايلىقى، ئادەملىرىنىڭ ئىرقى، ئىقتىسادى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلغان.

3. 1847 ـ يىل 8 ـ ئايدا ھىندىستاننىڭ چېگرا تەكشۈرۈش خادىمى سالاھىيىتىدىكى ھېنرى ستىراچى (Henry Strachey)، تومپسون (Tompson) ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇلار بۇ رايونلاردىكى تاغ ـ دەريالارنى (يەكەن، قاراقاش، يورۇڭقاش دەريالىرى ۋە قۇرۇم تاغلىرىنى) تەكشۈرۈش بىلەن قىممەتلىك ئۇسۇملۇك ئەۋرىش-

[قوشۇمچە 2]

جۇمەنىياز تۇرسۇن

# چەت ئەل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى خوتەندە

خوتەن — قەدىمكى «قاشتاش» يولىنى مەركەز قىلىپ شەكىللەنگەن «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى قەدىمىي بوستانلىق بولۇپ، ئۇ غەربىي رايوندىكى ئەندىر (توغرى بالىق)، نىيا (ئوغايبالىق، نىران)، كېرىيە (بىمبالىق)، چىرا (ئۇزۇنتات)، خوتەن (ئۇدۇن)، گۇما (مىركەيبالىق) قاتارلىق بوستانلىق شەھەر خانلىقلىرى جايلاشقان رايون.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن غەربتىكى ئەنگلىيە، گېرمانىيا، فرانسىيە، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن «ئېكسپېدىتسىيىچى»، «ئىلمىي تەكشۈرگۈچى»، «ئارخېئولوگ»، «سودىگەر»، «دىپلومات»، «هەربىي ئەمەلدار» لار بۇ زېمىندا بازار تالىشىش، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، سودا يولى ئېچىش، دىن تارقىتىش، سىياسەت قىلىش پائالىيەتلىرىدە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشى: گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قۇرۇقلۇق، ئېدىرلىق، ئېگىزلىك، دەريا ئېقىنلىرى، سازلىق، كۆل، هاۋارايى، كىلىمات، يەر قاتلىمى، ئورمانلىق، يايلاق، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلارنى تىزىملاش، ئۆلچەش، خەرىتىگە ئېلىش، ئەۋرىشكە يىغىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. فىلولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى بولسا: ئادەم، ئىرق، تىل، دىن، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، بايلىق مەنبەسى، سودا ـ سانائەت كەسپىگە بولغان تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. ئۇلار بەس ـ بەستە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خالىغان جايلاردا ئەركىن هەرىكەت قىلىپ، تارىم مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ئاجايىپ نەمۇنىلەرنى؛ كۆپلىگەن قىممەتلىك هۆججەت ۋە نەپىس بەدىئىي سەنئەت جەۋھەرلىرىنى؛ قىممەتلىك تۇپراق، ئۇسۇملۇك، كىلىمات، هايۋانات ئەۋرىشكىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ياۋروپاغا ئې-

كەن. ئۇ بارغانلىكى جايلىرىدا ئۆلچەش ـ سىزىش بىلەن شۇغۇللانغان، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرگەن، بىر قەدىمىي ئىزدىن چاي ئەۋرىشكىسىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.

8. 1868 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك هايۋارد (Hayward) كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، قاراقاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەيدۇللاغا بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەكەن، قەشقەر، كۇچا، قوغلانجى دەريا جىلغىسى، ئونسۇ، قىزىلتاغ ئېغىزى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

9. 1868 ـ يىلدىن 1874 ـ يىلغىچە ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ (Robret Shaw) شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ سودىگەرچە ياسىنىپ سودا، تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. كەشمىر-نىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تېغى، قۇرۇم (كۇئېن-لۇن) تېغى، سۇگەت قۇرۇل، سانجۇ، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرگەن.

10. 1868 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ لاداختا تۇرۇشلۇق ۋالىيسى كەيلى (Caily) پامىر ئېگىزلىكى ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

11. 1869 ـ يىلدىن 1874 ـ يىلغىچە ئەنگلىيىلىك فورسىس (Forsyth) قەشقەرگە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇ هۆكۈ-مەت ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ لاداختىن يولغا چىقىپ، بۇيرۇققا بىنائەن ياقۇپ بەگ بىلەن ئالاقىلاشقان ۋە شەيدۇللادا تەكشۈرۈش قىلغان. كېيىن ياقۇپ بەگنىڭ كۇچاغا كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن شەيدۇللادىن لاداخقا قايتىپ كەتكەن.

12. 1873 ـ يىلى ۋېنگرىيىلىك بېرزېنېزى (Berzenezy) پېت-ېربۇرگتىن يولغا چىقىپ ۋېرنو، توخماق، قەشقەر، يەكەن، شەيدۇل-لا، قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى قاتارلىق جايلارنى كېزىپ ئۆتۈپ لېھ شەھىرىگە يېتىپ بارغان. ئۇ يول بويى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ مول ماتېرىياللارنى توپلىغان.

13. 1876 ـ يىلى رۇسىيىلىك كۇروپاتكىن (Kuropatkin) ۋە ۋىكىنس (Wikens) تەڭرىتاغلىرى ۋە يەتتە شەھەردە تەكشۈرۈش

كىلىرىنى يىغىۋالغان. ئەنگلىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەم-
ئىيىتى تومپسونغا ئالتۇن مېدال بەرگەن.

4. 1857 - يىل 7 - ئايدا شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ۋە ئەنگلىيىگە ئىشلەيدىغان گېرمانىيىلىك شىلاگېنۋورت (Schilagenwert) ئاكا - ئۇكىلار ۋە ئادولف (Adolf)، ھېرمان (Herman)، روبېرېت (Roberet) قاتارلىقلار لاداختىن يولغا چىقىپ، قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ئاقسايچىن رايونلىرىدا ھەمدە قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ قالدۇق تاغ ئېغىزىغا بېرىپ جىلىيا، قاغىلىق، يەكەن، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار بارغان جايلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان، 1400 خىلدىن ئارتۇق تۇپراق، ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى ۋە ئادەملەرنىڭ ئىرق تىپىنى تەكشۈرۈپ 43 پارچە دالا تەكشۈرۈش خاتىرىسى يازغان.

5. 1858 - يىل رۇسىيىلىك پولكوۋنىك ۋەلىخانوۋ (Valikhanov) سودىگەرلەرچە ياسىنىپ، قەشقەر ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ھەم ئىلى رايونلىرىدا ساياھەتتە بولغان. ئۇنىڭ ساياھەتنامى-سىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەر (قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان) ۋە جۇڭغارىيىنىڭ ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ ساياھەتنامىسى «رۇسىيە خانلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتى ژۇرنىلى» دا بېسىلغان.

6. 1865 - يىل ئەنگلىيىلىك مىكمالى ئۈچ نەپەر تەربىيىلەنگەن ھىندىستانلىق ياردەمچىلىرىنى شىنژاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆل-چەش - تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئەۋەتكەن. ئۇلار لاسا، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەن.

7. 1867 - يىل ھەبىبۇللا مۇپتاجى ئەنگلىيە - ھىندىستان بىرلەشمە ئۆلچەش سىزىش ئىدارىسىنىڭ ئۆلچىگۈچى خادىمى جونسون (Johnson) نى خوتەنگە تەكلىپ قىلىپ خوتەننىڭ خەرىتىسىنى، باي-لىق مەنبەسىنى تەكشۈرتمەكچى بولغان. جونسون كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ خوتەنگە كىرگەن. قىسقا مەزگىل ئۆلچەش - سىزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، كېرىيىگە بارغان. قايتىشىدا سانجۇدىن ئۆتۈپ شەيدۇللا ئارقىلىق قايتىپ كەت-

تەن ئارقىلىق نىياغا بارغان. ئۇ يەردە قىشلاۋاتقان تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، يەنە ئايرىلىپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

19. 1890 - يىل 5 - ئايدا رۇسىيە پېرژېۋالىسكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشقا بىر ئەترىتىنى پېرژېۋالىسكىنىڭ شاگىرتى لوبورو-ۋېسكى باشلاپ پولودىن (كېرىيە تاغ) يۈرۈپ نىياغا بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق مەغلۇپ بولغان. كېيىن شەيدۇللاغا قاي-تىپ جىلىيادىن ئۆتۈپ خوتەنگە كەلگەن. ئۇلار گرومبوچ-ىۋېسكى (Grombchevski) تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، شىزاڭغا تەكشۈرۈشكە يۈرۈپ كەتكەن.

20. 1893 - يىلدىن 1894 - يىلغىچە فرانسىيىلىك دۇترېئۇ-ئىل فرانسىيە ئاممىۋى تەربىيە مىنىستىرلىكىنىڭ پەرمانى بويىچە شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئالىم شەرقشۇناس گرېنارد (Grenard) بۇ ئەترەتكە قاتناشقان. ئۇلار پارىژدىن يولغا چىقىپ تاشكەنت، ئوشتىن ئۆتۈپ قەشقەر، خوتەن، كېرىيە، نىيا، چەرچەنگە يېتىپ بارغان ھەمدە قارلىق تاغدىن ئۆتۈپ شىزاڭغا كىرگەن. تاڭبۇدا دۇترېئۇئىل، رېنىس باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. گرېنارد ئەت-رەتنى باشلاپ چىگخەيگە بارغان. ھەرقايسى قەدىمكى مەدەنىيەت يادى-كارلىق ئورۇنلىرىدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 70 ساندۇقتىن كۆپرەك بۇيۇملارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇ يول بويى نۇرغۇن قولىيازما ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان. ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئارقىلىق خو-تەننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئۆلچەپ بېكىتىپ، كۇئېنلۇن تېغى-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىمالىي داۋاننىڭ يانتولۇق گرادۇسىنى ئۆلچە-گەن.

21. 1893 - يىل 6 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ھېر تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، يەكەن دەرياسىنى بويلاپ بولۇش جىلغا ۋە گىرىم تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بېرىپ سانجۇ دەريا جىلغىسىغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن غەرب تەرەپكە يۈرۈپ يەكەنگە يېتىپ بارغان.

22. 1894 - يىل 12 - ئايدا شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى،

ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇ «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىنى يېزىپ، يەتتە شەھەرنىڭ (خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەردىن قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن.

14. 1883 - يىلى ئەنگلىيىلىك دالگىش (Dalgeish) قول ئاستىدىكى ئىككى نەپەر خادىم بىلەن سودىگەر قىياپىتىدە ھىندىستان ئارقىلىق خوتەنگە كېلىپ، ئاساسلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى خەرىتىگە ئالغان ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاخباراتلارنى توپلاپ ھىندىستانغا ئېلىپ كەتكەن.

15. 1883 - يىلى 10 - ئايدا رۇسىيىلىك پېرژېۋالىسكى (Perjevalski) ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا تۆتىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بارغان. ئۇ لوپنۇر، نىيا، كېرىيە، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانغا قەدەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ رۇسىيىگە قايتقان.

16. 1885 - يىلى ئەنگلىيىلىك كېرېي (Cerey) تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ شىنجاڭ ۋە كۇئېنلۇن تېغىدىن ئۆتۈپ، كېرىيە ئارقىلىق خوتەنگە كەلگەن. خوتەن دەرياسىنى بويلاپ كۇچا، كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ «شىنجاڭنى ئايلىنىش» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان. بۇ خاتىرىلەر ئەنگلىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىن خاتىرىسىگە ۋە جۇغراپىيە ئايلىق گېزىتىگە بېسىلغان.

17. 1889 - يىلى رۇسىيە پېرژېۋالىسكى تەكشۈرۈش ئەترىتى بەشىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشنى باشلىغان. مېڭىش ئالدىدا پېرژېۋالىسكى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ ئۆمەكنى گرومبوچېۋېسكى (Grombchevski) باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەشقەر، يەكەنگە كەلگەن. يەكەندىن جەنۇب تەرەپكە يۈرۈپ خوتەنگە كېلىپ كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېگىزلىكىنى بويلاپ كېرىيە، نىياغا بېرىپ يەنە بىر ئۆمەكنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان.

18. 1890 - يىلى 5 - ئايدا رۇسىيە پېرژېۋالىسكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ كوزلوۋ (Kozlov) باشلاپ كەلگەن ئەترىتى يەكەن، خو-

كەشمىردىن يولغا چىقىپ پامىر، تاشقورغان، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ سۇ ئىن ھېدىن سىزغان خەرىتىگە ئاساسەن دەندان ئۆيلۈك، قارادۆڭ خارابىلىرىدە ئىككى ئايدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بارغان. كېرىيىدە نىيا خارابىسىگە ئائىت رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نىيىغا بېرىپ قەدىمكى نىيا قەدىمكى شەھىرىنى بايقاپ، تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ 782 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك ۋە بىر قىسىم ئېسىل مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى قېزىۋالغان. ستەيىن يەنە راۋاق، كونا دامىكۇ، ئەندىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش - قېزىش خىزمىتىنىڭ دوكلاتى تەرىقىسىدە «قەدىمكى خوتەن» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان.

26. 1902 - يىل 8 - ئايدا ياپونىيىلىك ئوتانى كوئول تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەزالىرى (توجىرا، تاچىبانا، نۇرى كاتا قاتارلىقلار) ئۇشقا كېلىپ پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ئالاھىدە ياردىمىدە قەشقەر، يەكەن، تاشقورغان، تارىم ئويمانلىقىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. خوتەننىڭ شىمال تەرەپلىرىدىكى قەدىمكى ئىزلاردا ئومۇميۈزلۈك قېزىش ئېلىپ بېرىپ 80 ساندۇقتىن كۆپرەك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن.

27. 1903 - يىل 6 - ئايدا ئەنگلىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس كروسبىي ۋە فرانسىيىلىك پولكوۋنىك ئاشىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىگەن. ئۇلار ئوشتىن يولغا چىقىپ تارتىك ئېغىزى ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەكەن، خوتەن، پولو (كېرىيە تاغ) قاتارلىق يەرلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئەسلىي پىلانىدا شىزاڭغا بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما، يولدىن ئېزىپ قېلىپ يېمەكلىكلىرى دەريادا ئېقىپ كەتكەن. ئاشىنىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ شىزاڭغا بارالماي كېرىيىدىن قايتىپ كەتكەن.

28. 1905 - يىل ئەنگلىيىلىك ئۆلچەش - سىزىش مۇتەخەسسى-

مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن (Sven Hedin) پېتېر-بۇرگتىن ئات ھارۋىسى بىلەن يولغا چىقىپ تاشكەنت، پەرغانە، پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. 1895 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەكىتتىن يولغا چىقىپ يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خوتەن دەرياسىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، قۇملۇقتا قازاغا يولۇقۇپ بىر ئادەم بىلەن سەككىز تۆگە ئۆلگەن، قالغان ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار يەرلىك چارۋىچىلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان، تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى كار-دىن چىققان، ئۇلار مىڭ تەسلىكتە قەشقەرگە قايتقان. كېيىن، جەنۇ-بىي يول ئارقىلىق خوتەنگە كەلگەن. خوتەن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، غەربكە قاراپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېزىپ كېرىيە دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغان. ئۇ يولدا دەندان ئۆيلۈك خارابىسى (تەكلىماكان شەھىرى دەپ خاتىرە قالدۇرغان)، قارادۆڭ خارابىسىنى بايقىغان ۋە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى قازغان. كېرىيە دەرياسى بويىنى تەكشۈرۈپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ شايارغا، ئاندىن لوپنۇر كۆلىگە بارغان. كورلا، چاقىلىق، چەرچەن ئارقىلىق خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، خوتەندىن كۇئېنلۇن تېغى ئارقى-لىق شىزاڭغا تەكشۈرۈشكە ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ جەرياندا ئۇ 550 پارچە خەرىتە ۋە رەسىم سىزىپ چىققان. 1897 - يىل ئۇ ستوكھولمغا بارغاندىن كېيىن، شۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش داۋامىدا توپلىغان ماتېرى-ياللىرىغا ئاساسەن، ئىككى توملۇق كىتابنى يېزىپ چىققان.

23. 1897 - يىل ئەنگلىيىلىك داشى بىلەن كېبود باشچىلىقى-دىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار كېرىيە دەرياسى، پولو تاغ رايونلىرىدا يەر شەكلىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ لاداخ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىگە بارغان.

24. 1897 - يىل شۋېتسىيىلىك خوگبېرگ (Hogberg) بىلەن باكلۇن (Bachlund) خوتەندىكى يوتقان خارابىسىگە بېرىپ، 33 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى يىغىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن.

25. 1900 - يىل 5 - ئايدا ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن (Aurel stein)

نەشر قىلدۇرغان.

32. 1906 - يىل 1 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئەلچى فىرىز جارگىدا-دىن يولغا چىقىپ ئالىيدىن ئۆتۈپ رىخازىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. قايتىشىدا قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ خوتەن، يەكەن، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈش قىلغان ۋە قوقەند، تېهران ئارقىلىق لوندونغا قايتقان.

33. 1906 - يىل 8 - ئايدا شۋېتسىيىلىك سۋېن هېدىن (Sven Hedin) شىنجاڭدا جۇملىدىن خوتەندە ئۈچىنچى قې-تىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلىغان. ئۇ كەشمىردىن يولغا چىقىپ قەشقەر، خوتەنلەردە بىر مەزگىل تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن چىڭخەي، شىزاڭلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ قېتىم-قى تەكشۈرۈشىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن «هىمالايادىن ئۆ-تۈش» ناملىق ئۈچ توملۇق ئەسەرنى يازغان.

34. 1906 - يىلى ئاۋستىرالىيىلىك هايۋاناتشۇناس چوگمېر مىيۇنخىن شەهىرىدىن يولغا چىقىپ، رۇسىيىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلگەن هەمدە خوتەن، قىزىل تاغ ئېغىزى، كېرىيە، پولو، داشكۆل، ئەربوت كۆلى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ كېرىيە-دىكى تەكشۈرۈشىدىلا ئۈچ ساندۇق تەبىئىي، تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەۋرىشكىنى يىغىپ دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەن.

35. 1907 - يىل فىنلاندىيىلىك ۋون مانىېرخېيىم (Von Mannerheim) باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى خوتەن رايو-نىدا ئۈچ ئايدەك تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 30 ساندۇقتىن كۆپرەك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. مانىېرخېيىم كېيىن فىنلاندىيە زۇڭتۇڭى بولغان.

36. 1908 - يىل 6 - ئايدا ياپونىيا ئوتانى كوئول تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشنى باشلىغان. ئەترەت ئەزالى-رىدىن يىسۇن، جىگاك قاتارلىقلار ياپونىيىدىن يولغا چىقىپ بېيجىڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۇلار ئۈرۈمچى، تۇرپان، لوپنۇر، كروران، چەرچەن، كېرىيە، خوتەن، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نىيا قاتارلىق جايلاردا قېزىش ئېلىپ بې-رىپ، نەچچە ئون ساندۇق ئاسارئەتىقىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلار كەش-

سى بورس ۋە رىياد ئىككىيلەن كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ لاداخ، ئاقسايچىن رايونىدىن ئۆتۈپ كېرىيىگە بارغان. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئىزىنى بويلاپ چەرچەن، قاراكۆل قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، يول بويى دېگۈدەك قەدىمكى ئىزلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

29. 1905 ـ يىلى ئامېرىكىلىق بىئولوگ گىروسبۇ (Grosbu)، خانتىڭتون (Huntington)، باروت (Barut) ئەترەت تەشكىللەپ كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ خوتەن، چاقىلىق، قاراشەھەر، تۇرپان، لوپنۇر ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىي ئېگىزلىكىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان. تارىم ۋە خوتەن رايونلىرىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە بىر ئايدىن كۆپرەك قېزىش ئېلىپ بېرىپ 50 ساندۇقتىن كۆپرەك مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئەۋرىشكىلەرنى ئېلىپ كەتكەن.

30. 1906 ـ يىلى گېرمانىيىلىك فون لېكوك (Albert Von Lecoq) گرونۋېدىل بىلەن بىرلىكتە راۋاق، ئاقسىپىل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ـ قېزىش ئېلىپ بارغان. كېيىن قاراقۇرۇم تېغى ئېتەكلىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھىندىستان ئارقىلىق بېرلىنغا قايتقان. ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ماكارتنىي (Macartney) نىڭ قولىدىن خېلى كۆپ خوتەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى سېتىۋالغان.

31. 1906 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك ستەيىن كەشمىردىن يولغا چىقىپ، شىنجاڭدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى باشلىغان. ئۇ قەشقەردىن خوتەنگە كېلىپ ئاۋۋال كۇئېنلۇن تاغ باغرىدا بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 10 ـ ئايدا نىيا خارابىسىگە يەنە بىر قېتىم كەلگەن ۋە ئۇ جايدا داۋاملىق قېزىش ئېلىپ بارغان. 12 ـ ئايدا ئەندىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە تەكشۈرۈش ـ قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نەچچە ئون ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قاچىلاپ 1908 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لوندونغا قايتقان. كېيىن ئۇ بۇ يادىكارلىقلارنى رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «غەربىي يۇرت» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىنى يېزىپ

ىتىگە قايتقان.

40. 1914 ـ يىلى رۇسىيىلىك ئولدېنبورگ (S • Oldenberg) خوتەنگە كېلىپ نىيا خارابىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ 40 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن تاپقان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى ۋەسىقىلەر، تارشا پۈتۈكلەر، رەسىم، ئويما نەقىش بۇيۇملىرى تاكى بۈگۈنگىچە ئېرمىنتاژ مۇزېيىنىڭ پەخىرلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

41. 1915 ـ يىلى رۇسىيىلىك مامۇتوۋ خوتەندە مەدەنىيەت تەكشۈرۈشىدە بولغان.

42. 1916 ـ يىلى چاررۇسىيە «ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى نۇشرۋان يائۇشۇق خوتەندە ۋە كېرىيىدە ئىككى يىلدەك تۇرۇپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەت تەتقىقاتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە كېرىيە، خوتەنلەردە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ «ۋاقىت گېزىتى» دە خوتەن، چىرا، كېرىيە ھەققىدە كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

43. 1922 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇللۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ئەنگلىيىلىك سىكرىنېي (G • R • Skrine) ۋەزىپىگە مېڭىش ئالدىدا ستەيىننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن ئۆلچەش ئۈسكۈنە ـ ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ تاشقورغان، يېڭىساردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ كېيىن يەكەن، قاراقاش، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. پامىر، قاراقورۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرىدا نۇرغۇن سۈرەتلەرنى تارتقان، خەرىتە سىزغان، ئۆسۈملۈك، كان بايلىقى ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. خوتەندە ئىگە بولغان غەنىيمەتلىرىنى 1925 ـ يىلى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1927 ـ يىلى ئەنگلىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنى سىر ئۇنۋانى بىلەن

ـمىرنىڭ لىه شەھىرىدىن ئۆتۈپ ھىندىستان دېڭىز يولى ئارقىلىق ياپونىيىگە قايتقان.

37. 1910 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ياپونىيا ئوتانى كوئول تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈچىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى باشلىغان. بۇ قېتىم يوشىئوكا بىلەن ئەنگلىيىلىك خوبوس قاتارلىقلارمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇرپان، قاراغوجا، چەرچەن، چاقىلىق ئارقىلىق بۇگۇرگە كەلگەندە خوبوس ۋاپات بولغاچقا، يوشىئوكا قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدىمكى ئىزلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئىككى ئايدىن كېيىن كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغا يېتىپ بېرىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولۇپ، دۇنخۇاڭدا توختاپ تەكشۈرۈش ـ قېزىش ئېلىپ بېرىپ ياپونىيىگە قايتقان. ئۇ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجىسى سۈپىتىدە «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسىنىڭ رەسىم توپلىمى» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرغان.

38. 1913 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەيىن ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ، قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ ئۈچ يىل ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدە بولۇپ خوتەندىن تارتىپ كۇچاغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىگە ئائىت شەھەر ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا، جۈملىدىن خوتەندىكى راۋاق، ئاقسىپىل، خادىلىق، نىيا قاتارلىق 70 گە يېقىن قەدىمكى خارابىدە تەكشۈرۈش ـ قېزىش ئېلىپ بارغان ھەمدە 1916 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھىندىستانغا قايتقان. ئۇ بۇ قېتىملىق نەتىجىلىرىنى 1928 ـ يىلى «ئاسىيانىڭ مەركىزى» ، «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» ناملىق تۆت چوڭ كىتابى ئارقىلىق نامايان قىلغان.

39. 1914 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك پولكوۋنىك بولەيىك ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ كەشمىرنىڭ لىه شەھىرىدىن يولغا چىقىپ ھىندى دەريا جىلغىسىدىن ئۆتۈپ قاراقاش دەرياسى ۋە يەكەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى كەڭ تاغ رايونى، دەريا جىلغىلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەكشۈرۈشنى توختىتىپ رۇسىيە پوچتا يولى ئارقىلىق دۆلە-

ــىن (A · Stein) شىنجاڭغا كېلىپ تۆتىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈ-شىنى باشلىغان. ئۇ خوتەن، چەرچەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلار-دا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە 18 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرگەن. قۇمۇلغا بار-غاندا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، قازغان ـ توپلىغان بۇيۇملىرى تارتىۋېلىنغان. ستەيىن پەقەت بۇيۇملارنىڭ فوتو سۈرىتى ۋە ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتقان.

49. 1931 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە جۇڭگو ـ شۋېتسىيە غەربىي شىمالىي ئىلمىي تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ئاسترونوم نېرىسىن ئەنبوت چەرچەن ئارقىلىق خوتەن رايونىغا كەلگەن. ئۇ كۇئېنلۇن تاغ باغرىلىرى ۋە تەكلىماكاندىكى مازارتاغدا ئاسترونومى-يىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. خوتەن شەھەر رايونىدا قىسقا مەز-گىل تۇرۇپ ئۆرپ ـ ئادەت تەكشۈرۈشىدە بولغان. خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى قول سانائىتى بولغان گىلەم كارخانىلىرى، يىپەك توقۇش دەستىگاھلىرى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت نۇرغۇن سۈرەت تارتىپ، ماتېرىيال توپلىغان ۋە بۇلاردىن «كارۋان» ناملىق رەسىملىك كىتاب نەشر قىلدۇرغان.

50. 1935 ـ يىل ھېيجىڭدىن يولغا چىقىپ شىنجاڭغا زىيارەت، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن شۋېتسىيىلىك ئاخبارات مۇخبىرى ماينا ۋە كەسپىي يازغۇچى فۇلەمىن چەرچەن، كېرىيە، خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن خام ماتېرىيال ۋە ئاخباراتلارنى توپلىغان.

51. 1937 ـ يىل ئەنگلىيىلىك دوكتور فىرىشنا شىنجاڭدا يەر ماگنىتى قاتلىمى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ چەرچەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ناھايىتى تەسلىكتە ماخوسەن باشقۇرۇۋاتقان خوتەنگە كەلگەن. ئۇ پىلانىنى ئۆز-گەرتىپ خوتەندىن مېڭىپ قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىگە يۈرۈپ كەتكەن. گەرچە ئۇ بۇ قېتىم ئارزۇسىنى قاندۇ-رالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يەر ماگنىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ئەنگلىيە خان جەمەتى ئۇنىڭغا

مۇكاپاتلىغان.

44. 1927 - يىلى 7 - ئايدا گېرمانىيىلىك ترىنكلېر (Trinkler) تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىنى تەكشۈرگەن. شۇ جەرياندا خوتەندە مۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خوتەننىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ خوتەندىن يىغىۋالغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى گېرمانىيىنىڭ ئوبېرسى (Ubersee) مۇزېيىدا، يەنە بىر قىسمى مىللەتشۇناسلىق مۇزېيى، گۈزەل سەنئەت مۇزېيى ۋە ياپونىيىنىڭ توكيو مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

45. 1928 - يىل گېرمانىيىلىك ترىنكلېر (Trinkler) تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى بوسخات، ترىنكلېر ئەترەتنى باشلاپ نۇقتىلىق قىلىپ خوتەندە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ راۋاق، دەندان ئۆيلۇك، كونا دامىكۇ قاتارلىق جايلاردا قەدىمكى بۇتخانا، كونا شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.

46. 1928 - يىل گېرمانىيىلىك جونكېر شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خوتەننى نۇقتا قىلغان. ئۇ مېلىكئاۋات، راۋاق، ئاقسېپىل، كونا دامىكۇ قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.

47. 1929 - يىل ئەنگلىيىلىك خەنزۇشۇناس دوكتور ۋېيسەي ۋە ئۇنىڭ خانىمى شىلون (زوئولوگ، بوتانىك)، گېئولوگ خوس، تاقتا يامىشىش ماھىرى، يول باشلىغۇچى لوخمان قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى 45 ئادەمنى ياللاپ كەشمىرنىڭ لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ كۇئېنلۇن تېغىدىن ئۆتۈپ يەكەن، قەشقەر، خوتەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، يەكەنگە قايتقان. قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن تېغىنى نۇقتا قىلىپ تەكشۈرۈپ بۇ جايلاردىن نۇرغۇن گېئولوگىيىلىك ئەۋرىشكە ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كەتكەن.

48. 1930 - يىل نەنجىڭگە كەلگەن ئەنگلىيىلىك ستەي-

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقى، تەستىقلىشى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، فرانسىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيە جەمئىيىتى (EDF)، فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى (UMR7041) قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقى، مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن «جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەريا ساھىلى ئارخېئولوگىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى» تەشكىللىنىپ، ئون يىللىق ھەمكارلىشىش ئاساسىدا بەش قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1991 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە بولۇپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كېرىيە دەرياسى ئاخىرقى ئېقىمىدىكى ئۈچ بۆرجەك رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەرنى كۆزىتىپ، كېرىيە دەرياسى تۆۋەن ئېقىمى مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلاپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قەدىمكى دەريا ۋادىسىنىڭ ئۈچ بۇلۇڭلۇق رايونىدىن مىلادىيە 2 -، 3 - ئەسىرلەردىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئېرىقچىلىق مەركىزىنى ۋە كۆپلىگەن جايلاردىن قەدىمكى خارابە ئىزلىرىنى بايقىدى. ئۇلار بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى پائالىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئەتراپىدىكى 59 جايدا يېڭىدىن خارابە ئىزلىرىنى ۋە مۇكەممەل سۇغىرىش سىستېمىسىنى بايقىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇلار قارادۆڭ خارابىسىدە كۆزىتىپ تاللاش ئارقىلىق قۇم ئاستىدا قالغان بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيىنى (بۇ بىر يۇرۇش قورۇ-

دۆلەت مېدالى بەرگەن.

يۇقىرىقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئىچىدە سۈن ھېدىن، ستەيىن، پېللىئوت قاتارلىقلارنىڭ چەت ئەل تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى تەركىبىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ تالانتى، تىرىشچانلىقى بىلەن ھەرقايىسىسى ئۆزلىرىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە شىنجاڭنىڭ ئېكسپېدىتسىيە تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىمىز ئالىملىرى شىنجاڭغا، جۈملىدىن خوتەن رايونىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى داۋامىدا ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا بىرقاتار پىلانلىق، تەرتىپلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ دولقۇنىغا ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ مەدەنىي يادىكارلىق، ئارخېئولوگىيە ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. خوتەن رايونىدىكى بىر قىسىم جاي، بىر قىسىم تۈرلەرگە نىسبەتەن، ئالدىن ئىلمىي پىلان تۈزۈلۈپ، خەلقئارالىق ھەمكارلىق شەكلى بىلەن كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا ئىمكانىيات تۇغۇلدى. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئېلىمىز بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى قەدىمكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى، ئىنسانلار پائالىيىتى بىلەن مۇھىت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تونۇشنى نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. خوتەن تەتقىقاتى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويماقتا.

يېقىنقى يىللاردا «جۇڭگو ـ ياپونىيا بىرلەشمە نىيا خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى»، «جۇڭگو ـ شۋېتسىيە ياتوگۇز دەرياسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى»، «جۇڭگو ـ ئامېرىكا بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى»، «جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلەشمە كېرىيە دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى» قاتارلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تەشكىللىنىپ، خوتەن رايونىدا ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

بۇ ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدىن 1991 ـ يىل جۇڭگو

تى. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىن ئالتە ئورۇندا قەدىمكى قەبرىستان-
لىقنى بايقاپ 20 قەبرىنى قېزىپ چىقتى.

بەشىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى 2001 - يىل 10 -
ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە داۋاملاشتى.
بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى
ئىزلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، خەرىتىگە ئېلىش، ماتېرىيال-
لارنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىش، قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.
يېڭىدىن يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىن بىر قەدىمكى
قەبرىستانلىق رايونىنى بايقاپ، تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ باردى.

يۇقىرىقىلار 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ھازىرغىچە خوتەن
رايونىدا تۈرلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولغان چەت ئەل ئەترەتلىرى
ۋە شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن مەنبەلەرگە ئاساسەن ئېرىشىلگەن
ئۇچۇرلار بولۇپ، مىلادىيەدىن كېيىن تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-
رىغىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر
يەنە بار. كىتابخانلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ تولۇق-
لايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

2005 - يىل ئاپرېل، خوتەن

لۇش ئولتۇراق ئۆي ـ ھۇجرا، ئاشخانا، ئامبار، قوتان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يەنە خېلى كۆپ ساپال بۇيۇملار ۋە قارادۆڭ شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر بۇتخانا خارابىسىنى، خېلى كۆپ تام رەسىملىرىنى تاپتى.

ئۈچىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1994 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى ئاساسىدا بۇددا خارابىسى قالدۇق تام رەسىملىرىنى ئېچىش خىزمىتىنى تاماملىدى. يېڭىدىن بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى تازىلاپ، ئۇنىڭغا ماس ساندىكى تام رەسىملىرىنى، بۇددا ھەيكەللىرى، گەج نەقىشلىرىنى قېزىپ چىقتى (بۇلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكە تەۋە بۇيۇملار ئىدى). يەنە قارادۆڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئۈچ يۇرۇش ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيىنى تازىلاپ چىقتى (بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىش قۇرۇلمىسى شۇ يەرنىڭ «ياغاچ قۇرۇلما، سۇۋاق تام» يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ). يەنە ئۇزلۇكسىز ھالدا قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى سۇغىرىش ئېقىنلىرىغا نىسبەتەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىدىن سۇغىرىش ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى، قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېرىيە دەرياسى قەدىمكى ئېقىن ۋادىسىنىڭ ئەتراپلىرىدىن يېڭىدىن 20 خارابە ئىزىنى، بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى (بۇ شەھەر خارابىسى شىنجاڭدا ھازىرغا قەدەر بايقالغان ئەڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى بولۇپ «يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى» دەپ نام بېرىلدى) ۋە بىر قەبرىستانلىق رايونىنى بايقىدى.

تۆتىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1996 ـ يىل 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى يېڭىدىن بايقىغان يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى شامال ئېچىۋەتكەن قەدىمكى قەبرىلەرنى قازدى، شەھەر ئىچىدىكى ئالتە قالدۇق قۇرۇلۇش خارابىسى ۋە شەھەر دەرۋازا قوۋۇقى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى ھەمدە لېيىغا قوم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان ساپال قاچا، جام قاتارلىق بۇيۇملارنى تاپ-

图书在版编目(CIP)数据
天下只有一个和田.卷3.上.洋人笔下的和田/阿布都拉·苏莱满编著.—乌鲁木齐:新疆大学出版社,2006.4
ISBN 7-5631-2047-5

Ⅰ.天… Ⅱ.阿… Ⅲ.①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K924.52

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第039459号

责任编辑:艾米拉江·苏努尔
责任校对:玛依努尔·木明
封面设计:艾克拜尔·萨里

天下只有一个和田
——洋人笔下的和田

阿布都拉·苏莱满　编著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号　邮编:830046)
新华书店经销
乌鲁木齐市翼百丰印务有限责任公司印刷
开本:880×1230毫米　1/32　12.125印张　插页:2
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
印数:0001—3050册

ISBN 7-5631-2047-5
定价:23.70元

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار ، ئادەملەر ، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت ، مائارىپ ، تېبابەت
يىپەكچىلىك ، قاشتېشى ، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (ئاللانما)
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ، چۆچەكلەر (ئاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر ناملىرى
خوتەن دىئالېكتى
كىتابلار ئۇچۇرى
چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار

ISBN 7-5631-2047-5
9 787563 120475 >

ISBN 7-5631-2047-5
(维文) 定价 :23. 70元